

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

سەئىد فەييياز مەھمۇد (پاكىستان)

# ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى

1

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن، جۈنەيد بەكرى، روزى تۇردى، مەتتۇرسۇن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

伊斯兰教简史：全2册：维吾尔文 /（巴基）赛义德·菲亚兹·马哈茂德著；朱纳也德·白克力等译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2014.5
ISBN 978-7-228-17512-3

Ⅰ. ①伊… Ⅱ. ①赛… ②朱… Ⅲ. ①伊斯兰教史 — 世界 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①B969.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第115848号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白，穆合塔尔·马合木提 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 36 |
| 版　　次 | 2014年7月第1版 |
| 印　　次 | 2014年7月第1次印刷 |
| 定　　价 | 92.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى سەئىد فەيياز مەھمۇد پاكىستانلىق مەشھۇر تارىخشۇناس، ئۇزاق ۋاقىت ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان تەقۋادار مۇسۇلمان. بۇ ئەنئەنىچى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كۆزقارىشى ۋە تارىخىي كۆزقارىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتكۈزۈلگەن كىتاب بولۇپ، شەرق مۇسۇلمانلىرى تۈزگەن ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

بۇ كىتاب «قىسقىچە تارىخ» دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار خېلى كۆپ. بۇ كىتابنى يېزىشتا ئاپتور يىلنامە يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسىي يىپ ئۇچى قىلىنىپ پەيدىنپەي كېڭىيىپ بارغان، زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن. كىتابتا دىنىي مەزمۇنلاردىن باشقا سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، سەنئەت، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ ـ ئادەت، خەلقنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ بار. ۋاقىت جەھەتتىن 1400 يىللىق (6 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان) تارىخىي جەريان بايان قىلىنغان. تېررىتورىيە جەھەتتە غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي ئافرىقا، غەربىي جەنۇبىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەرقايسى دەۋرلەردە جايلاردا ئىسلامىيەت نامى بىلەن مەيدانغا كەلگەن فېئودال سۇلالىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە

يوقىلىشى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەر، دىنىي مەزھەپلەر، دىنىي ھەرىكەتلەر سىستېمىلىق، قىسقا تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور يەنە ئىسلام دۇنياسىنى گەۋدە قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ھەققىدە، بولۇپمۇ بۇ تارىخنىڭ يېقىنقى زامان قىسمى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. شۇڭا، بۇ كىتاب تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىگىلىشىمىز، دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخى، ئەرەب دۆلەتلىرى تارىخى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ كىتابنى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1960 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇق.

بىراق، ئاپتور دۇنيا قارىشى تۈپەيلىدىن. كۆزقاراش ۋە ئۇسۇل جەھەتتە تارىخىي ماتېرىياللارنى تاللاش، ئىشلىتىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش جەھەتتە، تارىخىي پاكىتلارنىڭ توغرىلىقى جەھەتتە بەزى مەسىلىلەردىن خالىي بولالمىغان، كىتابتا ھەقىقەتەن ئويلىنىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابتىن پايدىلانغاندا ئاشۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىپ ئوقۇشىنى سورايمىز.

بۇ كىتابنى چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى ئەھۋالغا قاراپ بەزى ئىزاھلارنى قوشقانىكەن، بۇ ئىزاھلار ئاساسەن شۇ پېتى ساقلاپ قېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى (570 — 632) ........................................ 1

ئىككىنچى باب دەسلەپكى تۆت خەلىپە ۋە كەربالا پاجىئەسى (632 — 661) ........................................ 56

ئۈچىنچى باب ئۇمەييەلەر سۇلالىسى (661 — 750) ....... 120

تۆتىنچى باب دەسلەپكى ئابباسىيلار سۇلالىسى (ساففاھدىن ۋەسىققىچە) ........................................ 170

بەشىنچى باب كېيىنكى ئابباسىيلار سۇلالىسى ............ 234

ئالتىنچى باب مۇسۇلمانلار ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ........................................ 296

يەتتىنچى باب ئەھلىسەلىپ، نۇردىيلار خاندانلىقى، ئەييۇبىيلار خاندانلىقى ۋە مەملۇكىيلەر خاندانلىقى ... 374

سەككىزىنچى باب تۈركلەر ۋە پاتانلار ھىندىستاندا — دېھلى سۇلتانلىقى ........................................ 439

توققۇزىنچى باب پارسلار، ئىلخانىيلار، تېمۇرىيلار، سەفەۋىيلەر، ئافشارىيلار، زەندىيلەر ........................ 506

ئونىنچى باب ئوسمانىي تۈركلىرى ........................ 605

ئون بىرىنچى باب كېيىنكى ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى، غەربىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ........................ 684

ئون ئىككىنچى باب ھىندىستاندىكى كىچىك پادىشاھلىقلار ........................................ 776

ئون ئۈچىنچى باب ھىندىستان موغۇل خانلىقى ............ 846
ئون تۆتىنچى باب 19 ـ ئەسىردىكى ئىسلام دىنى ......... 935
ئون بەشىنچى باب 20 ـ ئەسىردىكى ئىسلام دىنى ....... 1029
ئون ئالتىنچى باب مۇسۇلمانلار دۇنياسى ھەققىدە
ئوبزور ......................................................... 1126

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى

## (632 ــ 570)

**ئەرەب يېرىم ئارىلى** ئەرەب يېرىم ئارىلى بۇرۇندىنلا بىر جۇغراپىيەلىك بۆلەك دەپ قارىلىپ كەلگەن، سىياسىي جەھەتتىمۇ شۇنداق دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئارال تارىختا ھىجاز، نەجد ۋە يەمەن دەپ ئايرىلغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ كېلىشۋاتقىنىغا بىرقانچە ئەسىر بولدى. تارىختا ئەرەبلەر مۇشۇ كەڭ رايوننىڭ تىپىك بىردەكلىكىگە ئىگە مەھسۇلى دەپ قارىلىپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ ئۈچ تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي قىسمى ھىلال ئاي شەكلىدىكى مۇنبەت بوستانلىق. لېكىن، بۇنداق ئۇقۇم ئىسلام تارىخىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىلا پەيدا بولغان، قەدىمكى زاماندا بۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قۇملۇق، تىك يار ۋە ئېگىزلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىندا ئوخشىمايدىغان ئىرقتىكى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن، ئۇلار ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان خاھىشلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت ئۆلچىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ھەتتا بىرقانچە خىل تىلنى قوللانغان. ئىسلام دىنى ئۇلارنى بىرلىككە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇلار بۇنىڭغا باشقىچە پىكىردە بولغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۇنى قوبۇل قىلدى. بۇنداق ئۆزگىچىلىكنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، يەنى قەدىمكى ساداقەتلىك بىلەن بىر ــ بىرىگە دەخلى

قىلىماسلىق ئۇسۇلى يېڭىچە شەكىلدە تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە، كىشىلەر تەرىپىدىن بارا - بارا ئۆلچەملىك تىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئەرەب تىلى جەنۇبىتىكى ھىجاز رايونىنىڭ تىلىدىن ئىبارەت، مانا بۇ «قۇرئان كەرىم» تىلىدۇر.

**ئەرەبلەر** دەرۋەقە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بەدەۋىلەر بىر يەردە تۇرالمايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. بىراق، بۇ يەردە شۇلارغا ئوخشاش تىنىم تاپمايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جۇشقۇن، روھلۇق كىشىلەر ئىدى. ئەمما، بەدەۋىلەر ياشىغان جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. ئۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولسىمۇ، يەنە تىك يارلارمۇ بار ئىدى. بەزى جايلىرىدا قىش پەسلىدە مەلۇم دەرىجىدە ھۆل - يېغىنمۇ بولاتتى. بۇ يەرلەر ياز پەسلىدە قۇرغاق، چۆل ھېسابلانسىمۇ، لېكىن قىش پەسلىدە جىلغىلار ۋە ئېدىرلىقلار مۇنبەت يايلاقلارغا ئايلىناتتى. شۇڭا، بەدەۋىلەر تۆگە ۋە يىلقىلىرىنى ھەيدەپ توپ - توپ بولۇشۇپ ياكى بىرنەچچىسى بىر بولۇپ يايلاق قوغلىشىپ مال بېقىشاتتى. ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەر ئاجايىپ كەسكىن بولاتتى. ئۆز قەبىلىسىگە سادىق بولۇش ۋە ئۇرۇشقا ماھىر بولۇشتەك پەزىلەتلەر ئىنتايىن قەدىرلىنەتتى. ئۇلار يازدا ئۆز يۇرتىدىن بىزار بولاتتى، قىشتا بولسا ئۆز يۇرتىنىڭ جىلغىلىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ مىجەزىدە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئالاھىدىلىك — قاغجىراپ كەتكەن تاقىر يەرلىرىنى تاشلاپ كېتىش ۋە ئۇ يەرگە قايتىپ كېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىستەك، يىراقتىكى ماكانىغا قايتىپ كېتىشتەك بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت شەكىللەنگەنىدى. ئەرەبلەر يول تاپقىلى بولمايدىغان چۆل - جەزىرە ۋە گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان تاقىر يارلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما يەنە بۇ يەردىن

www.uyghurkitap.com

كېتىشتى، ئۇنىڭدىن يىراقلىششنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بۇنداق خاتىرجەمسىزلىك ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل يەرلىك كېسەل ئىدى.

**ئەرەب ئارىلى** بۇ يەرنىڭ ئۇچ تەرىپى دېڭىز بىلەن ئورىلىپ تۇرغانلىقى، شىمالىي قىسمى ئېفرات دەرياسى ۋە ياپيېشىل ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئەرەبلەر ئۆز يۇرتىنى ئەرەب يالغۇز ئارىلى دېيىشەتتى. ئۇلار يالغۇزلۇقتىن خۇشاللىناتتى ھەمدە ھەقىقەتەنمۇ يالغۇزلۇقنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئاشۇ قۇملۇقلاردىكى قەلئەلەردىن ھالقىپ ئۆتۈش ھەققىدە كىشىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. گەرچە ئەرەبلەردە قەدىمدىن بۇيان شىمالدىن شەرق ۋە غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان بىر ئادەت بولسىمۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىستېلاچىلارلا خېيىم ـ خەتەردىن قورقماي قۇملۇقنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلان قىلغان ئۇرۇشلىرىغا جاۋاب قايتۇرغانىدى. ئەرەبلەر ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا بۇ يەرلەردىن ئايرىلىپ، ھەرقايسى جايلارغا، شىمالدىكى مۇنبەت يەرلەرگە، قىزىل دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئافرىقا قۇملۇقىغا، ئافرىقىنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز ساھىللىرىغا بېرىشقانىدى.

**مۇنبەت ھىلال ئاي** بۇ يەر يېشىل بەلباغدىن تەشكىل تاپقان، شىمالغا قاراپ ئېگىلگەن يايسىمان جاي بولغانلىقتىن، تارىخشۇناسلار بۇ يەرنى مۇنبەت ھىلال ئاي دەپ ئاتاپ كەلدى. ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسىم تارىخى ئۇلارنىڭ مۇنبەت ھىلال ئاي ئارقىلىق قۇملۇقلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن بەلگىلەنگەن. بۇ يەرلەر قۇملۇق چۆلدىكى ئەزىمەتلەرنى ھەمىشە ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، تارىختىن بۇيان تۈركۈملىگەن

قۇملۇق ئاھالىسى تۈرلۈك نامىلار بىلەن غەربىي شىمالدىكى سۈرىيە ۋە شەرقىي شىمالدىكى ئىراققا كېلىشكەن. ئەرەبلەرنىڭ كېلىپچىقىشىغا توغرا ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن، ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىرق گۇرۇھى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرسى بولغان سامنىڭ نامى بىلەن سەمىتلەر دەپ ئاتالغان. سەمىت قەبىلىسى تارىختا ئاككادلار، سۇمېرلار، كەلدانىلار، ئاسسۇرىيلار ھەمدە پەلەستىن دەرياسى جىلغىسى ۋە سۈرىيەدىكى فىنىكىلار، ئارامىيلار ۋە ھېبرېيلار قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان، ھەتتا ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن 100 يىل ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىلا ئەرەبلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان بەنى غەسسان قەبىلىسى شىمالغا كۆچۈپ بېرىپ، بىز ھازىر تاشقى ئىيوردانىيە دەپ ئاتايدىغان جايغا ئورۇنلىشىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن.

**يېرىم ئارالنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى** گەرچە ھەقىقىي ئەرەبلەر بەدەۋىلەر دېيىلسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل يېرىم ئارالدا بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك رايونلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر دەل مۇشۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي پەرقلەرگە، مەسىلەن، ھاۋا كىلىماتى ۋە باشقا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. شىمالدىكى ھىجاز ۋە نەجد رايونلىرى يېرىم تاغلىق رايون بولغان باي يەمەن بىلەن ئوخشىمايتتى، بەلكى ئاغىسىمان كەتكەن ھەزرەمەۋت بىلەن تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ھىجاز رايونىدا ھۆل ـ يېغىن يوق دېگۈدەكلا ئىدى. يەمەن ئېگىزلىكىدە بولسا گەرچە ئېگىز چوققىلار 12 مىڭ ئىنگلىز چىسى كەلسىمۇ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى خېلىلا كۆپ بولاتتى. روشەنكى، ھىجازلىقلار بىلەن يەمەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

www.uyghurkitap.com

**نەجد** بۇ رايوندا پەرقى ھەممىدىن روشەن بولغان جايلاردىن ئالدى بىلەن نەجد، ھىجاز ۋە يەمەنلەرنى تىلغا ئېلىش كېرەك. ئەمما، روشەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە باشقا جايلارمۇ بار، بۇلار تارىختا تەسىرىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئاھالىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىغا كۆرسەتكەن گەۋدىلىك تەسىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەجدنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئېگىزلىك بولۇپ، ھاۋاسى ئەزەلدىن يېقىملىق جاي ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ئەمما سالقىن ئىدى. ئۇ يەردە خېلى بۇرۇنلا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن تاغ جىلغىلىرى بار ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قەيسەر، باتۇر كېلەتتى. ئۇ يەردىن داڭلىق ئەرەب ئارغىماقلىرى چىقاتتى. نەجدلىكلەر جۇشقۇن، سەل مەنمەنچىرەك كېلەتتى. بۇ يەردە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، دىننى پاكلاشتۇرۇش ۋە قايتا گۈللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان داڭلىق ئابدۇلۋەھھاب① دېگەن كىشى مەيدانغا كەلگەنىدى، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ۋاھابىيلار ھەرىكىتى ئىسلام دىنىغا يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى.

**شەرقىي قىسمىدىكى جايلار ۋە ھەزرەمەۋت** نەجدنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن پارس قولتۇقىنىڭ ياقىلىرىدىكى جايلار پاكار تاغلىق، دولقۇنسىمان كەتكەن كۆۋەيت تۈزلەڭلىكى ۋە ئەلھەسا تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. بۇرۇن بۇ يەردىن بەھرەيننىڭ مارجان - مەرۋايىت قازمىچىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق مەھسۇلات چىقمايتتى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدىلىكتە بۇ يەردىن مۆلچەرلىگۈسىز نېفىت زاپىسى تېپىلدى. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ئورمان بار، ئورمان بەك ئىسسىق جاي بولغاچقا،

① ئابدۇلۋەھھاب (1703 — 1792) — يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق ۋاھابىيلار مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تارىختا ھېچقانداق نامى چىقماي كەلگەن. بىراق، ھەزرەمەۋتنىڭ جەنۇبىي قىسمى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ناھايىتى ياخشى جاي ئىدى. ئۇ پاكار تاغ ۋە دەريا جىلغىلىرىدىن تەركىب تاپقان. قىش پەسلىدە يامغۇر ياغسا، ئۇ يەردە نۇرغۇن كىچىك ئېقىنلار پەيدا بولاتتى. بۇ يەردىكى خارابىلىك ۋە قانالنىڭ كونا ئىزىدىن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مول يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. بۇ يەردىن داڭلىق مەستىكىرۇمى چىقىدۇ. ئەرەبلەر بۇنىڭ بىلەن ئەپسانە – چۆچەك جەھەتتە خېلى داڭ چىقارغان. ھەزرەمەۋتلىكلەر تەۋەككۇلچى كېلەتتى. ئۇلار دېڭىزنى، دېڭىزدىن ئۆتۈپ يىراق جايلاردىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شەرقىي ئافرىقا، ھىندىستان ۋە ھىندونېزىيەدىكى كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرەمەۋتلىكلەردۇر.

**يەمەن** قەدىمكى يەمەن ھەزرەمەۋتنىڭ غەربى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا ئۇ نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ماكانى بولغانىدى. بۇ يەر يېرىم ئارالنىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمى، بۇ يەردىكى نۇرغۇن تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ. بۇ ئېگىزلىك ئەزەلدىنلا باي بولغاچقا، بۇ يەردە مېۋە – چېۋە ۋە كۆكتات كۆپ چىقاتتى. ئۇ يەردىن يەنە داڭلىق موخا قەھۋەسى چىقاتتى، موخا — قىزىل دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر كىچىك پورت. مەركىزى سانا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەمەن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى ئىكەن. تارىختا ئۇ يۇنان ۋە رىم بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشقان، شەرقنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە خۇش پۇراق بۇيۇملىرى مۇشۇ يەردىكى پورت ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن. يەمەن كىشىنى ناھايىتى جەلپ قىلىدىغان جاي، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، ئىمپېراتور قەيسەر بۇ يەرنى بويسۇندۇرۇشقا مىسىردىن لەشكەرلەرنى ئەۋەتكەن. لېكىن، بۇ لەشكەرلەر يەمەنگە يېتىپ

www.uyghurkitap.com

بارالىغان. ئۇلار ئىسسىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقنىڭ ھەم چېكى يوق قۇم ـ باياۋاننىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. يەمەن ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىغان.

**ھىجاز** يەمەنگە تۇتاش ئاسىر دېگەن جاي يېرىم تاغلىق رايون بولۇپ، بەك ئۇنۇمسىز ئەمەس، بەك ئىسسىقمۇ ئەمەس بىر جاي ئىدى. يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگەندە ئويناقلاپ ئاقىدىغان سۇلار تاغ جىلغىلىرىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى كاج، مۇتەئەسسىپ ئائىلىلەردە چوڭ بولغان، ئۇلار ئاشلىق ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرەتتى، قوي باقاتتى، ئاسىرغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان شىمالدىكى رايون بولسا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەبىستان تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇ يەر ھىجاز دېيىلىدۇ. شىمالدىكى چوڭ نەفۇد چۆللۈكى بىلەن جەنۇبتىكى رۇبئەلھالى چۆللۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھىجاز ئەرەبىستان بويىچە ئەڭ نامرات، ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق بىر جاي ئىدى. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن ئېگىزلىك، ئۇ يەردە بىر قانچە ئېگىز تاغمۇ بار. ئېگىز ـ پەس چوققىلار بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە بەزى بوستانلىقلارمۇ بار ئىدى. تائىفقا ئوخشاش جايلاردا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلەتتى، ھەتتا كۆلىمى كىچىك باغلارمۇ بار ئىدى. ئېرىق بار يەرلەردە ياپيېشىل خورما دەرەخلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. لېكىن، ھىجاز ئەزەلدىنلا باي ـ ئاۋات جاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۇ رايوندىكى داڭلىق جاي بولۇپ قېلىشى بۇ يەردە مۇقەددەس شەھەر مەككىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئەرەبىستاننىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنداقلا يەمەندىن سۈرىيەگىچە بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق بىلەن بولىدىغان سودىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنى ئىدى. ئىسلام دىنى دەل مانا مۇشۇ مەككىدە بارلىققا كەلدى.

**ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەرەبىستان** دەرۋەقە، ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىلگىرى، كەڭ تارقالغان بەزىبىر كۆزقاراشلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز زېھنىمىزنى «ئىسلام دىنى ئەرەبىستانى» دەيدىغان بىھۇدە قاراشقا سەرپ قىلماقچى ئەمەسمىز، بۇنداق كۆزقاراش ئەھلىسەلىپ دەۋرىدىن باشلانغان، ھازىرمۇ ئادەتتىكى غەربلىكلەر يەنىلا مۇشۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولۇپ كەلمەكتە. دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلار بۇتقا چوقۇنۇش دەۋرىگە ئانچە قىزىقمىغان، ئۇلار بۇ دەۋرنى «جاھالەت دەۋرى» دەپ ئاتاشقان. ئۆتۈپ كەتكەن ئەنئەنىچىلەر ۋە ئۇچىغا چىققان نادانلار بۇ دەۋردە تۈرلۈك يامانلىقلار ئەۋج ئالغان، گۈزەل ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دەپ بىلجىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ قىز بوۋاقلىرىنى تىرىك كۆمىدىغان ھەمدە ھەمىشە جېدەل - ماجىرا تېرىپ يۈرىدىغان ياۋايى، قىلچە مىزانى بولمىغان دىۋانىلەر ئىمىش. ئۇلار تاشقا، روھقا ۋە جىن - ئالۋاستىلارغا چوقۇنىدىغان ۋە ھايۋاندىن سەللا ياخشىراق مەخلۇقلار ئىمىش. تارىخ ۋە ھازىرقى زامان تەتقىقاتى بۇنداق تەسەۋۋۇرنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەرەبلەر غەيرىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا كۆچمەن چارۋىچىلاردىن بەك ياخشىمۇ، بەك ئەسكىمۇ ئەمەس ئىدى. ئىنسانىي ئەخلاق جەھەتتە ئۇلار نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. تۇرمۇش جاپالىق بولغانلىقتىن، بولاڭچىلىق بۇ رايوندىكىلەرنىڭ يەرلىك كېسىلىگە ئايلانغانىدى. لېكىن، ئەرەبلەر ئىنتايىن مېھماندوست ھەم چەۋەندازلارنىڭكىدەك سالاپەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئەركىنلىك ۋە ناخشا - قوشاقلارنى ياخشى كۆرەتتى. سېپى ئۆزىدىن شەخسىيەتچىلەر ئىدى. ئۇلار قەبىلىلەر ئارىسىدا دىپلوماتىك باردى - كەلدى قىلىشىدىغان، قەبىلىسىگە سادىق بولىدىغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياردەم سورىغانلارغا پاناھ بولىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى ياقتۇراتتى.

**ئىسلام مەنىسىدىكى ئەرەبىستان — جەنۇبىي قىسىم** دەرۋەقە، ئىسلام مەنىسىدىكى ئەرەبىستاننىڭ ئۆزى بىر دۆلەت دەپ قارالسا، بۇمۇ خاتا بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ زادىلا بۇنداق بولۇپ باقمىغان. جەنۇبىي قىسمىنى رۇبئەلھالى چۆللۈكى باشقا قىسىملىرىدىن ئايرىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، شىمالىي قىسىم بىلەن ئوتتۇرا قىسمىنىمۇ چۆل - باياۋانلار ئايرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، شىمالدىكى ئەرەبلەر بىلەن جەنۇبتىكى ئەرەبلەر ئوخشاش بولمىغان خاھىش بويىچە تەرەققىي قىلغان، ئوخشاش بولمىغان تىلنى قوللانغان، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغان، جەنۇبىي قىسمى، بولۇپمۇ ھازىر يەمەن دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي قەدىمكى دەۋردىكى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللىرىغىچە بارىدۇ. مىنالار، سەبالار ۋە ھەمىيەرلەر[1] بۇ رايوندىكى گۈللەنگەن ئىمپېرىيەگە نۆۋەتلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلار دەسلەپتە قەدىمكى مىسىر بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇنان ۋە رىم بىلەن، كېيىنرەك ۋىزانتىيە بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشقان. ئەدەن ئۇلار ئاسىيا بىلەن قىلغان سودىسىدا مال كىرگۈزىدىغان پورت بولغان. يىپەك توقۇلمىلار، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئالتۇن ۋە ياقۇت، مەستىكىرۇمى، ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلار بۇ يەرنىڭ دىڭىز بويلىرى ياكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى سودا مەركەزلىرى ئارقىلىق شىمالغا توشۇلاتتى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان توسما ۋە سۇ ئامبىرىنىڭ قالدۇق ئىزى بۇ رايوننىڭ ئۆتمۈشتە ئاۋات جاي بولغانلىقىنىڭ شاھىتى بولۇپ تۇرماقتا. پايتەخت مەئرىبدىكى چوڭ توسمىنىڭ يار ئېلىپ

[1] قەدىمكى يەمەنلىكلەر — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كېتىشى بىلەن سەبالارنىڭ گۈللىنىشى ئاخىرلاشقانىدى. بۇ ئاللىقاچان بالىلار قوشىقىغا ئايلىنىپ قالدى. «قۇرئان كەرىم»دە ھەتتا توپان بالاسى بايان قىلىنغان، بۇ قەدىمكى كەلكۈن سەبالارنىڭ بار ـ يوقىنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەن، ئۇلار زاۋال تاپقان، ئۇلاردىن كېيىن شۇ قەبىلىنىڭ ياشراق بىر تارمىقى بولغان ھىميەرلەر ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغان، ئۇلار زەفەر (ھازىرقى سانا)دە پايتەخت قۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان. سەبالارنىڭ ئايال پادىشاھى («قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان مەلىكە سەبا) مۇشۇ تارماق قەبىلىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ھىميەرلەر دېڭىز يولى ئارقىلىق ئەدەنگە، ئاندىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ھىجاز ۋە سۈرىيەگە بارىدىغان سودا يولىنى ياشقۇراتتى. بۇ ئەھۋالنىڭ مەددىنىي دۇنياغا مەلۇم بولغىنىغا بىرقانچە يۈز يىللار بولدى. ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيەسى بىرقانچە يۈز يىل داۋام قىلغان. بۇ دەۋردە يەمەن (ئەيىنى ۋاقىتتا ھىميەر دەپ ئاتىلاتتى)نىڭ ھەبەشىستان بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. 4 ـ ئەسىردىن كېيىن ھەبەشىستاندىكى ئەقسۇم پادىشاھلىقىنىڭ تەسىرى قىزىل دېڭىزغىچە كېڭىيىپ بارغاندا، ھەبەشلەرنىڭ يەمەندىكى تەسىرىمۇ كۈچىيىپ بارغان، بۇ ئەھۋال تاكى بىر ئەسىردىن كېيىن، يەنى 530 ـ يىلى ھەبەشىستاننىڭ ھۆكۈمرانى ئەبرەھە ھىميەرلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، بۇ جاينى يۇتۇۋالغانغا قەدەر كۈچىيىپ بارغان. ئەبرەھە مەككىنىڭ سودا مەركىزىلىك ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە بىۋاسىتە سۈرىيەگە بارىدىغان سودا يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ھىجازغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ مەككىنى قورشىۋالغان. ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىمۇ بالىلار قوشىقىغا ئايلانغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 105 ـ سۈرىسى، يەنى «فىيل سۈرىسى»دە (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىللىق قوشۇننى قانداق (ھالاك) قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دېيىلگەن. ئالاھازەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ساسانىيلار

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى نۇشىرۋان بىر بۆلەك دېڭىز لەشكىرىنى ئەۋەتىپ يەمەننى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇنى يۇتۇۋالغان. بۇ جەنۇبىي ئەرەبىستاننىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى يوق يەككە ـ يېگانە جاي ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قەدىمكى دۇنياغا تونۇلغىنىغا 3000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان. ئۇ سودا ـ سېتىق جەھەتتە گەۋدىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە قويۇق پادىشاھلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان.

**شىمالىي ئەرەبىستان** شىمالدىكى ئەرەبلەر ئىيوردانىيە دەرياسى جىلغىسى بىلەن ئېفرات دەرياسى جىلغىسىدا ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىردە تىگراس پىلىستېر ئاسسۇرىيەنىڭ پادىشاھى بولغان چاغلاردا (بۇ رايون ــ ئاككاد، سۇمېر، بابىلون، مېسوپوتامىيە ۋە ئىراق دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئىسىملار بىلەن مەشھۇر ئىدى)، بۇ يەردە ئايال پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر ئەرەب پادىشاھلىقى بارلىققا كەلگەن. بۇ پادىشاھلىق تاكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 610 ـ يىلى ئاسسۇرىيە ھاكىمىيىتى ئاياغلاشقانغا قەدەر ئاسسۇرىيەنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كەلگەنىدى. تارىختا سارگون II ۋە ئۇنىڭ تەمۇد ئەرەب قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. تەمۇد قەبىلىسى «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنغان. شىمالدىكى ئەرەبلەر ئاسسۇرىيلارنىڭ كېيىنكى پۈتكۈل تارىخىدا گەۋدىلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرى ئۇزاققىچە چېگرا رايونىدىكى بۇ قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاسسۇرىيلاردىن كېيىن كەلدانىلارمۇ ئەرەبلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋارىچىلىككە دۇچ كەلدى. ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق بولدىكى، شىمالدىكى ئەرەب كىنەزلىكلىرىنىڭ چېگراسى مېسوپوتامىيەدىن سىناي يېرىم ئارىلىغىچە كېڭەيدى. بۇ

كۆچمەنلەر ئىچىدە تەمىيلەر ئاسسۇرىيلار تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

**نەبەتىيلەر** تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالدىكى ئەرەبلەر سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار كېيىنچە نەبەتىيلەر دەپ ئاتىلىپ، 600 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، بارغانسېرى گۈللەنگەن، ھازىرقى پېترا خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئىبادەتخانىلارنى قۇرغان ھەمدە يۇنان بىلەن رىم ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. ئۇلار بىر خىل قەدىمكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەشكەن، ئەمما ئارامى يېزىقىنى يازما ئالاقە تىلى سۈپىتىدە قوللانغان. 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە مۇستەقىل بولۇشقا يول قويۇلغان نەبەتىيلەر شىمالدىكى قوشنىسى ھېبرىيلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىغان، بۇ ۋاقىتتا ھېبرىيلار قوزغىلىپ رىم پادىشاھى تىتۇسقا قارشى چىقىۋاتاتتى. نەتىجىدە تراجان 106 ـ يىلى نەبەتىيلەرنى يوقىتىۋالغان، قىزىلگۈلدەك پېترا شەھىرى پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى يوقاتقان. بىر ئەسىردىن كېيىن ئۇ خارابىلىشىپ بىر يېزا بازىرى بولۇپ قېلىپ، ئاخىر كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان.

**پالمىرا** دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ شىمالىدىكى يەنە بىر ئەرەب پادىشاھلىقى ئىگىلىگەن، بۇ پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى پالمىراغا قۇرۇلغان. بۇ يەردىكى ئەرەبلەر يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرگىچە رىم

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندا پالمىرا بىتەرەپ تۇرغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 30 ـ يىللىرى ئاۋگۇست ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، پالمىرا رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتقان. ئىككى ئەسىردىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان. پالمىرا پادىشاھى ئودىنات پېرسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ، سۈرىيەنى يۇتۇۋالغان. مىلادىيە 260 ـ يىلى ۋىزانتىيەنىڭ ئىمنتايىن قابىلىيەتسىز پادىشاھى گاللىنۇس ھەتتا ئودىناتنى ئۆزىنىڭ شەرقىدىكى بىرلەشمە پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئودىنات ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىل شىمالدىكى بۇ ئەرەب پادىشاھلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. ئودىنات ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى زەنۇبىيە ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ يەنە بىر پادىشاھى ئاۋرېلىن مىلادىيە 273 ـ يىلى بۇ يەرگە بېسىپ كىرىپ، بۇ پادىشاھلىقنى يوقىتىۋەتكەن. زەنۇبىيە رىملىقلارغا ئەسىر چۈشۈپ، شۇ يەردە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلگەن. ئۇ ئەرەبلەر ئارىسىدا ئايال پادىشاھ سابا دېگەن نام بىلەن تونۇلغاندى، كىشىلەر ئۇزاق زامانلارغىچە ئۇنى ياد ئېتىپ يۈرۈشكەن.

**ھىرا شەھىرى ۋە لەخمىدىيلەر** پارسلارمۇ ئۆز چېگراسىنى دۈشمەن دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاش ئۈچۈن، شەرقىي شىمالدا رىملىقلارغا ئوخشاش سىياسەت قوللىنىپ، توقۇنۇشتى پەسەيتكۈچى بىر ئەرەب دۆلىتى قۇرغان. 3 ـ ئەسىردە ئەسلىي ماكانى قىسمەن جەنۇبىي ئەرەبىستانغا مەنسۇپ بولغان بىر قەبىلە ئېفرات دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ قەدىمكى بابىلون ئەتراپىغا چېدىر تىكىپ ماكانلاشقان. قاتار كەتكەن چېدىرلار بارا ـ بارا كەنتلەرگە، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ ھىرا شەھىرىگە ئايلاندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر مەرتىۋىلىك ئائىلە بارا ـ

بارا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ باشلىقى رەبىئە لەكمىم بولۇپ، ئۇ لەكمىدىيلەر سۇلالىسىنى قۇرغان. تەخمىنەن مىلادىيە 400 - يىلى لەكمىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھى نۇئمان ھىرا شەھىرىنىڭ يېنىدا داڭلىق ھاۋاناق شەھىرىنى قۇرغان. لەكمىدىيلەر پېرسىيەدىكى چۇسرۇئېسلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. نۇئمان بىنا قىلدۇرغان بۇ ئوردا قەلئەسى يەزدگىرد I نىڭ ئوغلى بەھرام گورغا بەكمۇ يېقىپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىملىق ئىدى. نۇئمان ئۆلگەندىن كېيىن، مۇندىر I ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئىنتايىن قۇدرەت تېپىپ، ئۆز جەمەتىنىڭ ياخشى دوستى، شاھزادە بەھرام گورنىڭ پېرسىيەدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا يار - يۆلەكتە بولغان. 6 - ئەسىردە لەكمىدىيلەر پادىشاھلىرىدىن ئەڭ مەشھۇرى ھېسابلانغان مۇندىر III ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەرەبىستاندىكى بەنى كىندە پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن، بەنى كىندە پادىشاھلىقى پادىشاھ خۇجرىنىڭ باشلامچىلىقىدا لەكمىدىيلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ھىرانى بېسىۋالغان. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇندىر III پايتەختىنى قايتۇرۇۋالغان ۋە بەنى كىندە پادىشاھلىقىدىن دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئېلىپ، پادىشاھ جەمەتىدىن ئەسىرگە چۈشكەن 40 تىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، 519 - يىلى بەنى كىندە پادىشاھى ھارىس ئىبنى ئەمىر ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلگەن. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن بەنى كىندە پادىشاھلىقىنىڭ تەسىر كۈچى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. بۇ قەبىلە ئاخىر بېرىپ بەدەۋىلەرگە ئوخشاش نام - ئاتىقى چىقمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئەرەب شائىرى ۋە پادىشاھى ئىمرە ئۇلقەيس ئاخىرقى دەۋردە ئۆتكەن پادىشاھ ھارىسنىڭ ئوغلى ئىدى. ئارقىدىنلا مۇندىر III سۈرىيەدە

www.uyghurkitap.com

ۋىزانتىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەنى غەسسانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. مۇندىر III بىلەن بەنى غەسسانلار پادىشاھى ھارىس ئىبنى جەبەلە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش گاھى توختاپ، گاھى داۋاملىشىپ تۇرغان، ئاخىرىدا مۇندىر III 554 ـ يىلى «ھەلىمە كۈنى» ئۇرۇشىدا ئۆلگەن. مۇندىر غەيرىي III دىندىكى ۋەھشىي ئادەم بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئايال ئىلاھى ئۇززاغا چوقۇناتتى ۋە ھەمىشە تىرىك ئادەمنى قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەمرنى ئولتۇرغۇزغان. ئەمىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، شېئىرىيەتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى بىلەن نام چىقارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى لەخمىدىيلەر پادىشاھلىقىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر پادىشاھى نۇئمان III تەختكە چىققان. ئۇ (585 ــ 607) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، لەخمىدىيلەر بىلەن چۇسرۇئېسلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى بولغان. بىراق، ئۇ پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن، يەنى ئۇنى خوسراۋ پەرۋىز ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن لەخمىدىيلەر سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان.

**غەسسانلار** بەنى غەسسانلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شىمال تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان ۋە پادىشاھ جەمەتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ ئاخىرقى ئەرەبلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يەمەننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سەبالار پادىشاھى ئەمىر ئىبنى ئەمىر مۇزاقىينىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. مۇزاقىي مەغرىبدىكى چوڭ تۇغاننى يار ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنيالىرى ۋە كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن شىمالغا بېرىپ قالغان، بۇنى شۇنداقلا دەپ تۇرساق بولار. بەنى غەسسانلار سۈرىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار پىشىپ يېتىلگەن بىر مىللەتكە ئايلانغان. ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئەرەبلەر

يەنىلا «مەلىك»، يەنى پادىشاھ دەپ ئاتىسىمۇ، رىم ئىمپېرىيەسى ئۇلارنى ئىمپېرىيەنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ قارىغان ۋە ئۇلارغا رىم ئاقسۆڭەكلىرى دېگەن نامنى بەرگەن. بەنى غەسسانلاردىن بىرىنچى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر كىشى ھارىس ئىبنى جەبەلە (529 ــ 569) ئىدى، ئۇ رىم پادىشاھى جۇستىنىياننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھىرانىڭ پادىشاھى مۇندىر III بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر ھەلىمە ئۇرۇشىدا ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. بۇلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى جەبەلە ئىبنى ئەيھەم بولۇپ، 635 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. بىراق، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولغان، چۈنكى ئۇ كېيىنكى يىلى ۋىزانتىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يارمۇق دەرياسى بويىدىكى سوقۇشتا مەغلۇپ بولغان. بەنى غەسسانلار مەدەنىيەت سەۋىيەسى جەھەتتە لەكمىدىيلەردىن ئۈستۈن تۇرغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ئۆتكەن. لېكىن، ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر جايدا ماكانلاشقان ئەمەس. دەمەشقنىڭ جەنۇبىدىكى پالمىرا بىلەن جەنۇبتىكى چېگرا ئوتتۇرىسىدا كۆچۈپ يۈرگەن، چېدىر ـ بارگاھ ئۇلارنىڭ پايتەختى بولۇپ ھېسابلانغان.

**ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئەرەبلەر** ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئەرەبلەرنىڭ مەككە، يەسرىب ۋە تائىف شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى تۆگە بېقىش، ھەممىشە سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈش ۋە ئۆزئارا بوستانلىقلارنى تالىشىشنى ئاساسىي مەركەز قىلاتتى. ئۇلار ئۇزاق يىللارغىچە ئاچ ـ يالىڭاچلىق گىردابىدا ئۆتكەنلىكتىن، مال ـ دۇنيانىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇلاڭچىلىق ئۇلارنىڭ دائىملىق كەسپى ئىدى. جەنۇبتىكى مىنالار بىلەن سەبالارنىڭ مۇنبەت يەرلىرىدە سىناي ۋە سۇرىيەگە

www.uyghurkitap.com

باردىغان سودا يولى بولغانلىقتىن (بۇ سودا يولى ھىجازدىن ئۆتەتتى). ئۇ يەردە ئىككى سودا مەركىزى بارلىقىقا كەلگەندى. يەرلىك چارۋىچىلار كارۋانلارغا ياللىنىپ ئىشلەيتتى. كېيىنرەك ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى (ئاقساقاللىرى) چېگرا سودىسىغا قاتنىششقا باشلىدى ھەمدە مەككە ۋە مەدىنىدىكى ھۆكۈمران قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتى ۋە بارا ـ بارا مۇشۇ كۈچلۈك قەبىلىلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كەسپى سودا قىلىش، ئات ياكى تۆگە بېقىش ئىدى. يېزا ئىگىلىكى ھەر خىل بوستانلىقلاردىلا مەۋجۇت ئىدى، ئاساسلىق ئۆسۈملۈك خورما ئىدى، ئەلۋەتتە، يەنە بەزى دانلىق زىرائەتلەرمۇ تېرىلاتتى. يەسرىب ئەسلىدە مانا شۇنداق بوستانلىق يەر ئىدى، خەيبەرمۇ شۇنداق ئىدى، لېكىن ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى يەھۇدىيلار ئىدى. ئەمما، مەككىلىكلەر ئاساسەن سودىغا ۋە ئوتتۇرا ئەرەبىستاندىكى «كەبە»گە كېلىپ ھەج قىلىدىغانلارغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

**ئەرەبىستاننىڭ سودا ـ سېتىقى** شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەككى، شىمالىي ئەرەبىستان — ئۇنىڭ غەربىدە سۇرىيە، شەرقىدە ئىراق بار — خۇددى بوگۇنكى كۈندە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيەسىگە جايلاشقىنىغا ئوخشاش، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىغا جايلاشقان. يەمەن ئىسلامىيەتتىن 800 يىل بۇرۇنقى ھىمىيەر مىسىر بىلەن يىراق شەرقنىڭ دېڭىز سودىسىدا مۇھىم رول ئوينىغان. يۇدېمون (بوگۇنكى ئەدەن) پورتى جۇڭگو ۋە ھىندىستانماللىرى چۈشۈرۈلىدىغان ئېغىز ئىدى، بۇ ماللار شىمالدىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھىجاز ئارقىلىق مەككە ۋە مەدىنىگە توشۇلاتتى. ئاندىن ئۇ يەردە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئالتۇن ياكى شىمالنىڭ

مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلاتتى. مىسىردا ياشىغان يۇنانلىق بىر سودىگەر ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە يۇدېمون پورتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ يۇدېمون دەپ ئاتىلىدۇ، مىسىر ـ ھىندىستان دېڭىز لىنىيەسى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر مىسىردىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ھىندى ئوكياننىڭ نېرىقى قىرغىقىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان زامانلاردا ئۇ بىر شەھەردىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ھەممىلا نەرسە بىراقلا ئۇ يەرگە توشۇلىدىغان بولدى. ئىلگىرى خۇددى ئىسكەندەرىيەنىڭ ھازىر مىسىر بىلەن چەت ئەلنىڭ ماللىرىنىلا قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىككىلا دۆلەتنىڭ مېلىنى قوبۇل قىلاتتى.» ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىسىر پادىشاھى پىتولېمىي II چاندرا گۇپتا مائۇرىيا ۋە ئوساكا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرغان ئەلچىلەر ۋە ھىندىستان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 27 ـ يىلى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان كېنىزەك، كالا، مەرمەر قاتارلىق نەرسىلەر جەنۇبىتىكى سەبالارنىڭ ھەرقايسى پورتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەنىكەن. مەككە ۋە يەسرىبتىن ئۆتىدىغان جەنۇب ۋە شىمال ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولى بولسا بۇ رايونلاردىكى باي سودىگەرلەرنىڭ رىم ۋە پېرسىيە مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. بۇ ھەقتە ئىسكەندەرىيەلىك مۇلازىم ئەكسەسىدس مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 110 ـ يىللىرى مۇنداق دەپ يازغان: «ھېچكىممۇ سەبالار ۋە گىراھەلەر (جەنۇبتىكى پورتنىڭ ئاھالىسى)دەك بېيىغان ئەمەس. ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن ماللارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار پىتولېمىي سۇلالىسىگە قاراشلىق سۈرىيەلىكلەرگە ئالتۇن كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، فىنىكىلەرنى پايدىلىق سودا ۋە مىڭلىغان باشقا نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.» بۇ ھىجازدىن ئۆتىدىغان قەدىمكى سودا يولىدىكى جەنۇبىي ئەرەبلەرنىڭ خەلقئارا سودىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ سودا يولىدىن ئوتتۇرا ۋە

www.uyghurkitap.com

غەربتىكى ئەرەبلەرمۇ پايدىلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر يەردە جەم تۇرالمايدىغان ئەرەبلەر ئۆز يۇرتىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش ئارزۇسىنى مال - دۇنيا قوغلىشىش ۋە سودا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ساياھەت بىلەن بىرلەشتۇرۇۋەتكەن. ئۇلار مىسىرلىقلارنى مۇمىيا ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان خۇش پۇراقلىق بۇيۇملار بىلەن، خان - غوجا ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى كىپرەكلىك يىپەك رەختلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئۇلار قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئالتۇن ۋە باشقا كەم ئۇچرايدىغان مەھسۇلاتلىرىنى ئەرەبىستانىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق يولىدا قاتنايدىغان كارۋانلار ئارقىلىق ياۋروپاغا ئاپىرىپ مىتال، تېرە - يۇڭ ۋە هاراققا تېگىشىپ كېلەتتى. شۇڭا، چەت ئەللەر ياكى چەت ئەللىكلەر چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇلارغا يات تۇيۇلمايتتى. ئۇلار سودا ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلىدا سۇرىيە، مىسىر ۋە پېرسىيەلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار سودا يولى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى جۇڭگوغا ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا، ئاندىن سۇماترا ۋە مالاككاغا تارقاتتى.

**ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى** ئەرەبىستاننىڭ كەڭ زېمىنىدا مەككە ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش شەھەر بولغان يەسرىب بىلەن يىراق جەنۇبتىكى سانادىن باشقا شەھەر يوق ئىدى. ئەرەب خەلقى ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان بوستانلىقلاردا ياكى ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان تاغ جىلغىلىرىدا ياشايتتى، ئۇلار ئەزەلدىن بىر يەردە ماكان تۇتقان ئەمەس، چۈنكى سۇ ۋە يايلاق قوي پادىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. ئۇلار چېك بىرلىشىپ كېتەلمىگەن ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدە ياشايتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى

پېقىرچىلىق ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى قامداش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چاققانلىقى، ئۆزىنى قوغداشقا ماھىرلىقى، قەيسەرلىكى ۋە چىدامىلىقلىقىغا تايىنىپ ھايات كەچۈرەتتى، شۇڭا، مۇشۇ زېمىننىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلى بولغان بەدەۋىلەر بەزى روشەن خاسلىقلارغا ئىگە بولغانىدى. ئۇلار جەمەت دائىرىسىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، جەمەت ئۇچۇن ياشايتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىگە ۋە مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ئۇرۇقلىرىغا تامامەن سادىق ئىدى ۋە ئۆزلىرىنى شۇلارغا بېغىشلايتتى، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ يادروسى ئىدى. قەبىلە ئاقساقىلى ياكى جەمەت ئاقساقىلىنى ئوبدان تاللاشقا توغرا كېلەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزقارىشى ياكى رەھبەرلىكىدە مەسلىھەت قىلىنغان ئىشلار، ياكى ئۇرۇشلار ئۇلارنىڭ ھايات - ماماتىغا بېرىپ تاقىلاتتى. ياشقا چوڭ، تەجرىبىلىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش ئەرەبلەرنىڭ ئۆز باشلىقلىرىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۈچ پەزىلەت ئىدى. بارلىق ئۇرۇقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇ ياكى بۇ قەبىلىگە تەۋە بولاتتى، پۈتكۈل رايون بىرقانچە قەبىلە توپىغا بۆلۈنەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ **غايىسى** تۇرمۇش زادىلا كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئەرەبلەرگە ھايات كەچۈرۈش ئۇچۇن جاپاغا چىداپ تىرىشىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار سىپارتاكچە تۇرمۇش غايىسىگە موھتاج ئىدى. ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىگە قارىمايتتى، ئەكسىچە جانلىق تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئاز - تولا خۇشاللىقىنى غايىگە ئايلاندۇرالايتتى ھەمدە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممىلا نەرسىسىنى، خوتۇن - قىزلىرىنى، تۆگىسىنى، ئېتىنى، خەنجىرىنى ۋە نام -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۆھرىتىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۆز تىلىنىمۇ قىزغىن سۆيەتتى، شۇنىڭدەك شائىرلىرىنىڭ تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، بۇ شائىرلار ئوقۇتقۇچى ۋە ئاخباراتچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ خەزىنىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىنتىلىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر ئىنتايىن مول ئىدى، ئوقۇشا جاراڭلىق، يېقىملىق ئاڭلىناتتى. بۇ ھال ئۇلاردا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى كەم دېگەن قاراشنى پەيدا قىلغانىدى.

**ئىجتىمائىي ھەۋەسلىرى** ئەرەبلەر قەبىلىۋازلىقتا ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەربىر ئەرەبنىڭ بىرەر تۆگىسى بولاتتى. ئەگەر بىرەر ئېتى بولسا، ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەرەبلەر دوستلۇقنى ئۆزىنىڭ جېنىدەك قەدىرلەيتتى. مۇنداقچە ئېيتساق، بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆپ چاغلاردا دوستلىرىغا تايىناتتى. ئۇلار ئۇنۇمسىز يەردە ياشايتتى، تۇرمۇش جاپالىق، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىنتايىن كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلار ناھايىتى مېھماندوست كېلەتتى. مېھماندوستلۇق ھامىيلىق قىلىشتىنمۇ دېرەك بېرەتتى، ئىمكانىيىتى بولسىلا مېھماننى ئوبدان كۈتۈۋالاتتى ۋە مېھمان بىلەن ئەھۋاللىشاتتى. ئۇلار ھەممىشە ئۆزى، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئەجدادلىرىدىن سۆز ئاچاتتى. ئۇلارنىڭ غايىسى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىش؛ ئۇستا چەۋەندازلاردىن بولۇش، ئۇستا قىلىچۋاز، ئۇستا مەرگەن ياكى ئۇستا پالاخمانچى① بولۇش، ھەقىقىي دوست، ئاق كۆڭۈل ساھىبخانا بولۇش؛ ياخشى ناتىق بولۇش؛ گۈزەل شېئىر ھەۋەسكارى بولۇش؛ ئاددىي تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىدىن بەھرە ئالغۇچى بولۇش ئىدى.

---

① پالاخمانچى — قەدىمكى زاماندا رەگەتكىگە ئوخشاش قورال بىلەن تاش ئاتىدىغان ئەسكەر — مۇھەررىردىن.

**مىللىي بايراملىرى** يىلدا بىر كېلىدىغان ھەج مەۋسۇمىدا ئۇلار مەككىگە قاراپ ماڭاتتى. بۇنداق چاغلاردا بازارلاردا سودا - سېتىق قايناپ كېتەتتى، كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ بىر يەرگە يىغىلاتتى. قەبىلىلەر بويىچە بەيگە، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ئويۇنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. بۇلاردىن باشقا، كۆڭۈل ئېچىش ئۇچۇن شېئىر مۇسابىقىلىرىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. ئەڭ ياخشى شېئىرلار، مەيلى ئۇنىڭدا قەھرىمانلىق كۈيلەنگەن ياكى مۇھەببەت كۈيلەنگەن بولسۇن، كۆچۈرۈلۈپ كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلاتتى. ئەرەبلەر تەركىدۇنياچىلىق تەرەپدارى ئەمەس ئىدى، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ئۇلارنىڭ تۇغما ئادىتى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، مۇھەببەت ژانىرى قەھرىمانلىق داستانلىرىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مول ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىدى، ئەرەبلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆز تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ھەتتا دۇنيادىكى كىشىلەرنى ئەرەبلەر ۋە ئەجەملەر، يەنى ساۋاتسىزلار ياكى سەزمەيدىغانلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلەتتى. ئەرەبلەر باشقا جەھەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلايتتى. مال - دۇنياسى بار كىشىلەر ئۆز نەسەبىنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرى بولاتتى. كارۋانچىلار ئۆز سەپىرىنى كۈيلەيتتى، باتۇرلار ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە شان - شۆھرىتىنى كۈيلەيتتى.

**ئۇرۇشقاقلىق ۋە ئىناقسىزلىق** ئۇلار باتۇرلۇقتا بەسلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، شۇنداقلا تۇرمۇشتا كۆپىنچە ئۇرۇش ماھارىتىگە تايىنىدىغانلىقى ئۇچۇن، ئۇرۇشۇش پۇتۇن مىللەتنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەككە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەرەبلەر ھەمىشە ئەرزىمەيدىغان ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇرۇشۇشقا ئىنتىلەتتى، نەتىجىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدىغان ئىناقسىزلىق كېلىپ چىقاتتى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى

www.uyghurkitap.com

ئانچە ئەتىۋارلاپ كەتمەيتتى، نۇرغۇن كىشىلەر يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ئۆلۈپ كېتەتتى. ئەرەبلەرنىڭ قەبىلە تۈزۈمى ئۇلارنىڭ سادىقلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئىختىلاپ تۇغۇلسىلا، ھەل قىلىش قىيىنغا توختايتتى، شۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققىچە ئۇرۇش بولاتتى. ئەمما، بۇ تۈزۈم شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى رىغبەتلەندۈرۈپمۇ قوياتتى، بولۇپمۇ مەككە ۋە يەسرىبتە شۇنداق بولاتتى. چۆل ـ جەزىرە ياكى يايلاقلاردا ياشايدىغان ئۇرۇق ئەزالىرى، ياكى قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن زىچ بىرلىشىشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن، شەھەر، بازارلاردا سودىنىڭ راۋاجلىنىشى كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل قىلىپ قويغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن چوت سوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش قىممەت ۋە ساداقەت ئۆلچىمى بار ئىدى. ئەرەبلەر مەيلى قەيەرگە بارسۇن، قەبىلە ئېڭى بىلەن شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان خاھىش ھامان ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قېلىۋېرەتتى.

**ئەرەبلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى** ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئۇلاردا خۇددى پىروفېسسور نىكولسۇن ئېيتقاندەك: «باتۇرلارچە جەڭ قىلىش، بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرگە سەۋر قىلىشنى بىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئۆچ ئېلىش، ئاجىزلارغا ھەمدەم بولۇپ، كۈچلۈكلەردىن قورقماسلىق»①تەك مەلۇم شەخسىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرگەن. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ئىدى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست بولۇپ، سادىقلىق ۋە ئاتاق ـ ئابرۇينى قەدىرلەيتتى. شان ـ شەرەپنى خۇددى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ شەخسىي پەزىلىتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى.

---

① ر. ئا. نىكولسۇن، «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى»، 79 ـ بەت ــ ئاپتوردىن.

ئۇرۇق ئاقساقاللىقىغا شۇ ئاقساقالنىڭ تۇنجى ئوغلى ياكى باشقا ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلىشى ناتايىن ئىدى. ئۇرۇق ئاقساقىلى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئۇكىسى ياكى جىيەن ئوغلى بولسىمۇ بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇ ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان، ئۇرۇشقا ياخشى قوماندانلىق قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى شۇ ئۇرۇقنىڭ ئىناۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، خەتەرلىك پەيتلەردە ئۇنىڭ ھۆكمى ئۇرۇقنىڭ ھايات ـ ماماتىنى بەلگىلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەردە ھوقۇقىغا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئاقساقاللىققا كۆرسىتىلەتتى. كېيىنرەك، ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى يىراق جايلاردىكى يات دۆلەتلەرگە تارقاتقان ۋە بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان ۋاقىتتا، بۇ ئادەت يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى، چۈنكى ئۇ كۆپ ھاللاردا پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ كۆچلۈك ۋارىسلىرى ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشىغا، ئىچكى ئۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

**ئەرەبلەرنىڭ دىنى** قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن ئىپتىدائىي كىشىلەرگە ئوخشاش، ئەرەبلەر بۇرۇن جىنغا چوقۇناتتى. دەسلەپتە ئۇلار دەل ـ دەرەخ، تاشلار ۋە ئۇلاردىكى جىنلارغا چوقۇناتتى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بارا ـ بارا بەزى ئاساسلىق ئىلاھلارغا مەركەزلەشتى، بۇ ئىلاھلار ئىچىدە ئۈچ ئايال ئىلاھ كۆپرەك تىلغا ئېلىناتتى. بۇلار ئىچىدە لات ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك چوقۇنىدىغان ئاي ئىلاھى ئىدى. قەدىمكى مىسىرلىقلار، يۇنانلىقلار ۋە قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدا ياشىغۇچى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاق ئىلاھ دەپ چوقۇناتتى. ئەرەبلەردە شان ـ شۆھرەت لات، ئۇززا ۋە مانات دېگەن ئايال ئىلاھقا تەئەللۇق ئىدى. بۇنداق

ئىلاھىزملىق بىلەن بىللە بىر خىل تەقدىرچىلىك قارىشى ۋە باتۇرلۇق، شان ـ شۆھرەت ھەم ساپ دىللىقنى ئوخشاش ئالىي پەزىلەتلەرگە بولغان ھۆرمەت بارلىققا كەلدى. بۇنداق پەزىلەتلەر ئەرەبلەرنىڭ مۇجمەل دىنىي كۆزقاراشلىرى بىلەن غەلىتە ھالدا ئارىلىشىپ كەتكەن. بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى تەقدىرچىلىك قارىشى مۇسۇلمانلار چىرىكلىشىپ كەتكەن مەزگىلدىكىدەك ئېنىقلىققا ۋە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئەرەبلەرنى غەم ـ ئەندىشىگە سالمىغان. تۇرمۇش تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان بۇ يەردە ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ يەرلەردە ھۆل ـ يېغىن كەم، يايلاقلار قىس ئىدى. بوستانلىقلارنى تالىشىش ئىنتايىن كەسكىن بولاتتى، لېكىن ئەرەبلەر بۇنداق تۇرمۇشنى قىلچە نارازىلىقسىز قوبۇل قىلىشتى. ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە توغرا قارىيالىسا ۋە كۆچىنىڭ بارىچە ئېسىل ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشسا، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ئوبدان باشقۇرۇپ كېتەلەيتتى.

**ئاللاھ توغرىسىدىكى ئۇقۇم** ئەرەبلەر ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت ئىدى، ئۇلار ئابستراكت شەيئىلەر توغرۇلۇق ئويلىمايتتى. لېكىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەككە سۈرىلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ ئايەتلەر ئاشۇ ئاللاھ ھەممىگە قادىر دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە بولغان (گەرچە بۇنداق ئۇقۇم مۇجمەل بولسىمۇ) مىللەتكە قارىتىلغان. «ئاللاھ» دېگەن بۇ سۆز مەككىلىكلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان قوللىنىلىشقا باشلىغان، ئۇ «خۇدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تېخىمۇ ئوقۇمۇشلۇق مەككىلىكلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بىراق، بۇنداق ئېتىقاد زادى يەھۇدىي دىنىدىن سىڭىپ كىرگەنمۇ ياكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۇقۇمىمۇ ۋە ياكى دىنىي تەجرىبىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىمۇ، بۇ مەلۇم

ئەمەس. بۇ ھەقتە ئومۇم بىردەك ئېتىراپ قىلغان بىر تەبىر بولمىغانلىقتىن، بۇنى ھەقىقەتنى ئىزدەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى ئىستەك قىلغان ئاز ساندىكى كىشىلەرلا چۈشىنەتتى.

**كۆچۈش دولقۇنى** شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئەرەبلەر گەرچە ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيسىمۇ، ئۇلار يەنىلا جىم تۇرالمايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئەرەبىستانلىق بولسىمۇ، يۇرتىنىڭ قۇم - توپىسىنىڭ بوراندا ئېقىپ يۇرگىنىگە ئوخشاش، ئەزەلدىن بۇ زېمىندا يىلتىز تارتقان ئەمەس. تەلەي، ئامەت ئۇلارغا قولىنى سوزغان ھامان، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆچۈشەتتى. شىمال تەرەپ دەسلەپتىلا ئۇلارنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى بولغان بولسا كېرەك. دەسلەپتە ئاككادلار بىپايان قۇملۇقتىن ئاتلىنىپ چىققان ۋاقىتلاردىن باشلاپ، ئۇرۇشقا ماھىر بولغان نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرى قاراملىق بىلەن ئىككى دەريا ۋادىسىغا ياكى ئىيوردانىيە دەرياسىنىڭ جىلغىلىرىغا ۋە ئارامىيلارنىڭ ماكانىغا (دەمەشققە) ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار بۇ جايلارنى بويسۇندۇردى ۋە بۇ يەردە بۈيۈك ئىمپېرىيەنى بارلىققا كەلتۈردى. رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە شەرقىي سۈرىيەدە ھامۇرابىيلار مەيدانغا چىققان زامانلاردا، قەدىمكى ئىراقتىمۇ بىر بۆلەك زەنۇبىيلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر ئىدى. ئەرەبلەر ئەزەلدىن يوشۇرۇن كۈچكە باي ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر ئۇلۇغ رەھبەرگىلا موھتاج ئىدى. بۇنداق رەھبەر مەيدانغا كېلىش بىلەنلا، ئۇلار باتۇرلارچە ئالغا بېسىپ، 80 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، قەيسەر، چىڭگىزخانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ قوشۇلمىسىدىنمۇ چوڭ بىر ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلۇغ رەھبەر، ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى، ئۇ مەككىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى بولغان قۇرەيش قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

**قۇرەيشلەر** قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئاز - تولا تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بۇ قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقىدا تاكى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان ۋاقىتقا قەدەر ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغان، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. قەدىمىي بولغان ئۇلۇغ كەبىنى قۇرەيشلەرلا باشقۇرۇپ كەلگەن ئەمەس. قۇرەيشلەرنىڭ مەككىدىكى يۇكسەك مەرتىۋىسىنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەبىنىڭ ئوغلى قۇسەي تىكلىگەن. ئۇ كەبە ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونىنى كېڭەيتىپ، قايسى قەبىلىنىڭ كەبىنىڭ يېنىدىكى جايلاردا تۇرۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، قايسى قەبىلىنىڭ كەبىدىن يىراقتىكى جايلاردىلا تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. كەبىنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى، جۈملىدىن قۇسەيىنىڭمۇ بارلىق ئەۋلادلىرى تەبىئىي ھالدا كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تۇراتتى، ئەمما قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پەرق بار ئىدى. قۇسەيىنىڭ تۆت ئوغلى (ئابدۇقۇسەي، ئابدۇددار، ئابدۇماناف ۋە ئابدۇلئۇززا) ئىچىدە دادىسىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇددار ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن كېيىنرەك ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئورنى ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى ئابدۇشەمسىنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنى مەركەز قىلغان ئىككى قەبىلە گۇرۇھى شەكىللەندى، ئۇنىڭ بىرسى، ئابدۇددار باشچىلىقىدىكى «خوش پۇراقلىقلار»؛ يەنە بىرسى، ئابدۇماناف باشچىلىقىدىكى «ئىتتىپاقچىلار» ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا تاس قالغانىدى، كېيىن ئەقىل - ئىدراك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، ئۇلار سۈلھى تۈزۈشتى، شۇنىڭدىن

باشلاپ ئابدۇددار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئاتاقتىكى ئىمتىيازنى ساقلاپ قالدى (كەبىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇش مۇشۇ ئىمتىيازلارنىڭ بىرسى ئىدى). لېكىن، ئەمەلىي ھوقۇق ئابدۇماناف ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ئادۇماناف ئائىلىسىدە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەككىدىكى مەزھەپلەر سىياسىيسىدا ئۈچ گۇرۇھ پەيدا بولدى: ئۇنىڭ بىرسى، ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف باشچىلىقىدا، بىرسى، ئابدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف باشچىلىقىدا، يەنە بىرسى، ئابدۇددار باشچىلىقىدا ئىدى. كېيىنكى ئىككى گۇرۇھ سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتلىرى تۈپەيلىدىن ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ ئۆزئارا ھەمكارلاشتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان دەۋرلەرگە كەلگەندە، كېيىنكى ئىككى گۇرۇھنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئابدۇشەمسنىڭ نەۋرىسى ئەبۇ سۇفيان بىننى ئۇمەييەنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئابدۇلمۇتتەلىب بولسا بىرىنچى گۇرۇھنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان رەھبىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىختىلاپ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، لېكىن ئابدۇلمۇتتەلىب ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، زەمزەم بۇلىقىنى ساقلاش ۋە ھەجگە بارغانلارغا تاماق، ياتاق جەھەتتىن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، ئۇ تەجرىبىلىك، ئابرۇيلۇق ۋە پەم ـ پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئابدۇشەمس يەنە بىر گۇرۇھنىڭ رەھبىرى ئىدى، ئۇ ئەمدى مۆتىۋەرلىكنى تالاشماي، ئۆزىنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەبۇ سۇفيانمۇ دىندىن خالىي (دەھرىي) ئىشلار ۋە قەبىلىنىڭ سىياسىي ئىشلىرى جەھەتتە مۇشۇ نىشانغا قاراپ ماڭدى ۋە مەشھۇر ئەربابقا ئايلاندى. ئۇ دەسلەپكى يىللاردىلا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ئۇ ئىنتايىن زور زېھنىي كۈچىنى سودىدىن پايدا ئېلىشقا ئىشلەتتى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە مەككىنىڭ سىياسىي ئىشلىرى ئۈچۈن كۆچ چىقاردى، ئۇزاققا قالماي، ئۇ مەككىدىكى ئاقساقاللار جەمئىيىتىدە شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئابدۇلمۇتتەلىب رەھبەرلىكىدىكى گورۇھنى تامامەن بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئابدۇشەمسىنىڭ ئەۋلادلىرى بەنى ئۇمەييە دەپ ئاتىلىدىغان، ھاشىمنىڭ ئەۋلادلىرى بەنى ھاشىم دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بەنى ئۇمەييە سودا، سىياسىي ئىشلاردا رەھبىرىي ئورۇننى ئىگىلىدى، بەنى ھاشىم جەمئىيەت ۋە ئەخلاقتا دائىر ئىشلاردا رەھبىرىي ئورۇننى ئىگىلىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ سۇپەتلەر ئىسلامىيەت دەۋرىدە مۇشۇ ئىككى گورۇھنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى.

## ئەبۇ سۇفيان ۋە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرى

ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ 12 ئوغلى ئىچىدە ھەمزە، ئەبۇ تالىپ، ئابباس، ئەبۇ لەھەب ۋە ئابدۇللا دېگەن بەشەيلەننىڭ نام ـ ئاتىقى چوڭراق ئىدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوغۇللىرى ئۇنداق كۆپ ئەمەس ئىدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۆز بىر تۇغقانلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىكى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ قانۇنىي ئورنى توغرىسىدا گۇمانىي قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن مۇئاۋىيەنى قوللايتتى ۋە ئۇنىڭ سادىق دوستلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھەمزە مەرگەن ۋە ئاتاقلىق پالۋان ئىدى. ئەبۇ تالىپ سىپايە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن كىشى بولۇپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئابباس ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۆتەتتى، سودىگەرچىلىكتىمۇ ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئەبۇ لەھەب ئاپەت تېرىغۇچى، ئۆزى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگىمۇ ھەسەت

قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئەڭ كىچىكى ئابدۇللا بولسا كېلىشكەن، سەزگۈر، ئەقىللىك يىگىت بولۇپ، خىيالپەرەس ئىدى. ئەبۇ سۇفيان جەمەتىدىكىلەر سودا ۋە خارجى ئىشلار ساھەسىدە شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى قۇرەيشلەرنىڭ تايانچى دەپ قارايتتى. ئۇلار يۇقىرى سەۋىيەلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى، تېخىمۇ كەڭ زېمىندا ئەركىن ـ ئازادە ھەرىكەت قىلاتتى. بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر مىجەزى تۈز، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، چەۋەندازلارچە غايىگە ئىگە كىشىلەر ئىدى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (570 ـــ 632)** ئەرەبلەر ئارزۇ قىلغان ۋە ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغان ئۇلۇغ رەھبەر ئاخىر دۇنياغا كەلدى. ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيسسالام تەخمىنەن 570 ـ يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللا، ئانىسى ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنە ئىدى. ئۇلار توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابدۇللا ئۆلۈپ كەتكەن، ھەزرىتى مۇھەممەد دۇنياغا كۆز ئاچقىنىدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغانىدى. دەسلەپتە شۇ دەۋردىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭغا ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئېمىكئانا تېپىپ بەرگەنىدى، كېيىنچە ئۇنى ئانىسى باقتى. بەختكە قارشى ئۇنىڭ ئانىسىمۇ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى، بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەربىيەسىدە بولدى. لېكىن، ئۇ قېرىپ قالغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋايمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ سەككىز ـ توققۇز ياشلاردا ئىدى. ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىش مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئۈستىگە ئالدى. ھەزرىتى مۇھەممەد كىچىكىدىنلا يېتىم بولۇپ قالغاچقا، ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆرمىدى، بالىلىق ۋاقتى شۇنداق بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولسىمۇ، ئەقىللىك، ئەدەپلىك يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ياخشىلىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. ھەقىقەتنى سۆزلەيتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، شۇڭا، كۆپچىلىك ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ 18 ياشقا كىرگەندە قۇرداشلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، ئۇلار ئۇنى «ئەمىن» (سەمىمىي ئادەم) دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

**ياشلىق ۋە قىرانلىق دەۋرى** ئۇ ياشلىق دەۋرىدە دەسلەپتە باشقىلارنىڭ پادىسىنى باقتى، كېيىنرەك تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن بىللە پەلەستىن ۋە سۈرىيەلەرگە سایاھەتكە باردى، كېيىن قۇرەيشلەردىن بولغان باي تۇل ئايال خەدىچەنىڭ سودىگەرچىلىكىنى قىلدى. ئۇ سىنچى ئىدى، بىرەر يەرگە بارسا، ئۇ يەرلەرنى ئوبدان كۆزىتەتتى. ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئاڭلايتتى. شەيئىلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى توغرىسىدا ئاقىلانىلىك بىلەن گۇمانىي سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئويلاپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن جاۋاب تېپىشقا تىرىشاتتى. لېكىن، خىزمىتىگە زادىلا بىپەرۋالىق بىلەن قارىمايتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەك، سەمىمىي باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. شۇڭا، خەدىچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار توي قىلىشتى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 ياشتا، خەدىچە ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ ئىدى، لېكىن خەدىچە شەپقەتلىك، مېھرىبان ئايال بولغاچقا، ئۇلار ئىنتايىن بەختلىك بولدى. تويدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولدى، تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشقا ــ ئىشنىڭ يولىنى تېپىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا سەرپ قىلدى. مەككىلىكلەرنىڭ شاللاقلىقى، ئەخمەقلەرچە بۇتقا چوقۇنۇشى، ئازغۇنلۇققا ۋە جىنلارغا ئېتىقاد قىلىش، ناچار خاھىشلار، ھاراقكەشلىك، ھەددىدىن ئارتۇق جىنسىي ئالاقە، ئاياللارنىڭ

ئورنىنىڭ پەسلىكى، بەزى قەبىلىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈشى، جايلاردىكى بۆلۈنۈش ۋە سوقۇشۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلار ئۇنى غەم ـ ئەندىشىگە سالاتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئىنتايىن تەشۋىشلەندى. تۇرمۇش چوقۇم بۇنداق بولماسلىقى كېرەك، بۇ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان يامان ئەھۋاللارنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىك؛ دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب، بىر مەنە، مەقسەت بار؛ دۇنيانىڭ سىرتىدا چوقۇم ئەقىل ـ ئىدراك، تېخىمۇ زور ئالەم مەۋجۇت؛ بۇ ئېچىلمىغان سىرغا چوقۇم جاۋاب تېپىش، ئاشۇ ئاچقۇچنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بارغانسېرى مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇنى يەنىلا مەككىنىڭ قابىلىيەتلىك پۇقراسى دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كۆزىتىش تۇرمۇشىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ مەككىدىن چىقىپ پىنھان بىر جايدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يەر — ھىرا دەپ ئاتىلىدىغان بىر غار بولۇپ، كونا شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كىچىك بىر تاغنىڭ تۆپىسىدە ئىدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئۆزى يالغۇز مۇشۇ پىنھان جايغا كېلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە خىيال سۈردى.

**ۋەھيي كېلىش** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ چاغلاردا 40 ياشلاردا ئىدى. ئۇ باشقا دىنلارنىڭ پائالىيىتىنى كۆزەتتى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنىمۇ ئاڭلىدى، لېكىن يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئۇ ئەرەبلەر ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ ئىلاھلارغا ئىشىنىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ھەتتا بالىلىق دەۋرىدىلا تاش ۋە جىنلارغا چوقۇنۇشنىڭ سىرىنى بىلىپ يېتەلمىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ غاردا خىيال سۈرۈۋاتقاندا، بىر ئاۋازنىڭ ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ دەرھال ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىش يەنە تەكرارلاندى. بۇ قېتىم بۇ ئاۋاز سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەممە كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بېشارىتى ئىدى. بۇنى پەرىشتە جەبرائىل يەتكۈزگەنىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، بىئارام بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاتتىق قورقۇنچقا چۈشتى. ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ ھەممە ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلار بىرلىكتە مەسلىھەت قىلىشتى. بارا - بارا ئۇنىڭ قورقۇنچى پەسەيدى، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمىدى. بۇنداق بېشارەت قايتا - قايتا تەكرارلانغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى «نەبى» (پەيغەمبەر) قىلىپ تاللىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم ئاللاھنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇقەددەس يول ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاللاھدىن ئۇنىڭغا «رەسۇل» (ئەلچى) بولۇش توغرىسىدا ۋەھيى كەلدى.

**رەسۇل** مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن دىنغا ئاشكارا دەۋەت قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئاللاھدىن ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھيىلەر — ھازىرقى «قۇرئان كەرىم» — ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ قالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئاللاھنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ۋە شەخسنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تەشۋىق قىلدى. دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنىڭ دىنىي دەۋىتىنى ئاڭلاشنى ئانچە خالىمىغاچقا، ئۇ ناھايىتى مەيۇسلەندى، ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ساڭا ئاللاھ تەرىپىدىن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان ۋەھيىلەر كەلگەن تۇرسا، دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام داۋاملىق دىنىي دەۋەت بىلەن

شۇغۇللاندى، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى، ھەتتا زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچرىدى، لېكىن ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى، ھېچقانداق ئىش ئەمدى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرەلمىدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپلەرگە بېرىپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ئاللاھنىڭ يولىنى سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ سۆزگە ماھىر بولۇپ، ئۆگىتىپ ھارمايدىغان ئۇستاز ئىدى. كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ دىنىي دەۋىتىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ئاللاھنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، نۇرغۇن كىشىلەر زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرھەق، دېيىشتى. ئەلۋەتتە، مەسخىرە قىلغانلارمۇ بولدى، بىراق ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى بارا - بارا كۆپىيىپ باردى.

**دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام دىنى** دەسلەپتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى، قەدىناس دوستى ئەبۇبەكرىلا بولدى. باشقىلار ئۇنىڭ سۆزى ۋە بېشارىتىگە ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. ئۇ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ شەپقەت - ئىلتىپاتلىرىنى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ھەيۋىتىنى، ئاللاھنىڭ يەر - زېمىنىنى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارغا: «ئاللاھ» بىردىنبىر ئىلاھ، ئاللاھ ئىنسانلارغا جان ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۆلۈم كەلتۈرىدۇ؛ ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ غوجىسى؛ ئاللاھ جاھىل ۋە پەسكەش ئادەملەرنى، ئۆزىگە ئىشەنمەي، يالغان خۇداغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەن ئادەملەرنى جازالىسىمۇ، ئۇ ھەممىدىن بەك مېھىر - شەپقەتلىك. ئۇ كىشىلەردىن مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بولۇشنى، ئاددىي - ساددا بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە سىلەر يېتىملارغا، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا سەدىقە بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئۇ

www.uyghurkitap.com

سىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچىدۇر، دەيتتى. لېكىن، ئۇ ھەمىشە ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىدىن باشقىلارغىمۇ بېرىڭلار. ئاللاھ ھەممىدىن بەك مېھىر - شەپقەتلىكتۇر، ئۇ چاكىنىلىقنى ۋە پىخسىقلىقنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ، دەيتتى.

**ئۆكتىچىلەر** نۇرغۇن مەككىلىكلەر، بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى ياكى سودىگەرلەر ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ساراڭنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشى، دەپ قارايتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاشكارا زاڭلىق قىلاتتى، ھەتتا تىللايتتى. لېكىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەسخىرىلەرگە جىم تۇرۇۋېلىش بىلەن جاۋاب بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىن ھەققىدە تېخىمۇ تىرىشىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىرىدە، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىغا چېقىلغانلىق، دەپ قارىدى. ئۇلار بارا - بارا بۇنىڭ جىددىي بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلار بابباراۋەر، ھەممىسى قېرىنداش، خۇدا تەقۋادار كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر دەپ قارايدۇ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەنسىرىگىلى تۇردى. كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ سىياسەتۋازلار بۇ سۆزلەردىن ئەخلاقىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە يېڭى بىر قانۇننىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئۈچۈن بىر ۋەھىمە ئىدى. چۈنكى، بۇنداق ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، مال - دۇنياسى ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەل قىلغۇچ زەربە بېرىشكە كىرىشتى، ئۇنى ئاشكارا ھالدا ئاسىي، جەمئىيەتكە تەھدىت سالغۇچى، دەپ ئاتاشتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگىلا قارشى تۇرۇپ قالماي، بارلىق مۇسۇلمانلارغىمۇ قارشى چىقىشتى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر باي ۋە كۈچلۈك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن خارلىدى، چۈنكى بۇ مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قۇللىرى ياكى ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىدى. ئۇلار بۇ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنى قولىدىن كەلسە ئۇراتتى، ئۇلارغا ھە دەپ ئاھانەت قىلاتتى ۋە تەھدىت سالاتتى. كېيىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كەلدى ـ باردى قىلىشمايدىغان بولدى. لېكىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىشەنمەيتتى. ئۇ مۇسۇلمانلاردىن سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەككىدىكىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەشھۇر ۋە تەسىرى كۈچلۈك كىشى ئىدى، ئۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئاجىز مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ كۈچى ھەسسىلەپ ئاشتى، لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ مۇسۇلمانلار جامائەسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. كۆپ ساندىكى مەككىلىكلەر ئۇلارنى ئاشۇنداق يامان كۆرگەچكە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەرت ـ شارائىتى يار بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ مەككىدىن باشقا جايلارغا كېتىشى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى. بەزىلەر ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىيوپىيە)غا قېچىپ باردى. لېكىن، ئۇ يەر بەك يىراق ئىدى. ئۇ يەرگە كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقۇچى كىشىلەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالدى.

بەزى مەدىنىلىكلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە تەلىيى كەلگەن ئىش شۇ بولدىكى، ھەر يىلى بىر قىسىم كىشىلەر ئەرەبىستاننىڭ يەنە بىر چوڭ شەھىرى يەسرىب (مەدىنە)دىن يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان مەرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن مەككىگە كېلەتتى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋىتىنى ئاڭلىدى، مەدىنىلىكلەر ئادىل ۋە خالىس كىشىلەر ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى خالىس ئاڭلىدى. ئۇلاردا ھەسەتخورلۇق ۋە قەبىلىچىلىك رىقابىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىنى ئادىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇلار تەسىرلەنگەنلىكتىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپلا، ئاڭلىغانلىرىنى ئۆز يەردىكىلەرگە يەتكۈزدى. مەدىنىدىكى كىشىلەرمۇ ھەيران قېلىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋىتىنى مەككىگە كېلىپ ئاڭلاشتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارقاتقانلىرى ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، ئۇنىڭ مەككىدىكى قىيىن ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇ يەردە دىن تارقىتىش ئۈچۈن بارلىق قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى، كۆچۈپ بېرىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرنىمۇ قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىنى، كۆچۈپ بارغانلارنى قېرىنداشتەك كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئەنە شۇنداق سەمىمىي بولغانلىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.

**تەكلىپ قىلىش** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بۇ يەردىن يىراق بىر شەھەرگە بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر ئالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مەككىدىن ئايرىلىشنى خالىمىدى. لېكىن، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، مەككىدە تۇرىۋېرىشنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار يەسرىبقا بارسا قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىناق ياشاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك، ئەرەبلەر ئەزەلدىن سەرگەردانلىقتا ياشايدىغان كىشىلەر بولغانلىقتىن، باشقا بىر جايغا ساياھەت قىلىپ بېرىش ئۇلار ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يەسرىبقا كۆچۈپ كېتىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش تەسكە توختىمايتتى. مۇشۇنداق ئىشەنچكە كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەم - ئەندىشىدە بولۇۋاتقان باشقا كىشىلەرنىمۇ ماقۇل قىلدى ۋە يولغا چىقىش ۋاقتىنى بېكىتتى.

**ھىجرەت (622 - يىلى)** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەردىن مەدىنىگە ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ كىرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى كېچىسى يولغا چىقتى. مەككىنىڭ پايلاقچىلىرى ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلار سەگەكلىك بىلەن بىر غارغا يوشۇرۇنۇۋالدى، بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئەھۋال بىرئاز ياخشىلانغاندا، ئۇلار مەككىگە قاراپ يۈرۈپ، ئۇ يەرگە ساق - سالامەت يېتىپ باردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قىلغان سەپىرى خاتىرىلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش ئىدى، بۇ سەپەر 622 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

7 ـ ئايدا باشلانغانىدى، بۇ ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ ۋەقە «ھىجرەت» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسى «كۆچۈش» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ۋاقىتنى ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ ھېسابلايدۇ. ئوردۇ ۋە پارس تىلىدىمۇ «ھىجرەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىسلام دىنى يولىدىكى دىنىي ئۇرۇش — بەدرى دىنىي ئۇرۇشى (624 ـ يىلى)** ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە ماكانلاشقانلار 100 دىن ئاشمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى يېڭى دىن — ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار «ئەنسارىيلار»① دېگەن نام بىلەن ئاتالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇستەھكەم ئېتىقادچىلارغا ئايلانغانىدى. ئۇلار ئەڭ باتۇر ئېتىقادچىلار بىلەن بىللە ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان، بۇ دىنىي ئۇرۇشلار ئىچىدە دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىقى ئەڭ داڭلىق بولغان. بىرىنچى قېتىملىقىسى بەدرى ئۇرۇشى بولۇپ، 624 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا بولغان. مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىدا مەككىلىكلەرنىڭ بىر كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى، ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى بۇ كارۋان شۇ ۋاقىتتا سۈرىيەدىن مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئىستراتېگىيە ناھايىتى ياخشى بولغانىدى، چۈنكى مەككە ئۆكتىچىلەرنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سودا مەركىزى ئىدى. سۈرىيەگە ۋە شىمالىي تەرەپكە بارىدىغان سودا يولىنى ئۈزۈۋەتكەندە، مەككىلىكلەرنى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولاتتى. بىراق، ھىيلىگەر ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانىنى ئۇقۇپ قېلىپ، مەككىگە ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. ياردەمچى

---

① مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا مۇسۇلمان بولۇپ يار ـ يۆلەكتە بولغان مەدىنىلىكلەر «ئەنسارىيلار» دېيىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

قىسىم يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ ھېچ نەرسە قىلالمىدى، چۈنكى مۇسۇلمانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى باشچىلىق قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمايتتى، شۇڭا ئۇلار تولۇق غەلىبە قىلدى.

**ئوھۇد ئۇرۇشى (625 ـ يىلى) ۋە خەيبەر ئۇرۇشى (627 ـ يىلى)** مەككىلىكلەر قاتتىق ئىزاغا قالدى، چۈنكى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئۇلارنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيى ۋە شان ـ شەرىپىگە بېرىلگەن بىر قېتىملىق غايەت زور زەربە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانلىرى تۆكۈلگەنىدى. مەككىلىكلەر بۇ ئۆچىنى ئالماي قويمايتتى. ئۇلار ئۇرۇشقا ئەسەبىيلەرچە تەييارلىق كۆردى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنى چاقىرىپ كېلىشتى. كېيىنكى يىلى ئۇلار ئۈچ ئىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە بېسىپ كىردى. ئوھۇد تېغىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى، سوقۇشتا مەلۇم پىلان ۋە نىشانمۇ بولماي قالدى، نەتىجىدە كۈچ جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەككە قوشۇنى غەلىبە قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يارىلاندى. پۇشايمان يەپ، تەڭلىكتە قالغان مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كۆرۈنۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن ئۇلار قىلچە مەيۈسلەنمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى، ئۇ ئەتىسى قوشۇننى باشلاپ مەككىلىكلەرنى قوغلاپ ماڭدى، مەككىلىكلەرگە يېتىشكەندە كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن، چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇشقا ۋە گۈلخان يېقىشقا بۇيرۇق بەردى. مەككىلىكلەر قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، مەدىنىلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دانا ئىستراتېگىيەسىگە تەنتەنە قىلىشتى. ئىككى يىلدىن كېيىن مەككىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە چوڭ قوشۇن توپلاپ، مەدىنىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ ماڭدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ چۆرىسىگە خەندەك كولاتقۇزدى. شۇڭا، مەككىلىكلەرنىڭ شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمى ئۈنۈم بەرمەي، يېڭىلىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ قېتىمقى دىنىي ئۇرۇش خەندەك دىنىي ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. بۇ دىنىي ئۇرۇشتا يەھۇدىيلار مەككىلىكلەرگە بولۇشقانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. يەھۇدىيلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مۇسۇلمان لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قوماندان بولۇپ قالغانىدى، يەھۇدىيلار مەغلۇپ بولدى. يەھۇدىيلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئاخىرقى دىنىي ئۇرۇش خەيبەر ئۇرۇشى ئىدى، مۇشۇ قېتىمقى دىنىي ئۇرۇشتىن كېيىن يەھۇدىيلار تەسلىم بولۇش شەرتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ شەرتلەر كېيىنكى ۋاقىتتا بويسۇندۇرۇلغانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىگە ئۈلگە بولۇپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ زېمىن ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلدى، لېكىن ئۇلار مەدىنىدىكى بەيتۇلمال①غا مەلۇم نىسبەتتە باج - خىراج تۆلەپ تۇرىدىغان بولدى. ئەلى بۇ قېتىمقى دىنىي ئۇرۇشتا شان - شۆھرەت تاجىغا ئىگە بولدى. دەل مۇشۇ دىنىي ئۇرۇشتا زەينەپ ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئايال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زەھەر سېلىنغان غىزا بەردى، گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غىزادىن بىر قوشۇق يەپلا تۈكۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇزاققىچە زەھەرنىڭ دەردىنى تارتتى.

**مەككىنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى** مىلادىيە 628 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىلدا بىر كېلىدىغان ھەج مەۋسۇمىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىگە كەلدى، لېكىن مەككىلىكلەر

① بەيتۇلمال — ئاممىۋى خەزىنە — مۇھەررىردىن.

ھەج قىلىشقا كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى رەت قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئارقىلىق كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى دەپ ئاتالدى. بۇ سۈلھىدە ئىككى تەرەپ 10 يىلغىچە ئۇرۇشماسلىق دېگەن بىر ماددىمۇ بار ئىدى، بۇ سۈلھىگە ئاساسەن، مەككىدىكى قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تارقىتىش ۋە يېڭى ئېتىقادچىلارنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم مەككىگە كېلىپ ھەج قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خارجى ئىشلار جەھەتتىكى بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەدەۋىلەر تۈركۈملەپ مۇسۇلمانلار قاتارىغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن مەككىلىكلەر سۈلھىگە خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىگە بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە كىرىپ كەلدى، لېكىن دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن كەڭچىلىك قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بۇ مۇقەددەس جاينى بۇتپەرەسلىكتىن خالىي قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى سۆزلەر بىلەن: «ھەق دىن كەلدى، باتىل يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن، بارلىق دۈشمەنلىرىگە كەڭچىلىك قىلدى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورناتتى. رەسۇلۇللانىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئەرەبلەرنى مەپتۇن قىلدى، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن كۆپ ساندىكى مەككە ئاھالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا شىمالدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرى ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەبىلىلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۇ ھەتتا ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى غەسسانىيلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا مۇھىم بىر قەلئە قۇردى ۋە ئەرەبىستاندىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. مىلادىيە 630 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپ سانلىق ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئەرەبىستاننىڭ مۇھەممەد پادىشاھى دەپ ھىمايە قىلىندى. ئۇ بارلىق قەبىلىلەرگە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مىزانى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىگە ئېرىشكەنىدى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي قانۇنى دەل مۇشۇ مىزاننى ئاساس قىلغان.

**ۋەھيى** بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەنىدى. ئاللاھ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۇنىڭغا كۆرسەتمە بەردى. ئاللاھدىن كەلگەن ۋەھيىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ۋە يېقىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدە تۇتۇشىنى تەلەپ قىلدى، ۋەھيىنىڭ نۇرغۇنى كۆچۈرۈۋېلىندى. ئەمما، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى ساۋاتسىز بولغانلىقتىن، يادقا ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، بۇ بىرەر ھۈنەر ئۆگەنگەندىن تەس ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، قاپىيەلىك، راۋان ئىدى، ھەتتا ئەرەب تىلىدەك مۇشۇنداق ئاھاڭى جاراڭلىق تىلمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. خۇددى مۇھەممەد پىتولىمىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «مۇقەددەس ‹قۇرئان›نىڭ تەڭداشسىز ئاھاڭدارلىقى، ئاۋازىنىڭ لەرزانلىقى كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىۋېتىدۇ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ.» داڭلىق هازىرقى زامان ئالىمى، هامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئاربېرى ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس قۇرئان» دېگەن كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاھاڭى (مۇنتىزىم ئاھاڭى ۋە غەيرىي مۇنتىزىم ئاھاڭى) ئۇستىدە مۇكەممەل تەھلىل ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئۇستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى مۇقەددەس سۆزلەرنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى بىلىملىك ئالىملارنىمۇ خۇددى تەربىيە

كۆرمىگەن، ئەمما قىرغىنلىقتا تولۇپ تاشقان ئاممىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تىڭشىغۇچىلار «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىغان جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا، يۈكسەك بىر مەنزىلگە كىرىپ قالغاندەك بولاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم» ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس شەكلى، تەڭداشسىز گۈزەل تىلى ۋە كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان روھىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ زامان ـ زامانلاردىن بۇيان قانۇن ۋە تەرتىپنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى.

**شەخسىي تۇرمۇشى** ئەينى زاماندىكى ئادەت بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرقانچە قېتىم نىكاھلانغان، لېكىن ئۇنىڭ نىكاھلىنىشىنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي قوشۇلۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ بىرقانچە ئوغۇل يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن، پەقەت ئۈچ قىزىلا قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى فاتىمە ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللار ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە يېقىن ئۈلپىتى ئەلىنىڭ ئايالى ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قائىدە بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ئائىلە تۇرمۇشى جەھەتتە جەلىپ قىلىش كۈچىگە ۋە ھېسسىياتقا باي، قىزىقچى، ئەمما سەمىمىي، مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، كەسكىن، ئەمما قىزغىن ئادەم ئىدى. ئۇ قانائەتچان بولۇپ، ئاددىي ـ ساددا بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقنى ياقتۇراتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى. گۈزەللىكنى مەدھىيەلەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، گۈزەللىك بىر خىل ئىلاھىي خۇسۇسىيەت ئىدى. بارلىق قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتاتتى، ئەزەلدىن زارلانمايتتى. قەيسەرلىك، چىداملىق، كەڭ قورساقلىق ئۇنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرى ئىدى.

كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى ئوبدان بىلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى ئاسانلىقچە قىلمايتتى. ئۇ كەمتەر ۋە كىچىك پېئىل ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايتتى، ئەزەلدىن نام ـ شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنمايتتى. ئۇنىڭ ئىشىكى ھەرقانداق كىشىگە ئوچۇق ئىدى. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر بىلەن مەرتىۋىسى تۆۋەنلەرگە ئوخشاش كۆزدە قاراپ، ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. تۇغما ۋە ئۆزى يېتىشتۈرگەن چەكسىز سەۋرچانلىقى ئارقىسىدا، ئۇ ئاخىر ئالىيجاناب ئۇستازغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە دوستلىرى ئېسىدە ساقلىغان ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بىلىمگە ۋە چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. تېخىمۇ گەۋدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە زامانداشلىرىدا چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ پۈتۈن دۇنيادا ھەممىدىن بەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە كىشى بولۇپ قالدى. ھازىرقى كۈندىمۇ، مەيلى قانداق مۇسۇلمان بولسۇن، ئۇنىڭ قانداق ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىشىدىن، قانداق كۆزقاراشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان بىرەر ئېغىز سۆزگىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بۇنداق مۇكەممەل پەزىلەت ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىزدۇر.

**ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى** مىلادىيە 632 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 62 يېشىدا كېسەل بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن ئۆزى تۇرغان ئۆيگە دەپنە قىلىندى. بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئايالى ئائىشەنىڭ ئۆيى ئىدى، ئائىشە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، قەدىناس دوستى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ

مىسلىسىز ئۇلۇغ زات ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۇ بىر يېتىم بالا ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن زادىلا قايغۇرغان ئەمەس. ئۇ بىر مەھەل يېتىملىكتە قالغان بولسىمۇ، زادىلا بىرەر نامۇۋاپىق ئىش قىلىپ قويغان ئەمەس. ئۇ ھوقۇق تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ھوقۇقىنى زادىلا كەلسە ـ كەلمەس ئىشلەتكەن ئەمەس. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭچىلىك قىلغان. ئۇ زامانغا لايىق ئىش تۇتاتتى، ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن، بىمالال تۇتاتتى. كەسكىن تەدبىرلىك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، مۇلايىم ئادەم ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىگە ھۆرمەت قىلاتتى، ھەربىر كىشىنى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە شەخس دەپ قاراشقا تىرىشاتتى. تۇرلۇك تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بىلەن سۆزلەشسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى تامامەن چۈشىنەلەيتتى. ئۇ پۈتۈن جاھانغا، تۈرلۈك ئەقلىي سەۋىيەدىكى كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇلار ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلار ئىچىدە، ئۇ يەنىلا كىشىلەر ھەممىدىن بەك سېغىنىدىغان كىشى. ئۇ خاتىرجەم ئارام ئالغاي!

**ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى ــ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى** ئىسلام دىنى ئەزەلدىن خەلقنىڭ دىنى بولۇپ كەلدى. ئۇ خىلمۇخىل كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەرتىۋىسى يۇقىرى ۋە مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوبۇل قىلدى. ۋەھشىي ئادەملەرمۇ، ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتىنى ھالاك قىلغان موڭغۇللارمۇ بىر ئەۋلادتىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمان بولغان ھامان، ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ۋە ئاللاھنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

تېخىمۇ زور شان - شەرىپى ئۇچۇن جەڭگە ئاتلاندى. مانا بۇ — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ تەلىمىنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتى.

**ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرى** ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەرنى قىزىقتۇردى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ناھايىتى ئېنىق. ئىسلام دىنى پاك دىن، شۇنداقلا ئۇ ئەمەلىيەتچىل دىن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى «بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. ئاللاھ باشقا ھەرقانداق ئىلاھنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ؛ ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق، ئۇ ئۇلۇغ، ئۇ رەھىم - شەپقەتلىك؛ ئۇ كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممىنى، يەنى ھاياتلىق، ئوزۇقلۇق ۋە ئۆي - ماكان بەخش ئېتىدۇ؛ قايغۇلۇق ۋاقىتلاردا كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ؛ ياردەم تىلىگەنلەرگە يار - يۆلەك بولىدۇ؛ ئۇ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن يېتىم - يېسىرلارغا، ھاجەتمەنلەرگە، ئاغرىق - سىزلاقلارغا ۋە ياردار بولغانلارغا شەپقەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ لايىقىدا ئۆچ ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە مۇمكىن بولسىلا ئۇلاردىن كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، كەڭچىلىك قىلىش ئەڭ ئېسىل پەزىلەتتۇر. ئاللاھ دىندارلارنىڭ كىشىلەرگە ۋاكالىتەن ئىبادەت قىلىشىغا موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ھەممە تائەت - ئىبادەتنى ھەممە ۋاقىت ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە، ئۇ سېنىڭ يۈرىكىڭدە سوقۇپ تۇرىدۇ، ئۇ جەننەتتە تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يوق يېرى يوق، ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت.

**ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرز** ئىسلام دىنىدا بەش ئاساسىي پەرز بار:

1. ئىمان ئېيتىش. «بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.» بۇ — ئېتىقادنىڭ يادروسى. بۇنىڭدا دىلىغۇللۇق قىلىشقا ياكى بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنى دەل مۇشۇنى ئاساس قىلىدۇ.

2. ناماز ئوقۇش. ئاللاھ بىزدىن ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناماز بىزنى يامان نىيەت ۋە گۇمانلاردىن خالاس قىلىپ، ۋۇجۇدىمىزنى پاك قىلىدۇ. تائەت ـ ئىبادەت بىزگە قەلبىمىزنى پاك تۇتۇپ، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

3. روزا تۇتۇش. ئاللاھ بىزدىن ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بىزنى ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىش، چىداملىق ۋە قانائەتچان بولۇشقا، نېمىنىڭ ئاچلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ئۆگىتىدۇ.

4. زاكات بېرىش. ئاللاھ بىزدىن ھەر يىلى مال ـ مۈلكىمىزنىڭ 40 تىن بىرىنى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بېكىتىلگەنكى، ئاللاھ بەزىلەرنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا، يەنە بەزىلەرنىڭ باياشاتلىقتا ئۆتۈشنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ يەنە بىزدىن ئىجتىمائىي فوند ھېسابىغا ئىئانە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ بايلىقنىڭ توپلىنىپ قېلىشىنى چەكلەپ، پۇلنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ھالىتىنى ساقلاپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

5. ھەج قىلىش. ئاللاھ ئىقتىسادى بار كىشىلەرنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھەر قېتىم ھەج مەۋسۇمىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جاي كەبىگە يىغىلىپ، ئۆز ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈندۇر.

**ئىجتىمائىي قىممىتى** پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداش، لېكىن ھەربىر كىشى، مەيلى ئۇ مۇسۇلمان، خىرىستىيان ياكى زوروئاستېر مۆرتىي بولسۇن، ئۇ ئاللاھقا بويسۇنىدىغان، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىدىغان ۋە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان بولىدىغان بولسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. ئالاقە ۋە مۇئامىلىدە ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىمىي، ئادىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدىغان، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدىغان ۋە ئالدامچىلىق، رەھىمسىزلىك قىلىدىغان قىلمىشلارنى ئىنتايىن قاتتىق جازالايدۇ. خوتۇن ـ قىزلار دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تېگىشلىك ئۈلۈشىنى ئېلىشقا ھەقلىق. ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە. ئەگەر ئەر كىشى ئۇ ئايالنىڭ ھامىيسى بولسا، بۇنىڭدىن ئىستىسنا قىلىنىدۇ. نىكاھ بىر خىل ئىجتىمائىي پۈتۈم ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلىشى ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، ئاياللىرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنى قىرغان، ئۆي ـ ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلغان بولسا، بۇ باشقا گەپ.

**غەيرىي مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇئامىلە** بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرى بولىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان بارلىق غەيرىي مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق. ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇلۇشى لازىم.

ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايلىرى مۇھاپىزەت قىلىنىشى كېرەك. ئىسلام دىنى بىزگە ئۇلار بىلەن بابباراۋەر، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە ئىناق ئۆتۈش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. مۇسۇلمان پادىشاھلار ھەرقاچان مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارغا ماددىي ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزى ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسلام دىنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىلمايدۇ. دىنىي ئىشلاردا نەسىھەت قىلىشقىلا بولىدۇكى، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھ يولىدىكى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىدىن ئۈستۈن قويۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىسلام دىنىنى قوغداشقا، مۇسۇلمانلارنى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شەرىپى، مۇكەممەللىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش دىنىي ئۇرۇش (جىھاد) دېيىلىدۇ.

**بىلىمنىڭ قىممىتى** ئىسلام دىنى كىشىلەردىن دۇنيادا ئۆز دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى، بىلىمگە ئىنتىلىشنى، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ كۈچىنى چۈشىنىشنى ۋە بۇنداق كۈچتىن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىچە غايەت زور كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىنغان. ئۇ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى، ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلىشى، مەڭگۈ ئىلگىرىلىشى كېرەك. شەخسنىڭ تەربىيەلىنىشىنىڭ چېكى بولمايدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋەت — ئاللاھنىڭ ئادەمگە قىلغان سوۋغىسى. كىشىلەر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىزدىشى، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ تىنچلىقىنى تارقىتىشى كېرەك. ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مەشھۇر زاتلار — مەيلى ئۇلار پادىشاھ بولسۇن، ئەۋلىيا ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن — ھەرقاچان باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلمايدىغان كىشىلەردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكى، ئۆزگە نىمىلەرنىڭ يەخش ئېتىلگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ قېتىم بېشارەت بەرگەن. بىز «قۇرئان كەرىم»دە ھەممىشە بۇنداق سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز: «بىزنىڭ بۇنداق مەسەللەرنى كەلتۈرۈشىمىز كىشىلەرنى سەگەكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر.» دېمەك، مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىنى پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرماستىن، ئىشنىڭ يولى ئۈستىدە ئويلىنىشنى لازىملىقى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلىنغان.

**ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا قوشقان تۆھپىسى** ئىلاھ توغرىسىدىكى ئۇقۇم ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى دىنىي ئىدىيەلەرگە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى، ئۇنىڭ ئىلاھ، ئادەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى يېڭىچە ئۇقۇمى بولدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاللاھ يەنىلا مۇسا دەۋرىدىكى قاتتىق مۇستەبىتچى يەھۋا بولۇشتىن قالدى. ئۇنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىشى ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. ئۇ زوروئاستېر دىنىنىڭ تۈنجى ئەجدادلىرى بولغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ قوش ئوبرازىمۇ ئەمەس، بۇددا دىنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ئۇقۇمىغىمۇ، ھىندى دىنىنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىگىمۇ، كۇڭزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىگىمۇ ياكى يۇناننىڭ قۇربانلىق ئىلاھى، قۇياش ئىلاھىغىمۇ ۋە پارسلارنىڭ ماتىي دىنىدىكى سىرلىق ئەقىدىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ «ياراتقۇچى»، «رىزىق بەرگۈچى» ۋە «قوغدىغۇچى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سۈپىتى ئەپۇ قىلىش ۋە كۆيۈنۈش، رىزىق بېرىش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ بىر تەرەپتىن كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت سۈپىتىنى ئىشقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق سۈپىتىنى ئىشقا سالىدۇ.

**ئادەم توغرىسىدىكى ئۇقۇم** دۇنيا تۇنجى قېتىم يېڭى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ يېڭى ئادەم ئەسلىدىن گۇناھسىز بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ تەكرار دۇنياغا كېلىدىغان ۋە ئايلىنىپ تۇرىدىغان شەپقەتسىز قانۇن چاقىغا باغلانغان ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى ئەجدادلىرىنىڭ ياكى روھانىيلارنىڭ تۆكمەس شاپائىتىگە تايىنىپ ئۆزىنى پاكلاش ئەمەس. ئۇ ئەڭ ياخشى شەكىل بىلەن يارىتىلغان. ئۇنىڭغا چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بېرىلگەن، ئۇ ئالەم بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ يۇلتۇزلار ئارا پەرۋاز قىلالايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بېكىتىپ بەرگەن غايىلىرىنى ئىسپاتلىيالايدۇ: «مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىمەن... مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن (قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەرە)؛ ئادەم ئەگەر ئالغا بېسىشنى خالىمىسا، ئەڭ تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما، ئاللاھتائالانىڭ نەزىرىدە «ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ تەقۋادار كىشىلەردۇر» (قۇرئان كەرىم»، سۈرە ھۇجۇرات). ئادەم بىلەن ياراتقۇچى ئاللاھ ئارىسىدا ۋاسىتىچى بولۇشى ھاجەت ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى «باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم» دېگەن. ئەگەر ئۇ كۆپچىلىكنىڭ نەمۇنىسى دېيىلسە، بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمەگىمۇ قىيامەت كۈنىدىكى سوراقتا مېنىڭ ئارا تۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلما، ئۆزۈڭنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئېتىقادىغا تايان دەپ ئېيتقانىدى. ئادەم مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئەركىنلىكنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جىسمى بەخش ئېتىلگەن، ئۇ يېڭىچە قەدىر - قىممەتكە ئېرىشكەن. ئۇ مەنىۋى جەھەتتىن يالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالايدۇ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزالايدۇ. تارىختىن بىرى

ئىنسانلار بىرىنچى قېتىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ياراتقان ئىگىسىگە يۈزلەندى.

**ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى** ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى تۆھپىسى ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بولدى. خۇددى ئاللاھ توغرىسىدىكى ئۇقۇم ئىلاھىيەت ئىلمىنى ئىلگىرى سۈرگىنىدەك، ئادەم توغرىسىدىكى ئۇقۇممۇ روھىي جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش بولدى. ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە قىلىنغان بارلىق گەپ ـ سۆزلەرگە نىسبەتەن ئېتىقاتتا بىر خىل ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ ئۇقۇم بويىچە، بارلىق ئادەملەر بابباراۋەر، ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قېرىنداشتۇر. كېلىپچىقىشى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ كارى چاغلىق. ئاللاھتائالانىڭ ئالدىدا غوجايىن بىلەن قول باراۋەر؛ بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى ئالدىدا، ئاقسۆڭەك بىلەن ھۆرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش قابىلىيەتلىك، ئوخشاش ساداقەتلىك، ئوخشاش پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلىسىلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ئازاد قىلىنغان قۇللار نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققان. ئەرەبلەر، بەربەرلەر، تۈركلەر ۋە پارسلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلىپىلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ باققان. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ مەۋجۇتلا بولىدىكەن، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى رىقابەت تۈگىمەي كۆپىيىپ بارىدۇ، قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇلار باراۋەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا بىرەر ئۇرۇق ياكى گۇرۇھ ئۆزىنىڭ كېلىپچىقىشى تۈپەيلىدىنلا باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. گەرچە كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ئىجتىمائىي دەرىجە پەرقى

بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئورتاق ئېتىقاد ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي ئائىلىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇنداق بىرلىك ۋە ئىجتىمائىي بىرلىك كېيىنرەك ئاتلانتىك ئوكياندىن ئامۇ دەرياسىغىچە، پىرىنېي تاغ تىزمىلىرىدىن مۇلتانغىچە بولغان ئىسلام دۇنياسىنى قۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى ھەمدە 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان گۈللىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتنى ياراتتى.

**ئىككى دۇنيالىق بەخت تىلەش** بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە بەرگەن ئاددىي، ئەمما مەڭگۈلۈك ھەقىقەت. كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا جېنىنىڭ بارىچە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان مەككىدىكى غەيرىي مۇسۇلمانلارغا چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئۇنتۇلماس سۆزلەر بىلەن: «مەن مېھىر - شەپقەتنىڭ سىمۋولى، مېنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇم ئىنسانلار ئۈچۈن بىر خىل بەخت بولۇشى كېرەك» دېگەن. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق ياخشى كۆرۈشى، ئاللاھنىڭ بۇ ئەلچىسىنى ئاشۇنداق ئىززەتلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ ئاشۇنداق تېز سۈرئەتتە كونا دۇنيانىڭ تۆتتىن بىر رايونىغا تارقىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازابلىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلەردىمۇ ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھتائالا: «مېنىڭ مېھىر - شەپقىتىمدىن ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمەڭلار» دېگەن ھەمدە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ مېھىر - شەپقەت ياغدۇرغۇچىدۇر، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇق ئەكس ئېتىدۇ: «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز

قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن؛ جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن، ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن» («قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 26 ـ، 27 ـ ئايەتلەر).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# دەسلەپكى تۆت خەلىپە ۋە كەربالا پاجىئەسى

**(632 ـ 661)**

**ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەر پادىشاھى** ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەر پادىشاھى. ئەرەبىستان يېڭى دۆلىتىنىڭ روھى ۋە بۇ دۇنيالىق داھىيسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىنى قۇردى. مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ دائىرىلىك تۇرمۇش قانۇنى ئىكەنلىكىدىن. ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بارلىق ھەرىكەت ئۇسۇللىرىغا ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقتىن خەۋەر بېرىلدى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مەجبۇرىيىتى باشقا مەجبۇرىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھتائالانىڭ ئىنسانغا قىلغان ھاۋالىسى بولدى. ھەر جەھەتتىن مۇنەۋۋەر بولغان كىشىلەر ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى بولۇشتەك شان ـ شەۋكەتنىڭ سىمۋولى بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىدى. بۇ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر خىل يېڭى سىناق، ئېھتىمال ئۇ تولىمۇ ئېغىر بىر مەجبۇرىيەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدىغان پەزىلىتى ئۇنۇملۇك داۋاملاشقان زامانلارغىچە ساقلىنىپ تۇرالىدى. ئىش ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. ئەنئەنىۋى خەلىپىلىك تۈزۈمى، يەنى تۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلىپىنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمى پەقەت بىر دەۋرلا داۋاملاشتى.

**ۋارىسلىق مەسىلىسى** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەرھاللا ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، بىردىنبىر پەرزەنتى — قىزى فاتىمە، ئەلىنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ۋارىسلىق مەسىلىسىدە ئەمەل قىلغۇدەك ئۈلگە يوق ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئېنىق كۆرسەتمە بەرمىگەنىدى. ئەرەبلەردە تارقالغىنى قەبىلىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى ئىدى. قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى ياكى «ئاقساقاللىرى» ياشتا چوڭ ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن سايلاپ چىقىلاتتى. مەدەنىيلىك ئەرەبلەرنىڭ باشقا ئەرەبلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى، ئۇلار بۇنداق ئادەتكە خىلاپلىق قىلمايتتى. ئۇلار بىر يېڭى رەھبەر سايلاپ چىقىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان ھامان جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى.

**تۆت گۇرۇھ** ئەينى ۋاقىتتا مەدىنىلىكلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، تۆت گۇرۇھقا بۆلۈنەتتى:

1. مۇھاجىرلار. ئۇلار ئۇستۇنلۇك ھوقۇقىمىز بار، دېيىشەتتى، چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردىن ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغانلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرى ئىدى.

2. ئەنسارىيلار. ئۇلار مەدىنىلىكلەر بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دوستانە مۇئامىلىدە بولغان، ئىسلام دىنىغا يېڭى ماكان يارىتىپ بەرگەنلەر ئىدى. ئۇلار بىز بولمىغان بولساق، ئىسلام دىنى قورقۇنچلۇق توسالغۇغا ئۇچرايتتى، دېيىشەتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مال - دۇنياسى بار ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دەۋاسىغا سەل قاراشقا بولمايتتى.

3. نەسەبچىلەر. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىزباسارى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئەلى دەپ قارايتتى. ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيۈ ئوغلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ بۇرۇن ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇلار كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىدەك بۇنداق زور ئىشنى ئاللاھتائالا كىشىلەرنىڭ ھە - ھو دەپلا قارار قىلىشىغا قويۇپ بەرمەيدۇ، دېيىشەتتى. بۇ گۇرۇھ گەرچە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن باشتىلا پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ، دېگەن پىرىنسىپقا ئىشەنچ باغلىغانىدى. كېيىنچە ئۇلار ھەتتا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئاللىقاچان «بېكىتىلىپ بولغان» دەپ قاراشتى. ئۇلار يەنە ۋارىسلىق قىلغۇچىنى ئادىللىق بىلەن سايلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ مۇنازىرىلىشەتتى.

4. ئاخىرقى، لېكىن ئانچە ئاجىز بولمىغان گۇرۇھ مۇئەييەلەر گۇرۇھى، يەنى مەككىدىكى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى مەككىدە بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنلەر، شۇ سەۋەبتىن قۇرەيشلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەڭ كېيىن قوبۇل قىلغان جەمەتلەر ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەكلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى تەسىرى ۋە تالانتى بار كىشىلەر بار ئىدى.

**ئەبۇبەكرىنىڭ سايلىنىشى** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، جىددىي ۋە كەسكىن پائالىيەتلەر ئارقىسىدا قارار چىقىرىلدى. مۇھاجىرلار غەلىبە قىلدى، رەسۇلىللانىڭ قەدىناس دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سايلاندى. بۇ چاغدا ئۇ 59 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ئىچىدە شۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا ئۆمەر 50 ياش، ئوسمان 60 ياش، ئەلى 31 ياش ئىدى. ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلدى، ئەمما گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. گەرچە دەرھال تاللاش زۆرۈر بولغان پەيتتە كۆپ ساندىكىلەر قارارنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن يۈز بەرگەن توقۇنۇش بىر گۇرۇھ بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرەبلەر مۇستەقىل، ھەتتا باشقۇرۇش قىيىن بولغان بىر خەلق ئىدى. ئۇلارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغىمۇ گەپ سىغمايتتى. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇلار پەقەت ئۆز ئۇرۇقىغىلا، كۆپ دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىگىلا سادىق بولۇپ كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار تۇنجى قېتىم بىر دىنىي رەھبەرنىڭ قول ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىندى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر ئىشلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغان نەرسە قەبىلىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھتائالا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ئىدى. بۇرۇنقى ھەسەتخورلۇق ۋە ماجىرالاردىن ۋاز كېچىش، يېڭى تەرتىپكە رىئايە قىلىش كېرەك ئىدى. كىشىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىر قېرىنداش دەپ بىلىشى لازىم ئىدى، چۈنكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئالىيجانابلار بىلەن تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر باراۋەر ئىدى. بۇ ئىجتىمائىي شەكىل جەھەتتىكى بىر ئىسلاھاتتىن دېرەك بېرەتتى، بۇ يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىلا قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىپ كەتمىدى.

**ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۇيغۇسى** بۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى مەشھۇر ئەجدادلىرىنىڭ ۋە رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرىنىڭ نامى

بىلەن ئاتىلاتتى، كىشىلەر ھەمىشە قىلىچە تەۋرەنمەستىن ئۆز قەبىلىسىگە سادىق بولاتتى. ئىسلام دىنى بولسا تار ئۇرۇقداشلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كەڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە قانۇنغا سادىق بولۇش ئارقىلىق بۇزۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئىسلام دىنى ئۆزىگە سادىقلىقنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە پەيدىنپەي مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئەمما ئىلگىرىكى قەبىلىلەرگە سادىق بولىدىغان يوشۇرۇن ئېقىم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئاشكارىلىنىپ چىقىپ، ئىناق كەيپىياتنى بۇزۇش بىلەن بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىدىن ئىدى. ئۇنىڭ مەككىدىكى بۇرۇنقى دۈشمەنلىرى بەنى ھاشىم جەمەتىگە قارىمۇقارشى بولغان بەنى ئۇمەييە جەمەتىدىن ئىدى. بۇ ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەتلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى، ئەمدىلىكتە بۇنداق رىقابەت يۈز بەردى. بەنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان ئۆمۈر بويى دېگۈدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيۈ ئوغلى ئەلى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەن، ئۇنىڭ نەۋرىسى يەزىد مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا، بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر باشتىلا بەنى ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ كەلگەنىدى، بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، نۇرغۇن ۋەقەلەر بۇنداق ئۇرۇقداشلىق تۇيغۇسىنىڭ دەسلەپكى ئىسلام دىنىدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى.

**ئەرەبلەرنىڭ ئىنكاسى** نۇرغۇن ئەرەبلەر يېڭى ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش بىلەنلا خېلى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلام دىنىدىن ئاينىپ كەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىكلىگەن يېڭى تەرتىپنىڭ ھاياتىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تېزدىن بىر يېڭى داھىينى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا قاراپ، ئۇ ئىش ئەگەر سۆرىلىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زورى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان پۈتكۈل دۆلەتنىڭ بىرلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. چۈنكى، پاكىتلار يېقىندا ئېلان قىلىنغان بۇ قانۇن ۋە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈملىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەغلۇپ بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتكەندى. يىراق - يېقىندىكى نۇرغۇن قەبىلىلەر باج - سېلىق تاپشۇرۇشنى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مىزانى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى چىن دىلىدىن خالاپ كەتمەيتتى. ئەرەبلەر ھەرقانداق ئىنتىزام چەكلىمىسىنى سىرتتىن تېڭىلغان نەرسە، دەپ قارايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئالدى بىلەن ئىككى قەبىلە توپىلاڭ چىقاردى، ئەمما ئەبۇبەكرى ھەل قىلغۇچ ھەرىكەت قوللاندى. ئۇ بىر مۇسۇلمان قوشۇنى تەشكىللەپ، خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بۇ قوشۇنغا سەركەردە قىلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىستراتېگىيەچى ۋە ئۇلۇغ سەركەردە ئىدى. ئۇ بۇزاھە بۇلىقى ئەتراپىدىكى بۇ ئىككى قەبىلىنى ئاسانلا تارمار قىلدى.

**مۇسەيلىمە ۋە سەجاھ توپىلىڭى** ئارقىدىنلا يەنە ئىككى قەبىلە توپىلاڭ چىقاردى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بەنى ھەنىفە قەبىلىسى بولۇپ، ئۇ يەمامەدە توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلارنىڭ رەھبىرى مۇسەيلىمە دېگەن بىر كىشى ئىدى، ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىدى. بۇ رەھبەر ئىسلامىيەت تارىخىدا «يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمە» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ۋاھالەنكى، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ناتىق ۋە تەشكىلاتچى ئىدى، ئۇنىڭ ئادەملىرى تېز كۆپەيدى، ئۇزاق ئۆتمەي زور كۆلەمدىكى ئەگەشكۈچىلەرنى ئەتراپىغا توپلىۋالدى. توپىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىرسىگە بەنى تەمىم

قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى سەجاھ ئىدى. مۇسەيلىمە بىلەن سەجاھ توي قىلىپ، قوشۇنلىرىنىمۇ بىرلەشتۈردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىرقانچە قېتىملىق توپىلاڭنى تىنچىتقانىدى. ئەمما، ئەقەبە ئۇرۇشى ئەڭ كەسكىن ۋە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇرۇش بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىككى قەبىلىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇسۇلمانلار قاتتىق چىقىم تارتقان بولسىمۇ، ئاخىر پۈتۈنلەي غەلىبە قازاندى. بەنى ھەنىفەنىڭ ئاساسىي كۈچى مەغلۇپ قىلىندى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى يەنە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە پېتىنالمىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇشۇ جازا يۈرۈشلىرىدە شۆھرەت قازاندى، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا «سەيفۇللا» (ئاللانىڭ قىلىچى) دەپ نام بەردى.

يەمەننىڭ جەنۇبى ۋە بەھرەيننىڭ شەرقىدىمۇ كىچىك كۆلەملىك توپىلاڭلار بولغانىدى، لېكىن ھەممىسى تىنچىتىلىۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، پۈتكۈل ئەرەبىستان بىر ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. خەلق سايلىغان باشلىق ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەكىلى — مەدىنىدىكى خەلىپە دەسلەپكى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ باشلىقى بولدى.

**چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپلار** ئىپتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 626 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پېرسىيە پادىشاھى بىلەن ۋىزانتىيە (بۇرۇن كونستانتىنوپول دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر ئىستانبۇل دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ پادىشاھىغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. ئۇ يەنە سۈرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رىم پادىشاھىغىمۇ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. بۇ مەكتۇپلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا يېڭى دۇنيانىڭ خۇش خەۋىرىنى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكنى سوۋغا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى نىجاد خەۋىرىنى يەتكۈزگەن. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ھۆكۈمرانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆيلىشىپ كۆرۈشنى مۇراجىئەت قىلغان. پېرسىيە پادىشاھى بۇ مەكتۇپنى مەسخىرە قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلغان ھەمدە ئەلچىنى كۆزگە ئىلمىغان. ئۇ ئەرەبىستاندەك مۇشۇنداق تەرەققىي تاپمىغان بىر جايدا قىممىتى بار بىرەر نەرسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغان. سۇرىيەدىكى رىم پادىشاھى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. ئۇ بۇ مەكتۇپنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارىغان ھەمدە ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ قىلمىشلار ئەرەبلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۇرگەن.

**سۇرىيەگە قىلىنغان جازا يۈرۈشى** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىراقنى كۆرىدىغان مۇتەپەككۇر ئىدى، ئۇ خەلقنىڭ مەنىۋى تەرەپلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەرەبلەرنىڭ شان ـ شەۋكىتىنىڭ ئاشۇنداق ھاقارەتلىنىشىگە چىداپ تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 630 ـ يىلى 3000 كىشىلىك بىر قوشۇننى شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. قوشۇنغا ئۆزىنىڭ ئازاد قىلغان قۇلى ۋە كېيىن بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلدى. ئىراق، شەرقىي رىمنىڭ پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ كۈچلۈك، ياخشى چېنىققان بىر قوشۇنى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن پىدائىي لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ قوشۇن مۇئتە ئەتراپىدا مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، زەيد ئىبنى ھارىسە جەڭدە شېھىت بولدى. قوشۇن بىلەن بىللە بارغان خالىد ئىبنى ۋەلىد قالغان ئادەملەرنى باشلاپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا ۋە ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى خىرىستىيانلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىۋاتقاچقا، سۇرىيەگە قارشى يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ ۋاپات بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى سۇرىيەگە ئۈچ بۆلەك قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ بىرسىگە ئەمىر ئىبنى ئاس، بىرسىگە يەزىد ئىبنى

سۇفيان، بىرسىگە سۈرەھبىل ئىبنى ھەسەنە ئاقساقال بولدى. ھەربىر قوشۇندا 3000 كىشى بار ئىدى، كېيىنچە كۆپەيتىلىپ 7500 كىشىگە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يىنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. يەزىد ئىبنى سۇفيانىنىڭ قوشۇنى ئالدى بىلەن پەلەستىنىنىڭ باش ۋالىيسى سەرجۇسنى يەڭدى، ئەمما شەرقىي رىم پادىشاھى دەرھال ئۇكىسى تېئودوروسنى چوڭ قوشۇن بىلەن ئەرەبلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەرەب قوشۇنلىرى سۈرىيەدە كىچىك كۆلەملىك جەڭلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلگەن زور تۈركۈمدىكى رىم قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدى. خەلىپە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى غەربىي ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئىراقنىڭ جەنۇبىدا بەدەۋىيلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىۋاتاتتى. خەلىپە خالىد ئىبنى ۋەلىدكە قوشۇنلىرىنى كېسىپ ئۆتۈشنى ھەمدە سۈرىيەدىكى بارلىق قوشۇنلارغا بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ خۇددى كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك، ئىنتايىن ئاقىلانە قارار ئىدى.

**خالىد ئىبنى ۋەلىد سۈرىيەدە** خالىد ئىبنى ۋەلىد كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان تېزلىك بىلەن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر قېتىم داڭلىق ھەربىي يۈرۈش قىلدى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئېگەردىن چۈشمىدى، ئىسسىق قۇملۇقتىن ئۆتكۈچە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئەسكەرلەرنى قىيىنىۋەتتى. 18 كۈندىن كېيىن ئۇلار ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدە پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى دەمەشىق ئەتراپىدا تۇراتتى. ئەرەب چەۋەندازلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ يېنىدا ئاران 600 ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ئازغىنا ئادەم بىلەن دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى، بەلكى مەرج رەھىت جېڭىدە ئەمەلىيەتتە ئادىمى

www.uyghurkitap.com

كۆپ بولغان غەسسانىلار① قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. 634 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قىلدى. 635 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ دەمەشق سېپىلىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئالتە ئاي هۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە بۇ قەدىمكى شەهەرنى قولغا چۈشۈردى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قولغا چۈشكەن بۇ شەهەرگە قويغان شەرتلىرى تارىخ سەهىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ شەرتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا بويسۇندۇرۇلغان قەلئە ۋە شەهەرلەرگە قويۇلىدىغان شەرتلەرگە ئۈلگە بولۇپ قالدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى، مال ـ مۈلۈك ۋە ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ماقۇل بولدى: شەهەرلەر ۋەيران قىلىنمايدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ خىرىستىيانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشمايدىغان بولدى. بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار جان بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، بۇنداق جايىنىڭ مىقدارى پەقەت جان بېشىغا هەر يىلى بىر دىنار پۇل ۋە ئازراق بۇغداي ئىدى.

**يەرمۇق دەرياسى بويىدىكى جەڭ** بۇ ۋاقىتتا هىرەقلى هەقىقەتەنمۇ قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ توپلىغان تەخمىنەن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇنىڭ ئىنىسى تېئودورۇسنىڭ قوماندانلىقىدا جەڭگە ئاتلاندى. ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى بىرقانچە قېتىملىق كىچىك كۆلەملىك جەڭلەردىن كېيىن ئىيوردانىيە دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان يەرمۇق دەرياسىنىڭ ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن، مۇسۇلمانلار

① غەسسانىلار — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى سۇرىيەنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان بىر قىسىم ئەرەبلەر ئىدى، كېيىن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يۇقىرىغا ئايلانغان — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇنىڭلىق بىلەن ئەنسىرەپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىد ئىبنى ۋەلىد خورىتىش ئۇرۇشى قىلىشقا ماھىر سەركەردە ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئاز بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ تۇردى، كېيىن 636 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئىسسىق بولۇپ، بوران چىقىۋاتاتتى، بوران تاش - توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ يەر - جاھاننى بىر ئالدى. لېكىن، بۇ دەل قۇملۇقتا ئۆسكەن ئەرەب لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدىغان پەيت ئىدى. ۋىزانتىيەلىكلەر بۇنداق مۇھىتقا ئادەتلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوشۇنى پۇختا چېنىقتۇرۇلغان تەرتىپلىك قوشۇن ئىدى، ئۇلار جان تىكىپ جەڭ قىلدى. ئەرەب تارىخچىسى ۋاجىدىنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ۋىزانتىيە چەۋەندازلىرى ئۆزلىرىنى زەنجىر بىلەن چېتىپ مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى تۈزۈش يولى بىلەن تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا بۇ ئۇسۇل نەتىجە بەرمىگەن. ئەرەبلەر بارغانسېرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان، نەتىجىدە ۋىزانتىيە قوشۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. تېئودوروس جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن، ئازلا كىشى قېچىپ قۇتۇلغان. بۇ، ئەرەبلەرنىڭ بىر قېتىملىق غايەت زور غەلىبىسى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ سۇرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. ۋىزانتىيەلىكلەر 623 - يىلىلا ئەجنادىن ئۇرۇشىدا خالىد ئىبنى ۋەلىد تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. 636 - يىلى يەرمۇق دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا — بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىنتايىن ئۈستۈن كۈچكە ئىگە بولغان دۈشمەن قوشۇنى قىرىپ تاشلاندى. ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ سۇرىيەدىكى تەسىرى كەلمەسكە كەتتى. يەرمۇق ئۇرۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولغانلىقتىن، ئۇ رىم دۇنياسىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى — بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە مۇسۇلمانلار ئۇرغۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈچ دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

**مۇسۇلمانلار ئىراقتا** دەرۋەقە، ئەرەبلەرنىڭ ئىراقتىكى ئەھۋالى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنىڭ خىل بولمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ ھەتتا مۇۋاپىقراق قورالىمۇ يوق ئىدى. زەرىبدار ئەترەتلەر ئادەتتە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، پېرسىيە ئەسكەرلىرى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر قوراللىرى، ئۇرۇش ئېتى ۋە ئۇرۇش ھارۋىلىرى بار ئىدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار ئۆز ئىشلىرىغا سادىق بولغاچقا، ھېچنېمىدىن قورقماي جەڭ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى ئالاھىدە پەرقنى تولۇقلىۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھتائالانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان بەرسە، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غالىبلار شان ـ شۆھرەت ۋە ئەمەلىي پايدىغا ئىگە بولاتتى. مۇشۇ نىيەت ئۇلارنىڭ قورالى ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئىراقتا دەسلەپتە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى.

**قادىسىيە جېڭى (637 ـ يىلى)** مىلادىيە 637 ـ يىلى مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىرىنچى جېڭىدە يېڭىلىپ قالغانىدى، بىراق قادىسىيە ئۇرۇشىدا ئۇلار سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قوماندانلىقىدا پېرسىيە پادىشاھى يەزد جەردنى مەغلۇپ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئارقىدىنلا پېرسىيەنىڭ پايتەختى مادەننى ئالدى. پارسلار قايتىدىن توپلىنىپ جەلۇلەدە ئەرەبلەر بىلەن تۇتۇشتى، لېكىن يەنىلا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتا چوڭراق قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

**ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاپاتى** بۇ چاغلاردا ياشىنىپ قالغان ئەبۇ بەكرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى، مىلادىيە 634 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئاران ئىككى يىل هۆكۈم سۈردى، ئەمما قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇ ئەرەبىستاننى يېڭىباشتىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەھكەم هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ۋە شىمالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستېلاسىنى باشلىدى. ئەبۇبەكرى كۈچلۈك تەسىرى بار شەخس ئىدى. كەسكىن ئىش قىلاتتى، بەلگىلىگەن نىشانىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇراتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى شۇ بولدىكى، ئۇ هايات ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇستەھكەملىدى، كەلگۈسىدىكى سىياسەتنىڭ دائىرىسىنى سىزىپ بەردى. ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن خىسلىتى ۋە رەسۇلىللاغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئايەتلىرىنى توپلاپ كىتابچە قىلىپ چىقتى، قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىسى جەھەتتىمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق رەھبەر ئىدى. ئاخىرقى هاياتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلاشنى مەقسەت قىلغانىدى.

**ئۆمەر (634 ـــ 644)** ئەبۇبەكرىدىن كېيىن ئۆمەر ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ ۋارىسلىق هوقۇقى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، ئۇ ئەبۇبەكرىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئىسلام دىنىنىڭ 10 يىل ئىچىدىكى تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. ئۇ دانا رەھبەر ۋە يىراقنى كۆرىدىغان كىشى ئىدى. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرىلەشكە قوشۇلمايتتى. ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئەرەبىستاندا ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن تىرىشتى. ھەر قېتىم ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ زىيادە تېز ئىلگىرىلەپ

كەتكەنلىكىنى سەزگەن ھامان، ئۇنى توسۇپ قوياتتى، ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلا قىلىنغان جايلاردا يەر ـ زېمىن ئىگىلىشىگە بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. يەر ـ زېمىن مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە تەئەللۇق بولاتتى ياكى باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا قوشۇلىدىغانلا بولسا ئەسلىدىكى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلەتتى. بۇنداق قىلغاندا ھەم ھەربىي تەمىناتقا ئىگە بولغىلى، ھەم ئەرەبلەرنىڭ ئادەم كۈچى جەھەتتىكى ئىسراپچىلىقىنى چەكلىگىلى بولاتتى.

خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ سۇرىيە ۋە ئىراقتىكى غەلىبىسى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق، ئەلۋەتتە بۇ غەلىبىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆمەرنىڭ زامانىدا قولغا كەلگەنىدى. ئىراقنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇ يەردە كۇفە ۋە بەسرە شەھەرلىرىنى قۇردى ھەمدە ئەرەبلەرنى شۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىككى شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىدا ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ئىلىم ـ مەرىپەت ئورنى بولسا، بىرسى ئىنقىلاب بۆشۈكى بولغانىدى.

**پېرسىيەنى ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشى** ئەرەبلەر بىلەن پېرسىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشمىغانىدى. جەڭ تاكى 641 ـ يىلى نىھاۋەندە چوڭ ئۇرۇش بولغانغا قەدەر تۆت يىل داۋام قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پېرسىيەلىكلەر بىر مەزگىل ناھايىتى قاتتىق تۇرۇپ ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزىد جەرد II يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدى، ئۇ 10 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، بىر قېتىملىق ئىشقا ئاشمىغان قوزغىلاڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ يىراق بىر چېتىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. مەغرۇر ۋە قەدىمكى پېرسىيە ئەمدىلىكتە ئەرەبلەرنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولۇپ قالدى، بۇ ئىش مۇسۇلمانلار تارىخىدا زور تەسىر قالدۇردى. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە،

يۇقىرىقىدەك ھاقارەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن پېرسىيەلىكلەر ئەرەبلەرنى ھېچقاچان پۈتۈنلەي كەچۈرگەن ئەمەس.

**سۈرىيەنىڭ بۆلۈنۈشى** سۈرىيە دەمەشق، خىمۇس، ئىيوردانىيە ۋە پەلەستىن دەپ تۆت ھەربىي رايونغا ئايرىلدى. سۈرىيەنىڭ ئاسانلا بويسۇندۇرۇلغانلىقى ئارقىسىدا، چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناۋىتىلا ئۆسۈپ قالماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز كۈچىگە بولغان ئىشەنچىمۇ ئاشتى. سۈرىيە ئىستراتېگىيەلىك بازىغا ئايلاندى. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بۇ يەردىن غەربتىكى مىسىر، شىمالدىكى ئىراق، گىئورگىيە ھەمدە شىمال ۋە شەرقىي شىمالدىكى باشقا جايلارغا ئەۋەتىلدى. مەركەز ئەرەبىستاننىڭ ئىچكى جايلىرىدىن مۇنبەت ھىلال ئاي رايونلىرىغا يۆتكەلدى.

**ئەمر ئىبنى ئاس** يېرۇسالېم پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆمەر بىر قۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆگىگە مىنىپ بىر قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك سەپەر قىلدى. بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئۇ تۆگىنى قۇلى بىلەن نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ماڭدى، ئۇنىڭ بۇ سەپىرى يېرۇسالېمنىڭ ئاقساقىلى ئەمىر ئىبنى ئاس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئەسكەر باشلاپ مىسىرغا يۈرۈش قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ئەمىر ئىبنى ئاس مىسىرنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئەرەبلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن مىسىرغا بارغانىدى. ئۆمەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم، كۆزگە كۆرۈنگەن قوماندان ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىراق مىسىرغا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇ چاغدا 45 ياشلاردا بولۇپ، زېرەك ۋە قابىل، زېھنى ئۆتكۈر، جەڭگە ماھىر كىشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيەنىڭ يېقىن ئۇلپىتى ئىكەنلىكىنى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ ھېيلىگەر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۆمەر ئەزەلدىن شەخسىي بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ئادىل ھۆكۈمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ كىشىلەر بىلىدىغان مىجەزى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئۇنى يەنىلا يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ مۇھىم قوشۇننىڭ قوماندانى قىلىپ تاللىدى. كېيىنكى تارىخشۇناسلار ئەمىر ئىبنى ئاسنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ سىياسىيونلىرى قاتارىغا قويىدى ۋە ئۇنى ھەقىقەتەن باشقا نۇرغۇن سىياسىيونلارغا ئوخشاش، ئېھتىياج يۈزىسىدىنلا توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرمىدى، دەپ قارىدى. بۇنداق كۆزقاراش بىزنىڭ ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ ئۇتۇقلىرىغا باھا بېرىشىمىزگە ھەرگىز توسقۇن بولالمايدۇ.

**مىسىرنى ئىستېلا قىلىش** ئەمىر ئىبنى ئاس 4000 چەۋەندازنى باشلاپ مىسىرغا كىردى. مىلادىيە 640 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇ مىسىرنىڭ شەرقىدىكى مۇھىم شەھەر فەرامەنى ئىگىلىگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت بىلبىس شەھىرىگە كەلدى. بۇ شەھەر ھازىرقى قاھىرەنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى، بۇ شەھەرمۇ ئېلىندى. ئاخىرىدا ئۇ نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇستەھكەم ۋە مۇھىم شەھەر بابىلونغا دۇچ كەلدى. بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسى چىڭ بولغاچقا، ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا توختاپ، ياردەمچى قىسىمنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ساھابىسى زۇبەير ئىبنى ئاۋام باشچىلىقىدىكى 6000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ئەمدى 10 مىڭدىن ئاشقانىدى. بابىلون شەھىرىگە ھۇجۇم باشلاندى، ئەمما ئەمىر ئىبنى ئاس 640 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قوشۇننىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ ئەين سېرۇس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بۇ يەردە ۋىزانتىيە قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ۋە ئۇلارنى

مەغلۇپ قىلدى. ۋاستىلىك هالدا بېرىلگەن بۇنداق زەربە بەكلا ئۈنۈم بەردى. بابىلون شەھىرىدىكى لەشكەر باشلىقى ئىشەنچىنى يوقاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەسلىم بولۇش شەرتلىرى ئۈستىدە كېڭەشىشنى مۇراجىئەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇلارغا ئۈچ شەرت قويدى. بۇ شەرتلەر كېيىنكى كۈنلەردە مەشھۇر شەرتلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇ: «ئەگەر سەن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىساڭ، ئۇ چاغدا ساڭا ۋە سېنىڭ خەلقىڭگە ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش قارايمىز؛ ئەگەر ئۇنداق قىلىشنى خالىمىساڭ، بىز ھەرگىز زورلىمايمىز؛ سەن تەسلىم بولساڭ ۋە خىراج تاپشۇرساڭ بولىدۇ. سەن ھەرگىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايسەن. بىز سىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىمىز. ئەگەر بۇنىمۇ قوبۇل قىلالمىساڭلار، ئۇنداقتا جەڭ قىلايلى، ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم قىلسۇن» دېدى.

**قىلىچ بىلەن بويسۇندۇرۇش** بۇ شەرتلەر غەيرىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىسلامىيەت — خىراج — قىلىچ دېگەن فورمۇلا تەقلىدىدە كۆرسىتىلدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار تەبىئىي ھالدا ئۆز ئەجدادلىرى ياكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئوخشاشلا قوراللىق بويسۇندۇرۇشتىن ساقلانغانىدى. بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە قالدۇرغان تەسىراتلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. بۇ تەسىراتلارنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىلىرى سېبرۇس[1] ئەلچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرگە ئاساسەن بايان قىلغان، ئۇلار مۇسۇلمان سەركەردىلىرىگە پارا بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقىرالمىغان. پ. ك.

[1] سېبرۇس — ئەرەب قوشۇنلىرى بابىلون شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ۋىزانتىيە تەرەپكە ۋاكالىتەن تەسلىم بولۇش توغرىسىدىكى مۆھىبەتكە قاتناشقان ۋەكىل — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىتتى ئۆزىنىڭ «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئەبۇ ھەككامىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىر مىللەتنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىرسى ئۆلۈشكە رازىكى، ياشاشنى ئارزۇلاپ كەتمەيدۇ. كەمتەرلىك بىلەن ئولتۇشكە رازىكى، دەۋران سۈرۈشنى خالىمايدۇ. بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار يەردە ئولتۇرۇپ، ئېگىشىپ تۇرۇپ تاماق يەيدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا بولۇپ، مەرتىۋىسى يۇقىرىلار پەسلەن مەرتىۋىسى تۆۋەنلەرنى، قۇل بىلەن غوجايىننى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. سىلەر بۇنداق مىللەت بىلەن ئۇرۇشالمايسىلەر.»

**بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار** ئەرەبلەرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان بۇنداق سۆزلەردە تەبىئىي ھالدا مۇبالىغە ئېلېمېنتلىرىنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئەرەبلەر قالدۇرغان ئومۇمىي تەسىرات چىنلىققا ئىگە. ئەرەبلەردە كۈچلۈك ئېتىقاد بولغاچقا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەيەرگىلا بارسا، شۇ يەرنى بويسۇندۇرغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بەزىلەر رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيەسى بىرقانچە ئەسىر ئۆزئارا سوقۇشۇپ ھالىدىن كەتكەنلىكتىن، ئاسانلا ئەرەب پالۋانلىرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كەتتى، دەپ قارايدۇ. بۇ گەرچە شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، غايەت زور بايلىق مەنبەسى ۋە كەڭ زېمىنغا ئىگە بولغان بىر ئىمپېرىيە، مەيلى ئۇ جەڭدە قانچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەن بولسۇن، پىدائىيلار قوشۇنىغا قارىغاندا ھامان قۇدرەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇتۇقلار مۇشۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمان لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھى ۋە غايىسىگە مەنسۇپ

بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بىرقانچە ئەسىرگىچە يېڭىلمەسلىكتەك رېكورتىنى ساقلاپ كەلدى. چۈنكى، پاكىتلار مۇنداق ئىدى: يېڭىچە قىزغىنلىقتا ئىگە بولغان ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەر پېشقەدەملەرنىڭ قولىدىكى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغانىدى.

ئىسكەندەرىيەنى ئىشغال قىلىش مىسىر ئۇزاققا بارمايلا بويسۇندۇرۇلۇپ بولدى، لېكىن ئىسكەندەرىيە شەھىرى تىمىز پۇكمىدى. بۇ بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ سېپىللىرى دۇنيادا ئەڭ مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ پورتىنى دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى بارلىق مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. ئىبادەتخانا ۋە باشقا ئىمارەتلەر شەھەرنى بېزەپ تۇراتتى. بۇ يەردە ياخشى تەربىيە كۆرگەن 15 مىڭ كىشىلىك قۇدرەتلىك مۇداپىئە قوشۇنى بار ئىدى. پورتتا بولسا ۋىزانتىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي كېمىلىرى بار ئىدى. ئەرەبلەردە كېمە ۋە ھۇجۇم قوراللىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقا سەپ بازىلىرىدىن يىراقتا ئىدى. شۇڭا، ئەرەبلەرنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمىنىڭ چېكىندۈرۈلۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بابىلونغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. كېيىنرەك ۋىزانتىيە پادىشاھى ھىرەقلى ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى كونستانتىنۇس II تەختكە چىقتى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش غەيۇر ئەمەس ئىدى. ئەرەبلەر يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىسا ئۇزۇننىڭ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، سېرۇسنى ئەمىر ئىبنى ئاس بىلەن سۈلھى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ ناھايىتى تېز لا مۇرەسسەگە كەلدى ۋە 641 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىسكەندەرىيە ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر ئاستا ـ ئاستا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com

ۋىزانتىيەلىكلەر ياش قۇرامىغا يەتكەن ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى دىنار جان بېجى ۋە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق بېجى تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى. تارىختا مەدىنىدە بۇ شەھەرنى خەلىپىگە رەسمىي تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. كىشىلەر ئىسكەندەرىيەدە 4000 داچا، 4000 مۇنچا ۋە 400 كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولغانلىقىنى بىلگەنلىرىدە، بۇ شەھەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئىسكەندەرىيە مۇسۇلمان قوشۇنلىرى شۇ چاغقا قەدەر ئىگىلىگەن ئەڭ چوڭ شەھەر ئىدى، شۇنداقلا ئۇلۇغ مەدەنىيەت مەركىزى ۋە ياۋروپا بىلەن دېڭىز سودىسى قىلىدىغان مەشھۇر سودا بازىرى ئىدى.

**ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسى** ئەمىر ئىبنى ئاس خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ھەشەمەتلىك ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان دېيىلگەن بۇنداق رىۋايەتنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار ھەۋەس بىلەن سۆزلىشىپ كەلگەنىدى، ھەتتا ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىشكەنىدى. بىراق، بۇ رىۋايەت ھازىرقى زامان تەتقىقات تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئەمىر ئىبنى ئاستىن ئىلگىرى ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسى ئىككى قېتىم كۆيدۈرۈۋېتىلگەن: بىر قېتىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 48 ـ يىلى يۇلىيۇس قەيسەر تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يەنە بىر قېتىم مىلادىيە 389 ـ يىلى ۋىزانتىيە پادىشاھى تېئودۇس بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. پ. ك. ھىتتى بۇ ۋەقەنىڭ مۇشۇ ۋەقەدىن بىرقانچە يۈز يىل كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن باغدادلىق ئابدۇل لەتىفنىڭ «ئەل ئىفادە ۋەل ـ ئىتبار» دېگەن كىتابىدا ئەڭ بۇرۇن يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئىش ھەم مۇسۇلمان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن، ھەم كېيىنكى تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان. شۇڭا ياۋروپا

تارىخشۇناسلىرىمۇ تەبىئىي ھالدا بۇنى قوبۇل قىلغان. بىراق، خىرىستىيان دىنىنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەلىرىدىن بۇ زور ئاپەتنىڭ شۇ دەۋردىكى خاتىرىسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ خىرىستىيانلار دۇنياسىدا چوقۇم بىر مەھەل ئەسەبىيلىك قوزغىغان بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بۇرۇنقى ئىشلارنى مەدھىيەلەش خاراكتېرىنى ئالغان ئىنتايىن ئىشەنچسىز بىر تارىخىي ماتېرىيالدا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى 1200 يىل كېيىنكى دەۋردە ئۆتكەن بىر شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى پەزىلەتلىرىنى مەدھىيەلەش بولغانلىقتىن، بىر ھېكايە توقۇپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلارنى كېرەك قىلمايدۇ، دېگەن. باشقا بىر تەرەپتىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ چىنلىق ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرغىنىغا ئوخشاش، ئەزەلدىن بىلىمنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەرەبلەردىنمۇ قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر بولغان ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

ئەمىر ئىبنى ئاس مىسىرنىڭ باشقا جايلىرىنى ناھايىتى تېزلا بويسۇندۇردى. يەنە 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مىسىر بىلەن تىرىپولى ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئۇنىڭ ۋارىسى ئابدۇللا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە — ئۇ ئۈچىنچى خەلىپە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋردە مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى بولغان — ھەتتا تۇنىسنىڭ پايتەختى كارفاگېن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار خەلىپىگە سېلىق تۆلەيدىغان بولدى. ئۇ ھەتتا تۇنىس بىلەن تىرىپولىنىڭ جەنۇبىدىكى نومىدىيەگىچە بېسىپ كىرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

**ئۆمەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يەتتە يىلدا، مۇسۇلمانلار مىسىردىن تارتىپ خۇراسانغىچە بولغان بارلىق زېمىننىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلاندى. بۇ ئۇلۇغ بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. بۇ ئىستېلالارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئىشقا ئاشقان، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆمەرگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئۆمەر ئامەت بىلەن ياشىغان ئەرباب ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ ۋاقىتلاردا قۇدرەتلىك بىر شەخسكە ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويغۇچى تالانتلىق بىر كىشىگە موھتاج ئىدى، ئۆمەردە بولسا ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىلا بار ئىدى. ئۇ كەسكىن، پولاتتەك ئىرادىلىك كىشى ئىدى. ئادىل ئىش قىلاتتى. كىشىلەرنى ئۆز لايىقىدا ئىشقا قوياتتى. ئۇ قوشۇنلىرى قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەرسىلەرنى مۇستەھكەملىدى، مال ـ دۇنيانىڭ ئۈزۈكسىز كېلىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، خەزىنە تەسىس قىلىپ، كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىدى. گەرچە ئۇ 10 يىللا ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىگە ئاساس سېلىپ بەردى، مۇناسىۋەتلىك يۆنىلىشلەرنى بەلگىلىدى. ئەرەبلەردىن دىن بىلەن ھەربىي ئىشلار بىرلەشكەن ئورتاق بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە ئەرەبلەردىن ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى، قەيەرگىلا بارسۇن، باشقىلاردىن ئايرىم تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دەسلەپتە ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ ئەرەبىستاندىن باشقا جايلاردا مال ـ مۈلۈك ئىگىلىمەسلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. نەتىجىدە ئەرەبلەر گەرچە ئىستېلاچىلار بولسىمۇ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېدىرلاردا يېتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن جايلاردا چېدىر قورغانلار مەيدانغا كەلدى، بۇلار كېيىنچە راۋاجلىنىپ بىر قاتار شەھەرلەرگە ئايلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ مىسىردىكى چوڭ لاگېرى — فوستاتنىڭ چېدىر شەھەر دېيىلگەن

نامىمۇ بار. سۇرىيە، پەلەستىن ۋە ئىراقتا بۇنداق چېدىر شەھەرلىرى كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ كەلگۈسى شەكلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن ۋە ئىنتايىن ئېنىق نامايان بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئىسلام دىنى بىر چوڭ ئاپەتكە دۇچ كەلدى. ئۆمەر مەدىنىدىكى مەسچىتتە پېرسىيەلىك بىر قۇل تەرىپىدىن خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

**ئۆمەرنىڭ قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى** ئۆمەر مىلادىيە 644 ـ يىلى قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەدىنىدىكى ئالتە ئاقساقالنى ئالدىغا چاقىرتتى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پايتەختتىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەڭ ھۆرمەتلىك سەپداشلىرى ئىدى. ئۆمەر ئۇلاردىن بىر يىغىن ئېچىپ، ئارىلىرىدىن بىر كىشىنى ۋارىسلىققا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئوسماننى كۆرسەتتى. ئوسمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن سەپدىشى ۋە ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقسۆڭەك ئىدى، شۇنداقلا ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئو ئوغۇللىرىدىن بىرسى ئىدى. ئەرەبلەر يەنە بىر قېتىم ئەنئەنىۋى تاللاشنى يولغا قويدى، چۈنكى ئۇلار سايلامدا ياش قۇرامى ۋە تەجرىبىسىنى ئاساس قىلاتتى. بەلكىم ئۇلار بۇ قېتىم سىپايە، تالانتلىق، ئەمما بەكلا تېز كۆڭۈل ئەلىگە قارىغاندا، ئاق كۆڭۈل، تەجرىبىلىك مويسىپىتنى تېخىمۇ ياقتۇرغان بولسا كېرەك.

**ئوسمان (644 ــ 656)** ئوسمان ئۇمەييە جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، خەلىپە بولغاندا يېشى 70 تىن ئاشقانىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلارنى ئاساسەن ئىلگىرىكى ئالتە يىل ۋە كېيىنكى ئالتە يىل دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقى

www.uyghurkitap.com

ئالتە يىل (644 ــ 650)دا ئۇ ئۆمەرنىڭ كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش يۆنىلىشىگە ئاساسەن ئىش تۇتتى، يىللىق باج كىرىمى ئۈزۈكسىز كېلىپ تۇردى. ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك تۇغۇلمىدى. لېكىن، ئىستېلا قىلىش توختاپ قالغان مەزگىللەردە، كىرىم (زاكات ۋە بويسۇندۇرۇلغان يېقىندى خەلقلەر تاپشۇرىدىغان باج ــ خىراج)مۇ ئازلاپ كەتتى، ئەمما چىقىم كۆپىيىپ قالدى. چۈنكى، باش ۋالىي ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. تۆھپە ياراتقان سەركەردىلەرگە مۇكاپات تەرىقىسىدە يەر مۆھۈرلەپ بېرىلمەيدىغان بولدى. يەر مۆھۈرلەپ بېرىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوسمانىنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەر بولدى. مەدىنىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى كىشىلەر يەنىلا چەكسىز ئىسراپخورلۇق قىلىپ بۇزۇپ ـ چاچتى. نەتىجىدە ھەربىي خىراجەت قىسقارتىلدى. ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئازىيىپ كەتتى. بۇ ئامىللار پەيدىنپەي نارازىلىق پەيدا قىلدى. ئوسمان تەقۋادار، ۋىجدانلىق، كۆڭلى تۈز ئادەم بولۇپ، ھەممە كىشىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئىزدەيتتى، لېكىن كىشىلەر بارا ـ بارا ئۇنى ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە يان بېسىۋاتىدۇ دېگەن گۇمانغا چۈشتى. بۇنداق گۇمانلار بەلكىم تۆۋەندىكىدەك پاكىتلاردىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك: ئوسمان تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىقىغا تاللاپ قويغان كىشىلەرنىڭ بەزىسى دەل ئۇمەييە جەمەتىدىن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئابدۇللانى مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئابدۇللا بىر مەزگىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپى بولغان، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى مەنئى قىلغانىدى، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى.

بەزى ئەمەلدارلارنى بەلگىلەشنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى
ئوسماننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ۋەلىد كوفەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا قويۇلدى. ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يۇزمۇيۇز تۇرۇپ ھاقارەتلىگەنىدى. كېيىنرەك ئوسمان يەنە ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مەرۋاننى ئۆزىگە باش كاتىپ قىلدى، مەرۋان گەرچە قابىلىيەتلىك كىشى بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بىرمەھەل ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ كىشىلەر ئەزەلدىن كامالەتكە يەتمىگەن كىشىلەر ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۇستىگە ئالغان يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلىرىگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بىر پاكىتتىن، يەنى ئۇرۇقداشلىق ئىدىيەسىنىڭ ئۇممەييە جەمەتىدە كۈچلۈك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى شۆھرەتلىك مەرتىۋىسىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆز يۇمغىلى بولمايتتى. يەنە شۇنىمۇ ئەسكە ئېلىش كېرەككى، ئوسمان ساداقەتمەن باش ۋالىيلارغا موھتاج ئىدى. بۇ كىشىلەر يىراقتىكى مەركەزدىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئوسمان يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتا ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىن ئۈمىد كۈتەتتى. ئەپسۇسكى، كىشىلەر ئوسماننىڭ بۇنداق قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشەنمەيتتى. لېكىن، بىر مەزگىل ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرنى بويسۇندۇرغان، ئالتۇن - تىللالار تەرەپ - تەرەپتىن مەدىنىگە قاراپ ئېقىۋاتقان چاغلاردا، ئىش ئەنە شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. ئۇلار شىمالىي ئافرىقىدا تىرىپولىنى يۇتۇۋالدى. مىلادىيە 649 - يىلى ئۇلار سىپرۇس ئارىلى ئەتراپىدا تۇنجى قېتىم دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلتۈرۈپ، بۇ ئارالنى ئىشغال قىلدى. ئەمما، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ. ئىلگىرىلەشلەر توختاپ قالدى. بۇنداق تۇرغۇنلۇق كىشىلەرگە تەپەككۇر قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىك پىلانلارنى تۈزۈشىگىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بەردى.

ئوسماننىڭ سىياسەتلىرىگە بولغان ئىنكاسلار بۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە كوفە بىلەن بەسرە تەرەققىي قىلىپ ئاۋات شەھەرلەرگە ئايلاندى، لېكىن بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر تېخى ئىناق بىر.گەۋدە بولۇپ شەكىللەنمىگەندى. ئۇلار ئۆز ئۇرۇقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئەرەبلەر مۇستەقىل ئىدىيەگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق مىللەت ئىدى، ئۇلار خاھىشلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئىپادىلەۋېرەتتى. پەقەت ئۆمەرگە ئوخشاش مۇستەھكەم ئىرادىلىك كىشىلەرنىلا ھۆرمەت قىلاتتى، ئوسمانغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل مويسىپىتكە خالىغىنىچە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار بارغانسېرى ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىشتى، ھەتتا ئوسمانغا ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشتى، بولۇپمۇ كوفەلىكلەر شۇنداق قىلىشتى. يەنە بىر مۇھىم ئامىل «قۇرئان كەرىم»نىڭ نوپۇزلۇق نۇسخىسى①نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بولدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ جايلاردا ئېقىپ يۈرگەن نۇسخىلىرى بۇيرۇق بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بۇ سىرتتىكى ئۆلكىلەردىكى دىنىي ئالىملارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتتى، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىمتىياز تىكلەپ، شۆھرەت

---

① مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ھايات ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» پەقەت پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، كىتابچە قىلىپ تۈپلەنمىگەندى. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ ـ بەكرى بۇيرۇق بىلەن ئۇنى رەتلەتكۈزدى ۋە ساقلىدى. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسماننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە ئۆلچەملىك نۇسخا قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ «ئوسمانىيە نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىپ، زامانىمىزغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قارىنىپ كەلگەنىدى. ئارقىدىنلا بىر ۋەقە يۈز بەردى، بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ نارازىلىق يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئوسماننىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئابدۇللا مىسىرنىڭ يېڭى باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنىدى. ھالبۇكى، ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ كېيىنكى سىياسىي خاھىشىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنتايىن قابىلىيەتلىك باش ۋالىي ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر قىسىم قەتئىي ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى، بۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەدىنىگە كېلىپ، خەلىپىگە قارشىلىق كۆرسىتىشنى پىلانلاشقا كىرىشتى، ئاخىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

**ئوسمانغا بولغان نارازىلىق** بۇ ۋاقىتتا مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەڭ ھۆرمەتلىك ئۈچ يولباشچى — ئەلى، تەلھە ۋە زۇبەير بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئىدى. ئۇلار ئوسمانغا نەسىھەت قىلدى، باش كاتىپى مەرۋاننىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى تۇردى. بىراق، ئوسمان مەرۋاننىڭ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىغا ۋە دۇرۇس ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەزىيەت بارغانسېرى تۇراقسىزلاشتى، مالىك ئۇشتارغا ئوخشاش ئۇرۇش بېدىكلىرى، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش قىزىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توپىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. خەلىپە مەسچىتتە ھاقارەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۆيى قامال قىلىنىۋېلىندى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈزۈپ قويۇلدى. ئەلى، تەلھە، زۇبەير ۋە باشقىلار ئوغۇللىرىنى خەلىپىنىڭ ئۆيىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى، لېكىن كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. مەدىنىدىكى ئېسىلزادىلەر مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئائىشەنىڭ قوللىشىدىن ئۈمىد كۈتتى، لېكىن ئائىشە كۆپچىلىكنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندىدى. كىشىلەر ئەلىگە مەلۇم ھەرىكەت قوللىنىشنى مۇراجىئەت قىلىشتى، ئەلى ئۇلارغا خەلىپىنىڭ نوپۇزىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە كۆپچىلىكنى ئېغىر ـ بېسىق بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ خەلىپە بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا بەزى كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشنى ئېيتتى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى يەنىلا بېسىلمىغانىدى. ئۇلار خەلىپىنى ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشكە قىستىدى.

**ئوسمانىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشى** بۇ ۋاقىتلاردا ئوسمانىنىڭ يېشى 80 دىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن خىزمەتلىرىنى ئۇنىڭ باش كاتىپى مەرۋان بېجىرەتتى. بىراق، مەرۋان ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەگىتىپ تەگكۈزۈش، دارىتمىلاشتەك قىلىقلىرى كىشىلەرنىڭ چىشىغا بەك تەگكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا نارازى بولۇپ يۈرگەن ئەرەبلەر ئىنقىلاب بۆشۈكى كۇفەدىن مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھال نارازى بولغۇچىلارغا مەدەت بولدى، ئۇلار قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار مەخپىي يىغىن ئېچىپ، بىر سۈيىقەستنى پىلانلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي زوراۋانلىق ھەرىكەت يۈز بەردى. بىر كۈنى ئوسمان ئۆيىدە «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىر بۆلەك كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەجەللىك جاراھەتلەندۈردى. ئۇنىڭغا دەسلەپ زەھەرلىك قول سېلىپ ۋەقە تۇغدۇرغان كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇل ئانىسى ئەلىنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەقەگە قاتنىشىشىدىكى سەۋەب خەلىپىنىڭ مەرۋاننىڭ غەيۋەتلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى

مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىۋەتكەنلىكى ئىدى. بۇ كۈن ئىسلام دىنىنىڭ قارا كۈنى بولدى، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىسىگە زەھەرلىك قول سېلىشتى. بۇ ۋەقە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن زورلۇق كۈچ مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا رول ئويناشقا باشلىدى. ھەممىدىن ئەھمىيەتلىكى شۇكى، مېھرىبان، سۆيۈملۈك بىر كىشى ــ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ــ زورلۇق كۈچ ۋە سۇيىقەست بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئەرەبلەردىكى زوراۋانلىقنىڭ ئازايمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

**ئوسماننىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئۆتۈقلىرى** ئوسمان مەدەنىيەتلىك ۋە تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئىلىمگە ئىنتايىن ئىشتىياق باغلىغانلاردىن ئىدى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئوقۇيالايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياكى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ياكى قېرىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بارلىق توغرا ئايەتلەرنى يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئىش ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە بىر مەزگىل ئىشلەنگەنىدى. لېكىن، بىرقانچە يىلدىن كېيىن بىرقانچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇن، پارە ۋە سۈرىلىرىنىڭ ئىنتايىن بىردەك ئەمەسلىكى سېزىلدى. ئۇ توغرا، خاتاسىز بىر نۇسخىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ نۇسخا پۈتكەندىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باشقا نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ بىر ھەرپ-زەۋەرىمۇ ئۆزگەرتىلمىدى. ئوسمان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە، سۈرىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئابدۇللا ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز ئارمىيەلىرىنى قۇردى ھەمدە ۋىزانتىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە 655 ـ يىلى بۇ بىرلەشمە فىلوت ۋىزانتىيە دېڭىز ئارمىيەسىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى. مىلادىيە 668 ـ يىلى مىسىر فىلوتى ھەتتا

www.uyghurkitap.com

سىتسىلىيە ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇئاۋىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىمۇ بۇ ئارالنى ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا، مۇسۇلمان دېڭىز ئارمىيەسىنى قۇرۇشنىڭ تۆھپىسى ئوسمانغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئوسمان مەككىدىكى بىر پېشقەدەم ئاقسۆڭەك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قەدىمكى ساداقەتمەنلىك بار ئىدى. ئۇ گەرچە «قۇرئان كەرىم»دىن چەتلەيدىغان ۋە دىنغا خىلاپ كېلىدىغان بىرەر ئىش قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «بىز ئۆزىمىزنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى خەت يۈزىدىنلا چۈشەندۈرۈشكە ھېچقانداق كۈچ كەتمەيدىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق مېھىر - شەپقەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ۋە قەتئىي ئېتىقادى ئۆز زامانىسىدىكى ھەممە كىشىگە مەلۇملۇق ئىدى. ئۇنىڭ نازاكەتلىك ۋە ئەدەپلىكلىكىنى ھەممە كىشى تەرىپلەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئۆمەرنىڭكىدەك پولاتتەك ئىرادە ۋە ئەلىنىڭكىدەك قەتئىي كەسكىنلىك كەم ئىدى.

**ئەلى (656 — 661)** ئوسمان قازا قىلغاندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ بىردىنبىر نامزاتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر كۈيۈ ئوغلى ئەلى بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ يېتىلگەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئىدى. ئۇ تېزلا ھىمايىگە ئېرىشىپ خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلدى. دەرۋەقە، يەنە بەزىلەر بۇ تاللاشنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندى. بۇ گۇمان قىلغۇچىلار ئۆز رەھبەرلىرى خەلىپىلىككە سايلىنالمىغان گۇرۇھتىكىلەر ئىدى. ئۇلار ئەلىنىڭ ئوسماننى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە قاتناشمىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، تۇرلۇك مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىشتى. ئۇلار ئەلى سۈيىقەستچىلەرگە ئاكتىپ تاقابىل تۇرالايتتى، دەپ ئەيىبلەشتى. ئەلى مەنمۇ ئىككى ئوغلۇم ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۇسەيىننى ئوسماننىڭ ئۆيىنى ساقلاشقا

ئەۋەتتىم، بەلكى بىر ئوغلۇم ئوسماننى قوغداش يولىدا يارىدار بولدى دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، بۇ گەپلەر قىلچە كار قىلمىدى. كۆپچىلىك كىشىلەر ئەلىدىن ئوسمان ئۇچۇن ئۆچ ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى، ئەلى بۇنداق قىلىش ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بەزى يامان غەرەزدىكىلەر ئاقىلانە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالىماي، رېئال پوزىتسىيە قوللىنىشنى رەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ نارازى بولغىنى ئەلىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان قەيسەر ئىرادىلىك مىجەزى ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەلىنىڭ رەقىبلىرى كۈچىيىۋالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ھىجاز ۋە سۈرىيەدىن ئىبارەت ئىككى سەپتە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، زېھنىنى چېچىۋەتتى. ئەمدى بىز بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

**پايتەختنى كۆچۈرۈش** ئەلى مۇسۇلمانلار بىنا قىلغان بۇ پايانسىز كەڭ خەلىپىلىكتە تېخىمۇ مەركىزىي ئورۇنغا جايلاشقان بىر پايتەخت بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پايتەختنى كۇفەگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى، كۇفە ئەرەبلەرنىڭ ئىراقتىكى ئىككى ئاھالىلەر رايونىنىڭ بىرسى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى سىياسىي رەقىبلىرىنى، بولۇپمۇ تەلھە بىلەن زۇبەيردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھوقۇق كۈچى بولغان مەككىلىكنى مەككىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مۇئاۋىيەگە كەلسەك، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق قۇۋۋ بولغاچقا، ئاسانلىقچە بىرىنچى قەدەمنى باسمايتتى. ئەلىگە قارشى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتىكى شوئار: «ئوسماننىڭ ئۆلمى ئۈچۈن چوقۇم ئۆچ ئالايلى!» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، زۆرۈر تېپىلسا ھەتتا ئەلىدىنمۇ ئۆچ ئېلىشاتتى.

**ئەلىنىڭ پوزىتسىيەسى** ئەلى يېتىلگەن كىشى ۋە قەيسەر ھۆكۈمران ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ دۆلەت ئەھۋاللىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇشقا كىرىشتى. كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنداقلا سىياسىي سۈيىقەستلەرگىمۇ ئىنتايىن كەسكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇراتتى، بۇ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئانچە خۇشال قىلمايدىغان بىر خىل سىياسەت ئىدى. ئەلى ئۈچۈن بەختسىزلىك بولغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بەزى باش ۋالىيلارنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋالدى، ئۇ چاغلاردا ئازراقلا ئەگەشكۈچىلىرى بار كىشىلەر يېڭىدىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىلغان رايوندا ھوقۇققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەلىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ كۈچى ئۆلغىيىشقا باشلىدى. تەلھە بىلەن زۇبەير يىراقتىكى مەدىنىدە بىرىنچى قەدەمنى باستى. سىياسىي ئېلىشىشتا ئۇدۇل كەلگەن بىرەر سەۋەب بولسىمۇ زور رول ئوينايتتى. بۇ ئىككىيلەن — بەلكى راستلا ئوسمان ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولغانمۇ بولغىيدى، لېكىن ئۇلار ئوسماننىڭ ئۆلمىدىن پايدىلاندى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان ئائىشە بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەلى ئىشنى خاتا قىلدى، ئۇ ئوسماننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قاتتىق جازالاشنى رەت قىلدى، دەپ شىكايەت قىلدى ۋە ئائىشەدىن چوقۇم ئوسماننىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**تۆگە ئۇرۇشى (656 ـ يىلى)** بۇ سۆزلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى سىياسىي جەھەتتىكى رىقابەتكە ئاساسلىنىشتىن ياكى

سىياسىي جەھەتتىن بىسىم ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، ئائىشە ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيتتى، چۈنكى زۇبەير ئۇنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر يېقىن تۇغقىنى ئىدى. تەلھە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى بولۇپ، ئۇھۇت ئۇرۇشىدا ھېچقانداق قورالى يوق تۇرۇپمۇ قولى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سانجىلغان قىلىچنى توسۇۋالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئائىشە ئاخىر ئۇلار تەرەپكە ئۆتتى. تەلھە بىلەن زۇبەير دەرھال قوشۇن توپلاپ ئەلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى. ئەلى بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى. لېكىن، ئۇ ئىشنىڭ قايتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى سەزدى. مىلادىيە 656 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بەسرە ئەتراپىدا ئۇچراشتى، شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈن تۆگە ئۇرۇشى دەپ نام ئالدىكى، تەلھە بىلەن زۇبەيرگە ھەمراھ بولۇپ بارغان ئائىشە پۈتكۈل سوقۇش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر بىر تۆگىگە مىنىپ يۈرگەن. شۇنداقلا كۆپ ساندىكى جەڭ مۇشۇ تۆگىنى چۆرىدەپ قىلىنغانىدى. ئۇرۇشتا ئەلى غەلىبە قىلدى، لېكىن ئۇ بۇ ئىشلاردىن ئىنتايىن خاپا ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى تۆكۈلدى، تەلھە بىلەن زۇبەير ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئائىشە ئەسىرگە چۈشتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىندى. ئۇنىڭغا مەدىنىگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىنتى، ئائىشە بۇنىڭغا ماقۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى بولۇشقا تېگىشلىك ئىززەت - ئابروي بىلەن چىرايلىقچە ئاپىرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىياسىي ئىشلارغا قايتا ئارىلاشمىدى.

سىففىن ئۇرۇشى (657 - يىلى 7 - ئاي) بۇ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. لېكىن

هەرگىزمۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. ئانچە ئۇزاققا بارمايلا ئەلى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىم پەلەستىن ۋە سۈرىيەنىڭ باش ۋالىيسى مۇئاۋىيە بىلەن ئۇرۇشتى. مۇئاۋىيەمۇ ئوسمان ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغۇچى قىياپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوسماننىڭ تۇغقىنى، ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئەلىنىڭ ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ جار سالدى. ئۇ قازاغا ئۇچرىغان خەلىپىنىڭ قانلىق كىيىمىنى ئامما ئالدىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەلىدىن قىساس ئالىمىز، دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئېنىق چېتىشلىقى بار خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلالمايمەن، دەپ ئېلان قىلدى. ئەلىنى قاتىلنى چىقىرىپ بېرىشكە، سوراققا تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئۇ ئەگەر ئەلى گۇناھكارنى سوراق قىلىشنى خالىمىسا ياكى سوراق قىلالمىسا، ئۇمۇ قاتىل بىلەن تىل بىرىكتۈرگۈچى دەپ قارىلىدۇ، دېدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر سىياسىي پەردىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى شۇ يەردە ئىدىكى، ئۇمەييە جەمەتى بىلەن ھاشىم جەمەتى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىن ئارازلىق بار ئىدى، شۇنىڭدەك سۈرىيەلىكلەر بىلەن ئىراقلىقلار ئوتتۇرىسىدا سىياسىي رىقابەت ۋە ھوقۇق دەۋاسى مەۋجۇت ئىدى، بولۇپمۇ ھازىر مۇئاۋىيە قۇدرەتلىك سۈرىيە قوشۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئەلىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇدرىتىم يېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئەلىگە قارشى چىقتى، ئەلىمۇ قوشۇنلىرىنى تېزلا توپلىدى. ئىككى قوشۇن سۈرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سىففىن دېگەن يەردە ئۇچراشتى، شۇنىڭ بىلەن سىففىن ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. بۇ بىر قېتىملىق غەيرىي ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولدى، چۈنكى ئەلى غەلىبە قازىناي دەپ قالغاندا، مۇئاۋىيە بىر قۇۋلۇق ئىشلەتتى. ئۇ لەشكەرلىرىگە «قۇرئان كەرىم»نى نەيزىنىڭ

ئۆچىغا باغلاپ ئېگىز كۆتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بۇ بىر ئاقىلانىلىك بىلەن قىلىنغان ھىيلە ئىدى، ئەلىمۇ بۇنى بىلىپ يەتكەن ھەمدە لەشكەرلىرىگە داۋاملىق سوقۇشۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىز «قۇرئان كەرىم»نى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان ئادەمگە تىغ ئۇرۇشقا ئاجىزمىز، دەپ تۇرۇۋېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى.

**كېيىن** ئاخىرىدا بۇ تالاش ـ تارتىشنى ئىككى تەرەپ بىردىن قازى ئەۋەتىپ كېسىم بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلىشتى. بۇ يەردە ئەلى ۋەكىل تاللاشتا خاتا قىلدى، ئۇ بېكىتكەن ۋەكىل مۇسا ئەش ئەلى ئىنتايىن ئىخلاسمەن ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولۇپ، ئادىل كىشى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ، لېكىن ئەلىگە دېگەندەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيتتى. مۇئاۋىيە مىسىرنىڭ سابىق باش ۋالىيسى ئەمىر ئىبنى ئاسنى ۋەكىلى قىلىپ تاللىدى. ئەمىر ئەقىللىك كىشى بولۇپ، مۇئاۋىيەنىڭ ئىخلاسمەن شېرىكى ئىدى. ئەمىر بىلەن مۇسا ئىككىسى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىستېپا بەرسۇن، دەپ كېسىم چىقاردى. بۇ كېسىم ئادىل چىقىرىلمىغانىدى، چۈنكى ئەلىدە خاتالىق يوق ئىدى. تېخىمۇ ئېشىپ چۈشكىنى شۇ بولدىكى، بۇ كېسىمدە مۇئاۋىيە ئەلى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ئەلىگە قارىتا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە، مۇئاۋىيە پەقەت ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ كېسىمنىڭ كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ئىش ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. ئاخىرىغا كېلىپ گورۇھ كۆرىشكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەر ۋە مۇئاۋىيە جەمەتىنى قوللىغۇچىلار مۇئاۋىيە تەرەپكە ئۆتتى، ھاشىم جەمەتىدىكىلەر ۋە ئەلى جەمەتىنىڭ كۆپ قىسىم قوللىغۇچىلىرى بەس ـ بەس بىلەن ئەلىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى.

www.uyghurkitap.com

**ئەلچىلەرنىڭ پارچىلىنىشى**  بۇ ئىش ھەل قىلىنماي تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، ئەلچىلەردىن ئەسلىدە بەنى تەمىم قەبىلىسىگە تەۋە بولغان بىر قىسىم مۇخلىسلار بىلەن ئەلى ئوتتۇرىسىدا كېسىم مەسىلىسىدە كەسكىن ئىختىلاپ تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئەلى خاتا ئىش قىلدى، ئىشنى كېسىم چىقىرىشقا تاپشۇرماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئەلى توغرا قىلغان تەرەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىم چىقىرىش ئاللاھقىلا خاس ئىدى، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلچىلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، كۇفەنىڭ شىمالىدىكى ھەدۇرا يېزىسىغا چېكىنىپ باردى، ئابدۇللا رەسىبىنى ئۆزلىرىگە خەلىپە قىلدى. ئابدۇللا رەسىبى تىپىك كۇفەلىك ئىدى. كېسىمچىلەرنىڭ كېسىمى توغرىسىدىكى خەۋەر كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، ئەلىنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان قوللىغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھەدۇرا يېزىسىدىكىلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلدى ھەمدە بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنى «خاۋارىج»، يەنى بۆلۈنۈپ چىققۇچىلار، دەپ ئاتىدى. بۇلار ئۇزاق ئۆتمەي تەشكىللىنىپ، بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەلى بۇلارغا قارشى ئاتلاندى ۋە نەھرىۋان دېگەن جايدا ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئەلى بۇ غەلىيانچىلارنى بېسىقتۇرۇۋاتقاندا، مۇئاۋىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىلادىيە 658 ـ يىلى لەشكەر ئەۋەتىپ مىسىرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەلىنىڭ مىسىرغا قويغان باش ۋالىيسى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى. مۇئاۋىيە ئەمىر ئىبنى ئاسنى مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە باشقا جايلارنى ئىستىلا قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا ئاشكارا بۆلۈنۈش يۈز بەردى.

**خاۋارىجلارنىڭ سۈيىقەستى**  بۇ ۋاقىتتا خاۋارىجلار بىر يېڭى ئىستراتېگىيە تۈزگەنىدى. ئۇلار مەخپىي ھەرىكەت ھالىتىگە

كۆچۈپ، ئەلىگە قارشى پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دۇنياسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۈچ چوڭ ئەرباب ــ ئەلى، مۇئاۋىيە ۋە ئەمىر ئىبنى ئاسنى ئارىدىن يوقاتماقچى بولغان. بۇ ئەسەبىيلەر بۇ ئۈچ كىشىنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، ئۇچىگە بىرلا ۋاقىتتا زەربە بەرمەكچى بولغان. ئۇلارنىڭ زەربە بەرمەكچى بولۇشقىنى ئۈچ كىشى بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇقسىز زەربە يېگەن بىردىنبىر ئادەم ــ بىدئەتلىك قىلمايدىغان، ئاللاھقا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلىدىغان ئەلى بولغان. خاۋارىجلار ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم ئىسىملىك بىر قاتىلنى ئەۋەتكەن. بىر كۈنى ئەلى مەسچىتكە نامازغا كېتىۋاتقاندا قاتىل تەرىپىدىن زەھەرلىك خەنجەر بىلەن جاراھەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە 661 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بەختىكە قارشى ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىززەتكە لايىق ئالدىنقى تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 29 يىلدىن كېيىن ئاخىرلاشقان. بۇ قېتىمقى يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىنىقىمۇ ئاخىرلاشتى، چۈنكى ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن خەلىپىلىك دېگەن بۇ ئىسىم ئىمپېرىيەنىڭ ئالماش نامى بولۇپ قالدى.

**ئەلى خەلىپىلىكى** ئەلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر مۆجىزىلەرگە تولۇپ تاشقان يىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بەش يىلدا ئۈچ قېتىم ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، بۇ چاغ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر جىددىيلىشىپ كەتكەن يىللار ئىدى. ئەلى كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ تەلىيى ھەقىقەتەن ئوڭ كەلمىدى. ئۇنىڭدا بىر ئۇلۇغ زاتتا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر ــ باتۇرلۇق، پەم ـ پاراسەت ۋە بىلىم ـ مەلۇمات ــ

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. ئۇ نىيىتى پاك، كۆڭلى تۈز، مېھرىبان كىشى ئىدى. بىراق، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە جېدەل - ماجىرالار بىلەن تولغان يىللار بولدى. ئەلىنىڭ بىردىنبىر غەلىبىسى ئۇنىڭ ئۆلمى بولدى، چۈنكى خەلق ئامىسىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى قەھرىمان دەپ تەرىپلەشتى. ئۇ رىۋايەت، چۆچەكلەردە ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئەۋلىياسىغا ئايلاندى. ئەلى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھېچقانچە يار - يۆلەك بولالمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ گۇرۇھنىڭ كۈچى كۈنسايىن زورايدى، ئاخىر بېرىپ مۇسۇلمان دۇنياسىدا قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى ۋە ئاخىر بۆلۈنۈپ چىقتى.

**ئەنئەنىچى خەلىپىلەر** ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى جۇمھۇرىيەت دەۋرى — شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەلىپە سايلانمايدىغان بولدى. ئەلىدىن كېيىنلا دەرھال ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇئاۋىيە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتىدى، بىراق ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوغلى يەزىد I نى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىقىغا تەيىنلىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك ھوقۇقى پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. خەلىپە يەنىلا نامازغا ئىماملىق قىلىۋەردى، لېكىن بۇ ۋەزىپىنى ھەرقانداق بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلمانمۇ بېجىرەلەيدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنىدا مەخسۇس كاھىن بولمايدۇ. خەلىپە يەنىلا ئىسلام دىنىنى قوغداپ كەلدى. تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان پادىشاھلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. ئەمما، كېيىنكى خەلىپىلەردىن مۇقەددەس دېگۈچىلىكى بارلىرى ساناقلىقلا بولدى، شۇنداقلا ئۆزىنى بارلىق مۇسۇلمانلار ئالدىدا جاۋابكار دەپ قارىغان خەلىپە يوق دېيەرلىك بولدى.

**خەلىپە تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى غايە** كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن تارىخشۇناسلار بىلەن قانۇنشۇناسلار غايىۋى خەلىپىنىڭ پەزىلەتلىرىنى بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار خەلىپىلەر قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇشى، ياش قۇرامىغا يەتكەن ئەر كىشى بولۇشى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن مۇۋاپىق بولۇشى، شىجائەتلىك ۋە ئالىي پەزىلەتلىك بولۇشى لازىم، دېدى. بۇ غايىلەرنى مەۋەردى ۋە ئىبنى ھەلدۇنغا ئوخشاش يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 400 يىل ۋە 700 يىل كېيىن مۇشۇنداق دەپ يېزىشقان. شىئەلەر باشتىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرغان. ئۇلار ئىمامىيەت ئەقىدىسىگە ئىشىنىپ، خەلىپە غايىسىنى قوللىغان. ئۇلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېكىتكەن ئىزباسار، ئۇنىڭغا قارشىلىق ھوقۇق بېرىلگەن، ئۇ ئورنىنى نۆۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىسىگىچە تاكى 12 - ئىمامغىچە قالدۇرغان. بارلىق ئىماملارنى ئەزەلدىن ئىلاھ ئاتا قىلغان، ئۇلار ئۆزگىچە بىر خىل روھىي كۈچ ۋە ئىچكى ۋەھىيلەردىن مەدەت ئېلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باشتىلا جىددىي سىياسىي ئىختىلاپلار كېلىپ چىققان، كېيىنچە بۇ ئىختىلاپلار سۈننىيلار بىلەن شىئەلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. يەنە بىر ۋەقە خەلىپىنى سايلاش پىرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلغانلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى پەيغەمبەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەرگىلا خاس دەپ قارىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشنى كۈچەيتىۋەتتى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىدى.

**ئىمام ھەسەن (661 — 669)** ئەلى ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەر كۆپ ھاللاردا تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلىنماي كەلدى. لېكىن بۇ ۋەقەلەر تاھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئەلىنىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەيىن دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى، ئۇلار ئادەتتە ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىن دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ھەرقايسى مەزھەپلەردىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بىردەك شۇ زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ. «ئىمام» دېگەن سۆز مەشھۇر رەھبەر دېگەن مەنىدە. ئەلىنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن تەقۋادار، مۇلايىم ۋە سەمىمىي كىشى ئىدى، لېكىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى بىر مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنى كۇفە ئاھالىسى يېڭى خەلىپە دەپ ھېسابلىدى، مەدىنىلىكلەرمۇ ئېتىراپ قىلدى، پېرسىيەلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى، بىراق ئۇنى ئۇمەييە جەمەتىنىڭ ئىككى رەھبىرى مۇئاۋىيە بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاس ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار خەلىپىلىكنىڭ غەربىي يېرىم قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى.

**مۇئاۋىيەنىڭ قارشى چىقىشى** بۇ ۋاقىتتا ئەمىر مۇئاۋىيە ئۆزىنىڭ سۈرىيەدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغان ۋە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى بار ئىدى، ئۇ تەجرىبىلىك سىياسەتۋاز بولۇپ، باشقىلارغا ئاستىرتتىن خالىغانچە سوۋغا تەقدىم قىلاتتى ۋە ۋەدە بېرەتتى. ئۇ ئۇرۇقى، ھامىيلىقىدىكى كىشىلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ھەسەن بولسا خەلىپىلىكنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىنى ئىگىلەپ تۇراتتى، ئەگەر مۇئاۋىيەنىڭ رىقابىتىنى قوبۇل قىلسا ئۇزاققىچە ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرەتتى. لېكىن، ھەسەن مۇئاۋىيەگە ئوخشىمايدىغان باشقا تىپتىكى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئاددىي ئىدى. ئۇ قان تۆكۈلۈشتىن، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قان تۆكۈلۈشتىن بىزار ئىدى. مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا كەچۈرگۈسىز

گۇناھ بولاتتى. ئۇ ئەگەر ھوقۇقۇمنى قان تۆكۈش يولى بىلەن ساقلاش كېرەك بولسا، ئۇنداق ھوقۇقتىن ۋاز كېچىمەن، دەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنداق قىلىش ئىسپلاسلىق بولاتتى. ۋاھالەنكى، مۇئاۋىيە كۈچلۈك ۋە ھىيلىگەر رەقىب ئىدى. ئۇ ھەسەننى تەختتىن چۈشۈشكە كۈچىنىڭ بارىچە مەجبۇرلىدى، ھەتتا ئۆزى قول قويغان بىر جەدۋەلنى ھەسەنگە ئەۋەتىپ، ھەسەننىڭ ئورنىنى بوشىتىپ بېرىش شەرتلىرىنى يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر ھەسەن بۇنى رەت قىلسا، ئەلچىلەر ئۇنىڭ جەڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنداق بولغاندا، ئىچكى ئۇرۇش كېلىپ چىقىپ پۈتكۈل خەلىپىلىك ھالاك بولغان بولاتتى. ھەسەن قارا نىيەت كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى ھەمراھلىرىغا ئىشىنىشكە بولۇش ـ بولماسلىقنى مۇقىملاشتۇرالمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا جىددىيلىك كۈچەيگەندە يول قويۇشنى قارار قىلدى. ئۇ مۇئاۋىيەنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئورنىنى بوشاتقانلىقنى ئېلان قىلدى. ئۆز جەمەتى ۋە يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە بېرىپ تۇرۇش بىلەن، قالغان ئۆمرىنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

**ئىمام ھەسەننىڭ ئورنىنى بوشىتىشى** مۇئاۋىيە ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ ھەسەنگە ئوبدان مۇئامىلە قىلسا، ئۆزىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ ھەسەننىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭغا ۋە پەيغەمبەر جەمەتىدىكىلەرگە ناھايىتى كۆپ كۈتۈنۈش پۇلى بەردى. ھەسەن مەدىنىدە يەنە سەككىز يىل ياشاپ، مىلادىيە 669 ـ يىلى ۋاپات بولدى، بۇ چاغدا ئۇ ئەمدى 45 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئىستىقامەت ۋە ئائىلىۋى ئاددىي تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇشاللىقلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ تاماقتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، زەھەرنى مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان دېدەك سالغان، دەپ قارىشىدۇ. لېكىن، بۇ گەپنى كېيىنكىلەر توقۇپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى 100 يىللىق تارىخى ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇمەييە سۇلالىسىگە قارشى كەيپىيات ئەۋج ئالغانىدى. ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمام ھەسەن بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان شېھىت دەپ ھۆرمەتلىنىپ كەلمەكتە.

**ئىمام ھۇسەيىن (669 — 681)** ھەسەن ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئىنىسى ھۇسەيىن مەدىنىدە تۇراتتى. ئۇ مەدىنىدە يەنە 11 يىل ياشاپ، مۇئاۋىيەنىڭ پەيغەمبەر جەمەتىدىكىلەرگە مەردلىك بىلەن بەرگەن كۆتۈنۈش پۇلىنى ئېلىپ توردى. مۇئاۋىيە مىلادىيە 680 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى يەزىدنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز جەمەتىدىكىلەر، باش ۋالىيلىرى ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن ئۆز ئوغلىنىڭ خەلىپىلىكىنى قوللاشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق قىلىش ئەنئەنىۋى ئادەتكە خىلاپ بولۇپ، ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ سايلىمى دېيىشكە بولمايتتى، شۇڭا بۇ ھال جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مەككە، مەدىنە ۋە كۇفەلىكلەر يەزىدنىڭ خەلىپىلىكىنى زادى قوللىمايتتى، ئۇلار يەزىد بۇنداق ئالىي مەنسەپكە لايىق ئەمەس، دېيىشەتتى. يەزىدنىڭ زىيالىي ئىكەنلىكى راست ئىدى، لېكىن ئۇ يەنە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بەزى شاللاق ئاغىنىلىرى بىلەن بىرىش ـ كېلىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىھۆرمەت بىر ئادەم بولۇپ، شېئىر يېزىپ مۇقەددەس نەرسىنى مازاق قىلغانىكەن.

**ھۆسەيىننىڭ مەدىنىدىن مەككىگە بېرىشى** بۇ ۋاقىتتا ھۆسەيىن ئائىلىسى بىلەن بىللە مەككىگە كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر ساداقەتمەن كىشىسى زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللا بۇ يەردە تۇراتتى. زۇبەير بىلەن تەلھە خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە مەككە گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ جەمەل ئۇرۇشى (تۆگە ئۇرۇشى)دا ئۆلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا زۇبەير بەلكىم خاتالاشقان تەرەپ بولغىيدى، لېكىن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئوغلىنى بۇنداق دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ يەزىدكە قارشى چىقىشنى قارار قىلغانىدى. مۇئاۋىيە ئۆزىنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى زىيادنى سۈرىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنىدى، بۇ ئادەم مۇئاۋىيەگە تەلۋىلەرچە ساداقەت كۆرسىتىپ، باشقىلارغا ئىنتايىن زالىملىق قىلغانىدى. زىيادنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا چىقىپ تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن زالىملىق قىلدى. ئۇ ئۆمەر ئىبنى سەئىدنى ئالىي سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى، ئۆمەر ياخشى سەركەردە ئىدى، ئۇ پېرسىيەنى ئىستېلا قىلغان سەئىد ۋەققاسنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇبەيدۇللا ئىراقتا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەۋاتقاندا، ئىمام ھۆسەيىن بىلەن ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير خەلىپە مەسىلىسىگە قارىتا قەتئىي مەۋقەدە بولۇشنى قارار قىلىشتى.

**ھۆسەيىننى چاقىرىش** كۇفەلىكلەر ھۆسەيىنگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئىراققا كېلىپ خەلىپە بولۇشىنى ھەمدە ئاتىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۈتۈنۈشكە باشلىغان چاغدا ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق بولدى. كۇفەلىكلەر ھۆسەيىنگە يازغان خېتىدە، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولغان يەزىدنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىنى ھەمدە

كۆڭۈلدىكىدەك بىر خەلىپە نامزاتىنى جان تىكىپ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇلار ھۈسەيىنگە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا سىزدىن باشقا كىممۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسۇن؟ دېگەنىدى. ھۈسەيىن بۇ خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەككىدىكى بۇرادەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، لېكىن ئۇلار بۇ مۇراجىئەتلەرگە قىزىقىپ كەتمىدى. ئۇلار كۇفەلىكلەرنى ئىش تېرىغۇچىلار، دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلىشەتتى، شۇڭا ئۇلار ھۈسەيىنگە بۇ ئۆتۈنۈشنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تېخىمۇ ئاقىل كىشىلەر ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى، ئازغىنا كىشىلەر بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما ھۈسەيىن باشقىچە پىكىردە بولدى. ئەلىنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى بولغان كىشى خەلقنىڭ چاقىرىقىنى رەت قىلماسلىقى كېرەك، بۇ ئۇنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، دەپ قارىدى. ئۇ پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن مۇرەسسەگە كېلىپ، بىر نەۋرە ئىنىسى مۇسلىم ئىبنى ئاقىلنى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئۆزىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كۇفەگە ئەۋەتتى. ئۇ كۇفەدە يەزىدكە نارازى بولغۇچىلارنىڭ ئاشكارا قوراللىق سەپ تۈزۈپ قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشتى، كۇفەلىكلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئالغانلىقى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى ئىشلارغا ئاشۇنداق سادىقلىقىنى بىلدۈرۈشى، ھۈسەيىن ۋە پەيغەمبەر جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ ئاشۇنداق سەمىمىيلىكىنى كۆرگەن مۇسلىم كۇفەلىكلەرنىڭ تولا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. كۇفەلىكلەرنىڭ ئەلى جەمەتىدىكىلەرگە سادىق بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۇفەگە كېلىشى لازىملىقىنى ئېيتتى.

**ھۈسەيىننىڭ ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير بىلەن مەسلىھەتلىشىشى** ھۈسەيىن ئابدۇللا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ئابدۇللا ئۇنى بۇ سەپەردىن بەك توسۇپ كەتمىدى. دەرۋەقە، ئۇ يەزىدكە ھەرگىز بولۇشمايتتى، بەلكى ئۇمۇ يەزىدكە قارشى ئىدى. بىراق ئۇ ھۈسەيىن بۇ يەردە بولسا، مېنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىم تەس، دەپ قارايتتى. بەلكىم ئۇ ئەگەر ھۈسەيىن بۇ يەردىن كەتسە ۋە يەزىد بىلەن بولغان ماجىرا ئىچىگە كىرىپ قالسا، ئاندىن مېنىڭ ئورنۇم تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ، بۇ رىقابەتچى يولۇمنى توسۇيالمايدۇ ـ دە، ئۆزۈم خالىغىنىمچە ئىش قىلالايمەن، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۆزى مەككىدە قېلىشنى خالايتتى، چۈنكى مەككىدە ئۇنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بار ئىدى. شۇڭا، ئىمام ھۈسەيىن كۇفەگە بېرىشنى قارار قىلغاندا، ئۇ ئانچە توسۇپ كەتمىدى. كۈچلۈك پاكىتلار بۇ ئىشتا ھۈسەيىننىڭ ھەقىقەتەن ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ بۇ ئىشنى مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىم، دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىگە تاقىلىدىغان پىرىنسىپال مەسىلە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانچىلىك خەتەرگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، خەلقنىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلسا بولمايتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆزىگە رەھبەر قىلىشقا چاقىرغانىكەن، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەقەدە ئۇنىڭ بارلىق يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرى ئۇ تەرەپتە تۇردى. ئۇلار ھۈسەيىننىڭ خەتەرلىك ئىشنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى بىلەتتى، بىراق ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي بىخەتەرلىكىنى ئاللىقاچان بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ھۈسەيىنگە ئۇنىڭ بىللە بىلەن بېرىشتى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئادىل تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ھۈسەيىننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئۇمىد يوق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كاللىسى خاتالىق ئىدىيەسى بىلەن تولغان ئۇمەييەلەر ھۆسەيىننىڭ ھەرىكىتىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايتتى. لېكىن، ھۆسەيىن ئېھتىمال ھەقىقەتنى قوغدىغىنى دېگەن بىر خىل چوڭقۇر روھىي مەسئۇلىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى تامامەن ئويلاپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. بۇ دۇنيادىكى غايىچىلەرنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىكى قەلبى شۇنچىلىك ساپكى، ئۇلار يورۇقلۇقنى كۆرسىلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تامامەن ئويلىمايدۇ.

**ھۆسەيىننىڭ كۇفەگە بېرىشى (680 ـ يىلى)** ئىمام ھۆسەيىن 100 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىل تاپقان تۆگە كارۋىنىنى باشلاپ مەككىدىن چىققاندا ياز پەسلى ئاخىرلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئېفرات دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن ۋاقتى دەل مىلادىيە 680 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسىگە توغرا كەلدى. بىراق، ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى ئۇبەيدۇللامۇ بىكار ياتمىغانىدى. ئۇ مەككىگە مەخپىي جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلار ھۆسەيىننىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ تەييارلىق قىلىپ قويغان بولۇپ، شەھەرگە كىرىش ئېغىزلىرىغا سەييارە پوست قويغانىدى. ئۇنىڭ ھۆر ئىبنى يەزىد تەمىمى باشچىلىقىدىكى بىر چارلاش ئەترىتى ھۆسەيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھۆر ئىبنى يەزىد تەمىمى ئادەملىرى بىلەن دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن ئۇ بۇ كىچىك قوشۇننىڭ رەھبىرىنىڭ ھەيۋىتى ۋە تەمكىنلىكىدىن تەسىرلىنىپ ناھايىتى تېزلا ھۆسەيىن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا قالدى. ئۇ ھۆسەيىنگە ئىلگىرىلەۋەرمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ھۆسەيىن بىر نەۋرە ئىنىسى مۇسلىمنىڭ

ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن خەۋەر تاپتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشى تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇبەيدۇللانىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ئۆمەر ئىبنى سەئىد باشچىلىقىدا 4000 ئاتلىق چەۋەنداز يېتىپ كەلدى.

**ئۇبەيدۇللا كۇفەدە** بۇ ۋاقىتتا ئىمام ھۈسەيىن ھۆر ئىبنى يەزىد تەمىمى ئارقىلىق كۇفەدىكى ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپتى. ئىراقنىڭ ھىيلىگەر باش ۋالىيسى ئۇبەيدۇللا مۇسلىمنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋە كۇفەلىكلەرنىڭ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتتىن خەۋەر تاپقاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كۇفەگە خۇپىيانە كەلدى، كۇفەلىكلەر پۈتۈنلەي غەپلەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى كۇفەلىكلەرنىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇبەيدۇللانىڭ ۋەھشىيلىكىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇبەيدۇللانىڭ مۇنداق تېز ھەرىكەت قىلىشى ئۇلارنىڭ قورقۇنچ ھالىتىدە بولۇشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. ئۇ، ۋەقەگە باشچىلىق قىلغان بەزى كىشىلەرنى كوچىدا دارغا ئاستى. مۇسلىمنى قانۇنسىز ئۇنسۇر دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇنى تۇتۇشقا تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. ئاخىرىدا مۇسلىمنى ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە تۇتۇپ قولغا ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار سادىق بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانىكەن، ئۇبەيدۇللا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ زوراۋانلىق كۇفەلىكلەرنى تېخىمۇ ئالاقزەدە قىلىۋەتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئەلى جەمەتىدىكىلەرگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**ھۈسەيىننىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى** ئۇبەيدۇللانىڭ سەركەردىسى ئۆمەر ھۈسەيىننى قاچۇرۇپ قويماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانىدى، شۇڭا ئۇ ھۈسەيىننى ھەمراھلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن قوشۇپ قورشىۋالدى. ھوسەيىن قايتىپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، ئۇنىڭ قايتىش يولى توسۇقلۇق ئىدى. ئۆمەرنىڭ ھۈسەيىنگە قالدۇرغان بىردىنبىر شەرتى شەرتسىز تەسلىم بولۇش ۋە يەزىدنى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىنگە ھېچقانداق باشقا ئىمكانىيەت قالمىدى، چۈنكى ئەگەر ئۇ يەزىدنى مۇئاۋىيەنىڭ لايىق ئىزباسارى دەپ قارايدىغان بولسا، بۇرۇنلا ئۇنى خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلغان بولاتتى، لېكىن، ئۆمەر ھەربىي ئادەم ئىدى، ئۇ ئېنىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغىلى بولمايتتى. بۇ بىر تۇيۇق يول ئىدى. بۇ ئىش ئۇبەيدۇللاغا نىسبەتەن بىر سىياسىي مەسىلە بولسا، ئۆمەرگە نىسبەتەن بىر ھەربىي ۋەزىپە ئىدى. ھۈسەيىنگە نىسبەتەن بولسا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك ئەخلاق مەسىلىسى ئىدى.

**ھۈسەيىننىڭ پوزىتسىيەسى** مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەق بىلەن ناھەق توقۇنۇشى ھۈسەيىندە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ۋە پۇختا ئويلىنىلغان پىكرىگە قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىشىنەتتى، يەنى يەزىد خەلىپە بولۇشقا تامامەن لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭچە، پەسكەش ھەۋەسكە ئىگە بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە روھىي يولباشچىسى دەپ قوبۇل قىلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا باش ئېگىش ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى، ئېتىقادى ۋە شەنىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولاتتى. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى، ئەلىنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم بىر ئۇلگە كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ھۈسەيىن بۇ ئىشقا ئەنە شۇنداق قارايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆمەرنىڭ قويغان شەرتلىرىنى رەت قىلدى.

**ھۈسەيىننىڭ جاۋابى** ئۇ ئۇنتۇلغۇسىز سۆزلەر بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى: «مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدە يامان غەرەز يوق. كۇفەلىكلەر مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىر مۇقەددەس ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلغانىدى، بۇ يەردە ئۇلار يازغان بىرمۇنچە خەت بار. سەن مېنى بۇ يەرگە يەزىدنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كەلدى، دەپ قاراۋاتىسەن، سەن مېنى بۇ يەرگە سادىق پۇقرالارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىش ئۈچۈن كەلدى دەپ قاراۋاتىسەن، لېكىن سەن خاتالاشتىڭ. مەن بۇ يەرگە كېلىشتە ئارىسالدىمۇ بولغان، لېكىن مېنىڭچە، مېنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ چاقىرىقىغا ئىنئائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار. مەن مېنىڭ قىيىن بىر ئىشنى ئورۇنلىشىمنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ مېنى قارشى ئالمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ھازىر بىزنىڭ بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشىش ھەققىمىز يوق، شۇڭا مېنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېتىشىمگە يول قويغىن. ئەگەر مېنىڭ مەدىنىدە تۇرۇشۇمنى قانداقتۇر بىرەر كىشىگە خەۋپ دەپ قارىساڭ، مېنى خۇراسانغا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ يىراق جايلىرىغا ئەۋەتىۋەتكىن. مەن قان تۆكۈلۈشنى ياكى مېنى دەپ قان تۆكۈلۈشنى خالىمايمەن. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشنىمۇ قوبۇل كۆرمىسەڭ، مېنى يەزىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن. مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىمەن، لېكىن بېسىمغا قەتئىي تىز پۈكمەيمەن. مەن بۇنداق ئالىيجاناب مەنسەپكە لايىق كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان بىر كىشىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولۇشىنى ھىمايە قىلالمايمەن.»

**ھۈسەيىننىڭ شېھىت بولۇشى** بۇ كەسكىن جاۋاب ئۇبەيدۇللانىڭ لەشكەرلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويدى، بۇ سەرۋازلار بۇيرۇققا بىنائەن پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسىنى تۇتۇشقا چىققاچقا، قانداقلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمىسۇن بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۆمەر دەرگۇمانغا چۈشتى. لېكىن، قول ئاستىدا شىمىر ئىبنى زىل جاۋشان ئىسىملىك بىر سەركەردە بار ئىدى. بۇ يامان غەرەزلىك قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچى بۇ چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆمەرنى ئاجىز، قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ۋارقىراپ تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش ۋە تىل ـ ھاقارەت قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، لەشكەرلىرىنى روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق كەيپىيات ئاستا ـ ئاستا ئۆمەرنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىگە يۇقتى. مىلادىيە 680 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە ئۆمەرنىڭ لەشكەرلىرى ھۈسەيىنىنىڭ كىچىك قوشۇنىغا ھۇجۇم باشلىدى. ھۈسەيىنىنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدە باتۇر، پالۋان كىشىلەر بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابباس ۋە ھۈسەيىنىنىڭ كەنجى ئوغلى ئەكبەر ماختاشقا لايىق ئىدى. ھۈسەيىنىنىڭ بارلىق دوستلىرى ۋە ھەمراھلىرى قىلچە تەۋرەنمەستىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتۇرما زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا كۆپ پەرق بولغاچقا، ئىككى سائەتلىك جىددىي جەڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىقىلدى، ھۈسەيىن ئەڭ ئاخىر قازا تاپتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاكى ئۇلاغدا ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكۈچە جەڭ قىلغان، ئاخىرىدا بىر نەيزە بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. غالىبلاشقان لەشكەرلەر دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىۋېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ كېتىشكەن. لېكىن، ھۈسەيىنىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ، كېسەلچان ئوغلى ئەلى ئەۋساتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بالىچاقىلىرى ھاقارەتكە ئۇچرىمىغان. ئۇلار چىرايلىقچە دەمەشقتىكى يەزىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان. يەزىد يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە خاپا بولغان، ھەتتا زەينەپكە ئۆزىنىڭ ھۈسەيىننى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۇنداق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇقمۇ بەرمىگەنلىكىنى، ئۇبەيدۇللانىڭ ئۇنىڭ

بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقان. زەينەپنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ـ ئىشەنمىگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ گۇمانلىق، چۈنكى شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىممۇ يەزىدكە ئىشەنمەيدىغان بولغان. ئەمما، يەزىد پەيغەمبەر جەمەتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۇلارنى مەدىنىگە ئاپىرىپ قويغان. مۇئاۋىيەنىڭ پەيغەمبەر جەمەتىگە ئاجراتقان كۈتۈنۈش پۇلىنى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا داۋاملىق بېرىپ تۇرغان.

**ھۈسەيىننىڭ شېھىت بولۇشىنىڭ ئاقىۋىتى** ئىسلامىيەتتە ياكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدە، ھۈسەيىننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەڭ يامان ۋەقە بولغان ئەمەس. دەسلەپتە، بولۇپمۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسى گۈللەۋاتقان دەۋرلەردە ئۇ پەقەت بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ يۈزەكى دولقۇنىلا بولغانىدى. لېكىن، ئەلى ئائىلىسىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك ئاخىر نۇرغۇن كىشىلەرنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. كېيىنچە «شېھىت ھۈسەيىن» ئەلچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشتىكى ياڭراق شوئارىغا ئايلاندى، بۇ شوئارنى دەسلەپكى ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر خىل يېڭى ئامىل — يېڭى مۇسۇلمانلار (يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىتائەتچان پۇقرالار) قوبۇل قىلدى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنىغا ھە دەپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى، ھەتتا زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغان ئاڭ ـ سېزىم ئەلچىلەرنىڭ ئەقىدىسىگە ئايلاندى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار شىئە مەزھىپىنىڭ ئېتىقادچىلىرىغا ئايلاندى ۋە بۆلگۈنچىلىك، خۇپىيانە ساداقەتنى ئالغا سۈردى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىي ئەقىدىسى شەكىللەندى. بۇرۇنقى ئىختىلاپلار يېڭىچە شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقتى، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەرگە ئۆتتى. شىئە مەزھىپىدىكىلەر دەسلەپتە پېرسىيە بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئالاقىسى بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىراققا كېلىپ ماكانلاشتى، ئاندىن پېرسىيەگە كۆچۈپ باردى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ئۇلارغا تېخىمۇ ماس كېلەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي پەيغەمبەر جەمەتىدىكىلەردىن باشقا ھەرقانداق كىشى خەلىپە بولۇشقا لايىق ئەمەس دەيدىغان بىر قائىدە مەيدانغا كەلدى، قۇرەيش قەبىلىسىدە ئەڭ مەشھۇر جەمەت پەيغەمبەر جەمەتى ئىدى. نەتىجىدە پەقەت ئەلىنىڭ جەمەتى، يەنى ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىلا خەلىپىلىك مەنسىپىگە ئولتۇرۇشقا لاياقەتلىك بولۇپ قالدى. بۇنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، يەنى «سەئىد» دەپ ئېتىراپ قىلىنغانلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىگە ئايلاندى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، دەسلەپكى ئىسلامىيەتنىڭ دېموكراتىك ئاساسلىرى يوقالدى، قەبىلىلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي بىرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ھالدا دەرىجە پەرقى قاتتىق بولغان قۇرۇلمىغا ئايلاندى، ئاخىر ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن باشلانغان ھەممە نەرسە ئىمپېرىيەگە ئايلىنىپ كەتتى ھەمدە ئىمپېرىيە قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش ئىدېئولوگىيە بارلىققا كەلدى.

**ئىسلام دىنىنىڭ جىددىي كېڭىيىشى** مىلادىيە 632 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئىسلام دۆلىتىگە قارايتتى. مەككىنى ئالغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى قەبىلىلەر پەيغەمبەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر مەھەل غەلىيان كۆتۈرۈلگەنىدى دېيىلسە، ئەبۇبەكرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرتىپ، ئامانلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى. كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قىزغىنلىققا ئەگىشىپ، بۇرۇنقى ۋاقىتتا ئەزەلدىن

بىرەر كىشىنىڭ قول ئاستىدا بىرلىككە كېلىپ باقمىغان ياكى ئورتاق ئىش ئۈچۈن ئۇيۇشۇپ باقمىغان ئەرەبلەر ئەمدىلىكتە بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئوخشاش بىر «كەلىمەتەييبە»[①]نى ئىمان كەلىمەسى قىلىدىغان، ئوخشاش بىر «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان بولدى. شۇڭا، بۇنداق يېڭى ئېتىقادقا سادىق بولۇش ئارزۇسى بۇنداق قىزغىنلىقنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئىدى، بۇ ھەم سىرتقا نىسبەتەن تالان ـ تاراج قىلىش ھەۋىسىنى قوزغايتتى. ۋىزانتىيەنىڭ سۈرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك قىلمىشى بىرمۇنچە ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر بۇنى ئۆچ ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش دېيىلىدىغان بولسا، ئەرەبلەر بۇنداق ئىشنى ئاللاھنىڭ جازالىشىغا قالدۇرمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى تۈركۈمدە سۈرىيەگە ئەۋەتىلگەن كىچىك قوشۇن ۋىزانتىيەنىڭ تەربىيە كۆرگەن كۈچلۈك قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە ئىلگىرىلىيەلمىگەنىدى، ئەرەبلەر بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. كۆپ قىسمى بەدەۋىلەردىن ئىبارەت بولغان ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئۇرۇشقا بېرىشقا قىزغىن ئاۋاز قوشقانلىقىنىڭ كۆپىنچە نەزەرگە ئېلىنماي قېلىۋاتقان بىر سەۋەبى شۇكى، بۇ چاقىرىق ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە شىمالدىكى بوستانلىققا تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن دەل بىر يەردىن چىققانىدى. شۇبھىسىزكى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا تەييار ئىدى، بىراق بۇنىڭدىن كېلىدىغان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىشقىمۇ قارشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ھەم ئاللاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ھەم بۇ دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش ئارزۇسىدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ شىمالغا قاراپ ئۇزۇن جەڭ سەپىرىگە ئاتلاندى. مەيلى كىم بولسۇن، بىرەر ئېتىلا بولسا ياكى

① كەلىمەتەييبە — «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئىمان كەلىمەسى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

بىرەر ئات ئارىيەت ئالالىسىلا ۋە ئاز ـ تولا سەپەر لازىمەتلىكلىرى بولسىلا، جەڭ سەپىرىگە ئاتلىنىۋەردى. شىمالغا يۆرۈش قىلغۇچىلاردىن نۇرغۇنلىرى شۇ يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ قالدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كىچىك دائىرىدىكى كۆچمەنلەر رايونلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇ كۆچمەنلەر رايونلىرىنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلىسى ياكى ئۇرۇقداش گۇرۇھى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ بارلىققا كەلگەنىدى.

**سودىگەرلەر تەبىقىسى** شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى شەھەرنىڭ باي سودىگەرلىرى ئىدى. ئۇلار گەرچە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەنئەنە جەھەتتىن كەبىنى باشقۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن باشقا ئابرۇيلارغا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئەۋس قەبىلىسى، خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە مەدىنىدىكى ھۆكۈمران قەبىلىلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنىڭ شۆھرەتلىك بولۇشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب يەنە شۇ يەردىكى، ئۇلار جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغان سودا يولىنى تىزگىنلىۋالغانىدى، شۇنداقلا مەككە بىلەن مەدىنە بولسا چېگرا سودىسىنىڭ ئاساسلىق تاۋار يۆتكەش بازىسى ئىدى. جەنۇبىي يەمەننىڭ سودا كارۋانلىرىمۇ مۇشۇ يەرگىچىلا كېلەتتى، مەككىنىڭ سودا كارۋانلىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆتكۈزەتتى ۋە بۇ يەردىن باشقا جايلارغا يۆتكەيتتى، شىمالغا توشۇلىدىغانلىرىنى مەدىنىنىڭ سودا كارۋانلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يۆتكەيتتى. بۇ ھال مۇشۇ قەبىلىلەر ئاقساقاللىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ جايلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن سودىگەرلەر مەككە ۋە مەدىنە جەمئىيىتىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتلىرىمۇ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ھامىيسى ۋە چوڭ دادىسى

ئەبۇ تالىپ بىلەن سۈرىيە (شام)گە بارغانىدى. كېيىنرەك ياش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى سۈپىتىدە يالغۇز ئۇ يەرگە بارغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودىگەرچىلىكنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى ھۆرمىتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ بىر قېتىم: «سەمىمىي سودىگەر ئاخىرەت كۈنى ئاللاھنىڭ سايىسىدا ئولتۇرىدۇ» دېگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنە سودىگەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇلار دۇنيادىكى ئەلچىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھنىڭ بۇ زېمىندىكى ئىشەنچلىك چاكارلىرىدۇر» دېگەن. غەززالى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى يازغانىدى: «مەن جان ئۈزۈشنى ئەڭ خالايدىغان سورۇن — جەمەتلىرىم ئۈچۈن ئېلىم - بېرىم قىلىدىغان بازاردىن ئارتۇق ئەمەس.» ھەتتا ئۇ بىر قېتىم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆلچەشتە، سودىدا سەمىمىي بولۇش دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلغاندىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ.» بۇ سودىدا سەمىمىي بولۇشنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى ئىناۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېلاسى ئەمدى باشلىنىش بىلەنلا، مەككە، تائىف ۋە مەدىنىدىكى سودىگەرلەر سودا پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتىپ ۋە خەلىپىلىكنىڭ تېخىمۇ كەڭ زېمىنىدا تېخىمۇ زور رول ئويناشقا باشلىدى. ئۇلار كىچىك كۆلەملىك قوشۇنلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە شۇنىڭغا لايىق ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئالاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەدىنە ۋە كېيىن مەككىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى يەنە پۇل ۋە مال - دۇنيانىڭ تەسىرىدە بولدى. بۇ پۇل ۋە بايلىقلار دەسلەپتە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى سۈپىتىدە، كېيىنرەك سودا پايدىسى سۈپىتىدە توختىماستىن كېلىپ تۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇزۇن جەڭ سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىرىدە، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشتى، كېيىنچە ئۆزلىرىگە چىرايلىق ئۆيلەرنىمۇ سېلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئومۇمىي شارائىتى ياخشىلاندى.

ئىسلام دۆلىتىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىچى خەلىپىلەر قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلەرگە ــ يېڭى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇلۇشى، ئۇلار قوللانغان ماسلىشىش ۋە تەڭشەش تەدبىرلىرىگە توغرا باھا بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئامىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتىدىن ئىبارەت بولدى، چۈنكى بۇنداق ھۆرمەت نەتىجىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئالاقىدار بولغانلىكى ئىش ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس خاراكتېرىنى ئالغانىدى. بۇ تارىختىن بۇيان بىر چوڭ توسالغۇ بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ باشقۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغانلىرىدا، دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى دۆلەتنىڭ ئاساسىي باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى ۋىزانتىيەچىمۇ، پېرسىيەچىمۇ بولمىغان، بەلكى ئەرەبلەر ھۆكۈمران ئىرق دېگەن مۇنداق ئاياغ ئاستى قىلىنغان پرىنسىپقا ماسلىشىش ئۈچۈن خالىغانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن قۇرۇلمىدۇر، دەيدىغان بىر خىل كۆزقاراشنى دائىم ئاشكارىلاپ قويىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئەنئەنىچى خەلىپىلەر قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، بولۇپمۇ مۇشۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھىرى ــ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تۆۋەنلىتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بىز تۆۋەندىكى پاكىتلارنى بىلسەك، ئۆمەرنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن تېخىمۇ يۇكسەك ئورۇن ئالىدۇ. بۇ پاكىت شۇكى، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىن قىلچە خەۋىرى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ سودا ئىشلىرىدا دەپتەر تۇتۇشتىن باشقا، مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكى ۋە جىددىي، ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا مىسىر،

سۈرىيە، ئىراق ۋە پېرسىيەنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويۇلىدىغان بولسا، تولىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن.

**ئەرەبىستان — مۇسۇلمان ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئانا يۇرتى**

ئۆمەرنىڭ سىياسىتى ئەرەبىستان مۇسۇلمانلارنىڭلا يۇرتى دەپ ئېلان قىلىپ، باشقا ئۇرۇشپەرەسلەرنى، مەسىلەن، يەھۇدىيلارنى ۋە بەزى خىرىستىيان تەشكىلاتلىرىنى سۈرىيەگە كۆچۈپ كېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى، كېيىنچە ئۇلار شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالدى. دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ ئەرەب زېمىنىدىن باشقا جايلاردا مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلمىغانىدى. كونىلىق تەرەپدارى بولغان ئۆمەر ھەتتا مۇئاۋىيە ياكى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ دېڭىز ئارقىلىق يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلىشىنىمۇ توسۇپ قويغانىدى، چۈنكى ئۇ چوڭ دېڭىزنىڭ ئىستېلا قىلىنغان جايلارنىڭ خەلىپىلىك مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىپ تۇرۇشىنى خالىمايتتى. نەتىجىدە ئەرەبلەر باشقا جايلاردا پەقەت ۋاقىتلىق چېدىر - بارگاھلارنىلا قۇرالىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا، بۇ چېدىر - بارگاھلار تەرەققىي قىلىپ شەھەر - بازارلارغا ئايلاندى. ئەنئەنىچى خەلىپىلەر ھۆكۈمەتنى ئاددىي ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. لېكىن، كەڭ بىر ئىمپېرىيەنى — گەرچە ئۇلار بۇنى خەلىپىلىك دەپ ئاتاشسىمۇ — باشقۇرۇش ئىنتايىن نازۇك ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنە يېڭىدىن ئىستېلا قىلىنغان جايلاردىن يىراقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركەزنى ئىككى نىشانغا كۆچۈرمەي بولمىدى: بىرسى، سۈرىيە تەرەپكە كۆچۈرۈش — بۇ مۇئاۋىيەنىڭ سەۋەبىدىن — شۇنداقلا ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىرسى، ئىراق تەرەپكە كۆچۈرۈش — بۇ ئەلى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، كېيىنچە يەنى ھاشىم جەمەتىدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسى① ئۇچۇن ئىدى.

**مالىيە ئىشلىرى** باج مەسىلىسى ئەزەلدىن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. يەر بېجىدىن باشقا كۆپ قىسىم باج مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىدى. يەر بېجى ئىگىلىگەن يەرنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەنمەيتتى. ئەلۋەتتە، ۋەخپە سۈپىتىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلىرىگە تەقدىم قىلىنغان يەرلەردىن باج ئېلىنمايتتى. ئىنتائەتمەن پۇقرالار جان بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلار ھەربىي خىزمەت ئۆتەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغانىدى، قوشۇنغا پەقەت مۇسۇلمانلار ئىچىدىنلا ئەسكەر ئېلىناتتى، ئەمما ئورۇش قىلماستىن مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى ساقلاپ قالاتتى. بۇنداق يەر «تىنچ يەر» دەپ ئاتىلاتتى. مۇسۇلمانلار ئۆشرە ـ زاكات بېرەتتى، لېكىن مەدىنىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوشۇمچە تۇرمۇش پۇلى ئېلىپ تۇراتتى ياكى ئورۇش غەنىيمەتلىرىدىن ئۆز ھەسسىسىنى ئالاتتى، ئورۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى «بەيتۇلمال» («ئومۇمىي خەزىنە»)غا تاپشۇرۇلاتتى. «خەرەج» دېگەن بۇ سۆز شۈبھىسىزكى «پايدا» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. بۇنداق خەرەجلەر بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەر تەسلىم بولغان ياكى بويسۇندۇرۇلغان چاغدا، ئۇلارغا قويۇلغان شەرتلەرگە ئاساسەن بېكىتىلەتتى، بۇ خەرەج شۇ جايلاردىن چىقىدىغان مەھسۇلات ياكى بايلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تەبىئىي ھالدا پەرقلىق بولاتتى. ئورۇش غەنىيمەتلىرى بىردىنبىر كۆچمە مۈلۈك بولۇپ، باشقۇرۇش ھەققى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن «بەيتۇلمال»غا چۈشەتتى ۋە

① ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن دەيدۇ، شۇڭا ھاشىم جەمەتىدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسى دېيىلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ خەزىنە ئارقىلىق مىڭلىغان ئاپاۋەتچىلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. ئاپاۋەتچىلەر تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ئائىشە، ئۇنىڭدىن قالسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمەتىدىكىلەر، ئۇنىڭدىن قالسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئەنسارلار تۇراتتى، بۇلاردىن كېيىن ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشقا ياردەم بېرەتتى، ھەتتا ئاياللار، بالىلار ۋە ھامىيلىقتىكىلەرنىڭمۇ تېگىشلىك ئۈلۈشى بولاتتى. بۇ دۆلەت خەزىنىسىگە نىسبەتەن ئېغىر يۈك ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، مەبلەغ سېلىشقا ياكى ئىجتىمائىي ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا ھېچقانچە ئېشىنچا قالمايتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالدىنقى تۆت خەلىپىنىڭ ھەتتا دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بىرەر ئېغىز ئىشخانىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار يات ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى مەسچىت ياكى دەرەخ سايىسىدا قوبۇل قىلاتتى.

**ئىجتىمائىي قۇرۇلما** ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي يېڭى تەرتىپتە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. بۇنداق ئىجتىمائىي يېڭى تەرتىپ شۇ ئىدىكى، ئەرەب مۇسۇلمانلار ئالدىنقى ئورۇندا، غەيرىي ئەرەب مۇسۇلمانلار ئىككىنچى ئورۇندا، بويسۇندۇرۇلغان ئىتائەتمەن پۇقرالار ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى، تۈرلۈك شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ يېقىندى بولغان مىللەتلەر ھەممىنىڭ ئاخىرىدا تۇراتتى. ئەرەبلەر ئىچىدە ھېچقانداق قەبىلە ياكى ئۇرۇق ئۈستۈنلۈك ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ قارالمىدى. بۇ بىر مەزگىل داۋام قىلدى، ئۇنىڭ ئۇزاققا بارماسلىقى روشەن ئىدى. شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىنلار ئاۋۋال ئىجتىمائىي شۆھرەتكە، كېيىنرەك بېرىپ سىياسىي شۆھرەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى، ھەتتا ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئومۇمىي قىرغىن قىلىشتەك ئەھۋال يۈز

بەرگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق شان ـ شۆھرەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق شۆھرەت كۆنسايىن ئۆسۈپ باردى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ خېلى سالماق كېتىمۋاتاتتى، كېيىنچە تەلۋىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىسلامىيەت بەرپا قىلغان ئىجتىمائىي تەڭلىك مىزانىنى تۈپ ئاساسىدىن بۇزۇپ تاشلىدى. قۇرەيشلەر ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى بۇرۇنقىدەك بولماي، ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاشلا بولۇپ قالدى، بۇنداق بولۇشىنى سۈرىيە بىلەن پېرسىيەنىڭ تەسىرىگىلا تاقاپ قويۇش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پاكىت شۇكى، دەسلەپكى خەلىپىلەر ئەبۇبەكرى دەۋرىدىكى ئاددىي خەلىپىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەگە ئايلىنىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، شۇنداقلا شۇنچە كەڭ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا بولىدىغان ئىمپېرىيە مەسىلىلىرىنىڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن كۆرەلمىگەنىدى. ئىستېلا قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە يېڭى ئىگىلىگەن زېمىنلارنى ئىدارە قىلىشقا ئەگىشىپ، چوقۇم ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى مەيدانغا كېلەتتى، مەيلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى ئۇنىڭ ساھابىلىرى باش ۋالىي بولسۇن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتى ھامان يېڭىچە ھۆكۈمرانلارغا موھتاج بولاتتى. ئەگەر بۇنداق ياخشى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرەبلەر ياكى قۇرەيشلەرگە، ھاشىم جەمەتى، ياكى ئۇمەييە جەمەتىگىلا تېگىدىغان بولسا، ئۇنداقتا مۇقەررەر ھالدا ياكى دۆلەتمەن ئائىلىلەر مەيدانغا كېلىپ قىلچە ئىش ئۇنۇمى بولمايتتى، ياكى يېڭىدىن دىنغا كىرگەنلەر ئارىسىدا چىرىكلىشىش پەيدا بولۇپ، خاتىرجەمسىزلىك، نارازىلىق ۋە ئۇچۇق ـ ئاشكارا ھەسرەت ـ نادامەت مەيدانغا كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىشلار ئاللىقاچان يۈز

بەرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن دىنغا كىرگەنلەرنىڭ مەسىلىسى خېلى بۇرۇنلا بىر قېتىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان، ئاخىرىدا ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ياكى پارچىلىۋەتكەن.

**دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستېلالىرى** كىشىلەر كۆپىنچە دەسلەپكى مۇسۇلمانلار سەپەرگە چىققاندا قۇرۇق قول دېگۈدەك چىقاتتى، ئۇلارنىڭ قولىدا قىلىچ، قەلبىدە «قۇرئان كەرىم»گە بولغان قىزغىنلىقلا بار ئىدى، ئۇلار ئاشۇ مۇقەددەس كىتابتىكى ئىبارىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى ياكى مەرسىيە قىلىپ ئېيتاتتى، دەپ قارايدۇ. دەسلەپتە ئۇلاردا ھەقىقەتەن دائىملىق قوشۇن ياكى مۇنتىزىم قوشۇن يوق ئىدى — بۇنداق قوشۇننى تەشكىللەشكە ۋاقىتمۇ بولمىغانىدى — قورال كۆتۈرەلەيدىغان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام لەشكەرلىرى ئىدى، خەلىپە چاقىرغان ھامان ئۇلار دەرھاللا بىر قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنەتتى. ئەرەبلەرنىڭ قارىشىچە، تەمىنات ۋە ھەربىي زاۋۇتلارنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق ئىدى. قوشۇن سەركەردىلىرىنى خەلىپە تەيىنلەيتتى، ئۇلار قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى ۋە تائەت ـ ئىبادەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، قازىلىقنى ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇ ھەممىلا جەھەتتىن روھىي ۋە ئەنئەنىۋى مەنبەنىڭ بىر خىل ئاساسىي تەقلىدى ئىدى. بىراق، ئۆمەر ئۇزاق ئۆتمەيلا سۈرىيەگە قازى تەيىنلىدى، بۇنىڭ بىلەن ھېچبولمىغاندا ئەدلىيە ۋە ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئايرىۋېتىلدى. بۇنداق ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئەڭ بۇرۇن يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئۆلكىلەردە تۇرغۇزۇلغانىدى. ئەرەب قوشۇنلىرى بۇرۇندىن كېلىۋاتقان تەشكىلىي شەكىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قوشۇنلىرىنى ئوڭ قانات قوشۇن، سول قانات قوشۇن، ئوتتۇرا يول قوشۇن، ئارقا قوشۇن دەپ ئايرىيتتى. ئاتلىق چەۋەندازلار قوشۇننى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھەرىكەتچان كۈچ سۈپىتىدە قىسىمنىڭ ئىككى قانىتىغا تىزاتتى. ئاتلىق

www.uyghurkitap.com

چەۋەندازلار نەيزە ۋە ئوقيا ئىشلىتەتتى. بارلىق ئۆرۈشلارمۇ قەدىمكى ئادەتلەر بويىچە بولاتتى، ئالدى بىلەن ئىككى قوشۇننىڭ پالۋانلىرى يەككە ئېلىشاتتى. بۇنداق جەڭ قىلىش ئۇسۇلى ھەتتا ھۇسەيىننىڭ ھەمراھلىرى ئىراق قوشۇنلىرى بىلەن كەربالادا قىلغان قىسقا ئۇرۇشتىمۇ قوللىنىلغانىدى. چۈنكى، بۇنداق ئادەت كەڭ تارقالغان بولۇپ، پىرسىيەدىمۇ ئوخشاشلا ئادەتكە ئايلانغانىدى. كىشىلەر شۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلاتتىكى، قورال ــ جابدۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ نەرسىلەر ئەرەبلەردە ناھايىتى ئاز ياكى ئۇلارنى سۈرىيەدىكى ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، خۇددى دۇنيادىكى نۇرغۇن ھەربىي رەھبەرلەرنىڭ دېگىنىدەك، بىر قوشۇن لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار چىداملىق ئىدى ــ بارلىق مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدا مەيلى ئۇلار ئەرەبلەر، بەربەرلەر، تاتارلار ياكى تۈركلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇنداق خىسلەت بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كۆلىمى ئۆزلىرىدىنمۇ زور قوشۇنلار ئۆتۈشكە ئامالسىز جايلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، چۈنكى، كېيىنكى خىلىدىكى قوشۇنلار مۇنتىزىم لەشكەر سانىغا ۋە مۇۋاپىق ئەسلىھەلەرگە ئادەتلەنگەنىدى. ئاخىرىدا بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئاتلىق چەۋەندازلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، تېخىمۇ زور ھەرىكەتچانلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى شۇنداق بولغان، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى چوڭ بىر ئامىل ئەنە شۇ بولدى. شۇنىسى تاسادىپىي بولغانكى، ئەرەب ئارغىماقلىرى پۈتۈن دۇنياغا دەل مۇشۇنداق ئىستېلالار ئارقىسىدا تارقالغانىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرەبلەر يوقىرىقى ئىشلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي

تەدبىرلىرىنى تەتبىق قىلغان، ئۆزلىرىگە ۋە شۇ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان قوراللاردىن پايدىلانغانىدى.

**بۇ دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى** دەسلەپتە خەلىپىلەر بىر خىل ئاددىي ـ ساددا، ھەتتا ئۆلۈك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە چىڭ تۇرغان، بەزىدە قاتتىق چىڭ تۇرغانىدى. ئۆمەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە، ئەرەب سەركەردىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشى، ئېسىل تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىشى، چەت ئەللىك ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشى ياكى چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى قوبۇل قىلىشى مەنئى قىلىنغانىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بەلگىلىمىلەر بوشىشىپ كەتتى. مەدىنىدىكى خەلىپە سۈرىيەلىكلەرنى، مىسىرلىقلارنى ۋە پېرسىيەلىكلەرنى دىپلوماتىك ئادەت بويىچە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن ھېيىقىشى ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ئىززەت ۋە شانۇشەۋكەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلارغا ماس كېلىدىغان مۇئەييەن ئۆلچەمدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى قوللىنىشى زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا دوكلات تاپشۇرۇۋالدى. يېڭى ئىستېلا قىلىنىشلارغا ئەگىشىپ، بايلىقلار، قوراللار ۋە بۇ دۇنيادىكى راھەت ـ پاراغەتكە تەئەللۇق نەرسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرمۇ ھۆكۈمران سىنىپلار ئومۇميۈزلۈك قوللانغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆلۈك تۇرمۇش ئۆلچەملىرىنى ساقلاپ قېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۇزاق ساقلاپ قالالمىدى. ئەرەبلەر ئالدى ـ ساتتىدا ماھىر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن بارلىق پۇرسەتلەردىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يىراق شەرق ھىندىستاندىن غەربكە يارىدىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق سودا يوللىرىنىڭ ۋە ئەدەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇلزام (ھازىرقى سۈۋەيش قانىلى)دىن ئۆتىدىغان قەدىمكى دېڭىز سودا يوللىرىنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. رىم پادىشاھى تراجان دەۋرىدە بىر مەزگىل قاتناشتا پايدىلىنىلغان قەدىمكى پەرۆخ قانىلى ئاللىقاچان لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتكەندى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا يەنە بىر قېتىم قاتناش باشلاندى. ھىندىستان ۋە جۇڭگو سودىگەرلىرى كېمە بىلەن ئەدەن ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلەتتى، ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىسكەندەرىيە پورتىغا باراتتى. سىرتقا قارىتا مىسىرنىڭ ئاشلىق ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرى قولزام قانىلىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۇ يەردە كېمىگە قاچىلىنىپ، ھىجاز پورتىغا ئېلىپ كېلىپ چۈشۈرۈلەتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس ھەتتا ھازىرقى سۈۋەيش قانىلىغا ئوخشاش جىسما كۆلدىن شىمالغا بارىدىغان بىر قانال قېزىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى، لېكىن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئۇنى تەستىقلىماي قويدى، ئۇ ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ بۇ قانالدىن پايدىلىنىپ مىسىردىن مەدىنىدىكى جار پورتىغا بارىدىغان تىنچ سودا يولىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ھەمدە ھەج قىلىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

# ئۈچىنچى باب

# ئۈمەييەلەر سۇلالىسى

## (750 ــ 661)

**مۇئاۋىيە (661 ــ 680)** ھۈسەيىننىڭ خەلىپىلىكى بىكار قىلىنىشى بىلەن، مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇنىڭ نەسەبى ئۇزاق داۋاملاشالمىغان بولسىمۇ، ئۈمەييەلەر سۇلالىسىنى دەل مۇشۇ مۇئاۋىيە قۇرغانىدى[1]. ئۇ مىلادىيە 661 ـ يىلى خەلىپە دەپ ئاتالدى ۋە مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئۇدا 19 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى جايلاردا چاتاق تۇغۇلمىغانىدى. ئىش ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھۆكۈمران ئىدى. ئوسمان خەلىپە بولغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلىدا بىر مەزگىل توسۇپ قويۇلغان ئىستىلاچىلىق ئەمدىلىكتە يەنە باشلاندى. ئەمىر مۇئاۋىيە بىر دېڭىز ئارمىيەسىنى بەرپا قىلدى ھەمدە مىسىردىكى ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ساراھنىڭ فىلوتى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، دېڭىز ئۇرۇشىدا تۇنجى قېتىم ۋىزانتىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

**مۇئاۋىيەنىڭ ئىستىلالىرى** ئۇ يەنە داڭلىق سەركەردىسى ئۇقبە ئىبنى نەفىئىنىڭ قوماندانلىقىدا غەربىي ئافرىقىغا يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنى ئەۋەتتى. ئۇقبە ئىبنى نەفىئى

[1] ئۈمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ بايرىقى ئاق رەڭدە بولغاچقا، ئېلىمىز تارىخىدا «ئاق تۇغلۇق تەزىكلەر»، «تەزىكلەر» دەپ ئاتالغان.

قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇنىسقىچە ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە مىلادىيە 670 ـ يىلى ئۇ يەردە قەيرۇۋان شەھىرىنى بىنا قىلدى. شەرقتە مۇئاۋىيەنىڭ قوشۇنلىرى خوراساننى ئىستىبلا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ (663 ــ 671)، جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يىراقتىكى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار يەنە كەڭ شەرق تەرەپتىكى تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈپ ئۇدۇل كابۇلغا يېتىپ باردى. شىمالدا ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ۋىزانتىيەگە دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەنە كىچىك ئاسىياغا بىرمۇنچە يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلىش قوشۇنلىرىنى ئەۋەتتى. گەرچە ھېچقانداق جاينى ئىگىلىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. كىچىك ئاسىياغا بۇنداق ھۇجۇم قىلىش پەيدىنپەي مۇئاۋىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىكى رەسمىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ پائالىيەتلىرىنى ھەربىي مانېۋىر قىلىش ئارقىلىق لەشكەرلىرىنى يۈرۈش قىلىش جېڭىگە ئۆگىتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولاتتى. مۇئاۋىيە ئۆزىنى بىر مۇداپىئە لىنىيەسى بەرپا قىلدى. بۇ مۇداپىئە لىنىيەسى غەربىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ پۈتكۈل چېگراسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى.

**رىملىقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش** ئۇمەييەلەر قوشۇنلىرى ھەتتا كونستانتىنوپولغا يېقىنلاپ باردى. ئۇلار بۇ داڭلىق شەھەرگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بىر قېتىملىقى مىلادىيە 669 ـ يىلى بولۇپ، مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىدنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىنغانىدى. رىۋايەتلەردە بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ شان ـ شۆھرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ۋە كونا سەپدىشى، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلەمدارى بولغان ئەبۇ ئەييۇبقا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما «كىتابول ئاغانى» («ئورىدا نەزمىلىرى»)دە يەزىدنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن

ئاتاكىغا ئۆتكەنلىكى مەدھىيەلەنگەن. ئەبۇ ئەييۇب مۇشۇ جەڭدە ئۆلگەن ۋە كونستانتىنوپول شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى كېيىنچە مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ قالغان، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرغان. كونستانتىنوپولغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم يەتتە يىل داۋام قىلغان دېڭىز ئۇرۇشىغا (674 ـــ 680) سەۋەب بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ۋىزانتىيەلىكلەر ئاق فوسفور بىرىكمىسىدىن ئىشلەنگەن «گىرېك ملىتىق دورىسى»نى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈنلا شەھەرنى ساقلاپ قالالىدى. لېكىن، مۇسۇلمان فىلوتى رودېس ئارىلىنى ئىشغال قىلدى.

**ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش** مۇئاۋىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىدەك تارقاق ئۇيۇشقان خەلق ئەسكەرلىرى ئەمەس ئىدى، ئەنئەنىۋى خەلىپىلەر دەۋرىدىكى تارقاق قەبىلە قوشۇنلىرىنىڭ بىرىكمىسىگىمۇ ئوخشىمايتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردىكى قوشۇن ئىسلام دىنىغا بولغان قىزغىنلىق، ئېتىقاد ۋە مۇھەببەت، شۇنىڭدەك ئالاھىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىتائەت بىلەن بىرلەشكەن قوشۇن ئىدى. مۇئاۋىيە قوشۇننى تېخىمۇ سىستېمىلىق قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەمەنلىكلەرمۇ، سۈرىيەلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ساپ ئەرەبلەردىنلا تەشكىللەنگەن قوشۇن ئەمەس ئىدى. مۇئاۋىيە بىر لەشكەر سۈپىتى بىلەنمۇ، بىر سەركەردە سۈپىتى بىلەنمۇ ئەلى تىپىدىكىلەردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي تەشكىلاتچى ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق ئىنتىزاملىق بولۇپ، ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

**مۇئاۋىيەنىڭ خاراكتېرى** مۇئاۋىيە زېرەك ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ بىر تۈركۈم سادىق، قابىلىيەتلىك ياردەمچىلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىردا ئەمىر ئىبنى ئاس، بەسرەدە زەئىد ئىبنى ئەبىھە، كۇفەدە مۇغىرالار بار ئىدى. مۇئاۋىيە چىنىققان دىپلومات ۋە تەدبىر ئۇستازى ئىدى. ئۇ تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن بەخۇدۇك سۆزلىشەلەيتتى. شەكسىز قابىلىيەتلىك كىشى بولمىسىمۇ، مۇسۇلمان تارىخشۇناسلىرى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلماي كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇئاۋىيەنى ئەيىبلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ خەلىپىلىكنى ئىمپېرىيەگە ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئالدىنقى تۆت خەلىپەدىن ۋە دۆلەتنىڭ يولباشچىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى، مۇئاۋىيە خەلىپە دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇنى ئىسلامىيەتنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يولباشچىسى دەپ قاراشقا بولمايتتى. ئۇ ھەر قېتىملىق جۈمە نامىزىدىن كېيىنكى خۇتبىدە ھەزرىتى ئەلىنى ئاشكارا ئەيىبلەيدىغان يامان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. ئۇ يەنە دەسلەپكى خەلىپىلەر يولغا قويغان ئىزباسار سايلاش پىرىنسىپلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى، مۇئاۋىيەدىن باشلاپ ئاممىنىڭ ئارزۇسى كۆزدە تۇتۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇئاۋىيە ئۆزىنىڭ ئوغلى يەزىدنى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى، بۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق سىياسىيسىغا يول ئېچىپ بېرىلدى. مۇسۇلمانلار دېموكراتىيەسى زور دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. ئەمما، مۇئاۋىيەنىڭ پادشاھلارغا خاس گۈزەل ئەخلاقىغا ئىگە، قابىلىيەتلىك ھۆكۈمدار ۋە ياخشى باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار ناھايىتى ئاز.

**يەزىد (683 — 690)** يەزىد ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ئاپەت ۋەقەسىنى ئىككىنچى بابتا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. ھۇسەيىن

ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەزىدنىڭ بىرلا رەقىبى قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ئىدى. ئۇ ھۈسەيىننىڭ ئۆلۈمىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى مەككىنىڭ مۇستەقىل خەلىپىسى دەپ ئاتىدى ھەمدە ئىنىسى مۇسانى ئىراقنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. يەنە پەلەستىن ئۆلكىسىگە دەھھەق ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىرسىنى ۋاقىتلىق ۋاكالەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. جەنۇبىي ئەرەبىستاندىكىلەر ئۇنى قوللايتتى، ھىجاز رايونىدىكىلەرمۇ ئۇنى قوللىدى، شۇڭا يەزىد دەرھاللا بىر قوشۇننى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇنغا مۇسلىم ئىبنى ئۇقبە باشلىق بولۇپ، بۇ ئۆلكىلەرنى تىنچىتىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ يولغا چىقتى، مۇسلىم مۇئاۋىيەنىڭ داڭلىق سەركەردىسى ئۇقبەنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇللا 683 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەدىنە يېنىدىكى مەررە دېگەن جايدا ئۇقبەگە قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەدىنە شەھىرى ئۇقبە قوشۇنى تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىندى، ئۆلۈش - يارىلىنىش ئېغىر بولدى. بۇ پەيغەمبەر شەھىرىنىڭ ئابرۇيىغا بېرىلگەن بىر زور زەربە بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەدىنىنىڭ سىياسىي مەركەزلىك ئورنىغا خاتىمە بېرىلدى. ئابدۇللا مەككىگە چېكىنىپ باردى، ئۇقبە ئۇنىڭغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىش جەريانىدا يولدا كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھۈسەيىن ئىبنى نۇمەير چىقتى، ئۇ مەككىگە زەربە بەردى ۋە مەككىگە ئىنتايىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، مۇقەددەس جاي كەبىگە قىلچە تەپ تارتماستىن كاماندار ۋە قونداق زەمبىرەكتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئوق زەربىسىدىن كەبىگە ئوت كېتىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. كېيىنكىلەر بۇ قېتىمقى ۋەقەنى يەزىدنىڭ بىھۆرمەتلىكىدىن كۆرۈشتى. يەزىد ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى، ھۈسەيىن نۇمەير يېڭى خەلىپىنىڭ ئۆزىگە قانداق مەنسەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ لەشكەرلەرنى باشلاپ قايتىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

**مەرۋان ئىبنى ھەكەم (683 ـــ 685)** يەزىد ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە II تەختكە چىقىپ ئاران ئۈچ ئايلا ھۆكۈم سۈرەلىدى. ئارقىدىن قېرى مەرۋان خەلىپە بولدى. ئۇ خەلىپە ئوسماننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوسماننىڭ باش كاتىپى بولغانىدى. ھازىر ئۇ 70 ياشتىن ئاشقاچقا، ئاران ئىككى يىل ھۆكۈم سۈرەلىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەسەبىدىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ـــ مەرۋانلار سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىدەك پاكىت بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەۋرىسى 743 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى 750 ـ يىلى بەربات بولغانلىقتىن، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ تارىخى ئەمەلىيەتتە مەرۋانلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەرۋان ھەققىدە ئۇنىڭ دەھھەقىقە قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. دەھھەق بولسا ئابدۇللا زۇبەير تەرەپتە تۇرغانىدى، چۈنكى ئۇ ئابدۇللا زۇبەير خىزمەتكە قويغان ئەمەلدار ئىدى. مەرۋان دەمەشق يېنىدىكى مەرج رەھىت سوقۇشىدا دەھھەقنى مەغلۇپ قىلدى. دەھھەق ئۇرۇشتا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن مەرۋان پۈتۈن سۈرىيەنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. ئىراقلىقلارنىڭ بىر بۆلىكى ھۈسەيىننىڭ ئىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، سۇلايماننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ بىر مەزگىل مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسىمۇ، ئاخىر بېسىقتۇرۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەرۋان يەنە ئىراقنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

**ئابدۇل مەلىك (685 ـــ 705)** مەرۋاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مەلىك تەختكە ئولتۇردى. ئۇ مۇسۇلمانلار تارىخىدا پادىشاھلارنىڭ ئاتىسى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر، چۈنكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ھەممىسى خەلىپە

بولغانىدى. ئىسلامىيەتنىڭ بارلىق زور ئىستېلا ۋە كېڭەيمىچىلىكلىرى ئەنە شۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋەلىد ۋە ھاشىملار ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا، خەلىپىلىك ھەقىقەتەنمۇ تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چېگراسى پىرېنېي تاغ تىزمىلىرىدىن جۇڭگو چېگراسىغىچە سوزۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە كۈچ - قۇدرىتى يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. ۋاھالەنكى، دەسلەپكى چاغلار ئابدۇل مەلىككە ئۇنچە ئاسان چۈشمىدى، ئىراق ئۇ مۇئاۋىيەگە ئوخشاشلا قابىلىيەتلىك ھۆكۈمران ئىدى، ئىدارە قىلىش قىيىن بولغان كىشىلەرنىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى. ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلارنى تەرتىپلىك باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ئىستېلالار ئارقىلىق ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ ھەججاج ئىبنى يۇسۇپ ۋە مۇسا ئىبنى نۇسەير ئىسىملىك قابىل ئىككى سەركەردىسى بار ئىدى. بۇ زور خەلىپىلىكنىڭ كۆرۈنەرلىك كېڭىيىپ كېتىشى مۇشۇ ئىككى سەركەردىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

**ھەججاج ۋە ئابدۇللانىڭ مەغلۇبىيىتى** ھەججاجنىڭ تاپشۇرۇۋالغان بىرىنچى ۋەزىپىسى ھىجاز ۋە ئىراقنى بويسۇندۇرۇش بولدى. ئۇ چاغدا ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير يەنىلا ئۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللانىڭ مەككىنىڭ مۇستەقىل خەلىپىسى بولۇۋالغىنىغا توققۇز يىل بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ رەقىبى ھەججاج غەلىتە ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مەكتەپ مۇدىرى ئىدى، ئىراق ھەربىي بولۇشى بىلەنلا ھەربىي ئىشلار جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك زېھنىي كۈچى، ئىرادىسى، ھەتتا زالىملىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ نامى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكى

بارلىق ئۆكتىچىلەرگە بىر خىل ۋەھىمە بولۇپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەككىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭدا مۇقەددەس جايغا نىسبەتەن ھېچقانداق ھۆرمەت ھېسسىياتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئادەتتىكى قەلئە قاتارىدا كۆرۈپ، ئوت ۋە سالغا تاشلار بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇممەييەلەر ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرىنى ئەزلىدىن ھەقىقىي چۈشەنمىگەن ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلمىغان دەپ قاراپ كەلگەنلىكلىرى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ھەججاج كەبە قورۇسىغا يامغۇردەك تاش ياغدۇردى، تۆرلۈك چارىلەر بىلەن بۇ جايغا ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇللانىڭ ئانىسى ئەسما ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاچىسى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ياشانغان ئايال، تېنى ئاجىز بولسىمۇ، قەلبى دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭ يالقۇنى ۋە جاسارىتى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ئۇ ئوغلىنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۇردى. ئوغلىمۇ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە دۈشمەنلەر بىلەن ئۇزاق ئېلىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ كەسكىن ۋە باتۇرانە مۇداپىئەسى ئۇنۇم بەرمىدى، چۈنكى ھەججاج تاش يۈرەك ئادەم ئىدى. ئابدۇللا بىر قېتىملىق قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشتا قازا قىلدى، دۈشمەن قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ دەمەشققە ئەۋەتتى. ھەججاج ئۇنىڭ باشسىز گەۋدىسىنى مەككىنىڭ قەلئەسىگە ئاستى، باشقىلارمۇ ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە ئۇچرىدى. مەدىنە بويسۇندۇرۇلۇپ بولغانىدى، ئەمدىلىكتە مەككىمۇ ئېلىندى. مەككىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ھىجازنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىق ئورنىمۇ كەلمەسكە كەتتى. ساق قالغانلارنىڭ تولىسى مەككىنى تاشلاپ، ئافرىقا ياكى ئىسپانىيە ئالدىنقى سېپىگە كەتتى، چۈنكى ئۇ يەردە يەنىلا نام ـ ئابروي قازىنىشقا بولاتتى.

**ھەججاجنىڭ ئەرەبىستاننى بويسۇندۇرۇشى** ھەججاج ئابدۇللانى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ھىجازغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىي ئۆلكىسى يەمەنگە قاراتتى. ئۇ بۇ يەرلەردە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى يېڭىباشتىن ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى، چۈنكى ئۇ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىمۇ بىتچىت قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇ ئىراققا يۈزلىنىپ، بۇ بوران - چاپقۇن مەركىزىنى بويسۇندۇرماقچى بولدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاسانغا توختايتتى. ئۇنىڭ قانداق بويسۇندۇرغانلىقى ئەرەب تارىخلىرىدا قەيت قىلىنغان.

**ئىراقنى ئىستېلا قىلىش** ھەججاج چېۋەر ئىستراتېگىيەچى بولۇپ، ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش ئۈنۈم بەرمىسە، دەرھاللا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىناتتى. ئىراقنى بويسۇندۇرۇشتا، ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ سۈپىتىدە 12 كىشىنى تاللىۋېلىپ، تۆگىچى قىياپىتىدە ياسىنىپ كۇفەگە خۇپىيانە كېلىدۇ. ئۇ كۈنى دەل جۈمەگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى كۇفە جامەسىگە يىغىلغانىدى. ئۇ ناماز ئوقۇيدىغانلارغا قوشۇلۇپ مەسچىتكە كىرىۋالىدۇ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، نىقابىنى سېلىپ تاشلاپ تۇيۇقسىزلا مۇنبەرگە سەكرەپ چىقىدۇ، ئاندىن يۈزىنى ئورىۋالغان ياغلىقىنى ئېلىۋېتىپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن: «كۇفەلىكلەر، قارىسام كاللاڭلار پىشىپ قاپتۇ، ئۈزۈۋېتىسە بولىدىغان ۋاقتى بوپتۇ، سىلەر ھەمىشە ئايەت تېرىپ كەلدىڭلار، لېكىن بۇ قېتىم بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىڭلار. ئايەتىڭمۇ ھامان چېكى بولىدۇ، مېنىڭ

سۆزۈمگە كىرىڭلار، ئاخىرلاشتۇرىدىغان ۋاقىت يەتتى، مېنىڭ قىلىچىم ئۇنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ» دەپ ۋارقىرايدۇ. كۇفەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى قۇرۇق گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەججاج توغرىسىدا ئاڭلاشقان، ئۇنىڭ ئادەم ھاياتىنى ئەتىۋارلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، جاھىللارنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سالدى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي تەھدىتىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ كۇفە شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى قانغا بويىدى، قارشىلاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە قىرغىن قىلدى. بەزى تارىخشۇناسلار ھەتتا ئۇ 100 مىڭ ئادەمنى قىرغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. بۇ كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ مۇنەۋۋەر سەركەردە، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدارە قىلغۇچى ۋە جاسارەتلىك، يىراقنى كۆرىدىغان كىشى بولسىمۇ، ئۇنى مۇسۇلمانلار تارىخىدا يەزىدتىن كېيىنكى ئەڭ يىرگىنچلىك كىشى دېيىلسە ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

**مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ تۆۋەنكى سىند رايونىنى ئىستىلا قىلىشى (712 ـ يىلى)** ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ، دەل ھەججاجنىڭ باش جىيەن ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى قاسىم بۇيرۇقىغا بىنائەن تۆۋەنكى سىند پادىشاھىنى جازالاشقا ئاتلاندى، چۈنكى سىند پادىشاھى ئەرەبلەرنىڭ سودا كېمىلىرىنى بۇلىغان دېڭىز قاراقچىلىرىنى قوغدىغانىدى. بۇ جازا يۈرۈشى ماكران ۋە ھازىر لاسبېلا، كالات دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. كۆپ جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى نېز پورتى ۋە فاننازپور، كۇزدار، قەندەبىلغا ئوخشاش مۇھىم شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. لېكىن، ھەججاجدىن بۇرۇن سىند رايونىغا سىستېمىلىق، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلمىغانىدى. دەل ھەججاجنىڭ جىيەن ئوغلى ۋە كۈيۈ ئوغلى ياش مۇھەممەد بۇ رايوننى بويسۇندۇردى ھەمدە

ھىندىستاندا ئىسلام دىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىكلىدى. مۇھەممەد 712 ـ يىلى تۆۋەنكى سىندنى، 713 ـ يىلى نىرون (ھازىرقى ھەيدەرئاباد)نى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن لەشكەر تارتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ مۇلتانغا يېتىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن سىند ۋە تۆۋەنكى پەنجاپ مەڭگۈلۈككە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

**كابۇل ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىستېلا قىلىنىشى** ھەججاج ئۆزىنىڭ يەنە بىر سەركەردىسى ئابدۇلرەھمان ئىبنى مۇھەممەدنى كابۇلدىكى ئولىپان تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان تۈرك پادىشاھتى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئابدۇلرەھمان ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە باش ئەگدۈردى. ھەججاج ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى، شۇنداقلا تېخىمۇ داڭلىق سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى خۇراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەندى. قۇتەيبە 705 ـ يىلى جەيھۇن دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بەلخ ۋە بۇخارانى بويسۇندۇردى. ئارقىدىنلا پۈتكۈل سەمەرقەند رايونىنى بويسۇندۇردى، خارەزىمدىن ئۆتۈپ كاسپى دېڭىزىغا يېتىپ باردى. مىلادىيە 713 ـ يىلىدىن 715 ـ يىلىغىچە قوشۇنلىرىنى باشلاپ فەرغانىگە كىرىپ، ھازىر يىراق ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئاتىلىدىغان جايلاردا ئىسلامىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى.

**ۋىزانتىيەلىكلەر ۋە بەربەرلەر** ئابدۇلمەلىككە يەنە شىمالدىكى ۋىزانتىيەلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك ئاسىيا چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمەلىك كىچىك ئاسىياغا بىر قوشۇن ئەۋەتىپ، سىۋاستىپولدا ۋىزانتىيەلىكلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 707 ـ يىلى تىيانا، سارس ۋە پىرگاموس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئىگىللىدى ھەمدە 716 ـ يىلى كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلدى. ئافرىقىدا مۇسۇلمان قوشۇنلىرى تېخىمۇ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ئابدۇلمەلىك داڭلىق سەركەردە ئۇقبەنىڭ مەرھەمى زۇبەيرنى ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، جېدەلچى بەربەرلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. زۇبەير ئۇ يەردىكى بەربەرلەر ۋە رىملىقلارنى تازىلىدى، ئەمما ئۇ بىر خاتاغا يول قويدى. ئۇ قوشۇننى تاغلىق رايونغا ئەۋەتىپ، قەيرۇۋاندىكى لاگېردا ئاران بىر ـ ئىككى مۇداپىئە ئەترىتىنىلا قالدۇردى. نەتىجىدە بىر كۈنى كېچىسى بەربەرلەر ئۇنى قورشىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمەلىك يەنە ھەسەن ئىبنى نامان (700 ــ 793)نى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئۇ بەربەرلەر ۋە رىملىقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇننى تارمار قىلىپ قەيرۇۋاننى يەنە قايتۇرۇۋالدى ھەمدە مىسىر فىلوتىنىڭ ياردىمىدە كارتاگىننى بېسىۋالدى. بەربەرلەر كاھىنە ئىسىملىك بىر ئايال ئاتامانىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە بىر قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋارىچىلىكمۇ پەيدا قىلمىدى.

**ئىمپېرىيەنىڭ ئەرەبلىشىشى** ئابدۇلمەلىك ئۆزىنىڭ ئىستىلالىرى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز دۆلىتىنى ئەرەبلەشتۈرگەنلىكى بىلەنمۇ كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئابدۇلمەلىككە قەدەر يۇنان تىلى ۋە پەھلىۋى تىلىنى دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىپ، يۇنان ياكى پارس تىللاسى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئەرەب تىلى دۆلەت تىلى قىلىندى، يۇنان تىللاسىنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىللاسى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشىمۇ پەيدىنپەي ئەرەبلەر ياكى يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر ئۆتكۈزۈۋالدى. ئابدۇلمەلىك يەنە يېرۇسالېمدا بىر مەسچىت سالدۇرغانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر،

بۇ مەسچىت گۇمبەز مەسچىت دەپ ئاتالدى. ئۇ يەنە خەلىپىلىكتە مۇنتىزىم پوچتا ئىشلىرىنىمۇ يولغا قويدى. مۇسۇلمانلار زاكات-تىن باشقا باج ــ سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىندى، لېكىن بۇ تەد-بىرنىڭ ئەۋزەللىكى گۇمانلىق. چۈنكى، ئۇ بىر تەرەپتىن يېڭىدىن دىنغا كىرگۈچىلەرنى يېزىدىن شەھەرگە كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنى ھەربىي قوشۇنغا قوشۇپ يېڭى مۇسۇلمانلارغا ئايلاندۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ كىرىمىنى زىيانغا ئۇچراتتى. چۈنكى، يېڭىدىن دىنغا كىرگەنلەر تاپشۇرىدىغان باج مۇسۇلمانلارنىڭكە-دىن ئاز بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قوشۇنغا كىرىش بىلەنلا بارلىق باجلاردىن كەچۈرۈم قىلىناتتى، ھەتتا مائاشقا ئىگە بولات-تى، بۇ دۆلەت خەزىنىسىنى ھەسسىلەپ زىيانغا ئۇچرىتاتتى. بىراق، ئۇ ئىسلامىيەتكە كۆپلەپ لەشكەر يەتكۈزۈپ بەردى. بەل-كىم ئابدۇلمەلىكنىڭ بۇ تەدبىرنى قوللىنىشى دەل ئۇنىڭ قورال-لىق ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ھەربىي قوشۇنغا موھتاج بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

**شىئە مەزھىپى ۋە خاۋارىجلار مەزھىپى** ئابدۇلمەلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋردە، شىئە مەزھىپى بىر قەدەر ياخشى شەكىللىنىۋالغانىدى. ئىماملار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارمۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە راۋاجلىنىپ رەسمىي ئەقىدىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇلمەلىك دەۋرىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. خاۋارىجلار مەزھىپىنىڭ ئېتىقادىمۇ بۇ چاغدا كۈچەيگەنىدى. بۇ مەزھەپ سوتسىيال رادىكاللار مەزھىپى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پەقەت مەۋقەسى ياخشىلا بولىدىكەن، خەلىپە بولۇپ سايلىنالايدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ قاراش شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىدى، شىئە مەزھىپى خەلىپىلىكنى ئاللاھ ئاتا قىلغان، پەقەت ئىسلىزادە شېھىت ھۈسەيىننىڭ ئەۋلادلىرىلا خەلىپە بولالايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. خاۋارىجلار خەير ــ ئېھسان ئىشلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنىڭدەك چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق كىشى ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ، دەپ سادىقلىق بىلەن ئېلان قىلغان. بۇ ئىككى مەزھەپ بىر ـ بىرىگە كەسكىن ھۇجۇم قىلىشىپلا قالماي، بەلكى ھەر ئىككىلىسى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى ئىدى. بۇ چاغلاردا بۇ ئىككى گۇرۇھ تېخى تۈزۈك ئىش قىلىپ باقمىغانىدى، ئەمما ئۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغاندا، ئۇلار قەتئىي قارشى تۇرۇش، يۈز ئۆرۈش خاھىشىدا بولۇش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتەك ۋاستىلەر بىلەن ئۇنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتتى.

**ئابدۇلمەلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى** ئابدۇلمەلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى قانلىق بەدەللەرنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خەلىپىلىكنى مۇستەھكەملىدى. سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇشتا كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ئەقىللىك كىشى ئىدى، كىشىلەرنى چۈشىنىشكە ۋە ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. ئىش بېجىرىشتە قوپالراق بولسىمۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا تاكتىكا ئىشلىتىشنىمۇ بىلەتتى. دۆلەتنى ئەنئەنىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتتى. مۇسۇلمان پادىشاھلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلەيدۇ.

**ۋەلىد (705 — 715)** ئابدۇلمەلىكنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد ئولتۇردى، ئۇ ئۆزى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا ئىسپانىيەنى ئىستېلا قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ھەسەن ئىبنى نامان بەربەرلەرنى بويسۇندۇرغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ داڭلىق بىر سەركەردە ئۇنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ كىشى مۇسا ئىبنى نۇسەير بولۇپ، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ زېمىنىنى

ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بويىغا قەدەر كېڭەيتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەھرىمى، ئازاتگەردە قۇل تارىقنى تانگېرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. تانگېر ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قىرغىقىدىكى بىر شەھەر ئىدى. دەل مانا شۇ تارىق ئىسپانىيەنى بويسۇندۇردى.

ئىسپانىيەنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى (712 ـ يىلى) گوتلارنىڭ ئىسپانىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى، لېكىن 709 ـ يىلىغا كەلگەندە رودېرىك دېگەن بىرسى ئىسپانىيەنىڭ باش پادىشاھىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن پادىشاھ تارىقتىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن 710 ـ يىلى تارىق 500 بەربەرنى ئۇ يەرنى چارلاپ كېلىپ ئۆزىگە مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋال توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تارىق ئۆزى 7000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇ يەر ئۇنىڭ نامى بىلەن جەبىلتارىق ياكى تارىق تېغى دەپ ئاتالدى، ھازىرمۇ جەبىلتارىق دەپ ئاتىلىدۇ. تارىق داڭدار سەركەردە ئىدى، ئۇ قوۋۇقىدەك تېز سۈرئەت بىلەن جەڭ قىلىپ، مالاگا، كوردوۋا، گىرانادا ۋە تولېدونى ئىستېلا قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئاندالۇزىيەنىڭ بارلىق چوڭ شەھەرلىرىنى بويسۇندۇردى. ئافرىقىنىڭ باش ۋالىيسى مۇسا ئىبنى نۇسەير بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ـــ بۇنى تارىققا ھەسەت قىلغانلىقىدىن دەپ چۈشەنسە بولار ـــ ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئىسپانىيەگە كەلدى. لېكىن، بۇ چاغدا تارىق رودېرىك بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ھەمدە 711 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇنىڭغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى. ئۇزاققا بارماي بۇ دۆلەتنىڭ باشقا جايلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇسۇلمان ئىستېلاچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مۇسا ئىسپانىيەدە** مۇسا 712 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 10 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئىسپانىيەگە باردى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرەب ئىدى. ئۇ مېدىنا، سىدونىيە، سېۋىلىيە ۋە مېرىدارلارنى ئىستىپلا قىلدى. ئۇ كەلگۈچە تارىقنىڭ ئىسپانىيەنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسىم رايونىنى بويسۇندۇرۇپ بولغانلىقىغا ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇسا تارىقنى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى دەپ قامچىلىغانىكەن، بۇ بەلكىم ھەقىقەتەن بولغان ئىش بولۇشى مۇمكىن ياكى پەقەت مۇشۇ چۆچەكنى توقۇغۇچىنىڭ خىيالىي ئويدۇرمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، مۇسا بۇ ياش سەركەردىنىڭ ئۆلمەس تۆھپىلىرىنى تارتىۋالالمايتتى. ئىسپانىيەنى ئىستىپلا قىلىش داۋاملاشتۇرۇلۇپ، 713 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل ئىسپانىيەنى مۇسۇلمانلار تىزگىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي مۇسا ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بولۇپمۇ بۇ چاغدا ئافرىقا بىلەن ئىسپانىيەنىڭ بىرلەشمە ۋالىيسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ قويدى. لېكىن، ۋەزىيەت ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ھوقۇق تۇتۇشىغا يول قويمىدى.

**مۇسانىڭ چاقىرتىۋېلىنىشى** رەھىمسىز تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى ھەقىقەتەن بىلىش قىيىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەمدى مۇسانى تارىققا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتە ئەيىبلەش نۆۋىتى ۋەلىدكە كەلدى. مۇسانىڭ خاتالىقى ھەربىي بۇيرۇققا قارشىلىق قىلغانلىق ئىدى. مۇسانىڭ ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ۋەلىد ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلىغان، بولۇپمۇ ھەسەتخور مەسلىھەتچىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ۋەلىد ئۇنى دەمەشققە چاقىرتىۋالغان. مۇسا ئوغلى ئابدۇل ئەزىزنى سەركەردىلىككە تەيىنلەپ قالدۇرۇپ، ئۆزى ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ

كۆمۈش، ياقۇت قاتارلىق ئۈرۈش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ دەمەشققە قايتقان. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەسىرگە چۈشكەن شاھزادە، مەلىكە ۋە سوۋغا ـ سالام كۆتۈرگەن قۇللاردىن تەشكىل تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى بىرنەچچە يۈللۇق مۇساپىگە سوزۇلغان. پايتەختتە زەپەر قۇچۇپ قايتقان بۇنداق ھۆرمەت قاراۋۇلى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايتتى. يىراقتىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شانلىق دەۋرلىرىدىلا، زەپەر قۇچۇپ قايتقان سەركەردىلەر مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك سورۇننى تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانىدى. مۇسا دەمەشققە قايتىپ كەلگەندە ۋەلىد ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ بۇ ئىسلامىيەت چاكىرىنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىنى مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە بۇ باش ۋالىينى قىزغىن قوبۇل قىلغان. بىراق، ۋەلىدنىڭ ۋارىسى، ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان ئىچى تار كىشى ئىدى. ۋەلىد ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ مۇسانى، يەنى بۇ ئىستىلاچىنى ھاقارەتلىگەن، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتكەن، ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا زادىلا ئىسپانىيەگە بارالمىغان. مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ سەركەردىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىش نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، بىراق زالىم پادىشاھلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئۆچلۈك قىلىدۇ. مۇسا بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ غورىبەتچىلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن. تارىخنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىدىن ياخشى بولۇپ كەتمىگەن، ھەتتا مۇسانىڭ ئوغلى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسپانىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئابدۇل ئەزىزمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بەلكىم دەمەشقتىكى خەلىپىلەر بۇ ئىستىلاچىلارنىڭ يىراق ئىسپانىيەنىڭ مۇستەقىل پادىشاھىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندۇر. مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارالسۇن، مۇسا تارىق ۋە ئەزىزلەرگە قىلىنغان مۇئامىلىلەرنى كەچۈرۈپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان سەركەردىلەرنىڭ ھاكىم

www.uyghurkitap.com

مۇستەبىتلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئالا كۆڭۈللۈكىدىن خۇدۇكسىرەپ، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ئۆزىگە كېيىنلىك يول قالدۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

**مۇھەممەد ئىبنى قاسىم (714 ـ يىلى)** يۇقىرىقىدەك ئىش سىندىنىڭ ياش باش ۋالىيسى مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھىندى دىندارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئىراق، ھەججاج ئىبنى يۇسۇپ 714 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ــ بۇ غەلىتە شەخس قابىلىيەت بىلەن، ھەتتا داڭقى بىلەن 20 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىراقنىڭ ئىگىلىك ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، خەلىپىلىكنىڭ تېررىتورىيەسىنى خېلى كېڭەيتكەنىدى ــ خەلىپە مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا قويۇلغان ئەيىبلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقى كېيىن ئىسپاتلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆلۈشى ئوردىدىكى ھەججاجقا قارشى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئابدۇلمەلىك بىلەن ۋەلىدنىڭ ئۇچىنچى ئۇلۇغ سەركەردىسى قۇتەيبە خۇراساندىكى ئىچكى مالىمانچىلىقتا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋردىكى ئۇلۇغ سەركەردىلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. كىشىلەر بۇ ئىسلام باتۇرلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قايغۇرۇشتى، ئۇلار بۇ سەركەردىلەرگە قىلىنغان سوغۇق مۇئامىلىنىڭ چوقۇم جايلاردىكى لەشكەرلەرنىڭ روھىنى سۇندۇرىدىغانلىقىنىمۇ بايقاشتى. شۇڭا، شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان ئىستىلاچىلارنىڭ ھېچقاچان بۇرۇنقىدەك ئىستىلالارنى قىلالمىغانلىقىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

**كىچىك ئاسىيا** شىمالدىكى ئالدىنقى سەپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ۋەلىد ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى

چاغلاردىلا خېلى كۆپ ھەربىي پائالىيەتلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. 700 ـ يىلىدىن 701 ـ يىلىغىچە سىلىزىيە بېسىۋېلىنىدى، 714 ـ يىلى گالاتىيە بېسىۋېلىندى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە كەڭ كۆلەملىك تەييارلىقلار كۆرۈلۈپ، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن ۋىزانتىيەگە ھۇجۇم قىلىشمۇ پىلانلانغانىدى، بىراق ئەمەلگە ئاشماي قالدى. ئەمما، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى كىچىك ئاسىيا زېمىنىدا نۇرغۇن چەك نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. شۇڭا، ۋەلىد زامانى ئابدۇلمەلىكنىڭ زامانىغا ئوخشاشلا ئىستېلا دەۋرى بولغانىدى.

**ۋەلىدنىڭ خاراكتېرى** ۋەلىد دادىسى ئابدۇلمەلىكنىڭمۇ ساخاۋەتلىك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كىشى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن چىرايلىق ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى. مەكتەپ ۋە شىپاخانىلارنى سالدۇردى، كېسەل، ئاجىزلار ۋە يوقسۇللارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىش تۈزۈمىنى تۈرغۈزدى. ئۇ يەنە دارىلئېتام، ئەمالار سارىيى ۋە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى قۇردى، بازارلارنىڭ ئۆلچەملىك باھاسىنى بەلگىلىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مەدەت بەردى. گەرچە سۈرىيەلىكلەر ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك پادىشاھ دەپ قارىسىمۇ، ئۇ تېگىدىن بىر مۇستەبىت ئىدى. بەزىدە ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش زالىملىق قىلاتتى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى دەۋردە ئىسلامىيەتنىڭ كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمران ئىدى.

**سۇلايمان (715 ــ 717)** ۋەلىدنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان سۇلايماننىڭ ئالدىنىپ كونستانتىنوپولغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىلچىمۇ ئاتىقى چىقمىغانىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ۋىزانتىيە سەركەردىسى لېئو ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرغان، سۇلايمان ماقۇل بولۇپ، ئىنىسى مەسلەمەنى چوڭ قوشۇننى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ شەھەرگە

هۇجۇم قىلىش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن، مەسلەمە ھەتتا لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنى بويسۇندۇرغان. لېكىن، دەل شۇ ۋاقىتتا ۋىزانتىيە پادىشاھى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەن، سىپىل ئىچىدىكىلەر مەخپىي تۈردە لېئوغا ئەگەر سەن كېلىپ بىزگە ياردەملەشسەڭ، بىز سېنى پادىشاھ قىلىمىز، دەپ ۋەدە بەرگەن. دەسلەپتە خەلقىنى ساتقان بۇ مەخلۇق ئەمدىلىكتە مەسلەمەگە خائىنلىق قىلىپ، ۋىزانتىيەلىكلەر تەرەپكە ئۆتۈپ پادىشاھ بولغان. ئۇ مەسلەمە قوشۇنلىرىنىڭ تېگى - تەكتى ۋە ئورۇش قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى بىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە داڭدار سەركەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا مەسلەمەنىڭ قوشۇنىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتالايتتى. شۇڭا، مەسلەمە مۇھاسىرىنى بوشىتىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىمقى ئۇزۇن ھەربىي يۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ خەلقنى جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتقان مەغلۇبىيەتلىك يۈرۈش بولدى.

**مەسلەمەنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاقىۋىتى** بەزى تارىخچىلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ياۋروپانىڭ تەقدىرىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ياۋروپانى تىرىپىرەن قىلىۋېتىشىنى توسۇپ قويغان. بۇنداق قاراشنى ئادىل دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ۋەلىد دەۋرىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار باشقا جايلاردا كەڭ كۆلەملىك ئىستىلا ئېلىپ بارغان ئەمەس. روشەنكى، مۇسۇلمانلار بىرىنچى قېتىملىق كېڭىيىش دولقۇنىدىن كېيىن ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلالىرى ئاخىرقى چەككە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار كونستانتىنوپولغا قايتا ھۇجۇم قىلمىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ نامى پەيدا قىلغان ۋەھىمە تېخى بار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن

تارىخچىلارمۇ ياۋروپانى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىق تاجىنى ھەر رەڭ ـ ھەر شەكىلدىكى شەخس ۋە ۋەقەلەرگە كىيدۈرۈپ قويۇشقان. سۇلايمان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى پىرىنېي تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتكەن ۋە مۇسا ئىبنى نۇسەيرنىڭ ۋارىسى ھۆر ئىبنى ئابدۇلرەھماننىڭ قوماندانلىقىدا فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرىپ، گارون جىلغىسىدا ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى.

ئۆمەر Ⅱ (717 — 720) سۇلايماندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، ھۆرمەتكە لايىق ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز خەلىپە بولدى. بۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكىلەردىن ئابباسىيلار تارىخچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر خەلىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ تارىخچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇمەييەلەر جەمەتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۆمەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، مېھرىبان، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىدى. مۇئاۋىيە «خۇتبە»گە بىر خىل ئۇسال ئادەتنى كىرگۈزۈۋالغانىدى، بۇنداق «خۇتبە» ئادەتتە جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلاتتى. مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئىزباسارلىرى خۇتبە ئوقۇغاندا، ھەممىشە ھەزرىتى ئەلىنى قارغايتتى. ئۆمەر Ⅱ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بۇنداق ئادەتنى بىكار قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل كىشى بولغاچقا، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئەۋلىياسى دەپ ھۆرمەتلىنەتتى. ئۇ تۇرمۇشتا ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، ياماق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. مالىيە جەھەتتە بەزى ئىسلاھاتلارنى قىلدى، مەسىلەن، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ باج ـ سېلىقنى ئېلىپ تاشلىدى، بۇ مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەلىپىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرەتتى، چۈنكى ئۇ دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قوياتتى.

ئۇ شىمالدىكى ئىستىپلالارنى توختىتىپ قويدى، ئەمما مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئىسپانىيەدىكى ئىلگىرىلەشلىرىنى توسۇيالمىدى. ئۇ يەردە ئابدۇلرەھمان 717 ـ يىلى چېگرادىن ئۆتۈپ فرانسىيەگە كىرگەندىن كېيىن، ناربوندا چوڭ لاگېر قۇردى ھەمدە ئۇ يەردىن يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۆمەر II ئىسلام دېموكراتىيەسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغانىدى، شۇڭا يېڭىدىن دىنغا كىرگەنلەرگە ئوخشاش ئورۇن بەردى. ئۇنىڭ ئىسلاھاتلىرىغا باھا بېرىشىمىز تەس، چۈنكى ئۇ ۋاپات بولغاندا ئاران 39 ياش بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى ئۈچ يىلغا يەتمىدى. دەرۋەقە، ئۇ غەيرىي دىندىكىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئانچە ئوقۇمۇشلۇق ئەمەس ئىدى. گەرچە قوپال دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئۇ بەربېر خرىستىيانلارنى كەمسىتىدىغان سىياسەتنى يولغا قويغانىدى. كېيىنكىلەر بۇ خاتالىقنى ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەردىن كۆرۈشتى.

**يەزىد II** (724 — 720) ئۆمەر II نىڭ ئورنىغا يەزىد II ئولتۇردى، يەزىد ئابدۇلمەلىكنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغلاردا بىر چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دىققەتكە سازاۋەر بولغۇدەك ھېچ ۋەقە بولمىدى. خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى يەزىد ئىبنى مۇھەللەب قەرز مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆمەر II تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغانىدى. ئۇ زىنداندىن قېچىپ ئىراققا كېلىپ، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى خەلىپىدىن يۈز ئۆرۈشكە كۈشكۈرتىدۇ. يەزىد II سۇلايمان دەۋرىدىكى پېشقەدەم سەركەردە مەسلەمەنى غەلىيانني بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. مەسلەمە مۇئەللەب ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. يەزىد II يەنە مىسىردا بەزى ئىسلاھاتلارنى قىلىشقا تىرىشقان، ئۆمەر II بىكار قىلغان بەزى باج ـ سېلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. لېكىن، راھەت ـ پاراغەتكە

زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش قىزغىنلىقى ئۆزاققا بارالمىدى.

مىلادىيە 721 ـ يىلى مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىپ كۆردى. شۇ چاغدا فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىنى ساقلاۋاتقان لېگيون (جۇنتۇەن)نىڭ سەركەردىسى سام كىنەز دۇك ئېۋدۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تۇلۇز ئەتراپىدا مەغلۇپ بولدى. باشقا تەرەپلەردىمۇ چاتاق چىقتى. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قارغىش تەگكەن ماجىرالىرى ئەمدىلىكتە گارون جىلغىسىدا يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈردى، جەنۇبتىكى ئەرەبلەر بىلەن شىمالدىكى ئەرەبلەر ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ بولۇۋالدى ھەمدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا خەلىپىلىك يەنىلا مۇقىم بولۇپ، پۈتكۈل دەۋردە گۈللەپ ـ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى.

**ھىشام (724 ــ 743)** يەزىدنىڭ ئورنىغا ئۇلۇغ ئۇمەييەلەر جەمەتىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ــ ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوغلى ئولتۇردى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، مۇسۇلمان قوشۇنىدا ھۆرنىڭ ئىزباسارى ــ سام ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆلگەن ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن 720 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇلار فىرانسىيەدە يەنە پۇت تىرەپ تۇرالىدى ۋە سامنىڭ ئورنىغا چىققان ئابدۇلرەھمان ئىبنى ئابدۇللانىڭ قوماندانلىقىدا قاراملىق قىلىشلار يەنە باشلاندى. ئۇ يول بويى ئىلگىرىلەپ فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يېتىپ كەلدى، فىرانسىيەنىڭ ۋالىيسى چازلېز مارتېل باشچىلىقىدىكى فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى بىلەن تۇر دېگەن جايدا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى.

**تۇر ئۇرۇشى (732 ـ يىلى)** مىلادىيە 732 ـ يىلى تۇر

www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدا چوڭ ئۇرۇش بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى توپتوغرا بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ چەۋەندازلىرى فىرانك قوشۇنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغىدى، بىراق ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان فىرانك قوشۇنى ئۇيۇل تاشتەك چىڭ تۇرۇشتى. بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى دۈشمەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار تاكى گۇگۇم چۈشكەنگە قەدەر جەڭ قىلدى، ئەمما شۇ كېچىسى ئۇلار چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چېكىنىپ كەتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ ھاۋا ئېچىلغاندا، ئەرەبلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ قېتىمقى مەشھۇر تۇر ئۇرۇشىدا فىرانك قوشۇنلىرى تولۇق غەلىبە قىلدى دېيىش قىيىن. بىراق، نۇرغۇن تارىخشۇناسلار ئۇنى دۇنياۋى ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنىڭ بىرسى دېيىشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ، خىرىستىيان ياۋروپاسىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، دېيىشتى. ئەمما، ھازىرقى زامانىنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسلىرى بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر ئىلگىرىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ 20 يىلدىن ئىلگىرىكى قوزغالغان جايىدىن 1000 ئىنگلىز لىسى دېگۈدەك يىراقلاپ كەتتى. قاتناش سېپى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزىراپ، ئارىلىق بەكلا يىراق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئىختىلاپ پەيدا بولدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئۇلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكى ۋە ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقتىن بولدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ماجالى يەتمىدى، چۈنكى ئۇلار دەمەشق، ھەتتا ئافرىقىدىنمۇ بەك يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇلار فىرانسىيەدە ئىستىبلا قىلىشنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېيتقىنىدەك «غەزۋە»نى يەنە 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇردى. ئۇلار 734 ـ يىلى ئاۋىنيوننى ئىشغال قىلدى،

ئاۋىنيون فىرانسىيەنىڭ شەرقىدە ئىدى، 743 ـ يىلى ئۇلار ليوننى ئىشغال قىلدى، ليون فىرانسىيەنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شەھەر ئىدى.

**ئەلچىلەرنىڭ قوزغىلىڭى** ھىشام ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، ئەلچىلەر تۇنجى قېتىم خەلىپىلىك ئورنىغا ئىگە بولۇش ھوقۇق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىمام ھۈسەيىننىڭ كەربالا ئۇرۇشىدا ساق قالغان بىردىنبىر ئوغلى زەيد كۇفىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، شىئەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توپلاشتى. ئۇ كۆپ ئىسلاھاتلارنى قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، كۆپلىگەن يېڭى قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولدى. ئەمما، ھىشامنىڭ باش ۋالىيلىرىدىن يۇسۇف ئىبنى ئۆمەر بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ئاسانلا بېسىقتۇرۇۋەتتى. زەيد ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ شېرىكلىرى تارقىلىپ كەتتى. 100 يىلدىن كېيىن زەيدنىڭ كېيىنكى بىر ئەۋلادى يەمەندە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلىدى، ھازىرغىچە يەمەندىكى ئىماملار شۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلچە مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەلچىلەر دۆلىتى بوران ـ چاپقۇنلۇق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

**ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭلار** ھىشام ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغلاردا، ھەزەرلەر جەنۇبىي كاۋكازدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ باستۇرۇۋېتىلدى. گىيورگىيە بىر قاتار ئىستېلالار جەريانىدا يۇتۇۋېلىندى (727 ـــ 733). خۇراسان، ئىراق ۋە ئەل مەغرىبلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھەممىسىلا باستۇرۇۋېتىلدى. خاۋارىجلار ئىراقتا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، سوغدلار ۋە ئەرەبلەر خۇراساندا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تاشقى ئوكسۇس رايونىدىكى تۈركمەنلەرمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاۋاز قوشتى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى خالىد ئىبنى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا قەسرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خاۋارىجلار ئەل مەغرىبتە يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە شۇ يەردىكى بەربەرلەر بىلەن بىرلەشكەن بولسىمۇ، ئافرىقىنىڭ باش ۋالىيسى ھانزالا تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار ئۇمەييەلەر قۇرغان بىنانىڭ خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن لىڭشىپ قالغانلىقىنى، ئۇزاققا بارماي ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

**ئابباسىيلاردىن بولغان مۇھەممەدنىڭ قوزغىلىڭى** ھەشام ھاكىمىيەت بېشىدىكى دەۋر خەلىپىلىك ئورنىنىڭ يەنە بىر دەۋاگىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. پادىشاھلىق ھوقۇقى دەۋاسىنى قىلغان بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى، ئابباسنىڭ چەۋرىسى ئىدى. باشتا ئۇ شىئەلەرنىڭ كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇردى، ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى خەلىپىلىكنىڭ يىراق چېگراسىدىكى خۇراساندا بىر ھەرىكەت باشلىدى. ئۇنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى بىر قاتار تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىدى. ئۇلار خەلققە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمەتىدىن بىر نىجاتكار چىقىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىشتى. ئابباس جەمەتىنىڭ ھوقۇق دەۋاگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ئاستىدا ئەقىل - پاراسەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەبۇ مۇسلىم ئىسىملىك بىر قۇل بار بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جانجىگەر ئادىمى ئىدى. بۇ ئەبۇ مۇسلىم تارىختا «ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۇ ئادەم توغرىسىدا كېيىنكى بابلاردا تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمىز. پېرسىيەلىكلەر يېڭى ھوقۇق دەۋاگىرى تەرەپتە تۇرۇشقا باشلىدى، چۈنكى بۇ ئەرەبلەر ھاكىمىيىتىنىڭ بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. تۈپ -

ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بۇ پېرسىيەلىكلەرنىڭ ئاستا ــ ئاستا باش كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئىدى.

**ھىشام ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى** ھىشام ئاقچىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئالۋان ــ ياساقنى كۆپەيتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىغانىدى. ئېغىر باج ــ سېلىقلار نارازىلىقنى ئۇلغايتىۋەتتى، ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى ئابدۇللا قەسرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان زەي ئاقتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ۋە باشقا سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قىلچە باسالمىدى. چېرىكلىشىش كونسايىن ئېشىپ باردى، مەمۇرىي باشقۇرۇش بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى. ساپ ئەرەب قېنىدىكى كىشىلەر، يەنى ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يېڭى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى ــ جېدەللەر كۆپىيىپ باردى. ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق، بىر ــ بىرىنى قىرغىن قىلىش ۋە خۇپپىيانە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئۆچمەنلىك ــ بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان مۇسۇلمان پادىشاھلىرىدىكى ۋە مۇسۇلمان پادىشاھلىقىدىكى بىر خىل زەھەرلىك ئۆسمە ــ ئۇمەييەلەر سۇلالىسى خەلىپىلىكىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىشكە باشلىدى.

**ھىشامنىڭ ئىزباسارى (743 ــ 750)** ھىشامنىڭ ئىزباسارلىرى قابىلىيەتسىز چىقىپ قالدى، ئۇلار كۈچلۈك پادىشاھنىڭ ئاجىز ۋارىسى دۇچ كېلىۋاتقان يامان ھالەتنى ئۆڭشاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلىشمىدى. ئۇلار قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوۋ قىلىش ۋە زىياپەت ئۆتكۈزۈش ۋە كۆپلەپ خوتۇن ــ توقال ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. «ئېسىل ھاراق ــ شارابلار، سەتەڭ خېنىملار، نەغمە ــ ئۇسسۇللار» ــ پۈتۈن ئىمپېرىيە

لەنەت ئوقۇيدىغان بۇ ئۈچ نەرسە ئاخىرقى مەزگىلدە ئۈمەييەلەر سۇلالىسىنى پەسكەش ئاقىۋەتكە ئېلىپ كەلدى. ئاخىرقى پادىشاھ مەرۋان II قابىلىيەتلىك پادىشاھ ئىدى، لېكىن ئۇ تولىمۇ كېچىكىپ پادىشاھ بولدى. ھىشامنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ۋەلىد II ئولتۇردى. كىشىلەر ۋەلىد II نىڭ ئۈمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى شان ـ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈتۈشكەنىدى، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان يەزىد II نى مەرۋان ئاغدۇرۇۋەتتى، مەرۋاننىڭ دادىسى مېسوپوتامىيەنىڭ باش ۋالىيسى بولغانىدى.

**مەرۋان II (744 ــ 750)** مەرۋان II ناھايىتى قابىلىيەتلىك پالۋان ئىدى. ئۇ چاققان ۋە داڭلىق تەشكىلاتچى ئىدى، لېكىن ئۇ دېگىنىدە تۇرۇۋالىدىغان، باشقىلارنى سىغدۇرمايدىغان كىشى ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەبىلە توقۇنۇشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى، بولۇپمۇ خۇراساندا شۇنداق ئىدى. بۇنداق رىقابەتنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ، تۈرلۈكناملار بىلەن ئىپادىلىنەتتى.

**مۇدارىيە مەزھىپى ۋە ھىمىيەرىيە مەزھىپى** ئىككى تەرەپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەيسىيە مەزھىپى ۋە قەلبىيە مەزھىپى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر، شۇنداقلا مۇدارىيە مەزھىپى ۋە ھىمىيەرىيە مەزھىپى دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر. مۇدارىيە مەزھىپى ياكى قەيسىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھىجاز ۋە شىمالىي ئەرەبىستانلىقلار، ھىمىيەرىيە مەزھىپى ياكى قەلبىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەمەنلىكلەر، ياكى جەنۇبىي ئەرەبىستانلىقلاردۇر. بۇ ئىككى تەرەپ شۇ ۋاقىتتا روشەن گەۋدىلىنىپ چىققان ئىككى دىنىي مەزھەپكە ــ سۈننىي

مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن يەنە بىر مۇرەككەپ ئەھۋال بارلىققا كەلگەنىدى. مۇدارىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى سۈننىيلەر ئىدى. ھىمىيەرىيە مەزھىپىدىكىلەر بولسا شىئەلەرگە مايىل ئىدى. بۇ ئىككى چوڭ گۇرۇھ ھەممىلا يەردە ھىندى ۋە نىل دەريالىرىنىڭ جىلغىلىرىدا، سوغۇق خۇراسان رايونى ۋە ئافرىقا تاغلىق رايونلىرىدا دەتالاش قىلىشاتتى. ئۇلار يەنە ئاندالۇزىيە ۋە سىتسىلىيە ئارىلىدا بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىشقانىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىز كۈرەشلەر زامانىمىزغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىپ ئىسلامىيەتكە زور ئاپەت كەلتۈردى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مەرۋان II نى مۇدارىيە مەزھىپىدىكىلەر ھىمايە قىلاتتى، شۇڭا ھىمىيەرىيە مەزھىپى ئۇنىڭ ئۆكتىچىلىرى بولۇپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار يىراق خۇراساندا ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ چاغدا ئاببىاسىيلار جەمەتىدىن بولغان مۇھەممەدنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ئەبۇ مۇسلىم تەرەپ - تەرەپتە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇۋاتاتتى. مەرۋان II قابىلىيەتسىزلەر قاتارىغا كىرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خان جەمەتىگە بەختسىزلىك كەلتۈرگىنى ئۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك باشقا بەزى تەس ئىشلارنىڭ بولغانلىقى ئىدى. ئۇ ئەبۇ مۇسلىمنىڭ تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىدى.

**ئاببىاسىيلار جەمەتىدىن بولغان ئىبراھىم ۋە ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى** مۇھەممەد ئاببىاسىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاببىاس ئاخىر مىلادىيە 740 - يىلى خۇراساندا قارا بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئاق بايرىقىغا سېلىشتۇرما بولسۇن ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا قارا بايراق

www.uyghurkitap.com

قوللانغانىدى. ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ۋاكالەتچىسى ئەبۇ مۇسلىم[①] ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت يارىتىپ قويغانىدى. ئىبراھىم ئاباس ئەلى جەمەتى ئۈچۈن چىن قەلبىدىن جەڭ قىلغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى، شىئەلەر ئۇنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. رادىكال خاۋارىجلارمۇ ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ نامۇۋاپىق ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاللىبۇرۇنلا قاتتىق سەسكەنگەن بولۇپ، بىر ئۆزگىرىش بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ناسىر ئىبنى سەييار ئۇمەييەلەر خەلىپىسىدىن لەشكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى سورىغان بولسىمۇ، ياردەمچى قوشۇن ئۇزاققىچە يېتىپ كېلەلمىدى. ئۇمىدىنى ئۈزگەن ناسىر ئەمەلىنى تاشلاپ، ئۆزىگە سادىق قوشۇننى ئېلىپ خوراساننىڭ مەركىزى مەرۋدىن چېكىنىپ قاچتى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ داڭلىق سەركەردىسى قەھتەبا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلدى. مەرۋان II ۋەزىيەتنىڭ خەۋپلىكلىكىنى شۇ ھامان ھېس قىلىپ، باستۇرۇش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن ئەۋەتتى، لېكىن كېچىكىپ قالغانىدى. ئاباسىنىڭ قوشۇنلىرى توختىماي ئىلگىرىلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇسرەت قازاندى. ئۇلار ئىراققىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ كۇفەنى ئىشغال قىلدى. ئاباسىيلارنىڭ باشلىقى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىراقتىكى ئۇرۇشتا ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنى كۆپچىلىك ئارزۇ قىلغان قۇتقۇزغۇچى دەۋالدى. كىشىلەر ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلىشتى، چۈنكى ئۇلار ئەلى جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بىرەرى چىقىپ ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلار دەپ كۈتكەنىدى، بىراق بۇنىڭغا ئامال قىلىشالمىدى. ئاباسىيلار ئىشنى ناھايىتى

① ئەبۇ مۇسلىم — 747 ـ يىلى خوراساندا بولغان قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى ئاباس بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتاپ، ئاباسىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قاملاشتۇردى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى زاب دەرياسى بويىدا مەغلۇپ قىلىندى، مەرۋان II مىسىرغا قېچىپ باردى، ئۇ يەردە 750 - يىلى قولغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مۇئاۋىيە قۇرغان ۋە 90 يىلدەك دەۋر سۈرگەن بۇ پادىشاھلىق شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

**ئابباسىيلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى** ئابباسىيلار ئەمدى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قىرقىپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. ئۇلارنىڭ بىر سەركەردىسى ئابدۇللا ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكىلەرگە ھېچقانداق رەھىم قىلماسلىققا بەل باغلىدى. 750 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ 80 نەپەر خان - تۆرە، ئاقسۆڭەكلىرى ئەبۇ فۇتراس شەھىرىگە زىياپەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ شەھەر پەلەستىننىڭ جەففە ئەتراپىدىكى ئەۋجا دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقانىدى. ئابدۇللا زىياپەت ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەقەت ئابدۇلرەھمان ئىبنى مۇئاۋىيە خەۋپ - خەتەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ۋاقتىدا سېزىۋېلىپ دېرىزىدىن دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ قارشى تەرەپتىكى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىپ بىر ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلدى. ئابباسىيلارنىڭ قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، باتۇر، زېرەك بۇ شاھزادە ئىسپانىيەگە قېچىپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. ئابباسىيلار ھەتتا ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ جەسەتلىرىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئۆچ ئالدى. ئۇلار ئۇمەييەلەر سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئېچىپ، جەسەتلىرىنىمۇ ھاقارەتلىدى. ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ، ھاكىمىيەتنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر ئىگىلىدى، ئۇلار ئەمەلىيەتتىكى ئۆچىنىمۇ، خىيالىي ئۆچىنىمۇ قوشۇپ ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىن دەرد - ئەلەم تارتقان شېھىت ھۈسەيىن ۋە ھاشىم جەمەتىدىكى باشقا كىشىلەر ئۈچۈن ئۆچ - ئەنتىلىرىنى ئېلىشتى. بىراق، بۇ كىشىنى خۇش قىلىدىغان ھېكايە بولماس-

تىن، پەقەت ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋەھىمىلىك ئەرەبىستان-نى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالىدۇ، خالاس.

**ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى** بىز ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدىكى خەلىپىلىكنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىغا قارىتىشىمىز كېرەك. مۇئاۋىيە ئىسلاھاتنى يولغا قويغان تۇنجى ھۆكۈمران ئىدى. باشتا ئۇ ۋىزانتىيە بىلەن پېرسىيەلىكلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ كەڭ رايونلىرىنى بارا ـ بارا بەش رايونغا بۆلدى.

(1) ئىراق رايونى: بۇ رايون بەسرە، كۇفە، پېرسىيەنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرق قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىنچە كۇفەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيغا ئىككى مۇئاۋىن باش ۋالىي سەپلەپ بېرىلدى، ئۇنىڭ بىرىسىگە خۇراساننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى بىلەن تاشقى ئوكسۇس ئۆلكىسى قارايتتى. يەنە بىرسىگە سىند ۋە پەنجاپ ئۆلكىسى قارايتتى.

(2) ھىجاز رايونى: بۇ رايون يەمەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(3) ئەل جەزىرە رايونى: بۇ رايون دەجلە دەرياسى بىلەن ئېفرات دەرياسى ئارىلىقىدىكى شىمال قىسىم رايونلار — ئەرمېنىيە، ئەزەربەيجان ۋە ئوتتۇرا قىسىم كىچىك ئاسىياغا قوشنا رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

(4) يۇقىرى مىسىر ۋە تۆۋەن مىسىر رايونى.

(5) ئافرىقا رايونى: بۇ رايون شىمالىي ئافرىقىدىن مىسىرنىڭ غەربىي قىسمىغىچە بولغان جايلارنى ھەمدە سىتسىلىيە ئارىلى بىلەن ئىسپانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ مەركىزى تۇنىسنىڭ قەيرۇۋان شەھىرىدە ئىدى.

**رايونلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى** باش ۋالىينىڭ قول

ئاستىدا ئۈچ ئەمەلدار بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا سىياسىي ئىشلار، باج ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنى ئىدارە قىلاتتى. دىنىي ئورۇنلارنىڭ باشلىقى ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىقىنىمۇ بىللە ئۆتەيتتى، بىراق ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى مۇسۇلمانلار بىلەنلا چەكلىنەتتى، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنغا دائىر مەسىلىلىرى ۋە قانۇنغا دائىر تالاش - تارتىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلاتتى، بەزى تارىخشۇناسلار، مەسىلەن، ئەل كىندى ۋە ئىبنى قۇتەيبەلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مىلادىيە 643 - يىلىلا مىسىر ۋە سۈرىيەگە بىرىنچى تۈركۈمدىكى قازىلار (ئىسلام دىنى سوتچىلىرى)نى تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇزۇپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سەركەردە ۋە ۋىلايەت ۋالىيلىرى قانۇن ئىشلىرىنى ئۆزلىرى تۇتۇشقانىدى. ئەمما، مۇئاۋىيەنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ فەقىھلەر (دىنىي قانۇنشۇناسلار) ئىچىدىن قازىلار تەيىنلىنىدىغان بولدى. بۇ فەقىھلەرنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» ئالىملىرى بولۇپ، قانۇننى شەرىئەتكە ئاساسەن ئىجرا قىلاتتى ۋە يولغا قوياتتى.

**ھەربىي تەشكىلىي ئاپپاراتلار** ئەرەبلەردە ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۆپلەپ ھەربىي قوشۇن يوق ئىدى. ئۇلار ۋىزانتىيە ۋە پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن دۈشمەنلىرىدىن قوشۇن تەشكىللەشنى ئۆگىنىۋالدى ۋە تەقلىد قىلدى. قورال - ياراغلار قانداقلا بولمىسۇن بىر - بىرىنىڭكىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشىشىپ كېتەتتى: نەيزە، قىلىچ ۋە ئوقيادىن ئىبارەت ئىدى. ئەرەبلەر ۋىزانتىيەلىكلەرگە ئوخشاش يېنىك قۇياق - ساۋۇت كىيەتتى، پىيادە لەشكەر بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قورال - ياراغلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېتەتتى. قوشۇننىڭ تەشكىللىنىشى ھەممىشە تۆرشاۋۇل قىسىم، ئوڭ قانات قىسىم، سول قانات قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم ۋە ھىماتچى قىسىمدىن ئىبارەت، بۇنداق تەشكىللەش ئۇسۇلىمۇ ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش مەشقى ئۈچ خىل ئېغىر قورالنى، يەنى قونداقلىق زەمبىرەك، پالاخمان ۋە دەبىيابە (سېپىل بۇزۇش بازغىنى)لەرنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلاتتى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇنىڭ 60 مىڭ دائىملىق قوشۇنى بار بولۇپ، ئاساسلىقى سۈرىيەلىكلەردىن ياكى سۈرىيەلىك ئەرەبلەردىن تەشكىل قىلىنغانىدى. بىراق، قوشۇننىڭ سانى بارغانسېرى مۇقەررەر يوسۇندا ئازىيىپ باردى. مەرۋان II ھېچقانچە ئۇرۇش قىلمايلا ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ قالدى. روشەنكى، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ زور مىقداردا دائىملىق قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇئاۋىيە ياكى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدىن باشلاپلا قوشۇنلارنىڭ روھى ۋە ئىنتىزامى بۇزۇلۇشقا يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى** ئەرەبلەر دەسلەپتە دۇنيادىكى كىشىلەرنى ئاددىي ھالدا ئەرەبلەر ۋە غەيرىي ئەرەبلەر دەپ ئايرىيتتى. غەيرىي ئەرەبلەرنى «نادانلار» دەپ ئاتايتتى. ئەمما، بارا ـ بارا تۆت خىل پەرق شەكىللەندى.

(1) ئەرەبلەر: ئۇلار جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر ئىدى، شۇڭا ئىمتىياز، قوشۇمچە پۇل ياكى ئىنئام پۇللاردىن بەھرىمەن بولاتتى. بۇ سىنىپ ھەقلىق يوسۇندا خەلىپە جەمەتىدىن باشلاپ ھېسابلىناتتى. ئاساسلىق مەنسەپلەر، مەسىلەن، سۇيۇرغاللىق يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا ئوخشاش مەنسەپلەر ئادەتتە مۇشۇ ئەرەبلەرگە خاس ئىدى. خۇددى بارلىق ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش، ئەسلىدە ئۇلار ئىنتايىن ئالىيجاناب پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئەمما، خۇددى دائىم چېلىقىپ

تۇرغىنىدەك ئۇلار چۇشكۇنلىشىپ كەتتى.

(2) يېڭى مۇسۇلمانلار ياكى مەۋلىلەر يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر: دىنغا كىرىش غەيرىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەزەلدىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، چۈنكى مۇسۇلمان بولغانلار جان بېجى تاپشۇرمىسىمۇ بولاتتى، دەسلەپتە تېخى يەر بېجىمۇ تاپشۇرمايتتى. بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇشىغا ئەگىشىپ، جايلارنىڭ باج كىرىمىمۇ ئازلاپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كېيىنكى چاغلاردا يېڭى مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان مەۋلىلەرنىڭ سانى ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئىستىلاچى مىللەتنىڭ ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەۋەسى بىلىم ئېلىش ۋە ئىلىم ـ پەنگە بۇرالدى. بۇمۇ ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلمىگەندە، ئۇلار سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ بەلكىم مۇشۇ قابىلىيەتسىزلەر قوللانغان ئاخىرقى ۋاستە بولسا كېرەك. ئۇلار تۈرلۈك ئىشلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ھەممىلا جايدا نارازى بولغۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئىراقتىكى شىئەلەر، خاۋارىجلار ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قەرمەتىيلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەۋلىلەر ئىدى.

(3) ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر ئىتائەتمەن پۇقرالار بولۇپ، بۇلار خىرىستىيانلار، يەھۇدىيلار، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى زوروئاستېر دىنى مۇرىتلىرى، ھەتتا يەربەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بويسۇندۇرۇلغان بۇ ئىتائەتمەن پۇقرالار جان بېجى ۋە يەر بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار خېلى كەڭچىلىككىمۇ ئېرىشەتتى. ئۇلارنىڭ مەھكىمە شەرئى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرى بار ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزگە ئوخشاش ئايرىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمان خەلىپىلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى كەڭ قورساق كىشىلەر ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، خىرىستىيانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

شەخسىي ئەركىنلىكلىرىگە مەجبۇرىي بەزى چەكلەرنى قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(4) ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىدىكى قۇللار: ئۇلار تۈرلۈك جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، موڭغۇللار، كاۋكازلىقلار، ياۋروپالىقلار، ھىندىلار ۋە ئافرىقىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قۇللار ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈش ياكى سوۋغات قىلىنىش، ياكى سېتىۋېلىنىش ئارقىلىق كېلەتتى. مەلۇم بىر مەزگىللەردە پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭلا قۇلى بولمايتتى، نۇرغۇن بايلارنىڭ مىڭلاپ قۇلى بولاتتى. قۇلدارلار ئايال قۇللارنى توقاللىققا ئالاتتى. بۇنداق قۇلدىن تۇغۇلغان بالا مىراسقا ۋارىسلىق قىلالايتتى. بالا تۇغقان توقال قۇللار «ئۇممى ۋەلەد» (باللارنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئورنى قۇلدارلارنىڭ خوتۇنىنىڭكىدىن سەللا تۆۋەن بولاتتى، ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللار تەبىئىي رەۋىشتە ھۆر ئادەم بولاتتى. ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى قۇللارغا باشقا ھەرقانداق جايدىكى قۇللاردىن كۆپ ياخشى مۇئامىلە قىلىناتتى. قۇللارنى ئازاد قىلىش ئەزەلدىن بىر خىل ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلاتتى. ئازاد قىلىنغان قۇل ھامىيلىقتىكى كىشى ھېسابىدا غوجايىنىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ئەگەر غوجايىنىنىڭ باللىرى بولمىغان بولسا، ھەتتا ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىسىمۇ بولاتتى. ئازادگەردە قۇلنىڭ ئالاھىدە پەزىلىتى ياكى قابىلىيىتى بولسا، غوجايىنىنىڭ جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئىكاھلانسىمۇ بولاتتى.

**ئىجتىمائىي تۇرمۇش** خەلىقىنىڭ تۇرمۇشى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇشى ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ۋە پوزىتسىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى ئىدى، ئۇمەييەلەر جەمەتىدىكىلەر باياشات تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ خان ـ تۆرە ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ

تېخىمۇ كەڭ زېمىندىكى ئۇستا ـ ماھىرلاردىن ئىككەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار خان ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتى ۋە ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۇردى. مۇئاۋىيە ئۆمرىدە ھاراق ـ شارابقا زادى يېقىن يولىمىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئوغلى يەزىد شارابخور ئىدى، بەزىلەر ھەتتا ئۇنى «يەزىد ئەلى خۇمۇر» (شارابخور يەزىد) دەپ ئاتىشاتتى. ۋەلىد II تېخىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن شارابخور ئىدى. «كىتابۇل ئاغانى»دا ھەتتا ئۇ ياساتقان مۇنچا توغرىسىدا ئاجايىپ تەسۋىرلەر بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مۇنچىدا سۇنىڭ ئورنىغا شاراب ئاقىدىكەن. چۈنكى، يەزىد مۇنچىغا چۈشكەندە شاراب ئىچىدىكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلىكلەر پەقەت «كىتابۇل ئاغانى»غا ئوخشاش ئەسەرلەردىلا بايان قىلىنىدۇ. ۋەلىد ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكى داڭلىق ئالىقانات بولۇپ، ئۇنىڭ شارابخورلۇق ۋە پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا «كىتابۇل ئاغانى»نىڭ ئاپتورى ئەبۇل فاراج ئۆزى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

**ئۇمەييەلەر جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى** ئۇمەييەلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ باشقا ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمۇ بار ئىدى، بولۇپمۇ ئات مىنىش ۋە ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدىغان نەرسە دەپ قارىشاتتى. يەزىد I نىڭ نۇرغۇن ئوۋ ئىتلىرى بار ئىدى، ئوۋغا چىققاندا ئۆگىتىلگەن بىر قاپلاننىمۇ ئېلىۋالاتتى. ۋەلىد I بەيگە پائالىيىتىمۇ ئۇيۇشتۇرغان. ئەرەبلەر ئەزەلدىن چاپقۇر ئاتلارنى ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئۇلار دائىم ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. خان ـ تۆرە ۋە ئاقسۆڭەكلەر كۆپلەپ ئات بېقىشاتتى، كاتتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**ئاياللارنىڭ ئورنى** ئاياللار، بولۇپمۇ ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىكى ئاياللار نۇرغۇن ئەركىنلىكلەردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلار سەنئەتكە مەدەتكار، ناخشا ـ ئۇسسۇللارغا ئىشقىۋاز ئىدى، ھەتتا خەلىپە ئوردىسىدىكى ئاياللارنى ھۆسن ـ جامالىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى. مۇئاۋىيەنىڭ قىزى ئەتىقە داڭلىق ساھىبجامال ئىدى. مۇئاۋىيەنىڭ ئەتىقە ئىسىملىك يەنە بىر قىز نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ خەلىپە مەلىكىنىڭ خوتۇنى ئىدى. بۇمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن ئېسىلزادىلەردىن ئىدى. ئەمما، دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەڭ داڭدار، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئىككى ئايال بولسا ھىجازلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆسن ـ جامالى ۋە ئەقىل ـ پاراستى يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغانىدى. بۇ تىپىك ساھىبجامالالارنىڭ بىرسى ئىمام ھۈسەيىنىنىڭ قىزى سۆقەينە، يەنە بىرسى تەلھەنىڭ قىزى ئائىشە ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئاياللار لەززىتىنىڭ ھەقىقىي نەمۇنىسى ئىدى. «كىتابۇل ئاغانى» ــ تارىخىي ۋەقەلەرنى خۇددى سۈرەتتەك تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بۇ قىممەتلىك ئەسەردە، بۇ ئىككى ئايالنىڭ مەدىنە ۋە تائىفتىكى نام ـ ئابرۇيى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

**بىلىم تۇرمۇشى** بىلىم جەھەتتە ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ماختانغۇدەك ھېچقانداق نەرسىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ ھېچقانداق بىلىم ئەنئەنىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلاردا پەقەت نەزم ـ شېئىرلار، خەلق قوشاقلىرى ۋە مەرىپەت خاراكتېرىدىكى دىنىي ئىدىيەلەرلا بولۇپ، ھېچقانداق بىلىم يوق ئىدى. چۈنكى، بىلىم ــ شەھەر تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئەرەبىستاندا مەككە ۋە مەدىنىدىن

ئىبارەت ئىككىلا شەھەر بار ئىدى، بۇ شەھەرلەردىمۇ سودا ياكى دىنىي چۈشەنچىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئەرەبلەر مول بىلىم بايلىقىغا ئىگە يۇنانلىقلار، رىملىقلار، سۈرىيەلىكلەر، پارسلار ۋە ئىمپېرىيەنىڭ يىراق شەرق چېگراسىغا يېقىن بولغان ھىندىلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي بىلىمنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدى. ئۇلار ئەقىللىق ۋە زېرەك بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى. دەرۋەقە، كىشىلەر تېز ئۆگىنىشتە ئەرەبلەرگە يېتىدىغانلار تارىخ يۈزىدە كۆرۈلمىگەن، دەپ قاراشقانىدى. ئۇلار بىلىمنى ئىگىلىشى بىلەنلا دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇشقا ئۆزىنى ئۇرغاندىكىدەك قىزغىنلىق بىلەن ئەدەبىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتتى.

**ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر** ئەرەبلەردىكى بىرىنچى زور ئۆزگىرىش — ئۇلارنىڭ خەلقئالىشىپ كەتكەنلىكى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچراشقان تۈرلۈك مىللەت ئادەملىرى بىلەن نىكاھلىشىپ، ئەرەبلەر بىلەن غەيرىي ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىملىق ھالەتنى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلىدى. ئاخىر بېرىپ ساپ ئەرەب قان سىستېمىسىدىكى ئەرەبلەر بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىرقانچە ئەۋلادتىن كېيىن ھەربىر مۇسۇلمان بارا ـ بارا ئەرەب دەپ قارىلىدىغان بولدى، بۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغايدىغان ئىش ئىدى. مەيلى قايسى پەن ساھەسىدە قانداق ئىلگىرىلەش بولسۇن ياكى قايسى پەن ساھەسىدە قانداق نەتىجە يارىتىلسۇن، ھەممىسىلا ئەرەبلەرنىڭ غەلىبىسى، دەپ قارىلىدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتا پارسلار، سۈرىيەلىكلەر، كوپتلار، ياكى بەربەرلەر بۇرۇنقى ئىلىم بايلىقىنى ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىرقداشلىق ھېسسىياتى ۋە دۇنياۋى ئۇلۇغ بىرلىك كۆزقارىشى مەيدانغا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

**ئىككى چوڭ مەركەز** ئۇمەييەلەر زامانىدا ئىككى چوڭ مەركەز بارلىققا كەلدى. مەككە بىلەن مەدىنە بارا ـ بارا كۆڭۈلدىكىدەك دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ قالدى، ئەمەلدارلىق تۇرمۇشىنى ئاياغلاشتۇرغان ياكى بېيىپ كەتكەن كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. رەت ـ رەت كەتكەن داچىلار مەككە ۋە مەدىنىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا قەد كۆتۈردى. پېنسىيەگە چىققانلار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، بۇ يەردىن راھەت ـ پاراغەتنى ئىزدەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى خىل تۇرمۇش ئەۋج ئېلىپ كەتتى: ئۇنىڭ بىرسى، كۆڭۈل ئېچىش تۇرمۇشى بولۇپ، بۇ بايلىق ۋە بىكارچىلىقتىن پەيدا بولاتتى. يەنە بىرسى، بىلىم تۇرمۇشى بولۇپ، بۇ ئادەتتە ئەركىن ـ ئازادىلىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بولغاچقا، شائىرلار، ئالىملار ۋە سازەندىلەر بۇ يەرگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلىمالار ۋە مۇھەددىسلەر (ھەدىسشۇناسلار)نىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇشىمۇ پەيدا بولغانىدى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ئاbbاس، ئەنەس ئىبنى مالىكقا ئوخشاش داڭلىق ئۆلىمالار مۇشۇ يەردە تۇرۇشاتتى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى پىششىق بىلىدىغانلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. ئۇلار ئىسلام ئەنئەنە ئىلمى — ئىلمىي ھەدىس (ھەدىسشۇناسلىق)كە ئاساس سالغۇچىلار ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە — ئۇ ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا بىلىملىك ئېسىلزادە ئايالغا ئايلانغان — بۇ يەردە تىنچ، خۇشال دەم ئېلىش تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەنىدى، نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرىنى ئائىشە ئارقىلىق ئىگىلەيتتى.

**كۇفە ۋە بەسرە** ھالبۇكى، بۇ دەۋردىكى ھەقىقىي بىلىم

ئۇچقۇنى ئىراقتىكى ھەمشىرە شەھەر — كۇفە بىلەن بەسرەدىن ئۇرغۇپ چىققانىدى. بۇ ئىككى شەھەر دەسلەپتە ھەربىي لاگېر ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ سىياسىي ۋە سودا مەركىزىگە ھەم ئىنتايىن باياشات شەھەرگە ئايلاندى. بۇ ئىككى شەھەر ئەرەبىستان، پېرسىيە، ھەتتا يىراق خوراساننىڭ كۆچمەنلىرىنى جەلپ قىلدى، ھەتتا مۇئاۋىيە ئۆلگەن ۋاقىتلارغا كەلگەندە بەسرە 300 مىڭ ئاھالىلىك شەھەر دەپ نام ئالغان شەھەر بولۇپ قالدى. بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىپ كېتەلمەيتتى، شۇڭا، مەكتەپ ئېچىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەش، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى ئاساسەن ئېغىز تىلى ھېسابلىناتتى، ئەمدىلىكتە گىرامماتىكا قائىدىلىرىنى بېكىتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەرەب گىرامماتىكىسىغا ئاساس سالغۇچى كىشى مۇئاۋىيە دەۋرىدە ئۆتكەن بەسرەلىك ئەبۇ ئەسۋەددۇئالى بولغانلىقى قىلچە ھەيران قالارلىق ئەمەس. تۇنجى ئەرەب تىلى لۇغىتىنى تۈزگۈچى كىشىمۇ بەسرەلىك خەلىل ئىبنى ئەھمەت بولۇپ، بۇ كىشى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان كىشى ئىدى. فىقھە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسىمۇ بەسرەلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسچىسى ھەسەن تەسرى بىلەن شىھاب زۆھرى ئىدى. ھەسەننىڭ تەسىرى ھەممىدىن زور، ئابرۇيى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۆپ ساندىكى دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئۇنىڭغا باغلاش مۇمكىن. ئىبنى خەللىكان تۈزگەن داڭلىق ئەسەر «داڭلىق مۇسۇلمان زاتلىرى»دا ھەسەننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا سۆزلىنىپ، ھەسەن 728 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر جۇمە كۈنى ۋاپات بولغاندا، پۈتۈن بەسرەلىكلەرنىڭ ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشقانلىقى، شۇ سەۋەبتىن شۇ كۈنىدىكى جۇمە نامىزىنىڭ توختاپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىبنى ئەلكاننىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ «مۇسۇلمانلار تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەقە» ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابخانىسى
www.uyghurkitap.com

**كۇفە** ئىسلام ھەدىسشۇناسلىق بويىچە كۇفەدىن ئىككى داڭلىق كىشى چىقتى، ئۇنىڭ بىرسى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، يەنە بىرسى ئەمىر ئىبنى شاراھىل شەئبى. شەئبى چوڭ ئالىم بولۇپ، كېيىن ئۆتكەن چوڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى ئىدى. مۇئاۋىيە ۋە ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى خەلىپىلىرىنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھلىقلارغا ۋە پادىشاھلارنىڭ ھاياتىغا قىزىقىشى ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. بۇ ساھەدە ئىككى كىشى ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرسى ئابىد ئىبنى شەرياھ ئىدى، ئۇ «شاھلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا خاتىرىلەر» ۋە «قەدىمكىلەر ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. يەنە بىرسى يەھۇدىي مەۋلى كەب ئىبنى ئەھبەر (يېڭى مۇسۇلمان) ئىدى، ئۇ مۇئاۋىيە ئوردىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە مەسلىھەتچى بولغان.

**مۇئتەزىلە ئىلمىي ئېقىمى** ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بەسرەدە يەنە بىر ھەرىكەت پەيدا بولغان. ئۇ ۋاسىل ئىبنى ئاتا بەرپا قىلغان ئىلمىي ئېقىم ئىدى. ئۇ ئەقلىيەچىلىك ئۇسۇلىنى دىن تەتقىقاتىغا تەتبىقلاپ، بىر خىل تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، چوڭ گۇناھ قىلغان كىشى ئىمانى بارلار قاتارىغىمۇ، ئىمانسىزلار قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ. بۇنداق گۇناھكارلار ئارىلىقتا قالغانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر خىل غەلىتە مەۋقە بولۇپ، ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىكىلەر ئۇنى ھەقىقەتتىن چەتلىگەنلىك، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ۋاسىل ئىبنى ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەنئەنىۋى ئېقىمدىن چەتلىگۈچىلەر دەپ قارىلىپ، «بۆلگۈنچىلەر» ياكى «مۇئتەزىلە ئىلمىي ئېقىمى» دەپ ئاتالغان. ۋاسىل ئىبنى ئاتا ھەسەن

بەسىرنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىشىنەتتى. مۇئتەزىلە ئىلمىي ئېقىمدىكىلەر ئۆزلىرى «بىر خۇدالىق ئەقىدە» دەيدىغان يەنە بىر خىل ئەقىدىنىمۇ تەشۋىق قىلىشاتتى. ئۇلار بىردىنبىر ئىلاھ — ئاللاھدۇر. ئاللاھنىڭ بىرلىكى — پەقەت ئىلاھنىڭ خاسلىقىنى كۈچ - قۇدرەت ۋە ئەقىل - پاراسەت دەپ ھېسابلىغاندىلا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ھاياتلىق بولسا ئاللاھتىن ئايرىم ۋە ئۆز ئالدىغا تۇرىدىغان نەرسە، دەپ قارايتتى. مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكىلەر بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىيەچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تۇركۈم ئابباسىيلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغانىدى.

**شېئىرىيەت** ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شائىرلار كۆپ ئەمەس ئىدى. بىراق، ھەممە تەل بولۇپ، ئەرەبلەر ھۆكۈمران مىللەتكە ئايلانغان چاغدا، جاراڭلىق شېئىر سادالىرى ھەمىشە ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ يەردە شائىرلاردىن بىرنەچچە كىشىنى — لىرىكىلىق شېئىرلارنى يازغۇچى شائىرلاردىن ئىككى كىشىنى، ئېپىك داستانچىلاردىن ئۈچ كىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئالدىنقى ئىككى شائىر مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىشتا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئۆمەر ئىبنى ئەبى رابىئە بولۇپ، ئەرەبىستاننىڭ ئوۋىد[1]ى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولسىمۇ، دىنىي ئىشلارغا ئانچە قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ مۇھەببەت كۈيلەنگەن شېئىرلىرى ھېسسىياتىنىڭ يارقىنلىقى، ماھارىتىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن داڭلىق ئىدى. ئۇمەييەلەر دەۋرىدىكى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەدھىيەسى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى باشتىن - ئاخىر گۈزەل ئاياللارنى ياخشى

[1] ئوۋىد — قەدىمكى رىمنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى مەشھۇر شائىر — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

كۆرۈش ھېسسىياتى بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن ژانىرلىرى يېڭى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىدى. يەنە بىر شائىر جامىل ئۇزرى بولۇپ، ساپ ئەپلاتونچە مەنىۋى مۇھەببەتنى قەدىرلەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىلىق، تىلى ئاددىي، ئەمما سەمىمىي بولغاچقا، ئوقۇسا ئېتىقسىز بىلىنمەيتتى. لەيلانىڭ مەشھۇر ئاشىقى دەپ قارالغان قەيس ئىبنى مۇلاۋۋانىڭ لىرىكىلىق شېئىرلىرىمۇ مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، مىسىرلىق چوڭ ئالىم، دوكتور تاھا ھۈسەيىن يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ئاپتورى قەيس ئىبنى مۇلاۋۋا دېگەن ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلغان كۆزقاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. چۈنكى، شېئىردىن مەلۇمكى، «غەزەللەر»مۇ «رۇبائىيەت»كە ئوخشاش باشقا ــ باشقا دەۋرلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئېمىسى ئوخشاش بولغىنى بىلەن، بىر كىشىنىڭ قولىدىن چىققان ئەمەس. ھىجازلىق بۇ شائىرلاردىن باشقا، يەنە ئىراقلىق فازارداق، جەرىر ۋە ئەختەللەرنىڭ «ئۈچ تەڭكەش موقام»لىرىمۇ بار. ئۇلار ئېپىك داستانلارنى يازغان، لىرىك شېئىرلارنىمۇ يازغان. ئۇلارنىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى، بولۇپمۇ فازارداق بىلەن جەرىرنىڭ بىرلىشىپ يازغان ھەجۋىي شېئىرلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى. ئەختەل خىرىستىيان ئىدى، لېكىن شېئىرلىرى ئۇنىڭ شائىر قېرىنداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاش خىسلەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئۈچ كىشى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**پەن ۋە مائارىپ** بۇ ۋاقىتلاردا تېخى باغداد، كوردوۋا، سەمەرقەند ۋە دېھلىلاردا كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان بېزەك ئورنىدىكى مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى يوق ئىدى، چۈنكى ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارىشىچە، مۇۋاپىق شېئىر مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندە، ئوقۇيالىسا، يازالىسا، چۈشىنەلىسە، شۇنداقلا يىگىتلىك شىجائىتى بولۇپ، قىلىچۋازلىق ماھارىتى ۋە ئوۋدىن خەۋىرى بولسىلا ياخشى

تەربىيە كۆرگەن ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئۇلار مەسچىتلەرنى ئەڭ ئىپتىدائىي مەكتەپ قىلغان بولۇپ، ئوغۇل باللار مەسچىتتە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنەتتى. ئىلىم ـ پەن ۋە باشقا بىلىملەردىن ئەرەبلەرنىڭ بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. بىراق، ئۇلاردا تېبابەتچىلىك ئىلىمگە قارىتا ئىشتىياق تۇغۇلغانىدى، بۇ ساھەدە بەزى ئاتاقلىق زالىملارنى كۆرسىتىپ ئۆتەلمەيمىز. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغانلاردىن ھارس ئىبنى كالادا دورىگەرلىك ئىلمى جەھەتتە داڭ چىقارغانىدى. يەنە بەزى زاتلارمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يەھۇدىيلار، يۇنانلىقلار ياكى پارسلار ئىدى. ئەرەبلەر كىمىياگەرلىك ۋە ئاسترونومىيەگە ھەۋەس باغلىغان بولۇپ، ئۇمەييەلەر سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلگەنىدى.

**بىناكارلىق** ئەرەبلەر بىناكارلىققا كۆڭۈل قويغان، ئەمما گۈزەل سەنئەت ئويمىچىلىقىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن. ئۇلار بىناكارلىقنىڭ ئاددىي قۇرۇلمىسىدىن باشلاپ بارا ـ بارا ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى ياراتقان، بۇنداق ئۇسلۇبتا پېرسىيە، ۋىزانتىيە ۋە رىمنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئەرەبلەردە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەنئى قىلىنغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەققاشچىلىققا، پەنجىرىلەرنى بېزەشكە ۋە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ئەرەب ئۇسلۇبىغا سىڭدۈرگەن. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۇفە، فوستات، ھەتتا مەدىنىدە سېلىنغان مەسچىتلەر ۋاقىتنىڭ خورىتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. ئەمما، ئۇقبە قەيرۇۋاندا سالدۇرغان جامە ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش ئارقىسىدا، تا ھازىرغىچە خەلىپە ئابدۇلمەلىك مورىيە تېغىدا ياساتقان گۈمبەز مەسچىتكە ئوخشاشلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. مورىيە تېغى دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ھەيۋەتلىك سۇلايمان

www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىسى ئۇزاق زامانلارغىچە بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندى، غايەت زور گۈمبەز ئاستىدىكى سىلىق قورام تاشنى بولسا يەھۇدىيلار ئەڭ مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىشىدۇ. بۇ مەشھۇر مۇقەددەس ئىبادەتخانا مىلادىيە 70 ـ يىلى رىم پادىشاھى تىتۇس تەرىپىدىن تۇپتۇز قىلىۋېتىلگەن. مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى جەننەتكە قىلغان كېچىلىك سەپىرىنى مۇشۇ يەردىن باشلىغان، دەپ ئىشىنىشىدۇ.

**باشقا قۇرۇلۇشلار** ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ دەمەشق مەسچىتى ۋەلىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مەشھۇر خاتىرە مۇنار بولۇپ، بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز. تارىختا ئۇمەييەلەر سۇلالىسى زامانىدىكى پادىشاھلارنىڭ سۇرىيە چېگراسىغا سالدۇرغان نۇرغۇن ئىمارەتلىرى ۋە قەلئەلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۇ پادىشاھلار تەختتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بۇ يەردە ياشىغان ۋە كۆڭۈل ئاچقان، لېكىن ھازىر بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزلىرىنى خارابە ئىچىدىنلا تېپىشقا بولىدۇ. كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان بىردىنبىر مەدەنىيەت مىراسى كېيىنكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرىدا ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن تام سۈرەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار. بۇ يەردە ئىككى پارچە رەسىمنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بىر پارچىدا ئىسپانىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى رودېرىكنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن، رودېرىك 712 ـ يىلى تارىق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغانىدى. بۇ، ئادەم ئوبرازىنى تەسۋىرلەشكە قويۇلغان چەكنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر قىزىقارلىق رەسىمدە ئايال كىشىنىڭ مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، رەسىمنىڭ بۇ ئەسىرى 1200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى قۇم ـ بورانلارنىڭ ھۇجۇمىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما

ئۇنى يەنىلا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، رەسىمنىڭ سىزىقلىرى ئىنتايىن نەپىس، رەڭلىرى تولىمۇ يېقىملىق.

**خەلىپىلىكنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى** ئەرەبلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غوجايىنى رىملىقلار ئىدى. گوتلار، ۋانداللار ۋە باشقا گېرمان قەبىلىلىرى ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، رىم ئىمپېرىيەسى ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل بىرلىكنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئوتتۇرا دېڭىز ئىقتىسادىنىڭ بىرلىكى ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى ئىسكەندەرىيە پورتى ئەزەلدىن شەرق بىلەن غەرب سودىسىدا چوڭ سودا مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. رىملىقلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى سۇرىيەدىن مېسوپوتامىيەگە بارىدىغان يولنى ئېچىش ئۈچۈن بولغانىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشسا، پارس قولتۇقىدىكى دېڭىز سودىسى بىلەن ئەرەبىستان ۋە قىزىل دېڭىز سودىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ياۋروپا تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشەتتى. شىمال تەرەپتە بۇ مەقسەت ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، پارسلار 6 ـ ئەسىردە ئاستا ـ ئاستا يەمەننى ئىستېلا قىلىپ، يىراق شەرقنىڭ سودىسىنى تەنھا ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئەرەبلەر بىر تەرەپتىن سۇرىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىنى ئىستېلا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراق، پېرسىيە ۋە ھىندىستاننىڭ سىند ئۆلكىسىنى بويسۇندۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ دېڭىز ياقىسىغا ئىگە بولۇپ، ئاخىرقى شەرقىي ياۋروپا بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز سودىسىنى تامامەن تىزگىنلىۋالدى. بۇ تولىمۇ پايدىلىق ئىدى، بولۇپمۇ قىزىل دېڭىز بىلەن پارس قولتۇقىدىكى دېڭىز يولىنىڭ ئەمدى ئۆزئارا تالىشىدىغان جاي بولماسلىقى تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئەرەبلەر

www.uyghurkitap.com

شەرقتىكى دېڭىز رايونىدا يېڭى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ۋاستىلىك بىر ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئافېنالىقلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە باشتىن كەچۈرگەن ئەھۋاللىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار پارسلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، خۇددى غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە باشتىن كەچۈرگىنىگە ئوخشاش، ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىغا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك يۈرگۈزۈشكە باشلىغانىدى. خۇددى ئارنولد[1] تويىنبى دىققەت قىلغىنىغا ئوخشاش، «مۇستەملىكىچىلىك كىشىلەرنىڭ زېھنىي كۈچى ئۈچۈن يېڭى بىر خىل قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، ئۇ ھەر ساھەدىكى پائالىيەتلەرگە ــ ئۇرۇش، سىياھەت، سودا ـ سىياھەت ئەدەبىياتى، جۇغراپىيە ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تارىخشۇناسلىق قاتارلىق تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسەتتى.»[2]

**ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزنى تىزگىنلەش تەلىپى** ئەرەبلەر دېڭىزدىكى پائالىيەتلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قىزغىنلىقى بىلەن پارس قولتۇقىنى، ھەتتا ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ دېڭىز ھۇجۇمىنىمۇ باشلىدى. ئۇلار بۇنى مىللەتنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىشەتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئەمدىلىكتە دېڭىزدا كېمە بىلەن ياكى چۆللەردە تۆگە بىلەن يۈرۈشەتتى. مىلادىيە 636 ـ يىلى بەھرەيىننىڭ باش ۋالىيسى ئوسمان بىر تۈركۈم كېمىلەرنى يىغىپ، بومبايىنىڭ يېنىدىكى ھىندىستان دېڭىز قىرغىقىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇ

---

① ئارنولد ــ ئەنگلىيەنىڭ مەشھۇر تارىخ ئالىمى، ئۆلۈپ كەتكەن ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② ئارنولد تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى»، 1 ـ توم، 72 ـ، 84 ـ بەتلەر ــ ئاپتوردىن.

يەنە ئىنىسىنى ئەۋەتىپ ھىندى دەرياسى ئېغىزىدىكى سىندى
پورتىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان، ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ بۇ
ھۇجۇملىرى نۇسرەت قازانغانىدى. ئەپسۇسكى، ئوسماننىڭ
ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ئەل ئەللا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىدى.
بۇ چاغدا ئۇلار كېمىلەرنى پارس قولتۇقى قىرغىقىدا توختىتىپ
قويۇپ، پېرسىيە قۇرۇقلۇقىغا چىققان ھەمدە ئىستاھرغىچە
ئىچكىرىلەپ بارغانىدى. پارسلار ئۇلارنىڭ كېمىلىرىنى
بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەل ئەللا زورلۇق بىلەن دۈشمەن
دۆلەتنىڭ زېمىنىدىن مېڭىپ پېرسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىنى
كېسىپ ئۆتۈپ، مىلادىيە 638 - يىلى بەسرەگە قايتىپ كېلىشكە
مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش خەلىپە ئۆمەرنى خاپا قىلغانىدى. ئىراق،
ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆمەر قىزىل دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ،
ھەبەشىستانغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا قوشۇلدى، چۈنكى بۇنىڭدىن
بۇرۇن ھەبەشلەر ئەرەبىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا
ھۇجۇم قىلىشقانىدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئەرەبلەر گەرچە
ھەبەشىستاننىڭ دولىس پورتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان
بولسىمۇ، يەنىلا قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر
ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى، ئۇ مۇئاۋىيەنىڭ دېڭىزدىكى
تەۋەككۈلچىلىكلىرىنى توسۇپ قويدى، بۇ چاغدا مۇئاۋىيە
سۈرىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. ئەمما، ئۆمەرنىڭ ئىزباسارى
ئوسمان ئاخىر مۇئاۋىيە ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ساراھ
(مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى)نىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ
بىر دېڭىز ئارمىيەسى تەشكىللىشىگە يول قويدى. بۇ دېڭىز
ئارمىيەسىگە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەرەبلەر قوماندانلىق قىلسىمۇ ۋە
ئۇلارنىڭ ئەرەب كېمىلىرى لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىسىمۇ،
لېكىن لەشكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى كوپتلار ۋە سۈرىيەلىك
يەرلىكلەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن دېڭىزدا ياشايتتى.
ئەرەبلەر ئاستا - ئاستا دېڭىز - ئوكيانلارغا ئېتىبار بىلەن
قارايدىغان بولدى ھەمدە دۆلەتنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئىشلىرىغا

قاتنىشىشقا باشلىدى. ئۇلار دوساۋارى سوقۇشىدا ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ دىڭىز ئارمىيەسى ئۈستىدىن سىمۋول خاراكتېرلىك غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدا پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى، ھەتتا كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇلار كېيىنرەك غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تەۋەسىدە ئېرىشكەندەك شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تەۋەسىدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەنىدى. لېكىن، ئۇمەييەلەر سۇلالىسى دەۋرىدە مەيلى شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ياكى غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تەۋەسىدە بولسۇن، ئەرەبلەر ئەركىن قاتنىيالايتتى. ئىسكەندەرىيە پورتى ۋە فاروس ئارىلىدىكى زور مایاكلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مۇھىملىق ئورنىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ يەنىلا ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكىلەر تەرىپىدىن دېڭىز ئارمىيە بازىسى قىلىنىپ كەلدى. پارس قولتۇقى ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى كۆلىگە ئايلاندى. يىراقتىكى كوچمىچە بولغان دېڭىز قىرغاقلىرىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غوجىلىق يېرىگە ئايلانغانىدى، نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سودا كېمىلىرىنىڭ ئوسمان ۋە ھەزرەمەۋتتىكى دېڭىز تەۋەككۇلچىلىرى ئارقىسىدا، ئەرەب دېڭىزى ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ ئۆز دېڭىز تەۋەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يىراق شەرققە بارىدىغان سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى. شەرقنىڭ داڭلىق سودا يولى تىزگىنلەنگەنلىكتىن، خەلىپىلىكنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا زور گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىزكى، ئابباسىيلار دەۋرىدىكى غايەت زور بايلىقنىڭ سىرى ئۇلارنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى تىزگىنلىۋالغانلىقىدا ئىدى.

# تۆتىنچى باب

## دەسلەپكى ئابباسىيلار سۇلالىسى①

### (ساففاھدىن ۋەسىققىچە)

**مۇسۇلمانلار دۇنياسى (750 ـ يىللىرى)** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ 118 يىلدىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئابباسىيلار جەمەتى ئىلكىگە ئالدى. خەلىپىلىكنىڭ چېگراسى يەنىلا شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانغا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆكلەم تاغ جىلغىلىرىدىن جەنۇبتا سەھرايى كەبىر چۆللۈكىگە تۇتىشاتتى. مۇسۇلمانلار فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا تېخىچىلا ئۇرۇشۇۋاتاتتى، كىچىك ئاسىيادا چېگرا توقۇنۇشلىرى ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى دۇنيا تونۇپ يەتكەنىدى. ئەرەب مەدەنىيىتى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى گۈللىنىشكە باشلىغان، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغانىدى.

**مۇسۇلمان مەدەنىيىتى (750 ـ يىلى)** مەدىنە بىلەن مەككە مەدەنىيەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى: كۇفە بىلەن بەسرە بولسا ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى ئىدى. دەمەشق،

① ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بايرىقى قارا رەڭلىك بولغاچقا، ئىلىمىز تارىخىدا قارا تازىلار دەپ ئاتالغان ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

فوستات، قەيرۋان ۋە كوردوۋا قاتارلىق شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بەرپا قىلىنغانىدى. يۇنان، پېرسىيە ۋە ھىندىستاندىكى بىلىم خەزىنىلىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىۋاتاتتى. ئەرەبلەردە تۇرلۇك پەنلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئوتتۇرىغا چىققانىدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە، ئەمدى ۋىزانتىيە ياكى پېرسىيەچە تۈزۈم شەكىللىرى كۆچۈرۈپ قوللىنىلماستىن، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە خاس تۈزۈملەر شەكىللىنىۋاتاتتى . يېڭىچە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلە، يەنى ئەرەبلەر مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرقنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. «ئەرەب» دېگەن بۇ سۆز قۇملۇقتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەۋلادلارنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئومۇمىي يىر ئۇقۇمغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ چاغدا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتەتتى.

**ئابباسىيلار جەمەتى ۋارىسلىق قىلغان مىراس** ئابباسىيلار جەمەتى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىن قالغان ئىمپېرىيەگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئىمپېرىيە دەسلەپكى تۆت چوڭ خەلىپە تىكلەشكە ئىرىشقان ئاددىي، قاتمال، ئەمما ئالىيجاناب، غۇرۇرغا باي ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن غايەت زور پەرق قىلاتتى. بۇنىڭدا ئاددىيلىق بىلەن قاتماللىق يوقىلىپ، ئالىيجانابلىق بىلەن غۇرۇرلۇق ساقلاپ قېلىنغانىدى. مۇسۇلمانلار تارىخىدا مۇقەددەس ئۇمەييەلەر سۇلالىسىدىكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزدەك خەلىپە ئەزەلدىن بولغان ئەمەس. مۇئاۋىيە ئەلى بىلەنلا دۇشمەنلەشكەن ھەمدە ئىمام ھۇسەيىنگە تەھدىت سالغانىدى. گەرچە ئىمام ھۇسەيىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئۇنىڭ بەزى گۇمانلىق جايلىرى بولسىمۇ، لېكىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى يوق ئىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى

خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس بولسا خەلىپىلىك ئورنىنى قىرغىنچىلىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق قولغا ئالدى.

**ساففاھ (750 ــ 754)** ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا شۇنچىلىك سەل قارىدىكى، ئۇ كۇفە جامەئەسىدىكى تۇنجى قېتىملىق «خۇتبە»سىدە تەلۋىلەرچە ئۆزىنى «ساففاھ» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ مەنىسى «كىشىنىڭ قېنىنى ئاقتۇرغۇچى» دېمەكتۇر. ئۇ پەقەت تۆت يىللا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، سۈرىيە، ئىران ۋە مىسىر قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن سىرت، ئىلغا ئالغۇچىلىك ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. بۇ قوزغىلاڭلاردىن ساقلانغىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئابباسىيلار جەمەتىنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنى، بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيەت بولۇپ، ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئۇمەييە جەمەتىدىكى كىشىلەر ياكى ئۇمەييەپەرەس ئۇنسۇرلار ئابباس جەمەتىدىكىلەرنىڭ باستۇرۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ يولباشچىلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، ئۆزىنىڭ ئورغۇن ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇلار ئەينى چاغدا ئابباسىيلار جەمەتىدىكىلەرنىڭ كەلگۈسى خەلىپە ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولىدۇ دېگەن تەشۋىقاتلىرىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىشكەنىدى. پېرسىيەگە ئوخشاش پادىشاھلىقنى قوغداش ئەنئەنىسىگە ئىگە دۆلەت ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق بولغانىدى. ھالبۇكى، دەل ئابباسىيلار سەركەردىلىرىنىڭ ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەرگە قىلغان تۈرلۈك زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى نەتىجىسىدە، ئۇلار دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىۋالدى. شۇڭا، سۈرىيەلىكلەر بىلەن مىسىرلىقلار ئەزەلدىن ئابباسىيلارغا ھەقىقىي سادىق ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**كۆفەدىكى ئەكس سادا** ساففاھنىڭ كۆفەدىكى ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. كۆفەنىڭ پۇقرالىرى قاتتىق جەبىر ـ جاپا چەككەن بولۇپ، نۇرغۇن بالا ـ قازالارنى تېخى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئۇلار ئەلى جەمەتىنىڭ يوقالغانلىقى ۋە ئۇمەييە جەمەتىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى كۆرگەن؛ ئۇلار زەيد ۋە ھەججاجقا ئوخشاش زالىملارنىمۇ ئوبدان بىلىشەتتى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە ساففاھنىڭ ساختىلىقىنى مازاق قىلىشاتتى، ئۇلار ساففاھنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىمۇ ئېسىگە ئېلىشتى، ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ مىرزىسى بولغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەلى جەمەتىدىكىلەر زور مىقداردا پۇل ۋە مال ـ مۈلۈككە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، دۆلەت خەزىنىسىدىن 6 مىليون دەرھەمدىن ئارتۇق پۇلنى ئوغرىلاپ كەتكەن، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا مەلۇم يوشۇرۇن شەرتنامە بارمىكىن دەپمۇ گۇمان قىلىشاتتى. بۇنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە مۇئاۋىيە بۇنداق زور مىقداردىكى دۆلەت پۇلىنىڭ يوقالغانلىقىنى قەستەن سۈرۈشتە قىلمىغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ ئابباسنى يېنىكلىك بىلەن ئۇنتۇپ قالمايتتى ۋە كەچۈرمەيتتى. شۇڭا، ساففاھ كۆفەدە تۇرۇشنى خەتەرلىك ھېس قىلىپ، ئېفرات دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئەنبەردە ئۆزىگە ئوردا ـ قەسىر سالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

**يېڭى تەرتىپ** ساففاھ مۇقەددەس پاك كىشى قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە نامىزىدا كىيىدىغان بۇردەسىنى كىيىۋالدى ھەمدە ئالىم ۋە فىقھەلەرنى ئوردىغا يىغدى. بۇرۇن ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان ۋەزخانلار ئەمدىلىكتە ئابباسىيلار جەمەتىدىكىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئىز ـ

باسارلىرى قىلىپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ئابباسىيلار جەمەتى ھەتتا ساپ ئەرەب ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالمىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا دېگۈدەك خەلقئارالىشىپ كەتتى. بارا - بارا پېرسىيەنىڭ تەسىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، ھارۇن رەشىدنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئوردىنىڭ ئىچكى قىسمىدا روشەن ھالدا ئەرەبلەر ۋە پارسلار دەپ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى لاگېرغا ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئەمىن بىلەن مەئمۇن مۇشۇ ۋەجىدىن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئەمىن ئەرەبلەرگە مايىل ئىدى، مەئمۇن پارسپەرەس ئىدى. نەتىجىدە مەئمۇن غەلىبە قىلدى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى بۇرۇنلا ئاشكارىلانغان يەنە بىر پەرقمۇ بار ئىدى. يەنى، ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، ئەرەب خەلىپىلىرى بىرلىككە ئىگە ئىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىدە ئۇنداق بولمىدى. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئادەتتە بىلمەيدىغان بىر پاكىت شۇكى، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەۋەلىكىدىكى چەت ئۆلكىلەر ھەمىشە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە تۇراتتى. مەسىلەن، ساففاھ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، خۇراسان رايونى مەشھۇر «قارا بايراقچىلار» رەھبىرى ئەبۇ مۇسلىم خۇراساننىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەنىدى. يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى بۇ چەت ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى پەقەت كۆرۈنۈشكىلا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بىر ئەسىردىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت پەقەت شەكىل بولۇپ، خەلىپە گويا ئۆزىنىڭ تۈرك مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلاندى. چەت ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى ئارقا - ئارقىدىن خەلىپىدىن يۈز ئۆرۈپ، پادىشاھلىقنى تىكلىۋېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

## مەنسۇر (754 — 775) ۋە قوزغىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشى

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئەبۇ جەففەر بولۇپ، ئۇ ساففاھنىڭ ئىنىسى، شۇنداقلا ئىزباسارى ئىدى. ئەبۇ جەففەر «مەنسۇر»نى ئۆزىگە ھۆرمەت نامى قىلدى، بۇنىڭ مەنىسى «غالىب» دېگەنلىك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ دەسلەپكى غەلىبە مېۋىلىرى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەنىدى. ئالدىنقى بابتا ئابباسىيلار سەركەردىسى ئابدۇللانى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، ئۇ زاپ دەرياسى بويىدىكى سوقۇشتا مەرۋان II نى تارمار قىلغان ۋە ئۇمەييەلەرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتقانىدى. ئۇ ساففاھنىڭ تاغىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش تۆھپىلىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات سۈپىتىدە ئۇ سۈرىيەگە باش ۋالىي قىلىنغانىدى. بىراق، مەنسۇر خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا ئابدۇللا ئۇنىڭ خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا قارشى چىقتى ھەمدە لەشكەر تارتىپ غەلىيان كۆتۈردى. 754 - يىلى نىسىبىن سوقۇشىدا ئابدۇللا ئابباسىيلارنىڭ يەنە بىر ئاتاقلىق سەركەردىسى ئەبۇ مۇسلىم تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ۋە تۈرمىگە تاشلاندى، يەتتە يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇ چاغدا ئەبۇ مۇسلىم تىرىك قالغان، ھوقۇق ۋە كۈچى بار بىردىنبىر سەركەردە ئىدى. ئۇ ئابباسىيلار جەمەتىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا ياردەملەشكەنىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چەت ئۆلكە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە دېگۈدەك ئىدى. بىراق، مەنسۇر قول ئاستىدا ھوقۇق ۋە كۈچى بار ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئەبۇ مۇسلىمنى پايتەختىگە چاقىرتتۇالدى. ئەبۇ مۇسلىم كەلگەندە، ئۇنى غەلىيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئىككى چەۋرىسى ئىبراھىم بىلەن مۇھەممەد

بىر مەزگىل قوتراتقۇلۇق تەرغىباتى قىلغانىدى، ئۇلار ئەمدى هاپىلا ـ شاپىلا ئەلچىلەر بىلەن شىئەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋەقە پەيدا قىلدى. قوزغىلاڭ ئىراق بىلەن مەدىنىدە يۈز بەردى، لېكىن هەر ئىككى قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى، ئىبراھىم بىلەن مۇھەممەد ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئابباسىيلار جەمەتى ئەلى گورۇھىنىڭ نامى بىلەن جامائەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالغانلىقتىن، ئەلچىلەر ئابباسىيلار جەمەتىگە تېخىمۇ نارازى ئىدى. شۇڭا، ئەلچىلەر ئەزەلدىن ئابباسىيلار جەمەتىنىڭ ھەقىقىي قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتەن مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ تارقالغانىدى. يەنى، 8 ـ ئەسىردە ھىلاكۇخانىنىڭ قوشۇنىنى تەكلىپ قىلىپ باغدادقا ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇ شەھەرنى ئۇلارغا تەقدىم قىلغان ھېلىقى كىشى دەل ئاخىرقى خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئىبنى ئەلقەمى بولۇپ، بۇ كىشى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇرىتى ئىكەن. بىراق، بۇ رىۋايەتنى نۇرغۇن تارىخچىلار ئىنكار قىلىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇ ئاتاقلىق سەردار ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلىشىپ، خۇراساندا ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قاتتىق باستۇرۇۋېتىلدى.

**غەزۋە** شۇ تەرىقىدە بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەنسۇر دەھشەتلىك ۋاستە بىلەن دېمىگەندىمۇ، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خەلىپىلىكتە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئورناتتى. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەردىن خاتىرجەم بولۇش بىلەنلا، ئۆزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى شۇ دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ مەڭگۈلۈك «ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش»نىغا «غەزۋە» گە قاراتتى. «غەزۋە» ـــ سىرتقا قارىتا ئىستېلا يۈرگۈزۈلسە، شان ـ شەرەپ ئىسلامغا مەنسۇپ بولىدۇ دېگەن مەنىدە ئىدى. ئەلۋەتتە، يىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان مۇسۇلمانلارمۇ ئىخلاسمەنلەر دېگەن ئاتاقتا ئېرىشەتتى. مۇئاۋىيە

هاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىزانتىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان ئۇرۇش كىچىك ئاسىيادا كەسكىن داۋاملاشقانىدى، ئۇرۇش سېپى بەزىدە ئىلگىرىلىسە، بەزىدە ئارقىسىغا چېكىنىپ تۇراتتى. بىرقانچە قېتىم ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كونستانتىنوپول قەلئەسىگە يېقىنلىغانىدى.

**شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملاردىكى ئۇرۇشلار** ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مۇسۇلمانلار ئاڭسىز هالدا بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى بىر خىل مودىنى دوراۋاتاتتى. كىچىك ئاسىيا قەدىمدىن تارتىپ شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن غەربىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ كەلگەنىدى. قەدىمكى زاماندا يۇنانلىقلار بىلەن پارسلار، كېيىنرەك رىملىقلار بىلەن پارسلار بۇ يەردە ئۇرۇشقانىدى. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن سەل ئىلگىرىلا ۋىزانتىيە بىلەن پېرسىيە بۇ رايوندا ئۇزاق مۇددەتلىك كىچىك تەرەپنىڭ كۈچىنى خورىتىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ داۋام قىلغان چېگرا ئۇرۇشى بولۇپ تۇرغانىدى، ئابباسىيلار سۇلالىسىگە كەلگەندە بۇنداق ئۇرۇش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بىرقانچە ئەسىرلەردىن كېيىن، ئوخشاشلا مۇسۇلمان بولغان ئوسمان تۈركلىرى بىلەن پارسلارمۇ تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان بۇ شەرقىي چېگرانى تالىشىپ، بۇرۇنقىلارغا ئوخشاشلا رەھىمسىز جەڭ قىلىشتى. ۋىزانتىيە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇش بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا چېقىلدى. خرىستىيان مۇخلىسلىرى مۇسۇلمانلار قەرەللىك «غازات» ئېلىپ بارسا بولىدىكەنۇ، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى دورىمايمىز، دېيىشتى. بىراق، مەنسۇرنى كولدۇرلىتىشقا بولمايتتى. ئۇ بىر

قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەرمېنىيەنىڭ مالاتىيە دېگەن يېرى بىلەن سىلىزىيەنىڭ ماسىسا قەلئەسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنى چېكىندۇردى. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بۇ ۋاقىتتا كاۋكازغا يېقىنلاپ كەلگەن. كاسپىي دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى تەبرىزگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى. شەرقتە مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار شەھىرىنى ئىگىلىدى، ھەتتا قەيبېر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىردى. ئۇلار بۇ رايوننىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ، كەشمىر تۈزلەڭلىكىگە بېسىپ كىردى.

**باغداد شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى (762 ـ يىلى)** 762 ـ يىلى مەنسۇر قەدىمكى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كىچىك بىر كەنتىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە باغداد شەھىرىنى بىنا قىلدى. بۇنىڭغا ئۇ تۆت يىل ۋاقىت، 4 مىليون 883 مىڭ دەرھەم پۇل سەرپ قىلدى. مەنسۇر مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن بىناكارلىق ئۇستىلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىلىرى، مەلىكىلىك ئىشچىلار، نەققاشچىلار، خۇمدانچىلار ۋە باشقا تۈرلۈك ئۇستىلارنى ئەكەلدۈرۈپ، بۇ شەھەرنى ئوردا ـ قەسىر، باغچە ۋە باشقا ئۆي ـ ئىمارەتلەر بىلەن بېزىدى. باغداد شەھىرى سوقىچاق شەكىلدە بولۇپ، ئۇنى ئۈچ سېپىل ئوراپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ مەركىزىدە خەلىپىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كېمىر تورۇسلۇق قوبۇل قىلىش زالىنىڭ ئېگىزلىكى 130 فۇت كېلەتتى. بۇ ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ۋە ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرى قەدىرلەيدىغان جايغا ئايلاندى. سەل كېيىنرەك باغداد يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا مال چۇشۇرۇش، مال تارقىتىش ئورنىغا ئايلاندى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ باي ۋە ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى. مەلۇم مەزگىللەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات شەھەر ئىدى، دېيىشكىمۇ بولاتتى.

**بەرمەق جەمەتىنىڭ شەكىللىنىشى** مەنسۇر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋردە، كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان يەنە بىر چوڭ ئىش سادىر بولدى، ئۇ بولسىمۇ مەنسۇرنىڭ خالىد بەرمەقنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىشى ئىدى. بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى بەلىختىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى ئىدى. خالىد ناھايىتى قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، دەسلەپتە تەبرىزگە باش ۋالىي بولغان، كېيىن مالىيە تارماقلىرىدا ئىشلىگەن ۋە ھازىرقى ۋاقىتتىكى مالىيە مىنىستىرىغا تەڭ كېلىدىغان ۋەزىپىگە ئۆسكەن. ئۇ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرلەر نەسەبنامىسىدە، «بەرمەق» ياكى «بەرمېد» دەپ ئاتالغان جەمەتنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمەتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ داڭلىق ۋەزىرلىرى بولغانىدى.

**نۇرغۇن يېڭى ھەرىكەتلەر** مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بەزى غەلىتە ھەرىكەتلەر تۇپەيلىدىن ئاۋارىچىلىككە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بىر قېتىملىقى 758 ـ يىلى بولدى، ھاشىمىيەدە خۇراساندىن كەلگەن بەزى قارىسىغا چوقۇنىدىغان كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار مەنسۇرغا ئاللاھنىڭ نامايەندىسى دەپ چوقۇنۇشقاندى، مەنسۇر ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا يىغىشتۇرۇۋەتتى. يەنە بىر قېتىمقىسى 778 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەبۇ مۇسلىمغا مىرزا بولغان مەرۋى پارس[①] ئۆزىنى ئاللاھنىڭ نامايەندىسى دەپ ئاتىۋالغان. ئۇ بىر پارچە ئالتۇن رەڭلىك چۈمپەردە بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ، يالغاندىن خەلقىم

---

① مەرۋى پارس ـــ (776 ـــ 783) ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ماۋارەئۇننەھر رايونىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى ھاشىم ئىبنى ھەكىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

مېنىڭ نۇرانە يۈزۈمگە قاراشقا پېتىنالمايدۇ، دەۋالغان. كىشىلەر ئۇنى «مۇقەننا» (چۈمپەردىلىك ئادەم) دېيىشكەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولغان، ئۇلار تاشقى ئىيوردانىيە ئۆلكىسىنى بويسۇندۇرغان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، خاۋارىجلار خۇراساندا يەنە باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېرسىيەدىكى ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىسى ئامىمىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشكە باشلىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن؛ يېڭى ئاتەشپەرەسلەر جۇرجان ئۆلكىسىدە يەنە باش كۆتۈرگەن. مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەھدى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بۇ ئىش تېرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى باستۇرغان، باستۇرۇش نەتىجىلىك بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېيىنكى ئۈچ خەلىپە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، كەڭ ئاباسىيلار دۆلىتىدە بىرمەھەل خېلى تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

**مەنسۇرنىڭ ئۆلمى** مەنسۇر 775 ـ يىلى دۇنيادىن ئۆتتى، ئۇنىڭ جەسىتى مەخپىي ھالدا دەپنە قىلىندى. چۈنكى، ئاباسىيلار جەمەتى ئۇمەييەلەر جەمەتىگە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قەبرىسىنىڭمۇ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلدى. مەنسۇر مەككىگە يېقىن جايدا قازا قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇ مەككىگە ھەجگە كېتىۋاتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى مەككىدە بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە 100 دىن ئارتۇق قەبرە كولانغان بولۇپ، ئۇنى قايسى قەبرىگە قويىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلەلمىگەن. بىراق، ئۇ ئاباسىيلار ھاكىمىيىتىنى مەيلى قانداقلا ۋاستە بىلەن مۇستەھكەملىگەن بولمىسۇن، ئۇنىڭ تالانتلىق پادىشاھ، شۇنداقلا ئىمپېرىيەنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئۇ ئويناشقاندەك ئىش قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا ئالىيجاناب غايە تىكلىگەن كىشى ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلەپ قويانتى. شەخسىي ھەۋەسلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، قەتئىي مىجەزلىك كىشى ئىدى. مەنسۇر قەدىمكى دەۋردىكى پېرسىيە پادىشاھلىرىنىڭ سورلۇك تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى تەقلىد قىلغان بىر خىل قەدىمىي ئەنئەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن. شۇڭا، خەلىپىلىك بارا ـ بارا يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئىخلاسمەنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

**مەھدى (775 ــ 785) ۋە بەرمەق جەمەتى** مەنسۇردىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مەھدى تەختكە ئولتۇردى. ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئاتىسى ئىدى. مەھدى يەھيا بەرمەقنى ئۆزىگە باش ۋەزىر قىلدى، ئۇ كىشى خالىد ئىبنى بەرمەقنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ھارۇننىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بەرمەق ئائىلىسىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە چىرايلىق، ئازادە قەسىرلەرنى سالدۇردى. ئۇلارنىڭ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش ئادىتى كىشىلەر ئالدىدا كۆلكىگە قېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بەرمەق ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى بىلىملىك، ئەقىللىك ۋە كەڭ قورساق ئىدى. ئۇلار سەنئەتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيتتى ھەم تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇلار يەنە ئۆستەڭ قېزىش، رەيكەش چېپىش، يول ياساش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا تىرىشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىشى يەھيا بەرھەقنىڭ ئوغلى جەففەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. جەففەرمۇ ھارۇن رەشىدنىڭ داڭلىق باش ۋەزىرى ئىدى. بەرمەق جەمەتى شىئە مەزھىپىدە ئىدى، شۇ سەۋەبتىن شىئە مەزھىپى ئاباسىيلار ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە، بولۇپمۇ پېرسىيەدە بارا ـ بارا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى. ئەمما، بەرمەق جەمەتىنىڭ ئاقىۋىتى تىراگېدىيەلىك بولدى. كىشىلەر بەرمەق

ئائىلىسىگە تولىمۇ ھەسەت قىلىشاتتى. ئوردا ئىچى ھەمىشە سۇيىقەست ۋە سىياسىي تالاش ـ تارتىش بىلەن تولغانىدى. دەسلەپتە ھارۇن رەشىد بەرمەق ئائىلىسى توغرىسىدىكى ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا پەقەت كۈلۈپلا قوياتتى. بىراق، ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سىڭلىسى ئابباساھنى جەففەرگە ياتلىق قىلغان بولسىمۇ، كېيىنرەك بارا ـ بارا جەففەردىن ۋاز كەچتى. ئاخىر 803 ـ يىلى ھارۇن ئاقىۋەت جەففەرنى ئۆلتۈردى ھەم ئۇنىڭ دادىسى — ھارۇننىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان يەھيانى نەزەربەند قىلدى. ھارۇن يەنە شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق جەففەر بىلەن بىر ۋاقىتتا داڭقى چىققان جەففەرنىڭ ئىنىسى فادىلنىمۇ جايلىۋەتتى. پادىشاھلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ھەقىقەتەن ئىشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە. ھارۇن يەنە بەرمەق ئائىلىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاختۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئائىلە نام ـ مەنپەئەت سورۇنىدىن بىراقلا مەڭگۈ قوغلاپ چىقىرىلدى.

**كىچىك ئاسىيادىكى ئۇرۇشلار** ئەمدى يەنە مەھدى ئۇستىدىكى گېپىمىزگە كېلەيلى. ۋىزانتىيە بىلەن خەلىپىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانىدى، ئەمدىلىكتە مەھدى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا بۇ ئۇرۇش يەنە باشلاندى. مەھدى خىرىستىيانلارنىڭ «دىنىي ئۇرۇش» قىلىشىغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ياش ئوغلى ھارۇننىڭ قوماندانلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتىپ، كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىردى، ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىپ، مەرمەر دېڭىزىغىچە دېگۈدەك بېسىپ باردى. ۋىزانتىيەنىڭ نائىب شاھى ئىرېنى خەلىپە بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ھەر يىلى 80 مىڭ دىنارلىق ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلىپ، ھارۇن ھەقىقەتەن شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ دادىسى مەھدى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، ھەتتا ئۇنىڭغا «رەشىد» دەپ نام بەردى. بۇنىڭ مەنىسى «توغرا ئادەم» دېگەنلىك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

**سەنئەتكە ياردەم بېرىش** مەنسۇر ئاددىي ـ ساددا پادىشاھ ئىدى، باغداد شەھىرىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلغان مال ـ مۈلۈكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ شەخسىي خىراجىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، دۆلەت خەزىنىسى توشۇق ئىدى. بۇ ھال تېخىمۇ ئاسايىشلىق تۇرمۇشنى قوغلىشىدىغان مەھدىنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ خەلىپىلىكنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. نۇرغۇن مۇھىم شەھەر ـ بازارلارنى مۇستەھكەملىدى. يەنە يېڭىدىن بەزى شەھەرلەرنى بىنا قىلدى. ئۇنىڭ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا مەدەت بېرىشى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ قولى ئوچۇق ۋە ساخاۋەتلىك كىشى ئىدى، مال ـ مۈلۈك سوۋغا قىلىش ئارقىلىق شائىر ۋە ناخشىچىلارغا ياردەم قىلاتتى. باغداد شەھىرى بۇرۇنلا چوڭ سودا مەركىزىگە ئايلانغان ۋە تۈرلۈك سەنئەتكارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىغانىدى. خەلىپىلىكتە مەبلەغنى كۆپلەپ قۇرۇتۇۋېتىدىغان ئۇرۇشمۇ بىرمەھەل توختاپ قالغانىدى. بۇ ھال تىنچ سەنئەتكە، يەنى ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك ۋە ئىلىم ـ پەنگە، مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھى ئىلمىي ئىشلىرىغا، ھەتتا زوروئاستېر دىنى ۋە مانىي دىنىغا ئوخشاش پېرسىيەنىڭ دىنلىرىغىمۇ يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، پېرسىيەنىڭ شېئىر ـ قوشاق ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىگىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھەۋەس تۇغۇلدى. بەزى پارسلار باشقا بىر قۇتۇپقا مېڭىپ پارسلارنىڭ پەيغەمبىرى زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» ئەقىدىلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى ۋە ئۇنى قاملاشمىسىمۇ ئىسلام ئىلاھشۇناسلىقى دەپ پەردازلىدى، مەھدى بۇنىڭغا يول قويالمايتتى. 783 ـ يىلى ئۇ دىنغا ئاسىيلىق قىلغۇچى دېگەن جىنايەت بىلەن سالىق ئىبنى ئابدۇل قۇددۇس ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچىنىڭ پۇت ـ قولىنى چانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىدئەتچىلىكنىڭ تارقىلىشى توسۇپ قېلىندى.

**هادى (785 ـــ 786)** مەھدى 10 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مۇسا هادى خەلىپە بولدى. هادىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇزاق بولمىدى، باشتىلا ئىنىسى ھارۇن بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى، ئاخىرىدا ھادى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھادىنىڭ ئانىسى بىلەن ھارۇننىڭ ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىدى. ھادىنىڭ ئانىسى ئەسلىدە بەربەرلەردىن كېلىپ چىققان بىر قۇل ئىدى. 786 ـ يىلى ھارۇننىڭ ئانىسى غەلىبە قىلدى، ھارۇن خەلىپە بولدى. تەقدىر ھارۇننىڭ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ داڭلىق خەلىپىسى بولۇشىنى بەلگىلىدى.

**ھارۇن رەشىد (786 ـــ 809)** ھارۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 23 يىل ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپە ھۆكۈمرانلىقى گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. يىراقتىكى جۇڭگودىن تارتىپ ياۋروپاغىچە بولغان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى. ئۇ ھەتتا قۇدرەتلىك فىرانك كورولى ئىمپېراتور كارلىمان بىلەنمۇ ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقان ۋە ئەلچى ئالماشتۇرۇشقانىدى. ھارۇننىڭ ئىمپېراتور كارلىمانغا ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرى ئىچىدە تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بىر سائەتمۇ بولغان. ھارۇن يەنە ھىندىستان پادىشاھى ئەۋەتكەن سوۋغىلارنىمۇ تاپشۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا، ئۇ دېڭىزنىڭ پادىشاھىدىن بىر يەرلىك تېۋىپ (ۋائىد) نى تەكلىپ قىلىپ كېسىلىنى داۋالاتقان. ھارۇن چوڭ سەيياھ بولۇپ، خۇراسان ۋە مىسىرلارغا بىرقانچە قېتىم بارغان، ھاياتىدا مەككىگە توققۇز قېتىم ھەجگە بارغان.

**ۋىزانتىيەگە قارشى ئۇرۇش** ھارۇن ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە پەقەت بىر قېتىملا ئۇرۇش بولغان، يەنى ۋىزانتىيەگە

www.uyghurkitap.com

قارشى ئۇرۇش بولغانىدى. باشتا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھارۇننىڭ دادىسى مەھدى تەختتىكى چاغدا، ھارۇن ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى دېڭىز بويىغا سۈرۈپ بارغان ۋە ئۇلارنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇرلىغان. ۋىزانتىيەلىكنىڭ نائىب ئايال پادىشاھى ئىرېنى تا 802 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتقىچە شەرتنامىنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان نىسپۇرۇس I كۆرەڭرەك ئادەم بولۇپ، شەرتنامىنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھارۇنغا بىر پارچە ئەدەپسىز خەت ئەۋەتىپ، ھارۇننىڭ ئىرېنى تۆلىگەن ئولپانلارنى ۋىزانتىيە دۆلەت خەزىنىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھارۇن بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقلاپ، شۇ يەردىلا جاۋاب خەت يازغان، بۇ خەت قىممەتلىك تارىخي بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇ خەت ھەرگىزمۇ ئالىيجاناب قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئۈلگىسى بولماستىن، بەلكى ئاببا سىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىنى چۈشەندۈرىدىغان، شۇنداقلا كىشىلەرگە كىمكى ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىگە چېقىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن بەزىدە قانداق تەلەپپۇز بىلەن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەت ئىدى. بۇ خەتنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق:

*«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئىمان ئېگىلىرىنىڭ سەردارى ھارۇندىن رىمنىڭ ئىتى ــ نىسپۇرۇسقا:*

*راستىنى ئېيتسام، خېتىڭنى كۆردۈم، خەپ! سەن بىر مۇتتەھەم ئىكەنسەن. جاۋابىمغا كەلسەك، ئۇنى ساڭا چوقۇم كۆرسىتىمەن، بىراق سەن ھازىر ئۇنى ئاڭلىمىساڭمۇ بولىدۇ! خەير.»*

**نىسپورۇسقا زەربە بېرىش** ھارۇن دەرھاللا بىر قاتار ھەربىي يۈرۈشكە تەييارلاندى. يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن كىچىك ئاسىيادىن كېسىپ ئۆتتى. بىرىنچى باسقۇچتىكى جەڭ 806 ـ يىلى ۋىزانتىيەنىڭ ئىككى مۇھىم شەھىرى — ھېراكلىيە ۋە تىيانانى ئېلىش بىلەن ئاياغلاشتى. ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي يۈرگەن نىسپورۇس زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە ماغدۇرىدىن كەتتى. سىپروس ئارىلى بىلەن رود ئارىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 805 ـ يىلى ۋە 807 ـ يىلى مۇسۇلمان فىلوتىنىڭ زەربىسى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىدى. كىچىك ئاسىيادىكى ئىككى چوڭ شەھەر ئىكونيۇم بىلەن ئېفېسمۇ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. نىسپورۇس ئاخىر بۇ بىر قاتار ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتلەردىن ساۋاق ئېلىپ، يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. تېخىمۇ كۆپ ئولپان ھەدىيە قىلىشقا، جۈملىدىن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر نامىدىن بىر قىسىم شەخسىي ئولپان تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى.

**ئەلىچىلەرنىڭ مەدىنىدىكى قوزغىلىڭى** تەخمىنەن 786 ـ يىلى مەدىنىدە يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرسى ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن قوزغىلاڭلارغا ئوخشاشلا قىلچە ئۈنۈم بەرمىدى. بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھوقۇق دەۋاگەرلىرى① مەغلۇپ قىلىندى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئاتامانىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدرىس 788 ـ يىلى ئافرىقىغا قېچىپ بېرىپ، ماراكەشتە ئىدرىسىيەلەر خاندانلىقىنى قۇردى، ئۇ 200 يىل دەۋران سۈردى. بۇ ئەلى جەمەتى قۇرغان يەنە بىر خاندانلىق ئىدى.

① قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**باغدادتىكى كەيپ ـ ساپا تۇرمۇش** بۇ يەردە ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە شان ـ شۆھرىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ خىل مەدەنىيەت ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەئمۇن زامانىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. باغداد مەھدى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا خېلىلا باياشات شەھەر بولغانىدى، ھارۇننىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاۋات شەھەرلىكى دۇنياغا تونۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھارۇننىڭ «مىڭ بىر كېچە»دىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان داڭلىق ئايالى زۇبەيدەنىڭ جوزىسىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ياكى ياقۇت ـ مەرۋايىتتىن نەقىش چېكىلمىگەن قاچا ـ قۇچىلارنى قويۇشقا بولمايدىكەن، ئۇ ھەتتا كەشىگىمۇ ياقۇت، مەرۋايىتتىن نەقىش قۇيدۇرۇپ كىيىدىكەن. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ ناھايىتى قىممەت باھالىق ئىكەن. ئۇنى كۈتىدىغان ناخشىچى ـ رەققاس دېدەك ـ قۇللارنىڭ باھاسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ ئالتۇن بىلەن ئۆلچىنىدىكەن.

**كەيپ ـ ساپا تۇرمۇش ئادەتلىرى** كىشىلەر مەئمۇننىڭ 825 ـ يىلىدىكى تويى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن ئەيتى زامانىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بۇزۇپ ـ چېچىشنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بولغانلىقىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېلىن بولغۇچى سانسىزلىغان ئۈنچە ـ مارجان ۋە ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن پاياندازغا ئولتۇرغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىدا مىڭلىغان چوڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنىڭ ۋال ـ ۋۇل چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرغانلىقىنى كۆرۈشكەن. بۇ شەرقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، توي مەرىكىسى تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان ئوبدان سورۇن بولۇپ كەلمەكتە. مەئمۇننىڭ ئاشۇ قېتىمقى تويىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئالدىنقى بابلاردا

ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن «كىتابۇل ئاغانى»نىڭ ھازىر كۆپ خىل يېزىقتىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. بۇ كىتابتا نەچچە يۈزلىگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، گەرچە ئۇنىڭدىكى ئەنئەنىۋى مۇبالىغىلەر ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر باغداد شەھىرىنىڭ سەلتەنەتى ۋە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى ئېنىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بىر قېتىملىق مەرىكىدە، شۇ سورۇتىدىلا قىممىتى 30 مىڭ دەرھەمگە تەڭ كېلىدىغان سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىش ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. ھارۇننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەمىن مۇشۇنداق سوۋغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى شېئىر ئوقۇپ خۇش قىلىدىغان بىر ئوردا ئەمەلدارىغا تەقدىم قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ھايۋانلارنىڭ شەكلىدە ياسالغان نۇرغۇن ساياھەت قېيىقلىرى بولغان؛ بۇ قېيىقلارنىڭ بەزىسى بۈركۈتكە ئوخشىسا، بەزىسى شىر شەكلىدە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ قىممىتى 3 مىليون دەرھەمگە تەڭ كېلىدىكەن! قىلچە مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاببasiيلار خان جەمەتىنىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرا ئەسىردە، بەلكى پۈتكۈل تارىختا ئەڭ كەيپ - ساپا ئىچىدە ئۆتكەن، ھېچقانداق بىر پادىشاھنى ئۇلارغا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى. ۋاھالەنكى، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنى گۇناھىغا لايىق جازاغا مۇپتىلا قىلدى.

**ئىلىم - پەنگە بولغان ئىشتىياق** ئۇنىڭدىن سىرت، باغداد ئەينى ۋاقىتتا يەنە دۇنيا ئىلىم - پەن بۆشۈكى دېگەن نام بىلەنمۇ داڭ چىقارغان. ھەر خىل يېزىقتىكى كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. قۇم جەزىرىدە دۇنياغا كەلگەن ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىمگە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى نامايان قىلغان. ئالتۇن ۋە ياقۇت - مەرۋايىت بايلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. مەيلى پەلسەپە، تەبىئىي پەن

www.uyghurkitap.com

ياكى تېبابەتچىلىك ئىلمى جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە شۇنداق بولغانىدى. بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە، ئەرەب ئالىملىرى نەچچە ئەسىر سەرپ قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت پېشۋالىرىدىن بولۇپ قالغان. بىلىم ساھەسىدە ئۇلار يۇنان ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى.

**خەلىپىلىكتىكى غەلىيانلار** باغداد ياكى باشقا جايلاردا ھەقىقەتەنمۇ بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىلدى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن پۈتكۈل دەۋردە باشتىن ـ ئاخىر ئۇزاق مەزگىللىك ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى دەپ قارالسا ئىنتايىن خاتا بولىدۇ. ھارۇن تەختكە چىققاندىن تارتىپ، تاكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، دۆلەتتە دائىم توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. ئۇ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا شىمالىي ئەرەبىستانلىقلار بىلەن جەنۇبىي ئەرەبىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك، رەھىمسىز كۈرەشلەر يۈز بېرىپ تۇردى. غەلىيانىنىڭ بوران ـ چاپقۇن مەركىزى دەمەشقتە ئىدى. باش ۋەزىر جەئفەر بەرمەق ئۆزى نەق مەيدانغا بېرىپ بارلىق كىشىلەرنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىنلا تەرتىپ ئاندىن ئەسلىگە كەلگەنىدى.

**ئەل مەغرىبتىكى قوزغىلاڭ** ئافرىقىدا خەلىپە ئەۋەتكەن مەمۇرىي ئەمەلدار غەلىيان كۆتۈرگەچكە، ھارۇن بىر يىگى باش ۋالىي تەيىنلەشكە مەجبۇر بولغان، بۇ كىشى ئىبراھىم ئىبنى ئەغلەب بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى بۇرۇنقى بىر قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئىبراھىم بۇ رايوندا ناھايىتى تېزلا خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھارۇن ئۇنى شۇنچىلىك

ئەتىۋارلىدىكى، ئۇنى ئەل مەغرىبىنىڭ ئاتا مىراس باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئىبراھىم ئىنتايىن قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالدى. ئۇ قەيرۇۋاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئابباسىيلارنىڭ يېڭى مەركىزىنى قۇردى، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق يولغا قويدى، ھەتتا يەرلىك كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بۇ زېمىندا پادىشاھلىق تىكلىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا توختىلىمىز.

**سەمەرقەند قوزغىلىڭى ۋە ھارۇننىڭ ئۆلۈشى** ھارۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئاخىرقى بىرقانچە يىلدا، سەمەرقەندنىڭ باش ۋالىيسى رافى ئىبنى لايس غەلىيان كۆتۈردى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ 805 ـ يىلى چەت ـ ياقىدىكى تاشقى ئىيوردانىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پادىشاھ بولغۇدەك قۇدرىتىم بار دەپ ئويلىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئىش ھارۇننىڭ ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئاتلىنىپ غەلىياننى بېسىقتۇرماقچى بولدى. ئەمما، خۇراساننىڭ تۇس دېگەن يېرىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 809 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋاپات بولدى. بىر زامان دەۋران سۈرگەن بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەر بار، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تەرىپلەيدىغان ماختاش سۆزلىرى ھەتتا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئەمەلىي ئىشلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

**ھارۇننىڭ خاراكتېرى** رومانتىك تارىخلاردا ۋە رەسمىي تارىخقا يېزىلمىغان خەۋەرلەردە ھارۇن توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، لېكىن بۇ خاتىرىلەر ئىچىدە ھارۇندا ئاق كۆڭۈل پادىشاھقا خاس بارلىق سۈپەتلەر بار ئىدى دەيدىغان

www.uyghurkitap.com

مۇنداق بىر نۇقتا بار. بۇ تامامەن راست. هارۇن كارامەت قابىل سەركەردە، پىشقان هاكىمدار. ئىرادىلىك هۆكۈمران، سەنئەت ۋە ئىلىمنىڭ ئۇلۇغ مەدەتكارى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ دوست تۇتۇشقا هېرىسمەن كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شۆھرىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە هەيۋىتىنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ هەممىسىگە مەشھۇر ئىدى. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ــ ئۇنىڭ سەنئەت ۋە تۈرلۈك ئىلىملەرگە قىلچە كەمسىتمەستىن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكى بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئوغلى مەئمۇن داڭلىق ئاتىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئاتىسى هارۇن بىلەن بوۋىسى مەهدى ئۇنىڭغا يارىتىپ بەرگەن ياخشى شارائىتتىن بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

**ئەمىن (713 — 809) ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى** هارۇن ۋاپات بولغان ۋاقىتلاردا خەلىپە ئىمپېرىيەسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ بولغانىدى. هارۇن هايات ۋاقتىدا ئوغلى ئەمىنى سۈرىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنىدى؛ مەئمۇن شەرقىي ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى؛ هارۇننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى قاسىم مېسوپوتامىيەنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. ئەمما، هارۇن ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئايالى زۇبەيدەدىن بولغان ئوغلى ئەمىنتى ئۆزىگە ۋارىسلىققا، مەئمۇننى نائىبلىققا بەلگىلىگەن. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار دەرھاللا ۋارىسلىق هوقۇقى مەسىلىسىدە جېدەللىشىپ كەتتى، جېدەلنى دەسلەپتە ئەمىن قوزغىدى. ئۇ قاسىمنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، مەئمۇن بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ هەر ئىككىلىسى فادىل ئىسىملىك بىرىسىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. ئەمىن تەيىنلىگەن

ۋەزىرنىڭ ئىسمى فادىل ئىبنى رابى، مەئمۇن تەيىنلىگەن ۋەزىرنىڭ ئىسمى فادىل ئىبنى ساھىر ئىدى. بۇ ئىككى مەسلىھەتچى ئۆز غوجايىنلىرىنى تالاش ـ تارتىشنى قورال كۆچى بىلەن ھەل قىلىشقا كۈشكۈرتتى. مەئمۇن دەسلەپتە ئارىسالدى بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ شەرقتىكى چېگراسى تىبەتلەرنىڭ قىستاپ كېلىشىدەك تەھدىتكە ئۇچراۋاتاتتى. كېيىنرەك بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، بۇ ماجىرانى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ھالەتكە يەتكۈزدى. 810 ـ يىلى ئەمىن ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇسانى تەختكە مەئمۇن بىلەن بىللە ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ بېكىتتى. بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلمىشى مەئمۇندىن باشقا، مۇسانىڭمۇ خەلىپە ئىزباسارى بولالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەئمۇن پارسلار گۇرۇھىنىڭ قوللىشىدا، ئاكىسى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمىن ئۈچ ئېلىش تەرىقىسىدە مەئمۇننى ۋەزىپىسىدىن رەسمىي ئېلىۋەتتى ھەم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىسى ئەلى ئىبنى ئەيسانى مەئمۇنغا قاراشلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. ئەرەبپەرەسلەر ئەمىن تەرەپتە تۇردى؛ پارسپەرەسلەر بولسا مەئمۇن تەرەپكە ئۆتتى.

**ئىچكى ئۇرۇش** باشتىلا ئىرادە ـ تەقدىر ئەمىنگە ۋاپاسىزلىق قىلدى. مەئمۇننىڭ سەركەردىسى تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن ئەلى ئىبنى ئەيساغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئەمىن ئەۋەتكەن يەنە بىر قوشۇنمۇ مەغلۇپ بولدى. بۇيرۇق بويىچە شەرققە ماڭغان ئۈچىنچى قوشۇن ئىراق چېگراسىدىن ئۆتۈشنى رەت قىلدى. ئىچكى ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋام قىلدى، ئاخىرىدا ئەمىن ھوقۇق ـ كۈچىدىن ئايرىلىپ ئىلاجسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ئەلى ئىبنى ئەيسانىڭ ئوغلى ھۈسەيىن گەرچە ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمما باغدادتا ئۇنى بىر مەزگىل نەزەربەند قىلىپ قويدى. بۇ جەرياندا سۇرىيە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا غەلىيان كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا يېرىم ئارال تەرەپتىكىلەر مەئمۇننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەئمۇننىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى سەركەردە تاھىر بىلەن خارتاما باغداد شەھىرى يېنىدا پەيدا بولۇپ، شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىدە كەسكىن كوچا جېڭى قىلدى. ئاخىرىدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى قوشۇنلار بىتچىت قىلىندى، يەنىلا ئارىلاپ پارچە ـ پۇرات جەڭلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ شەھەر قانداقلا بولمىسۇن مەئمۇن قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئەمىن تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. خارتاما ئەمىننىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانىدى. بىراق، بىر كېچىسى سەركەردە تاھىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئەمىنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەئمۇن تۆت يىلغا يېقىن ئېلىپ بېرىلغان رەھىمسىز ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىر خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇردى.

**مەئمۇن (813 ــ 833)** ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا مەئمۇن پادىشاھ بولدى، ئەمما ئايىغى ئۈزۈلمىگەن پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ھاياتى بەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇشقا، دىپلوماتىك ئىتتىپاق تۈزۈش ۋە باشقا غەيرىي تىنچلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، بىپايان ئىمپېرىيەگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يەردە بەزى زور كۆلەملىك غەلىيانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك خاراكتېرىدىكى بىر مەسىلىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان خەۋپ ـ خەتەرنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ۋارىسلىق ھوقۇقى

مەسىلىسىدۇر. ئەلچىلەر ئىراقتا قوشۇن تارتقاندا، مەئمۇن يەنىلا مەرۋىدە، ئۇنىڭ پايتەختى بولسا خۇراساندا ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 815 ـ يىلى ئىنقىلاب بۆشۈكى كۇفەدە يۈز بەردى. قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ خارتاما تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. لېكىن، ئۇ زەپەر قۇچۇپ مەرۋىگە قايتقاندا، مەئمۇن ئۇنىڭدىن خەتەرلىك ئادەم دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خارتامانى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سەركەردە تاھىرنى ئىراقتىكى يەنە بىر قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا باغدادلىقلار خەلىپىلىك ھوقۇقىنى مەئمۇننىڭ تاغىسى مەنسۇرغا سۇنغانىدى. بىراق، ئەقىللىك مەنسۇر قوبۇل قىلمىدى. ئىراقلىقلار ئەلچىلەر تەرەپدارى بولغانلىقتىن، مەئمۇن ئەلچىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە مەنپەئەت تېگىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، 817 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەئمۇن ئۆز قىزىنى ئىمام ئەلى رىزاغا ياتلىق قىلدى ۋە ئىمام رىزانى ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قارا بايرىقىنى يېشىل بايراققا ئۆزگەرتتى. چۈنكى، يېشىل رەڭ ئەلى جەمەتىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەلى رىزا شىئەلەرنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد ئىمامى، شۇنداقلا ئىخلاسمەنلىكتە داڭ چىقارغان كىشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كەڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. شۇ يول بىلەن شىئەلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

**ئىراقتىكى توپىلاڭ** ماجىرا تېرىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىراقلىقلار بۇ ۋاقىتتا يەنە مەھدىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىبراھىمنى خەلىپە قىلىپ كۆتۈرۈشتى. شۇ سەۋەبتىن مەئمۇن زور قوشۇن باشلاپ باغدادقا قاراپ يولغا چىقتى. بىراق، يېرىم يولغا كەلگەندە تۇيۇقسىزدىن يەنە بىر خەتەرگە دۇچ كەلدى. باباقنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر يېڭى دىنىي مەزھەپ كۆچ توپلاپ

تۇپىلاڭ كۆتۈردى①. باباق «چۈمبەللىك پەيغەمبەر» مۇقەننانىڭ مۇخلىسى ئىدى. بۇ يېڭى مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى روھنىڭ كۆچىيىشىگە ۋە باشقا غەيرىي ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئىشىنەتتى، مەئمۇن بۇ بىدئەتچىلەرنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيتتى. مەئمۇن ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە خۇراساننىڭ مۇھىم شەھىرى تۇستا توختىدى، سەپەرگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان كۈيئوغلى ئەلى رىزا شۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلدى. بۇ بىر زور بەختسىزلىك ئىدى. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە قاتىلنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ئىپىتالمىسىمۇ، ئەلى رىزا كىشىلەر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئەلى رىزا ئۆلگەندىن كېيىن تۇسقا دەپنە قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاي مەشھەت دەپ ئاتالدى ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس بىر جايى بولۇپ قالدى. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئادەتتە ئىمام ئەلى رىزانى «شېھىت» دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، مەشھەت شىئە مەزھىپىنىڭ ئۈچ مۇقەددەس جايىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. بۇ ئۈچ مۇقەددەس جاي: ئىمام ھۈسەيىن دەپنە قىلىنغان جاي — كەربالا؛ ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەبرىسى بار جاي نەجەف؛ ئەلى رىزانىڭ قەبرىسى بار جاي — مەشھەتتىن ئىبارەت.

**مەئمۇننىڭ باغدادقا كىرىشى (819)** مەئمۇن 819 ـ يىلى باغدادقا كىرىپ، بۇ شەھەرنىڭ گويا خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. تاشقى سېپىل تېمىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن، نۇرغۇن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلانغانىدى. مەئمۇن كېلىپ جەئفەر ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى، جەئفەر بىر مەزگىل ھارۇن رەشىدنىڭ كۆچلۈك ۋەزىرى ئىدى. لېكىن، مەئمۇن ئۇ يەردە خاتىرجەم بولالمىدى.

① (816 — 837) ئەزەربەيجاندا مەشھۇر باباق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ يەردە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چۈنكى، خۇراساندا يەنە خاۋارىجلارنىڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنىدى، ئۇ سەركەردە تاھىرنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. تاھىر داڭلىق سەركەردە ئىدى، ئۇ بۇ ئۆلكىدە ناھايىتى تېزلا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تارتۇقلاش يۈزىسىدىن ياكى ئېھتىمال ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق كۈچلۈك بولغاچقا يۆتكىۋېتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، ئۇ خۇراساننىڭ باقىمەدە باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئەلۋەتتە، تاھىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمەتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ھەمدە خۇراساندا بىر سۇلالە قۇردى، بۇ سۇلالە 100 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇلارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمىز.

**مىسىر** غەربتە مودارىيە گۇرۇھى بىلەن ھىمىيەرىيە گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان رىقابەت مىسىردا يەنە بىر قېتىم پارتلاپ چىقتى. مودارىيە گۇرۇھى ئەمىننى قوللايتتى. ھىمىيەرىيە گۇرۇھى بولسا باشتىن - ئاخىر مەئمۇن تەرەپتە تۇردى. دەرۋەقە، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئەزەلدىن ئورتاق مەۋقەدە بولۇپ باقمىغانىدى. مەئمۇننىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللا بۇيرۇققا بىنائەن بۇ قېتىمقى ۋەقەنى باستۇرۇش ئۈچۈن مىسىرغا باردى، بىراق بۇ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ۋەقە تېرىغۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقاندا، ۋىزانتىيەلىكلەر يەنە باش كۆتۈردى. ئۇلار پېرسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەزەربەيجان ئۆلكىسىنى بازا قىلغان بىدئەتچى باباققا ياردەم بېرىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەئمۇن ئۆزى بۇ يېڭى بىرلەشمە كۈچكە قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، باباقنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپلا قالماستىن، ۋىزانتىيەلىكلەرنىمۇ تارمار قىلىپ، تارسۇسنىڭ زوبىرا قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. ئەمما، مەئمۇن كىچىك ئاسىيادا جەڭ قىلىۋېتىپ، 833 - يىلى ۋاپات بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

**ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ ئىستىپلا قىلىنىشى** مەئمۇن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يىللاردا ئوتتۇرا دېڭىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ئىچكى كۆلىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار مىسىردىن چىقىپ يىراق كىرىت ئارىلىغا بىر قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىگە مايىل ئەرەبلەر ئىدى. بۇ ئارال 825 ـ يىلى بويسۇندۇرۇلدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەغلەب ئەل مەغرىبتە قۇرغان ئەغلەبىيلەر سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا نامدا يەنىلا باغداد خەلىپىسىگە بېقىناتتى، ئۇلار 827 ـ يىلى سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىستىپلا قىلدى ھەمدە 831 ـ يىلى ئۇ يەرنىڭ مەركىزى پالېرمونى تارتىۋالدى. مەئمۇن ھاكىمىيەت بېشىدىكى يىللار ئىسلامىيەت گۈللەپ ـ ياشنىغان، ئىنتايىن ئامەتلىك يىللار ئىدى.

**مەئمۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى** مەئمۇن ئۆز ئاتىسىدىنمۇ ئۇلۇغ سەنئەت ھامىيسى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا ئەرەب ئەدەبىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورغۇن ساھەلەردىكى نەتىجىلىرى بىلەن ئۇلۇغ بىر خەلىپە سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. «بەيتۇلھېكمەت» (ھېكمەتخانا) دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىدا، كىشىلەر شۇ زاماندىكى بارلىق پەنلەر بويىچە كىتاب يېزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەئمۇن پەلسەپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئىدىيەسى ئىنتايىن تەرەققىيپەرۋەر ئىدى. ئۇ بەس ـ مۇنازىرىگە ئىلھام بېرەتتى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشكە يول قوياتتى. مەئمۇن دەۋرىدە ئۆزگىچە بىر پىكىر ئېقىمى كۆرۈنەرلىك نەتىجە

قاراندى، ئۇ بولسىمۇ مۇئتەزىلە پىكىر ئېقىمى ئىدى. بۇ توغرۇلۇق ئالدىنقى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. بۇ مۇئتەزىلە پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى: ئىسلام كالاملىرىنى ئەقلىيەۋى چۈشەندۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە شۇنداق قىلىشقا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىشتىن، ھەتتا ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەنقىد قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

**بىلىم يۇرتى** مەئمۇن زامانىدا ئىككى رەسەتخانا قۇرۇلغانىدى: ئۇنىڭ بىرسى دەمەشق ئەتراپىدا، يەنە بىرسى باغداد شەھىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. باغدادتىكى رەسەتخانىنىڭ يېنىدا يەنە بىر «بىلىم يۇرتى» مۇ قۇرۇلغانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن بېسىق بىر سورۇن ئىدى، نەچچە يۈزلىگەن ئالىملار بۇ يەردە يۇنان، سۈرىيە، پېرسىيە ۋە سانسكرىت يېزىقلىرىدىكى قەدىمىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەئمۇن دەۋرىدە بىلىم ئۈستىدە ئىزدىنىش مىسلىسىز سەۋىيەگە يەتكەنىدى. تېخىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كەڭ خەلىپىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان تۈرلۈك ياخشى خىسلەتلەر ئومۇميۈزلۈك جارى قىلدۇرۇلغانىدى.

**مەئمۇننىڭ خاراكتېرى** مەئمۇن ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى، شۇنداقلا ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان پادىشاھلاردىن بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، ئىنتايىن كەڭ قورساق كىشى ئىدى، بىلىمنى ياخشى كۆرۈشنى ئۇنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئالىم بولۇپ، بەس - مۇنازىرىلەرگە قاتنىشالايتتى ۋە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ پىشقان كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇ فانتازىيەچى ئەمەس ئىدى، زۆرۈر تېپىلغاندا دەرھال كەسكىن ھەرىكەت قوللىناتتى، بەزىدە تېخى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئۇ گەرچە ئەركىن پىكىرلىك كىشى بولسىمۇ، ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشلىرىنى ياقلاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ باباق ۋە بىدئەتچىلەر گۇرۇھىغا زەربە بېرىشتەك كەسكىن ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ھەم ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قەتئىي ئىرادىلىك مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈەتتى. مەئمۇندەك بىر شەخسكە باھا بېرىشتە، كىشىلەر تار ئىلاھىيەتچىلىك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش لازىم.

**ئەلمۇتەسىم (838 ــ 842)** مەئمۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە مۇتەسىم دەپ نام بەردى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا تىلغا ئالغۇدەك ئۈچ ۋەقە يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى قىزىق بىر ۋەقە، ئەمما تارىختا كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. پېرسىيەدىكى ساسانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، ھىندىستاندىن كەلگەن جاتلار غەربكە كۆچۈپ بارىدۇ، ساسانىيلار پادىشاھى ئۇلارنى دەجلە دەرياسى بىلەن ئېفرات دەرياسى دېلتىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. جاتلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدا زوتلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار مەئمۇن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان يىللاردا قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىغان بىر كۈچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار باندىتلارغا ئايلىنىپ كەتكەن ھەمدە سودا كارۋانلىرىنى بۇلاشقا كىرىشكەنىدى. مۇتەسىم ئۇلارغا قارشى جاپالىق جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، 825 ـ يىلى ئۇلارنى ئاخىر مەغلۇپ قىلدى ۋە كىچىك ئاسىيادىكى چەت ئۆلكە سىلىبزىيەگە سۈرگۈن قىلدى. بۇ جاتلار كېيىنچە بېرىپ سەرگەردان بولۇپ، ئېقىپ يۈرۈپ ياۋروپاغا كېلىپ قالدى ۋە تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرگە تونۇش بولغان سىگانلارغا ئايلاندى.

**ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنى** يەنە بىر مۇھىم ئىشنى دەپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك، چۈنكى بۇ ئىش ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا

قىلدى. مەئمۇن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تۈرك قۇللاردىن ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنى تەشكىللىگەنىدى. مەئمۇن بۇ قوشۇننىڭ باشلىقلىقىغا ئەرەب ياكى پارسلارنىلا قوياتتى. ئەمما، مۇتەسىم بۇ ئادەتتىن ۋاز كېچىپ، قابىلىيىتى بار تۈركلەرنى بۇ قوشۇننىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەجەللىك بىر خاتالىققا يول قويدى. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا قارىماققا ئانچە مۇھىم ئەمەستەك ئىدى. لېكىن، بۇ تۈركلەر بارا - بارا قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلاندى، ھەتتا خەلىپىنى تىكلەش، ئېلىۋېتىشكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى. بۇ يەنە بىر ئاجايىپ تارىخىي پاكىت. رىم ئىمپېراتورى قەيسەردىن باشلاپ نۇرغۇن خان - پادىشاھلار مۇشۇنداق ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنى ياكى ئالاھىدە ئىسىملارنى قۇرۇپ بېقىشقان، ئاقىۋەتتە مۇشۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇندىكىلەر كۆپ ھاللاردا بېرىپ - بېرىپ پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي ھوقۇقلۇق كىشىلەرگە ئايلانغان، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان، ئۇلار پادىشاھلارنى تىكلىيەلەيدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئوردىدىكى سىياسىي رىقابەت تۈپەيلىدىن بارغانسېرى چىرىكلەشكەن، نەتىجىدە پادىشاھلارنىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا، ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن.

**يېڭى پايتەخت** مۇتەسىم باغدادتىن 100 مىل چامىسىدا كېلىدىغان سامارادا ئۆزىگە بىر يېڭى خان ئوردىسى سالدۇردى. ئۇ يەردە نۇرغۇن يېڭى قەسىرلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان پادىشاھلارمۇ يەنە نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى سالدۇردى. بۇ يەر گەرچە خەلقئارالىق مەدەنىيەت، سانائەت ياكى سودا مەركىزى بولغان باغداد بىلەن ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ھەشەمەتلىك دەرىجىسى جەھەتتە باغداد بىلەن ھۆسن تالىشاتتى. مۇتەسىم ئوغلى ۋەسىقنى باغدادتا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى كۆپ قىسىم ۋاقتىنى سامارادا ئۆتكۈزەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەئمۇننىڭ زامانىدا تولۇق باستۇرۇۋېتىلمىگەن باباق مۇخلىسلىرى مۇتەسىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە تامامەن يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى بۇ بىدئەتچىلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى.

**ۋىزانتىيە بىلەن بولغان ئۇرۇش** مۇتەسىم ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، ۋىزانتىيەلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. مۇتەسىمنىڭ تۈرك سەركەردىسى ئافشىن بۇ چاغدا باباقلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. شۇڭا، ۋىزانتىيە قوشۇنلىرى مۇتەسىمنىڭ تۇغۇلغان يېرى زىباتاغا ھۇجۇم قىلغان ۋە كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا، مۇتەسىم ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىپ جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. ئانسىرادا مۇتەسىمنىڭ قوشۇنلىرى ۋىزانتىيە پادىشاھى تېئوفىلوس بىلەن ئۇچراشتى، تېئوفىلوس ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئارقىدىنلا مۇتەسىم يەنە تېئوفىلوسنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاموريومغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ شەھەرنى قورشىۋالدى. 50 كۈندىن كېيىن ئاموريومنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، تېئوفىلوسنىڭ زىباتانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار بۇ شەھەرنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى، زور تۈركۈمدىكى ئاھالىلەر باغدادقا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ يىللارغىچە بۇ يەرنىڭ چېگراسى تىنچ تۇردى.

**ئافشىننىڭ ئاسىيلىق قىلىشى** دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مۇتەسىمنىڭ تۈرك سەركەردىسى ئافشىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاسىيلىق قىلدى. مۇتەسىمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى بىر سۈيىقەستتىن مۇتەسىمنىڭ ئۆزى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،

تېئوفىلوسقا قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختىتىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلدى. ئافشىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى ۋە تۈرمىدە ئۆلدى. خەلىپە ئۆشتۆمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىزدىن كونستانتىنوپولغا بىر قېتىم ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغاندى. بىراق، دېڭىزدا قورقۇنچلۇق بوران چىقىپ، ئەرەبلەرنىڭ فىلوتىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، نۇرغۇن كېمىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى. كونستانتىنوپول ھۇجۇمغا ئۇچرىمىدى، بۇ شەھەر يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە 600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت گۈللەپ ـ ياشىدى.

**ئەل ـ ۋەسقى (842 ــ 847)** مۇتەسىمدىن كېيىن ۋەسقى خەلىپە بولدى. ئۇ ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ئىدى. ۋەسقى توغرىسىدا كىشىلەر نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەردە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىقتىدارلىق پادىشاھ ئىدى. ئۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، مېھرىبان ئىدى، خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەتبەشىرە ئىشلارنى ئۆزىگە يولاتمايتتى. ئۇمۇ ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەرگەنىدى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا سودا ـ سانائەت قايتىدىن روناق تاپتى. ۋەسقىنىڭ ئۆزىمۇ داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ، نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغانىدى. ئەمما، ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئەجەللىك بىر خاتالىققا يول قويىدى. ئۇ تۈرك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى ئىچىدىكى ئاشناس ئىسىملىك بىر سەركەردىگە خەلىپىنىڭ نۆكىرلىك يۇقىرى مەنسەپ بەردى، بۇ مۇئاۋىن باش ۋالىيغا تەڭ ئەمەل ئىدى، ۋەسقى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاشناس بەئەينى بىر ھاكىممۇتلەققە ئوخشاش ئىش قىلىشقا باشلىدى، دەسلەپتە ئۇ ۋەسقىنىڭ ياش ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدنى يۆلەپ پادىشاھلىق تەختىگە چىقاردى، كېيىن بۇ خىيالىدىن يېنىپ، ياش مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ تاغىسى جەففەر مۇتەۋەككىلنى تاللىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىدىكى بۇ تۈرك باشلىقلارنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچى زادىلا ئاجىزلىمىدى.

**ۋەسىقنىڭ خاراكتېرى** ۋەسىق ئوچۇق پىكىرلىك كىشى ئىدى، ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ـ ئىدراكنى تەپەككۇرغا تەتبىقلاشقا ئىلھاملاندۇرماقچى بولاتتى. ئۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ۋە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ ئىش قىلىشنىڭ زىيىنىنى چۈشىنەتتى، كىشىلەرگە دىنىي ئەقلىيەچىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بەرمەكچى بولاتتى، ئەمما ئۇ نۇرغۇن ئەنئەنىچى ئۆلىمالارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ۋەسىق بىۋاقىت ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىمۇ كەلمەسكە كەتتى. ۋەسىق مەرد پادىشاھ ئىدى، ئەگەر ئۇ كۆپرەك ياشىغان بولسا، ھارۇن ۋە مەئمۇنلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئىسلامىيەت ئىچىدىكى ئەركىنلىك دەۋرىمۇ ئاخىرلاشتى. بىر مەزگىل ئىچىدە كۈچ توپلىۋالغان ئەنئەنىچى كۈچلەر ۋەسىقنىڭ ئىزباسارى مۇتەۋەككىل يېنىدىن ئۆزلىرىگە ماكان تاپتى، چۈنكى يېڭى خەلىپىلىكنىڭ ئۆزى ئەنئەنىچىلەرگە مايىل ئىدى. دەرۋەقە، بۇنداق ئەركىنلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسلام دىنىغا پايدىسى بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەردە گۇمان بولسىمۇ، ئەمما شۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى نەتىجىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ دەۋردە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەركىنلىك دەۋرىدە قولغا كەلگەنىدى.

**ئابباسىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمىتى** دەسلەپكى ئابباسىيلار

سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ كەڭ خەلىپىلىكنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا نەزەر سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دۆلەت باشلىقى خەلىپە بولۇپ، بۇ ھوقۇق مەنبەسى ۋە ئاخىرقى ھۆكۈم چىقارغۇچى ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا ۋەكىللىك قىلاتتى، كېيىنچە بېرىپ ئۇ «ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سايىسى» دەپ ئاتالدى. خەلىپىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشتىنلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يەنى «بۇ كىشىگە ئىتائەت قىلغانلىق، بىزگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ؛ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشى ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ.» بۇ فورمۇلانى تەتۈرىگە ياندۇرۇپ ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەلىپىلەرنىڭ بارا ـ بارا ئەرەب ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ خىل ئەمەلىيەتنى «خەلقنىڭ داھىيسى ئاممىنىڭ چاكىرى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

**دۆلەتتىكى ئاساسلىق مەنسەپلەر** ئورنى خەلىپىدىن كېيىنلا تۇرىدىغىنى باش ۋەزىر بولۇپ، كۆپ قىسىم ھوقۇق ئۇنىڭغا بېرىلگەن. باش ۋەزىر خەلىپىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن باشقا بارلىق ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. نۇرغۇن سورۇنلاردا باش ۋەزىرنىڭ ھوقۇقى خەلىپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك بولىدۇ. مەسىلەن، بەرمەق جەمەتى ئۈچ دەۋرنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋالغانىدى. ئەگەر باش ۋەزىر ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا خەلىپىنىڭ ۋاكالەتچىسى دېيىلسە، خۇددى ئەمىر ھەربىي جەھەتتە ئەڭ زور ھوقۇققا ئىگە بولغىنىدەك، سوتچىمۇ ئەدلىيە جەھەتتە ھەممىدىن يۇقىرى تۇراتتى. گەرچە مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى مەسىلىلىرىدە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتسىمۇ، خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىرادىسى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئاددىي، قاتمال تۇرمۇش ئەرەب جەمئىيىتىدىن يوقالغان بولسا، ئاببасىيلار جەمەتى هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلما روشەن ئەنئەنىۋى هالەتكە كىردى. هوقۇق مەركىزىنىڭ باغدادقا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، پېرسىيەنىڭ تەسىرى بارا ـ بارا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندى. ئوردىنىڭ سەلتەنەتلىك بولۇشى يىراق ئۆتمۈشتىكى هەزرىتى ئۆمەر دەۋرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا هەيۋىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىلچە ئوخشاشلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى. هەزرىتى ئەلى زامانىدىكى قاتمال هەيۋەتكىمۇ ئوخشىمايتتى. خەلقىنىڭ هوقۇقىغا كەلسەك، بۇ چاغدا هېچكىمنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى، هەتتا كىشىلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى ناهايىتى ئاز ئويلىشاتتى.

**باش ۋەزىر** باش ۋەزىر بەزىدە چەكسىز هوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان كىشىنى بەلگىلىيەلەيتتى ۋە مۇستەقىل قارار چىقىرالايتتى، مەسىلەن، هەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيتتى. بەزىدە، خۇسۇسەن خەلىپە هۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، باش ۋەزىرنىڭ هوقۇقى ئاجىزلاپ، پەقەت خەلىپىنىڭ ئەمرىنىلا ئىجرا قىلاتتى. بەزى خانىدانلىقلاردا باش ۋەزىر خەلىپىسىنىڭ يازما تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بەزى زور هەل قىلغۇچ سىياسەتلەرنى يولغا قويالايتتى، تەبىئىيكى، باش ۋەزىر هازىرقى ۋاقىتتىكى ئىچكى كابىنېت زۇڭلىسىغا تەڭ هوقۇققا ئىگە بولۇپ، ۋەزىرلەر يىغىنى ياكى هەرقايسى تارماقلار باشلىقلىرى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

**باج** بارلىق ۋەزىرلەر ئىچىدە مالىيە ۋەزىرى (ئاغىچى) ياكى باج ئەمەلدارلىرى ئەڭ مۇھىم ئەمەلدار هېسابلىناتتى. بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، چۈنكى هۆكۈمەت باجغا تايانغانلىقتىن،

باج ـ سېلىق يىغىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم خىزمىتىگە ئايلانغانىدى. كىرىمنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى يەر بېجى، چەت ئەللەر تۆلەيدىغان ئولپان، ئۆشرە ـ زاكات، غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان جان بېجى (جىزيە)، سودا بېجى، قول سانائەت بېجى، تىرانسپورت بېجى ۋە تاموژنا بېجىدىن ئىبارەت ئىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى بىر ئەسىردە، بۇ جەھەتتىن كېلىدىغان كىرىم كۆپ ئىدى، شۇڭا خەلىپىلىك ئىنتايىن راۋاج تاپقانىدى. كېيىنچە بۇ جەھەتتىكى كىرىملەر ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىشمۇ تەس ئىدى. چۈنكى، كۆپ ساندىكى چەت ئۆلكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇپ، يۇقىرىغا ئازغىنا سىمۋول خاراكتېرلىك باج ـ سېلىق تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىپايان خەلىپىلىكتە يەزى چوڭ پادىشاھلىقلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بارلىق باج ـ سېلىقنى ئۆزىگە قالدۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە دۆلەت خەزىنىسىدە 100 مىليونلاپ زاپاس ئاقچا بار ئىدى. كىرىمنى توغرا ئىستاتىستىكا قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت خامچوت ۋە ئىستاتىستىكا تارماقلىرىنى قۇرغانىدى. بۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ خېلىلا ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سودىدا ئادىل بولۇشنى بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تارازا ـ ئۆلچەمنى بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان ئورۇنمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئورۇننىڭ ئەمەلدارلىرى سەمىمىي بولماسلىق، خىيانەتچىلىك ۋە كۆز بويامچىلىق ھەرىكەتچىلىرىگە قارىتا ئىنتايىن رەھىمسىز ئىدى.

**ھەربىي قوشۇن** ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا يەنە باشقا بەزى تارماقلارمۇ بار ئىدى. بىراق، كۈچلۈك بىر ھەربىي تارماق يوق ئىدى. چۈنكى، خەلىپىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن

www.uyghurkitap.com

باشقا دۆلەتتە نۇرغۇن مۇنتىزىم ياللانما قوشۇنلار بولاتتى. ئەلۋەتتە، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار دائىمىي قوشۇن دەپ قارىلاتتى. لەشكەر ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، مەيلى قاچانلا بولمىسۇن، چاقىرىق قىلىنسىلا يېتەرلىك ساندىكى لەشكەرلەرنى توپلىغىلى بولاتتى، شۇنىڭدەك لەشكەرلەر ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندىلا ھەربىي تەمىناتتىن بەھرىمەن بولاتتى. لەشكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئاددىي پۇقرالاردىن بولغان پىدائىيلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. ھەر قېتىم يىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ياكى دىنىي ئۇرۇشقا چىقىشتا، بەدەۋىلەر، دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسى چاقىرىققا بىنائەن قوشۇنغا كىرەتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تەمىناتى ياخشى بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەرلىك ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان لەشكەرلەر ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى، بەلكى ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بويسۇندۇرۇلغان زېمىندا سۇيۇرغاللىق يەرگە ۋە جاگىر[①] يەرگە ئىگە بولاتتى.

**ھەربىي قوشۇننىڭ تۈزۈلمىسى** ئەينى زاماندىكى ئۈچ ئاساسلىق قوشۇن پىيادە لەشكەرلەر، ئاتلىق لەشكەرلەر ۋە ئوقياچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. پىيادە لەشكەرلەرنىڭ قورالى قىلىچ، شەمشەر، نەيزە ۋە قالقان ئىدى، ئاتلىق لەشكەرلەر دۇبۇلغا كىيىپ، ساۋۇت تاقايتتى؛ ئوقياچىلار نافتولدىن ياسالغان پاخلانمۇ ئىشلىتەتتى. ئىبنى خەلدۇن مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشنى تىلغا ئالغان: پالاخمانچىلار يېنىۋاتقان نەرسىلەرنى دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتاتتى، ئۆزلىرى بولسا ئوتتىن ساقلىنىش كىيىملىرىنى كىيىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ساپپېورلار قوشۇنى بولۇپ، ئۇلار شەھەرنى

① جاگىر — ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۆلەتلىرى ئىلكىدىكى يەرنى ئىجارىگە بېرىش ھوقۇقى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىلىشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى قونداقلىق زەمبىرەك، پالاخمان ۋە دەببابە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. گەرچە بۇ چاغلاردىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىنىۋېلىنمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئاساس قىلاتتى.

**قوشۇندىكى ھەربىي ئەمەللەر** ھەربىي قوشۇننىڭ ئەڭ يۇقىرى باشلىقى سەركەردە بولۇپ، ئۇ ئەمىر دېيىلەتتى. ئۇ ئادەتتە 10 مىڭ لەشكەرگە قوماندانلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 10 يىڭ بولاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك باشلىقلار: قائىد، ئۇ 100 لەشكەرگە باشچىلىق قىلاتتى؛ خەلىفە، ئۇ 50 لەشكەرگە باشچىلىق قىلاتتى؛ ئارىف، ئۇ ئاران 10 ئادەمنى باشقۇراتتى. دەسلەپتە ھەربىيلەر ئەرەبىستانلىقلاردىن تەشكىل تاپاتتى، ئۇلار ئىككى ئاساسىي قىسىمغا، يەنى شىمالىي ئەرەبىستانلىقلار ۋە جەنۇبىي ئەرەبىستانلىقلار دەپ ئايرىلاتتى. ئالدىنقىلىرى مودارىيلار ئىدى، كېيىنكىلىرى يەمەنلىكلەر ياكى ھىمىيەرلەر ئىدى. كېيىنچە بىرىپ - بىرىپ خوراسان قوشۇنى قۇرۇلدى، كېيىنرەك يەنە بىر تۈرك قوشۇنىمۇ قۇرۇلدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا قوشۇننىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ۋىزانتىيەلىكلەر ئۇلارنى كۆرسىلا قورقۇپ تېنى جۇغۇلدايتتى. بۇ ھەقتە ساقلىنىپ قالغان ۋىزانتىيە ھۆججەتلىرىدە ماختاش خاراكتېرلىك خاتىرىلەر بار، بۇ ھۆججەتلەرنى دەل ۋىزانتىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئۆزلىرى يازغان. كېيىنچە قوشۇننىڭ ئىنتىزامى كۈنسايىن بوشىشىپ كەتتى. ۋەسقىنىڭ زامانىدىن باشلاپ غەيرىي ئەرەبلەر ھەربىي قوشۇندا ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەندىن ئېتىبارەن، ھەسەتخورلۇق ئەۋج ئېلىپ كەتتى، لەشكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

**پوچتا تارماقلىرى** ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

تارماق — پوچتا ۋازارىتى (بارىد). ئۇ ئىنتايىن مۇكەممەل ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن. گەرچە دەسلەپكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە بىلەن ئابدۇلمەلىك ئۆتەك سىستېمىسىنى قۇرغان بولسىمۇ، بۇ تارماقنى ئاشۇنداق مۇكەممەل ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللىگەن كىشى هارۇن رەشىد بولۇپ هېسابلىنىدۇ. پوچتا ۋازارىتى كەم بولسا بولمايتتى. چۈنكى، خەلىپىلىكنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، خەت - ئالاقە تۇشۇش ئىشلىرى هۆكۈمرانلىقنى ئۇنۇملۇك ساقلاپ قېلىشتىكى ئاساسلىق شەرت ئىدى. شۇڭا، هەربىر ئۆلكىنىڭ مەركىزىدە بىردىن پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغانىدى. مۇهىم قاتناش يوللىرىدا ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ پوچتا خەت - خالتىلىرى تۆگە، قېچىر، ئاتلار ئارقىلىق قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈلۈپ توشۇلاتتى. پوچتا ئىدارىلىرى يەنە سودا - سېتىق ۋە پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلاتتى. بۇ تارماق هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قاتناش قۇراللىرى بىلەن تەمىنلەشكە، شۇنداقلا هەربىي قىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى توشۇشقىمۇ مەسئۇل ئىدى. ئاددىي پۇقرالار كىرا هەققىنى تۆلىسىلا، پوچتا ئورۇنلىرى ئۇلارغىمۇ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. يوللارنىڭ ياخشى بولۇشى قاتناشنى قولايلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، دۆلەت مۇكەممەل قاتناش يوللىرى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. باغدادنى ئاساس تۈگۈن قىلغان نۇرغۇن يوللار تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغانىدى. بۇ يوللار ناهايىتى ياخشى ئاسرىلاتتى. شۇنداقلا، پوچتا كەپتەرلىرىدىن پايدىلىنىپمۇ خەت - ئالاقە يەتكۈزۈلەتتى، بۇ كەپتەرلەر مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن كەپتەرلەر ئىدى، پوچتا ئورۇنلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلاتتى، ئۇلار خەلىپە ۋە باش ۋەزىر ئۈچۈن كۆپلىگەن ئاخباراتلارنى توپلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى.

**مەمۇرىي ئۆلكىلەر** خەلىپىلىكتە مەمۇرىي ئۆلكىلەرگە ئايرىش تۈزۈمى سۈيۈرغاللىق يەر بېرىشتەك ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەنىدى. گەرچە چېگرا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، خەلىپىلەر سىياسىي جەھەتتىكى غەرەزلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆلكىلەرنى يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن جۇغراپىيەلىك جايلىشىش بويىچە ئايرىيتتى. مەسىلەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى شىمالدىكى ھىجاز ئۆلكىسى بىلەن جەنۇبتىكى يەمەن ئۆلكىسىگە بۆلۈپ بېرىلگەنىدى؛ بەھرەين بىلەن ئومانىنىڭ شەرقىدىكى تار ئۇزۇنچاق كەتكەن جايلار تۈۋەنكى ئىراقتىكى بەسرە ئۆلكىسىگە قارايتتى؛ پېرسىيەدىكى ئۆلكىلەر يەنىلا ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خوسرۇس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى؛ كىچىك ئاسىيا رايونىنى ئايرىشتىمۇ ئەسلىدىكى ھالىتى ساقلاپ قېلىنغانىدى. بۇنداق قىلىش مەنتىققە ئۇيغۇن ئىدى. چۈنكى، كونا ئەنئەنىلەر مۇۋاپىق تەتبىق قىلىنسا، ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى تېگەتتى. دەرۋەقە، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرىنى مەركەز تەيىنلەيتتى، ئابباسىيلار سۇلالىسىدەك ئاشۇنداق كەڭ خەلىپىلىكتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش ئىنتايىن تەبىئىي ئىش ئىدى. چۈنكى، دۆلەتنىڭ قاتناش قوراللىرىنى مەيلى سۈرئەت جەھەتتە ياكى مۇكەممەللىك دەرىجىسى جەھەتتە بولسۇن، ھازىرقى قاتناش قوراللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئەسلا بولمايتتى، بۇ دۆلەتتە قانۇن ـ تۈزۈم ئەزەلدىن چىڭ ئىدى، باش ۋالىيلار كۆپىنچە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. باش ۋالىيلىق ئەمەلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاتا مىراس ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ماددىي بايلىقلىرى ئۆز ئۆلكىسىگىلا ئىشلىتىلەتتى، ئۆزىدىن ئېشىنىدىغىنى كۆپ ئەمەس ئىدى؛ پەقەت جىددىي پەيتلەردىلا مەركەزنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلاتتى. تەبىئىيكى، ھەرقايسى ئۆلكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەدلىيە

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچىلىرى، ھەتتا ئۆز ئالدىغا ھەربىي قوشۇنى بولاتتى. ئادەتتە باجنىمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاتتى. شۇ سەۋەبتىن، مەركىزىي ھاكىمىيەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، خەلىپە ھوقۇقىنىڭ ھامان ھوقۇق ۋە كۈچى بولغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، «ئاللاھنىڭ سايىسى» — خەلىپىنىڭ باغدادتىكى ئالتۇن قەپەسكە قاماپ قويۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

**يېڭى جەمئىيەت** ئابباسىيلار جەمەتى ھاكىمىيىتىنى خۇراسانلىقلار بىلەن پارسلارنىڭ قوللىشىغا يۆلىنىپ قولغا ئالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى كۆپ خىل مەدەنىيەتكە ئىگە مۇنبەت بىر زېمىندا قۇرۇشقانىدى. دۆلەتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى ۋە يېڭى تەركىبلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا «ئەرەب» دېگەن بۇ سۆز (ئۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ تىل، جۇغراپىيەلىك مەنىسىنى يوقاتقانىدى) بارا ـ بارا «مۇسۇلمان» نىڭ مەنىسىگە يېقىن بولۇپ قالدى. «ئەرەب» دېگەن سۆزگە ھەرقايسى جايلاردا يېڭىچە مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ئەسلىدىكى مەنىسىنى بىلدۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، باغدادنى مەركەز قىلغان يېڭى جەمئىيەتمۇ بەزى ئالاھىدە تەركىبلەردىن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تەركىبلەر مەغرىبتىكى قەيزۇۋاننى ياكى ئىسپانىيەدىكى كوردوۋانى مەركەز قىلغان ئەرەب جەمئىيىتىگە ئوخشىمايتتى. ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان پادىشاھلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنەتتى. بىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇقەررەر يوسۇندا بىر خىل ئارىلاشما گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار قانداشلىقنىڭ ساپلىقىغا ئىشەنمەيدىغان بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، قان سىستېمىسىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش مۇمكىن

بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەقىل ۋە ھۆسن جەھەتتىن يېتىشكەن نۇرغۇن ئايال قۇللار سوۋغات سۈپىتىدە خەلىپە، پادىشاھ، ئاقسۆڭەك ۋە بايلارغا نارتۇق قىلىناتتى ياكى ئاشكارا سېتىلاتتى. ئىسلام جەمئىيىتىدە قۇللاردىن تۇغۇلغان بالا قانۇنلۇق پەرزەنت ھېسابلىنىدىغان بولغانلىقتىن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسپانىيەلىك خىرىستىيان قۇللارنىڭ بالىلىرى، ئافرىقىلىق بەربەرلەردىن، سۇرىيە ۋە پەلەستىنىدىكى سۇرىيەلىكلەردىن، باغدادتىكى پارس ۋە تۈركلەردىن كېلىپ چىققان خوتۇن ۋە توقاللارنىڭ بالىلىرىمۇ مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ ئىزباسارلىرى بولۇپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ئوسمانىيلار تۈرك ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى بۇلغارلاردىن، سىلاۋيانلاردىن ۋە يۇنانلىقلاردىن بولغان قۇللار ياكى ئېسىلزادە خېنىملار ھەمدە ھىندىستاندىكى خان جەمەتىنىڭ خېنىملىرىدىن تۇغۇلغان بالىلارمۇ مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ مىراسخورىغا ئايلىنىشتى.

**ئاياللارنىڭ ئورنى** بۇ دەۋرنىڭ ئاياللىرى سىياسىي ئىشلاردا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. كۈچلۈك خەلىپىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئاجىز خەلىپىلەر ھۆكۈم سۈرگەندە بولسا، ئۇلار پەردە ئارقىسىدىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر بولۇپ قالدى. ئەمما، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاياللار مەلۇم دەرىجىدە ئەركىنلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانتى، ماھارىتى، ئابرۇيى ۋە مەرتىۋىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ھۇجرىدىن چىقماي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئوچۇقتىن – ئوچۇق دېگۈدەك كەمسىتىلىشكە باشلىدى. ھەرقانداق كىشى «مىڭ

بىر كىچە»نى بىر قۇر تەتقىق قىلىپ كۆرسىلا، تۆۋەندىكى پاكىتتىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ: مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بەزى ئېغىشلار يۈز بەرگەنىدى، چۈنكى «مىڭ بىر كېچە»دىكى كۆپ ساندىكى ئاياللار يا ساداقەتنى، يا ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بىلمەيدۇ. ئېپپەت ـ دىيانەت دېگەن نەرسە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، غۇرۇر دېگەن نەرسە تېخىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بۇنداق مەنزىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئەرەبلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە ئېھتىمال بىر ئەرنىڭ بىرقانچە خوتۇن ئېلىشىغا ياكى يان ھوجرا تۇتۇشىغا يول قويۇلغاچقا، ئاياللارنىڭ ئورنى مۇقەررەر ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش ئادىتى** دەرۋەقە، ئاۋادا بىرەر رومان، فانتازىيە ياكى تارىختىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ۋەقەلەر توپلىمىلا ئاساس قىلىنىپ تۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىلسا، بۇنداق خۇلاسە ئىلمىي خۇلاسە بولمىغان بولاتتى، لېكىن قىممەتلىك ئەسەر «كىتابۇل ئاغانى»غا ئاز ـ تولا كۆز يۈگۈرتسەكلا، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت مۇنداق بىر تەسىراتنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. مەيلى ئاممىۋى سورۇنلاردا ياكى پىنھان جايلاردا بولسۇن، شاراب كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىك ئىدى. ئەلۋەتتە، دۆلەت شاراب ئىچىشنى مەنئى قىلغانىدى. شاراب ئىچىش قانۇندا چەكلىنەتتى، بىراق، بۇ ئەمىر ـ پەرمانلار ناھايىتى ئاز ئەمەلىيلىشەتتى. بەزى تارىخشۇناسلار، مەسىلەن، ئەڭ داڭلىق ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دېگەنىدى: ھارۇن، مەئمۇن ۋە باشقا خەلىپىلەرنىڭ زامانىدا، ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىچىملىك ئۈزۈم شىرىنىسىنى خام ئەشيا قىلغان «نەبىد» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مۇسەللەس ئىدى. بۇنداق شاراب ئازراقلا ئىچىتىلىدىغان بولغانلىقتىن، ئاق ھاراق ۋە

باشقا كۈچلۈك ئىچىملىكلەر قاتارىغا كىرمەيتتى. بۇ ئېھتىمال پاكىتتا ئۇيغۇن كېلىدىغان بايان بولۇشى مۇمكىن.

**ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە يىغىلىشلار** ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئۇچۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ ياسالغان، ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇلىرى بولغان مۇنچا، ئۇۋۇلاش ئۆيلىرى، قۇرۇتۇش ۋە دەم ئېلىش ئۆيلىرى بار ئىدى. باغچىلارغا يىغىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئوۋ قىلىش ناھايىتى كەڭ ئەۋج ئالغانىدى. كىشىلەر يەنە دائىم بىر يەرگە جەم بولۇپ شاھمات ئوينايتتى. ئەدەبىيات، پەلسەپە ياكى دىن توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشاتتى، تۈرلۈك شېئىر ۋە ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئاچاتتى. كىشىلەر دالادا ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن، ئات ئۈستىدە توپ ئويىنايتتى، قىلىچۋازلىق قىلاتتى. قوش – بۈركۈت بېقىشاتتى، بەيگە قىلىشاتتى، ئەلۋەتتە، ئوۋ قىلىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش پائالىيەتلىرى بولاتتى. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە يىغىلىشلار ھەمىشە بولۇپ تۇراتتى. بۇنى بىر خىل ئادەت دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇ پائالىيەتلەر ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە بىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى قوزغىتاتتى.

**مەدەنىيەت** روشەنكى، ئاببasىيلار سۇلالىسى مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ چاغدا خەلىپە ياكى ئاقسۆڭەكلەرگە تارتۇق قىلىنغان ياش ئايال قۇللارنىڭمۇ خېلى يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسى بار ئىدى. ھەرەمخانىدىكىلەر شاھمات ئويناشنى بىلەتتى. شېئىر ئوقۇيتتى ۋە يازاتتى. ئىلمىي لېكسىيەلەرگە قاتنىشاتتى. پەلسەپە مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلاتتى ۋە توغرا قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى. قۇللارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تالانتى مۇشۇنداق سەۋىيەگە يەتكەن يەردە، ئالىم، سەنئەتكار، سودىگەر ۋە ھۈنەردە پىششىقلانغان ئۇستىلاردىن تەشكىل تاپقان ئوتتۇرا ھال تەبىقىدىكىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيەسىدىن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن، دېمىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئېسىلزادىلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك قىلىش، ئۇلارنىڭ سىماسى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى يېتىشتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئۇلارنى يۈكسەك پەزىلەتلىك ۋە لاياقەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك، مۇسۇلمانلار ۋە بۇ كەڭ خەلىپىلىكتىكى باشقا ئاھالىلەر ئەينى زاماندا دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولغانىدى.

**ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت** ئەرەبلەر بىر مەزگىل چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىجاد قىلىش ۋە ئەسەر يېزىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار، كىمىياگەرلىك، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، قانۇنشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە تىلشۇناسلىقتەك ھەرقايسى ساھەلەردە يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. تېبابەتچىلىك ۋە پەلسەپە جەھەتتە ئۇلارنىڭ بىلىملىرى پۈتۈنلەي يۇنانلىقلاردىن ئۆگەنگەن بىلىم بولسىمۇ، لېكىن ئەرەبلەر ئۇنى غايەت زور يۈكسەلدۈردى. قىسقىسى، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى دۇنيا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر پاكىت شۇكى، ئەگەر مۇسۇلمانلار يۇنان پەلسەپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بايقىمىغان، رەتلىمىگەن ۋە قوبۇل قىلمىغان بولسا، شۇنداقلا ئۇلار بۇ جەھەتتە پايدىلىق ئىزاھلارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ۋە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشمىغان بولسا، ئىنسانىيەت غايەت زور مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن قۇرۇق قالغان بولاتتى.

**تېبابەتچىلىك (865 — 925)** تېبابەتچىلىك ساھەسىدىنلا ئېيتقاندا، ئەلى ئىبنى راببان تەبەرى، رازى، مۇجۇسى ۋە ئىبىن سىنالارنىڭ ئىسمى گويا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت چوققىدەك تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان، ئەلى تەبەرى (تارىخشۇناس تەبەرى ئەمەس) تەخمىنەن 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «فىردەۋسۇل ھېكمەت» («ئەقىل ـ پاراسەت جەننىتى») دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەيدانغا چىققىنى داڭلىق تېۋىپ رازى بولۇپ، ئۇ بارلىق دەۋرلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تېۋىپلىرىدىن بىرسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇ باغدادتىكى بىر شىپاخانىنىڭ باش تېۋىپى بولۇپ، ئۇنىڭ كىمىياگەرلىككە دائىر ئەسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى خىمىيە تەتقىقاتىغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ياۋا چېچەك ۋە قىزىل تۇغرىسىدىكى ئەسىرى نۇرغۇن ئەسىرلەرگىچە مۇشۇ پەنگە دائىر كىلاسسىك ئەسەر بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل ھەۋائى» («تېبابەت قامۇسى») بولۇپ، بۇ ئەسەر تېبابەتچىلىك ئىلمىگە دائىر قامۇس ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تاكى 16 ـ ئەسىرگىچە ۋېنىتسىيەدە نەشر قىلىنىپ تۇرغانىدى.

**پەلسەپە (فارابي 870 — 950)** پەلسەپە ساھەسىدە ئۈچ ئۇلۇغ مۇسۇلماننىڭ نامى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەردۇر. ئۇلار: كىندى، فارابي ۋە ئىبىن سىنالاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە فارابي مەئمۇن زامانىدا يىراق تاشقى ئېيوردانىيە ئۆلكىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى مادارachىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېل پەلسەپە سىستېمىسى بىلەن مۇ- سۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك سىلىقلاشتۇرۇش ئامىلىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى. ئۇ ئىزاھلاش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دۇنيادىكى كىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

لەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئارىستوتېلدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى ئۇستاز دەپ تەرىپلىنەتتى. ئۇ ھەتتا ئەپلا-تونىڭ «غايىۋى دۆلەت»كە تەقلىد قىلىپ، بىر غايىۋى دۆلەتنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەنىدى. بۇ ئەسەر «سىياسىي ئىقتىـ-ساد» دەپ ئاتالغان. ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نىشانى خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. بۇ غايىنى ئۇ ئىجاد قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىممۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق غايىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغانىدى. ئۇ پەلسەپە ۋە پسىخولوگىيەگە دائىر نۇرغۇن ئىلـ-مىي ماقالىلەرنى يازغانىدى، شۇنىڭدەك تېبابەتچىلىك، ماتېماتىـ-كا ۋە مۇزىكىنى شەرھلەيدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تېخى كارامەت ئۇستا بەرباپچى (پىپا-چى) بولۇپ، ئۇ چالغان مۇڭلۇق مۇزىكىلار تىڭشىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاقتۇرسا، شوخ نەغمىلىرى كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈللىرىنى شاد قىلىدىكەن.

**ماتېماتىكا (خارەزمى 780 ــ 850)** ماتېماتىكا ساھەسىدە، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زات خارەزمى (مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى) بولۇپ، ئۇ مەھدى زامانىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دۇنيادا تۇنجى ئالگېبرا كىتابىنى يېزىپ دۇنيادا داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ ئالگېبراسى تاكى 16 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە قوللىنىلغان، غەرب ئەللىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەرەب رەقەملىرىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ ئىنسانىيەتكە قوشۇلغان بىر ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم ـ پەن تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى بارلىق ئالىملار خارەزمىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالىملارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇشىدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈن بىر ئەسىر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانىدى.

**ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)** باغداتتا مەئمۇن دەۋرىدىلا ئىككى رەسەتخانا قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ تۆرتىكىسىدە ئاسترونومىيە ساھەسىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ ئىككى رەسەتخانىنىڭ بىرسى دارۇل ھېكمەت ئەتراپىدا بولۇپ، «شەممەسىيەھ» دەپ ئاتىلاتتى؛ يەنە بىرسى دەمەشق ئەتراپىدىكى قەسيۇنغا ئورۇنلاشقانىدى. بۇ جەھەتتە مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم فازارى بىلەن ئەل ـ بەتتانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. فازارى تۇنجى قېتىم يۇلتۇزلار تاختىسىنى ياساپ چىققان مۇسۇلمان. مەئمۇن زامانىدىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى مېرىدىيان گىرادۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئالدىنئالا ئىنتايىن توغرا مۆلچەرلىگەن، بۇ ئۇلارنىڭ يەر شارىنىڭ چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىرىشقا پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك يەنە بىر ئاسترونوم ئابدۇل ئاببباس ئەخمەد فەرغانى بىر رەسەتخانا بىنا قىلغان ۋە «ئاسترونومىيە ھەققىدە دەسلەپكى ساۋات» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب لاتىنچىغا، ھەتتا ئىبرانىي (ھېبرانى) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. فازانى 861 ـ يىلى فوستاتتا سۇ ئورنىنى ئۆلچەش ئەسۋابىنى ياساپ چىققان.

**كىمياگەرلىك (جەبىر ئىبنى ھەييان 776 ـ يىللىرى)** كىمياگەرلىك ھازىرقى زامان خىمىيەسىنىڭ ئانىسى، بۇ پەن ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى بىرىنچى بولۇپ ئەرەبلەر ئېلىپ بارغانىدى. ئۇلار ھاسىل قىلغان ئەمەلىي نەتىجىلەر ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈش بىلەن تەجرىبە قىلىشنى ھەممە پەنلەر ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. ئەمما، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىدا يېتەرسىزلىك بار ئىدى. يەنى، ئۇلار 17 ـ ئەسىردىكى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش، يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەشپىياتلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش،

ئىلمىي نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىغان ھەمدە بەزى ناھايىتى قىممەتلىك يۇكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. كىمىياگەرلىك ساھەسىدە ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك كىشى جەبىر ئىبنى ھەييانىدۇر. دەرۋەقە، ئۇ كۆپلىگەن ۋاقىتىنى كىمىياگەرلىكنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان، ئەمما خىمىيە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ خىمىيەدىكى كۆشتە قىلىش ۋە ئوكسىدسىزلىنىش جەريانىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈپ، مېتاللارنى ساپلاشتۇرۇش، ئېرىتىش ۋە كىرىستاللاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاپ، ئارىستوتېلنىڭ مېتاللارنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تۈزەتتى.

**جۇغراپىيە ئىلمى** مۇسۇلمانلار ساياھەت قىلىشقا ئامراق، يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان مەككىگە ھەج قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ساياھەت قىلىشىدىكى تۈرتكىلىك بىر كۈچ. ئۇلار نەگىلا بارسا، شۇ جايدا مەسچىت سېلىشىدۇ. مەسچىتنى توغرا سېلىش ئۈچۈن، «كەبە» بەيتۇللانىڭ تامانىنى بېكىتىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۇلاردا جۇغراپىيەگە قارىتا ھەۋەس قوزغىدى. سودىگەرچىلىك قىلىشمۇ بىر خىل قەدىمىي ئەنئەنە، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر خىل ماھارىتى ئىدى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلار يېڭىدىن بويسۇندۇرغان زېمىنلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ھەۋەس - ئارزۇلىرىنى يەر - زېمىن تەرەپكە قاراتتى. ساياھەتچىلەر شەرق بىلەن غەربنىڭ تۇرغۇن ھېكايىلىرىنى باغدادقا ئېلىپ كېلىشتى. بۇ ھېكايىلەر مۇقەررەر ھالدا «مىڭ بىر كېچە»دىكى دېڭىز ساياھەتچىسى سىندبات توقۇغان تەۋەككۇلچىلىك ھېكايىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايىلەرنىڭ خام ماتېرىيالى بولغانىدى. خارەزمىنىڭ «سۇراتۇل ئارد» («يەر شارىنىڭ تۈزۈلۈشى») دېگەن

ئەسىرى كەڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەردە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ياردىمى بىلەن سىزىپ چىقىلغان بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى بار. ئۇنىڭدىن كېيىن 891 ـ يىلى ئىبنى ۋادىھ يەقۇبى «كىتابۇل بۇلدان» (ھەرقايسى ئەللەر توغرىسىدا قىسسە) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ تەبىئىي قىياپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. كېيىنرەك چىققان يەنە بىرمۇنچە جۇغراپىيە ئالىملىرى بار، ئۇلارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمىز.

**تارىخ ـ ئىبنى ھىشام (834 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ۋەقدى (823 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئىبنى سەئىد (845 ـ يىلى ۋاپات بولغان)** تارىخ يېزىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە دەۋرگە بولغان قىزىقىشتىن كېلىپ چىققان، ئۇمەييەلەر دەۋرىدىلا ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى رىۋايەتلەر ۋە تارىختا يېزىلمىغان ۋەقەلەر يىغىپ توپلانغانىدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ داڭلىق ئادەم ھىشام كەلبى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى تەرجىمىھالىنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق يېزىپ چىققانىدى. بىراق، بۇ كىتاب ساقلىنىپ قالالمىغان. بەختكە يارىشا قاھىرەدىكى ئىبنى ھىشامدا بۇ كىتابنىڭ باشقىدىن يېزىلغان نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغانىكەن، يېقىندا بۇ كىتابنى پىروفېسسور رۇم تەرجىمە قىلىپ چىقتى. دەرۋەقە، ئىسلامىيەتنىڭ ئىستىلاچىلىق پائالىيەتلىرىگە دائىر جانلىق خاتىرىلەرنى مۇسا ئىبنى ئۇقبا، مەدىنىلىك ۋەقدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باغدادتا ياشىغان ئىبنى سەئۇدلار يازغانىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى داڭلىق تارىخشۇناس ئىبنى ئابدھەكەم (870 ـ يىلى) بىلەن ئەھمەد ئىبنى يەھيا بارازۇرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد ئىبنى يەھيا بارازۇرىنىڭ «فۇتۇھۇل بولدان» («شەھەرلەر

www.uyghurkitap.com

ئىستېلاسى») نامىلىق ئەسىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ جايلارنى ئىستېلا قىلغان پائالىيەتلىرى مۇكەممەل بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان تۇنجى تارىخشۇناس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ساھەدىكى يەنە بىر ئۇلۇغ زات جۇغراپىيە ئالىمى يەقۇبىدۇر. ئۇنىڭ «دۇنيا تارىخىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى» نامىلىق ئەسىرى دۇنيا تارىخىغا ئائىت بىر كىتابتۇر.

**تەبەرى ۋە مەسئۇدى** بۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ئەبۇ جەفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى (838 — 923) بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم» تەپسىرچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا تارىخى — «يىلنامە» («تارىخىي تەبەرى») نامىلىق بىر كىتابنىمۇ يازغان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەر كېيىنكى تارىخشۇناسلارنى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىنتايىن توغرا بولۇپ، كۆپلەپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېزىپ چىقىلغان. تەبەرى يالغۇز ھېشام، ۋەقىدىگە ئوخشاش بەزى تارىخشۇناسلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تەرەپ - تەرەپلەرگە بېرىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى توپلىغان، بۇرۇن ئىش باشقۇرغان پېشقەدەملەر بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى يازما دوكلاتلارنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنى زىيارەت قىلغان. كۆپ جايلارغا بارغان. تەبەرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر ئالىم ئۇبۇل ھەسەن ئەلى مەسئۇدىدۇر. ئۇنى كىشىلەر «ئەرەبلەرنىڭ ھېرودوتۇس[1]ى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تارىخنى يىلنامە ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلىشتەك كونا رامكىنى بىرىنچى

① ھېرودوتۇس (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 484 — 425) — قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بولۇپ بۇزۇپ تاشلاپ، خان ـ پادىشاھلار تارىخى، سۇلالىلەر تارىخى ۋە شەخسلەر تارىخىنى يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان تارىخشۇناس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يىراق جايلارغا ساياھەتكە بارغان، ھەتتا جەنۇبتا زانگىبارغىچە بارغان ھەمدە مىسىر، سۇرىيەلەردە بىرقانچە يىل ياشاپ، تەتقىقات، ئىزدىنىش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئاخىرىدا «ئالتۇن يايلاق ۋە قىممەتلىك كان» ناملىق جەمئىي 30 توملۇق ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ قىسمەن پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسئۇدى ھۆرىيەتچىلىك دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، ئۇ يەنە پارسلار، يەھۇدىيلار ۋە رىملىقلارنىڭ تارىخى ۋە دىنلىرىغا ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋى ۋە زامانىۋى تارىخچى بولۇشقا مۇناسىپ!

**ھەدىسشۇناسلىق** مۇسۇلمانلاردا خېلى بۇرۇنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەدىس»لىرىگە قارىتا ھەۋەس تۇغۇلغانىدى. ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىملىرىگە خۇددى ئاللاھنىڭ كالامىغا قىزغىن ئەمەل قىلغىنىغا ئوخشاشلا ئەمەل قىلىشاتتى. تەبىئىيكى، تەقۋادار ئەنئەنىچى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، ھەدىسنى ئۆگىنىش ئالىي بىلىمنى ئۆگەنگەنلىك بولاتتى. تالىپلار ۋە ئالىملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار» دېگەن بۇ دانا سۆزىگە گەپ ـ سۆزسىز ئىشىنەتتى ۋە بىلىم تەھسىل قىلىشنى بىر خىل ئىخلاسمەنلىك ھەرىكەت دەپ قارىشاتتى. قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، ئۇلار ناھايىتى تېزلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىغا ئايلاندى ھەمدە مېڭىلىرىنى «ھەدىس»تىن ئىبارەت بۇ غايەت زور خەزىنىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆندۈرۈشتى. ھەدىسنى توپلىغان ئاساسلىق ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشى ھەزرىتى ئائىشە، ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر بولۇپ، ئۇلار مەدىنىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. كۆپ قىسىم ئىشەنچلىك ھەدىسلەر مۇشۇ ئۈچ كىشىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەدىس كىشىلەر تەرىپىدىن ئاغزاكى بايان قىلىنغانلىقى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىش ئارقىلىق پەيدىنپەي شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ھەدىسنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى، بۇ ھەدىسنىڭ راست ـ يالغانلىقى ۋە بۇ ھەدىسنى تارقاتقان كىشىنىڭ مۇددىئاسى ئۈستىدە كۆپلىگەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىسپاتلاشلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەدىسنى ئايرىپ پەرق ئېتىشمۇ رەسمىي بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەندى.

**بۇخارى (810 ـــ 870) ۋە مۇسلىم (817 ـــ 875)** ھەدىس توپلاش جەھەتتە، ئەڭ داڭلىق كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 600 مىڭ ھەدىس توپلىغان، ئاندىن بۇ ھەدىسلەرنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان ۋە تۈزەتكەن. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن جايلارغا بارغان. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ھەدىسلەردىن 7000 نى تاللاپ چىقىپ، تۈرلۈك تېمىلار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسىرى ـــ «سەھىھۇلبۇخارى» مۇشۇ ساھەدىكى كىلاسسىك ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، بۇ كىتاب ئەنئەنىچى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم» دىنلا كېيىن تۇرىدىغان مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە. بۇخارى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇشقا بولىدىغان يەنە بىر زات مۇسلىم ئىبنى ھەججاج بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ ئوخشاشلا ئۆلمەس ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ نوپۇزىمۇ ئوخشاشلا ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ئىككى «ھەدىس توپلىمى» ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەردۇر. بۇ مۇھەدىسلەر (ھەدىس ئالىملىرى) ھەقىقەتەنمۇ

قالتىس بىر ئىشنى ئورۇنلىغانىدى، ئۇلار پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىنتايىن ئېسىل سۆزلەر بىلەن يىغىنچاقلىدى، تاۋلىدى ۋە ساقلاپ قالدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئىلھاملىرى بىلەن، قۇملۇقتا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، ھەتتا ھازىرقى ۋاقىتقا كەلگەندىمۇ بۇ ئەسەرلەر يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى سەمىمىي ۋە يالقۇنلاپ تۇرغان يۈرەكلىرى بىلەن ئاڭلىغۇچى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

**مۇسۇلمان قانۇنشۇناسلىقى** مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى داڭلىق، تەسىرى چوڭقۇر بىر ئىشنى ئورۇنلىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە خاتىرىلەنگەن ۋەھيىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەدىس» ىدە خاتىرىلەنگەن كۆرسەتمە ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، فىقھە ئىلمى (ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى)نى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى)كە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك ئىدى. فىقھە ئىلمى ئارقىلىق دىنىي ئەھكاملار سىستېمىلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلدى. قانۇننى يولغا قويۇش چارىلىرى ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى ھەم پىششىق ئويلىنىلدى. ئىسلام ئەھكاملىرى چۈشەندۈرۈلدى ھەمدە بەزى دېلو ۋە سورۇنلارغا تەتبىق قىلىندى. ئۇنىڭ قانۇن ۋاستىلىرى ۋە تەدبىرلىرى بېكىتىلدى ھەمدە ئاساسلىق ماددىلىرى شەكىللەندۈرۈلدى. دىنىي قانۇن ئەنئەنىۋى قانۇنغا ئوخشمايدۇ: ئالدىنقىسى ئاللاھنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى ۋە ئەمرىنى ئىپادىلىسە، كېيىنكىسى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەندەك، «مەڭگۈلۈك» بىلەن «ۋاقىتلىق»نىڭ پەرقىدىن ئىبارەت. «قىياس» (تەقلىدىي پىكىر)،

www.uyghurkitap.com

«ئىجمە» (ئومۇمىي مۇلاھىزە) ۋە «ئىجتىھاد» (سىلىشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق قويۇلغان شەخسىي پىكىر) قاتارلىق پىرىنسىپلار مەيدانغا كەلگەنىدى. «رايئى» (شەخسىي ھۆكۈم) پىرىنسىپىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈلەتتى. كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك كۆز قاراشلىرىدىن، تۆت چوڭ فىقھى ۋەكىللىكىدىكى تۆت چوڭ فىقھە ئېقىمى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلاردىن بەزىلىرى كونىلىققا مايىل بولسا، بەزىلىرى بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر ئىدى، ئەمما تۈپ نېگىز جەھەتتىن بىردەك ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت»[①]نى ئاساس قىلاتتى، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە چۈشەندۈرەتتى ۋە تەتبىقلايتتى.

**تۆت چوڭ فىقھە ئىلمى مەزھىپى — ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (767 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام مالىك (795 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام شافى (820 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام ئەھمەد (855 ـ يىلى ۋاپات بولغان)** شافى، مالىك ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلگە قارىغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە تېخىمۇ بۇرۇن نام چىقارغانىدى. دەرۋەقە، كېيىنكى ئۈچ ئىمامنىڭكىمۇ نۇرغۇن شاگىرتلىرى بولغانىدى. گەرچە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (700 — 767)نى يەنىلا ئىسلامىيەتنىڭ تۇنجى فىقھى دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ئاساسەن ئۇنىڭ كەڭچىلىك ۋە ئوچۇق پىكىرلىك كۆزقاراشقا ئىگە تەلىماتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ دائىرىلىك قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن بولغان، ئىمام ھەنىفەنىڭ ئەقلىيەچىلىك

---

① سۈننەت — ئەرەب تىلىدا «ھەرىكەت»، «يول» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇ ئېتىراپ قىلغان ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى سۈننەت ياكى ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۆزقاراشقا ئىگە تەلىماتلىرىغا سىڭىشتۈرغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغان ئىمام مالىكنىڭ تەلىماتلىرى كونىلىققا ياتىدۇ. ئەمما، شىمالىي ئافرىقا، تۆۋەنكى مىسىر ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىمام مالىكنىڭ فىقھە ئىلمى مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئىمام ھەنىفە تەقلىدىي يەشمە ئۇسۇلىنى تەرغىب قىلاتتى، ئادالەتنى ياقلاشقا توغرا كەلگەندە، كىشىلەر ھەتتا قىياس قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىسىمۇ بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى. ئىمام مالىك مەزھىپىدىكىلەر ھەنىفەنىڭ ئەقىل ئىلاھىيچىلىقىغا يېقىنلىشىدىغان ئاشۇنداق ئۇسۇلنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا ئۇچىنچى بىر فىقھە ئىلمى مەزھىپىمۇ بارلىققا كەلدى. بۇ مەزھەپنىڭ رەھبىرى ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتى ئىمام شافىي (762 ــ 820) بولۇپ، ئۇمۇ ئىراقتا بىلىم ئالغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تەلىماتى ئىمام ھەنىفەنىڭ ھۆرىيەتچىلىكى بىلەن ئىمام مالىكنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ ياراشتۇرمىسى ئىدى. ئىمام شافىي ھازىرقى ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئىجمە پىرىنسىپىنى① يولغا قويغان. ئىمام شافىي مەزھىپىنىڭ كۆپ قىسىم ئېتىقادچىلىرى شەرقىي ئافرىقا، ھىندونېزىيە ۋە پەلەستىنىدە ياشايدۇ. تۆتىنچى فىقھە ئىلمى مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، ئۇ ئىمام شافىينىڭ شاگىرتى ئىدى. ئىمام ھەنبەل ئەنئەنىچىلەردىن بولۇپ، «ھەدىس»كە قەتئىي ئىشىنەتتى، پوزىتسىيەسى خېلىلا قاتتىق بولۇپ، پاك دىندارچە دۇنيا قاراشقا ئىگە ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەخلاق جىگەرىگە ۋە كۆچلۈك شەخسىي غۇرۇرغا ئىگە كىشى ئىدى. گەرچە چېكىدىن ئاشقان ھۆرىيەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە

① دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەردىن ئەمەل قىلغۇدەك ئاساس تېپىلمىسا، نوپۇزلۇق مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىردەك تەشەببۇسى ئاساس قىلىنىدۇ ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

خەلىپىلەرنىڭ، مەسلەن، مەئمۇن ۋە مۇتەسىم قاتارلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ هاياتى ئەنئەنىۋى تەلىماتلارنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان هايات بولدى، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئەۋلىيا دەپ هۆرمەتلەندى. ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشايدۇ.

**مەدەنىيەت سەۋىيەسى** بۇ ۋاقىتلاردىكى ئەرەبلەر كەڭ ۋە هەر تەرەپلىمە هەۋەسلىرى بار ئىدى: تەۋەككۇلچىلىكنى ياخشى كۆرەتتى، ساياهەت قىلىشقا قىزىقاتتى، بىلىمگە تەشنا ئىدى، هۆسن قوغلىشاتتى ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق ئىدى ۋە باشقىلار. ئەمما، بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئىنتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايتتى. نۇرغۇن ئورۇنلاردا مەكتەپ ۋە مائارىپ ئورۇنلىرى قۇرۇلغانىدى، بۇلارنىڭ هەممىسى كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئىگە ئىدى. ئادەتتىكى مەسچىتلەرنىڭ هەممىسىدە دېگۈدەك باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغانىدى. چوڭراق شەهەر، بازارلارنىڭ هەممىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا قەغەزچىلىك سانائىتى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىش ۋە بېسىش نەپ تېگىدىغان بىر ئىشقا ئايلانغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يۈزلەپ خەتتاتلار ياللاپ ئىشلىتىلگەنىدى (ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك قول يازمىلارنى يازغانىدى). بۇ شەرتلەر هازىرلانغاندىن كېيىن، كىشىلەرمۇ ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىدىن هەيران قالمايدىغان بولدى. «مىڭ بىر كېچە»دە سېهىرگەرلىك، رومانتىك تارىخ ۋە فانتازىيەلەر بار، ئەگەر بۇلار شۇ دەۋر تۇرمۇشىنىڭ تەسۋىرى دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ كىتابتىن ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسلىق ئەهۋالىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ دەۋردىكى ئەرەبلەر چەۋەندازلىق سالاپەت، شان - شەرەپ، كامالەت، گۈزەللىك

ئىلمىنىڭ قىممىتى ۋە ماددىي راھەت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىيجانابلىق قىممىتىنى ئەكس ئەتكۈزگەندى.

**ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دېڭىز سودىسى** يېقىنقى زامان تەتقىقاتلىرى ھەتتا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا پېرسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك دېڭىز سودىسى بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، جۇڭگولۇقلار پارسلارنى تۇنجى قېتىم 671 ـ يىلى تىلغا ئالغان. 50 يىل كېيىن، تەخمىنەن 727 ـ يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ پېرسىيە، يەنى ئەرەبىستانلىق پارسلار توغرىسىدىكى بىر ئابزاس خاتىرىسىدە: «ئۇلار يەنە چوڭ يەلكەنلىك كېمىلەر بىلەن خەن سۇلالىسىگە (جۇڭگوغا) كېلىشەتتى، ئۇدۇل گۇاڭجۇۋغا كېلىپ يىپەك بۇيۇملار ۋە باشقا تاۋارلارنى ئېلىپ كېتەتتى» دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، 748 ـ يىلىغا قەدەر، بۇ پارسلارنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدا كىچىك بىر پارچە مۇھاجىرلىق تۇرار يېرى بولغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار كېمە غوجايىنلىرى سۈپىتىدە ھىندىستانلىقلار ۋە مالايالىقلار بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان. «تاڭ سۇلالىسى دەۋرى»دىكى دېگۇدەك ئوخشاش دەۋرنىڭ خاتىرىسىدە، مىلادىيەنىڭ 758 ـ يىلى «تازىلار بىلەن پارسلار بىرلىكتە گۇاڭجۇۋ شەھىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى ھەمدە دېڭىز ئارقىلىق قايتىپ كېتىشتى»① دېيىلگەن، بۇ ۋەقە دەل ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئاباسىيلار سودا كېمىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. پاكىتلار ئەرەبلەرنىڭ بۇ سۇ رايونىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، گۇاڭجۇۋنى بۇلاش ۋەقەسى بۇ پورتنىڭ خېلى ئۇزاق بىر

① «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە قارالسۇن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

مەزگىل چەت ئەل كېمىلىرىنىڭ كىرىشىنى چەكلەپ قويۇشقا سەۋەب بولغان. ئەمما، 792 ـ يىلىغا كەلگەندە گۇاڭجۇ يەنە چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىدىغان شەھەر قىلىپ ئېچىۋېتىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئاۋارىچىلىك تۇغۇلمىغان. ئۆتكەندە ئاۋارىچىلىكنىڭ تۇغۇلۇشى گۇاڭجۇ تاموژنىسىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە مالنى قايتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقىدىن بولغانىدى. سودا كېمىلىرى پارس قولتۇقىنىڭ دېڭىز ئېغىزى ئەل ئۇبۇللاھ ۋە سىراف پورتىدىن يولغا چىقاتتى. بۇ دېڭىز پورتلىرى قاناللار ئارقىلىق قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى شەھەر بەسرە ۋە باغداد بىلەن تۇتىشاتتى. سودىگەرلەر بۇ سودا كېمىلىرىگە چۈشۈپ تۆۋەنگە قاراپ سەپەر قىلاتتى. تەبەرى خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى مەنسۇر ھەمىشە باغداد توغرۇلۇق توختالغىنىدا دائىم: «بۇ دەجلە دەرياسى. جۇڭگو بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا توسۇق يوق، ھەرقانداق نەرسىنى دېڭىز ئارقىلىق بۇ يەرگە ئەكەلگىلى بولىدۇ» دەيدىكەن. باغدادنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ سودا مەركىزى بولۇشىدا، سۇ قاتناش يوللىرى شەھەرگە مال كەلتۈرۈشتە قولايلىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا بولغانلىقى سەۋەب بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، گۇاڭجۇدىكى ئەرەب ئاھالىلىرى جىددىي كۆپىيىۋاتقاچقا، جۇڭگو پادىشاھى ئۇلارغا ئىچكى دەتالاشلارنى ئۆزلىرىنىڭ سوتچىسى ئارقىلىق ھەل قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنىدى. ئەرەبلەر جۇڭگودىن يىپەك بۇيۇملار، كامفورا، ئىپار ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتاتتى. بىراق، دېڭىز قاتنىشىدا غايەت زور خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلەتتى، گەرچە سىراف شەھىرىدىن بولغان ئەبۇ سەئىد ھەسەن ئىبنى يەزىد: «ئۇ ۋاقىتتىكى (851 ـ يىلى) دېڭىز قاتنىشى مۇنتىزىم ئىدى، چۈنكى سودىگەرلەر بىلەن ئىراق ۋە باشقا بەزى دۆلەتلەر (ھىندىستان ۋە جۇڭگو) ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ مىقدارى ناھايىتى چوڭ ئىدى» دەپ

تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، كېمىلەر ناھايىتى كىچىك بولغانلىقتىن، دېڭىز قاتناش ۋەقەلىرى ۋە كېمىلەرنىڭ خەتەرگە يولۇقۇش ئەھۋاللىرى دائىم بولۇپ تۇراتتى.

**ياۋروپا بىلەن بولغان سودا** ياۋروپا ۋە ئافرىقا بىلەنمۇ خېلى زور كۆلەملىك سودا بولۇپ تۇراتتى، ھەتتا جۇڭگو بىلەنمۇ قۇرۇقلۇق سودىسى بار ئىدى. بۇ يەرلەردىن قىممەت باھالىق مېتال، ئېسىل ياغاچ ماتېرىياللىرى، قەغەز ۋە تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىق لازىمەتلىك مېتاللار ھەمدە تۇرلۇك يېمەكلىكلەر كىرگۈزۈلەتتى. 10 ـ ئەسىردىكى ئاببasىيلار خەلىپىلىكىنىڭ شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ كۆلىمىنى تەكشۈرۈشتە، شىمالىي ياۋروپانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن، ھەتتا يىراقتىكى سكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىدىنمۇ شۇ زاماندىكى مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن قەدىمكى پۇللار تېپىلغان، بۇ مۇھىم تېپىلغۇ بىزنى ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 25 يىلىغىچە تېپىلغان قەدىمكى پۇللار 10 مىليون دانىگە يېتىدۇ، پەقەت بىر جايدىنلا 12 مىڭ دانىسى قېزىۋېلىندى. ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئادىتىنى، يەنى بۇنداق بايلىقنى تېپىۋالغان كىشىنىڭ مەلۇم قىلمايدىغانلىقى ھەمدە تىللا ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى دەرھاللا ئېرىتىۋېتىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق، قېزىپ چىقىرىلغان بۇ يادىكارلىقلاردىن ئاببasىيلار دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق سودا تورلىرىنى راۋاجلاندۇرغانلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

**سانائەت** ئېكسپورتقا ئىشلىتىدىغان زور مىقداردىكى تاۋارلارنى پەقەت خەلىپىلىك ئۆزى ئىشلەپچىقىرالىغاندىلا، ئاندىن بۇنداق زور مىقداردىكى سودىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. ھالبۇكى، ئەرەبلەر بۇنى قىلىشقا قادىر ئىدى، چۈنكى،

www.uyghurkitap.com

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خىلمۇخىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇرغۇن قول سانائەت كارخانىلىرى بار ئىدى. بۇ كارخانىلار گىلەم، ئاسما ئەدىيال، تاۋار - دۇردۇن، پاختا توقۇلما، يۇڭ توقۇلما، كىمخاب، سافا، سافا قىپچى، ئۆي سايمانلىرى، قازان - قومۇچ، تۈرلۈك قاچا - قۇچىلار، كىگىز، ئەمەلدارلار كىيىمى ۋە كەشتىلەنگەن كىيىم - كېچەك رەختنى قاتارلىق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرالايتتى ۋە ئېكسپورتنى تەمىنلەيتتى. كوزىستان (ئىراقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) چۆرىسىگە زەر جىيەك تۇتۇلغان كەشتىلىك تاۋارلار ۋە پەردە قىلىشقا باب كېلىدىغان يىپەك رەختلەر، تۆگە تىۋىتى ياكى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان بويۇملار قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن داڭلىق ئىدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرىمۇ ئىتتىك ئىدى. يوللۇق تاۋار رەختلەر پارسلارنىڭ يىپەك توقۇلمىسى «تەفتە»گە تەقلىد قىلىپ توقۇلاتتى. بۇخارا رايونىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئېكسپورت تاۋارلىرى مۇشۇ جايدا ئىشلەنگەن گىلەم، جايناماز لار ئىدى. سىدون، تەيرې ۋە سۇرىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ئىشلەنگەن ئەينەك قاچا - قۇچىلار قەدىمدىن ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، بۇنداق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى قىممەت بولاتتى. دەمەشقتە ئىشلەنگەن، سىپتا نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن گۈللۈك خىش - كاھىشلار «قاشانى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل سانائەتنىڭ تارىخى ئۇزاق ئىدى، ئاسسورىيە دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇلار ياسىغان كۆك، يېشىل، قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك كاھىشلار ناھايىتى داڭ چىقارغانىدى. بۇ دەۋردە باغداد ئۆزىنىڭ قەغەز زاۋۇتىنى قۇرغان ھەمدە بىر خىل قەغەز ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغانىدى. بۇ قەغەز ئىنتايىن داڭلىق سەمەرقەند قەغىزى بىلەن تەڭلىشەلەيتتى. باغدادتا يەنە باشقا بەزى سانائەت مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، سوپۇن، ئەينەك قاچا - قۇچا قاتارلىقلارمۇ ئىشلەپچىقىرىلاتتى. بۇلاردىن خەلىپىلىكنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غەربتىكى ياۋروپا بىلەن شەرقتىكى

ھىندىستان، جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز. مۇشۇنداق سودا پائالىيەتلىرى ئارقىسىدا مال ــ دۇنيا ئۇزۇلمەستىن كېلىپ تۇرغانلىقتىن، باغداد ۋە خەلىپىلىكنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرى ئىنتايىن باياشات بولۇپ كەتكەنىدى.

**مائارىپ** سانائەت، يېزا ئىگىلىكى راۋاجلانغانلىقتىن (ئابباسىيلار سۇلالىسى يېزا ئىگىلىكىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز)، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئاددىي پۇقرالار باللارنى تەربىيەلەش تەدبىرلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان تولۇق مالىيە كۈچى ۋە بوش ۋاقىتقا ئىگە بولغانىدى. خۇددى ئالدىنقى بابتا بايان قىلغىنىمىزدەك، بىرقەدەر بالدۇر قۇرۇلغان مەكتەپلەر مەسچىتلەر قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر ئىدى. باللار ئۇ مەكتەپلەردە «قۇرئان كەرىم» قىرائەت قىلىشنى ۋە باشقا دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىنەتتى. ئىككىنچى قەدەمدە ئاندىن خەت يېزىشنى ئۆگىنەتتى، خۇددى شەرقنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتىدەك، ئوغۇل ـ قىز باللار تۇز، سىلىق تاختايىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاق سېغىزدا سىرلاپ، ئادەتتە خەت مەشىق قىلىشقا ئىشلىتەتتى. دەرسلەر: ئەرەب گىراماتىكىسى، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قەھرىمانلار، ساھابىلەرنىڭ ھاياتى، ھېساب، ئەنئەنىۋى شېئىر ـ قوشاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئوغۇل باللار «قۇرئان كەرىم»نى يادقا قىرائەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلەتتى. ھازىرقى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا، بىر توپ ئوغۇل باللار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشكەندە، تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. قىز باللارنىڭ مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرىدا ئوقۇشىغا بولاتتى، ئەمما يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولاتتى. ئەلۋەتتە، باي ئائىلىلەر بالىلىرى ئۈچۈن ئائىلە

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىسى ياللايتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئائىلىسىدە دىن ۋە دىندىن سىرت پەنلەردىن تەربىيە ئالاتتى. بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئادەتتە بىرقانچە ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە دەرس بېرەتتى، ئەمما، بىر بالىغا بىر ئوقۇتقۇچى بولۇشمۇ كەڭ تارقالغانىدى. ئىنتىزام خېلىلا قاتتىق ئىدى، دەسلەپتە ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنتايىن ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئىدى. بىراق، ئەرەبلەرنىڭ بېيىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق نامرات ئوقۇتقۇچىلار بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت قىلىنمايدىغان بولۇپ قالدى، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئابباسىيلار جەمئىيىتىدىكى ئورنى تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى.

**ئالىي مائارىپ** مۇشۇ بابتا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دەسلەپكى ئابباسىيلار سۇلالىسىدە ئالىي مائارىپ يوق ياكى ناھايىتى ئاز ئىدى، پەقەت ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ بولسىمۇ مەئمۇن دەۋرىدە «دارۇلھېكمەت» قۇرۇلغانىدى. بۇ خېلى چوڭ تەرجىمە مەھكىمىسى، شۇنداقلا تەتقىقات ئاكادېمىيەسى ئىدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر كۇتۇپخانا، بىر رەسەتخانا بار ئىدى، بۇ جاي يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇن ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا، خۇسۇسەن خەلىپىلىكنىڭ شەرقىي يېرىمىنى ئىگىلىگەن سەلجۇقىيلار دەۋرى بىلەن مىسىردىكى سالاھىددىن ئەييۇبىيلار خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمرانلار ياكى ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئاندىن نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ھەتتا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغۇچى ھىلاكۇخانمۇ ئەزەربەيجاننىڭ مالاگا شەھىرىدە تەتقىقاتقا خىزمەت قىلىدىغان بىر رەسەتخانا ۋە بىر كۇتۇپخانا سالدۇرغانىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئاندىن راۋاجلانغانىدى.

## بەشىنچى باب

# كېيىنكى ئابباسىيلار سۇلالىسى

**ھوقۇقنىڭ قولدىن كېتىشى** ۋەسقىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇرۇنقى شان ـ شۆھرىتى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كەتتى، خەلىپىلەرنىڭ ھېچقانچە نوپۇزى قالمىدى، كۆپ بولغاندا، ئاشۇ يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى ئۆلكىلەرگە ئاران دېگەندە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى. تېخىمۇ يامىنى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان كۈچلۈك تۈرك سەركەردىلىرىنىڭ ئالىقىنىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ قالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي چەت ـ ياقىلاردىكى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى مۇستەقىللىق جاكارلىدى ۋە ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقلىرىنى ياكى خاندانلىقلىرىنى تىكلىدى، مەسىلەن، خۇراساندىكى تاھىرىيلار خاندانلىقى (820 ـــ 872)؛ پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان سېستاندىكى سەففەرىيلەر خاندانلىقى (867 ـــ 908)؛ ئوكسۇس (ئامۇ دەريا) ۋادىسىدىكى سامانىيلار خاندانلىقى (874 ـــ 999) ۋە پېرسىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىگەن غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى بىلەن فاتىمىيلار خاندانلىقىمۇ مىسىرغا ئۇزاق زامان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ يىراقتىكى پادىشاھلىقلاردىن باشقا، ئەھمەد ئىبنى بۇۋەيھىدىي رەھبەرلىكىدىكى پېرسىيە شىئەلىرىمۇ خەلىپىلىكتىكى زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى قۇرغانىدى. بۇ شىئە مەزھىپىدىكى بۇۋەيھىدىيلەر خاندانلىقى (944 ـــ 1055) مەركەزدە تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق

قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە خەلىپە بىر قورچاقتا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، پەقەت قۇرۇق نامىلا بار دۆلەت باشلىقى ئىدى. شىئە مەزھىپىدىكى بۇۋەيھىدىيلەر خاندانلىقىدىن كېيىن، سۈننىي مەزھىپىدىكى سەلجۇق تۈركلىرى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ، 150 يىلدەك (1055 ــ 1194) ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ جەرياندا سۈرىيەدە نۇرغۇن كىچىك پادىشاھلىقلار مەيدانغا كەلدى، بۇلارنىڭ بىرسى سالاھىددىن ئەييۇبىي رەھبەرلىكىدىكى ئەييۇبىيلار پادىشاھلىقى بولۇپ، ئۇ مىسىر، ھىجاز ۋە سۈرىيەنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان ھەمدە پاراكەندىچىلىك بولۇپ تۇرغان ئەھلىسەلىپ دەۋرىدە زور رول ئوينىغانىدى.

**ئاستا ـ ئاستا زاۋالغا يۈز تۇتۇش** بىر تېخى مەغرىبتىكى بەزى كىچىك خانلىقلارنى تىلغا ئالمىدۇق. ئۇلارنىڭ زېمىنى ھازىرقى ماراكەش، ئالجىرىيە ۋە تۇنىسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇ يەرلەردىمۇ بىر قاتار خاندانلىقلار بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە بىز كېيىنكى بابتا توختىلىمىز. ئىسلام دۇنياسىغا بولغان يەنە بىر خەۋپ ئاسىياسىنلاردىن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان قەرمەتىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان يېڭى ئىسمائىلىيەلەر مەخپىي تېررورلۇق تەشكىلاتى قۇردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىزانى، قارىغۇلارچە ئەسەبىيلىشىش ۋە ۋەيرانچىلىق خاراكتېرىدىكى ھاياجانلىرى ئارقىلىق خەلىپىلىكنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەۋرىتىۋەتتى. كىشىلەر خۇددى نۇرغۇن ئوبدان ئۆيلىرى، ياسىداق جاھازلىرى ۋە ئېبىسل ھويلىسى بار چىرايلىق بىر ئىمارەتنىڭ تۈۋرۈكىنى سان ـ ساناقسىز چاشقان، ئاق چۈمۈلە ۋە تۈرلۈك زىيانداش قۇرتلار يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھويلا تېمىنىڭ بىر پارچە، بىر پارچىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، بوياق ۋە نەقىشلىرىنىڭمۇ بارغانسېرى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاخىردا

پۈتكۈل ئىمارەتنىڭ پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولۇشتى. ۋەسقى دەۋرىدىن كېيىن، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى مەملىكەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن ھالىدىن كېتىپ، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

ئەمما، بىز باغدادتىكى ئۆزىنى «ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى سايىسى» دەپ ئاتايدىغان سايە خەلىپىلەرنىڭ ھامىيلىقىدا گۈللەنگەن بۇ پادىشاھلىقلار ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن كېيىنكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئۆتۈقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى.

**مۇتەۋەككىل (847 ـــ 861)** ۋەسقىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا مۇتەۋەككىل ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ناھايىتى تېزلا يەنە باشقا كىشى ئولتۇردى. ئۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۇدەك بىردىنبىر ئىش تۈرك سەردارلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچى بولۇپ، ئۇلار پادىشاھلارنى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە تىكلەيتتى ياكى ئېلىپ تاشلايتتى. مۇتەۋەككىل زامانىدا، تۈرلۈك ھەرقايسى دىنىي پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا تۈگىمىدى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلدى. مۇتەۋەككىلنىڭ ئۆزى ئەنئەنىچىلەر پىكىر ئېقىمىغا مايىل كىشى ئىدى، مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئەقلىيەچىلىك تەلىماتىدىن يىرگىنەتتى، بۇ گۇرۇھنى ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن بىر خەۋپ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلچىلەردە خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتاتتى، شۇڭا، مۇتەۋەككىل مۇئتەزىلىلەردىن يىرگىنىدىغان ھەمدە شىئەلەرگە قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان يەھيا ئىبنى ئەقتەمنى ئالىي سوتچىلىققا (قازىلىققا) تەيىنلىدى، نەتىجىدە، ئۇ ئەمەل تۇتقان قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە، مۇئتەزىلىلەر بىلەن شىئە مەزھىپىگە ئوخشاشلا قاتتىق مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ۋەسقىنىڭ دەۋرىدە نەزەربەند قىلىنغان بارلىق ئىلاھىيەتشۇناسلارنى قويۇپ بەردى، بۇلارنىڭ

ئىچىدە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ بار ئىدى، بۇ كىشى مۇتەسىم بىلەن ۋەسىقنىڭ زامانىدا «قۇرئان كەرىم» سۆزىنى يارىتىلغانمۇ، يوق دېگەن كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىدە مۇھىم رول ئالغانىدى. ئىمام ھەنبەل ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى «قۇرئان كەرىم» يارىتىلغان ئەمەس، مەڭگۈلۈك دەپ قارىغاچقا، قاتتىق ئازاب چەككەنىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھيا ئىبنى ئەقتەم ھەتتا كەربالادىكى ھۈسەيىن قەبرىسىنىڭ مەقبەرەسىنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەن. مۇئتەزىلىلەر ئېچىنىشلىق باستۇرۇۋېتىلگەن، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ئەقلىيەچىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ھۆررىيەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىمۇ جىمىپ كەتكەن. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئەۋلاد ئابباسىيلار خەلىپىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ياردىمى تەگكەن ئەمەس.

**مۇتەۋەككىلنىڭ ئۆلمى** چېگرانىڭ ئۇ قېتىدىكى پۇرسەتكە بېقىپ ھەرىكەت قىلغان دۈشمەن ـــ ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلانماقچى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلار كىچىك ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى تار، ئۇزۇنچاق كەتكەن سىلىبزىيە ئۆلكىسىنى بۇلاپ ـ تالىدى ۋە مىسىرنىڭ ئىككى دېڭىز پورتىنىڭ بىرسى بولغان دامېتتا پورتىغا دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلىپىنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىكى تۈرك سەركەردىلىرى توپىلاڭ كۆتۈردى، مۇتەۋەككىل خۇراساننىڭ «تاھىرىيلار» ئاتا مىراس باش ۋالىيسى مۇھەممەدنى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا بۇ نۆكەرلەر خەلىپىدىن نارازى بولۇپ، خەلىپىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇزاققىچە بەرمەي كېلىۋاتقان ھەربىي تەمىناتىنى تارقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. خەلىپە قورقۇپ شۇ ئانىلا پايتەختتىن قېچىپ كەتتى

ۋە دەمەشقتە پاناھلانماقچى بولدى. بىراق، ئۇ يەردىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى، شۇڭا سامارىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. 861 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېچىسى ئۇ قول ئاستىدىكى تۈرك نۆكەرلىرى تەرىپىدىن سامارادا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

**مۇنتەسىردىن مۇقتەدىغىچە** (**861 ــ 870**) شۇنداق قىلىپ، تۈرك ئوردا قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى مۇتەۋەككىلنىڭ كەنجى ئوغلى مۇنتەسىرنى خەلىپە قىلىپ تىكلىدى، لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ئۇزاق مىننەتدار بولالمىدى، ئالتە ئايدىن كېيىنلا خەلىپىلىكى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئاكىسى مۇستەئىن خەلىپىلىككە تىكلەندى. مۇستەئىن تۆت يىل ھۆكۈم سۈردى، ۋاقتىنچە تۈرك نۆكەرلىرىنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بىراق، ئۇ ئاخىر ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مۇئتەز پادىشاھلىق تەختىگە چىقىرىلدى. بۇ چاغدىكى خەلىپىنى ھەقىقەتەنمۇ يىگىتنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى، دېيىشكە بولاتتى. مۇئتەز دەككە ـ دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئازلا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بېرىلگەندى. مۇنداق ئەھۋالدا خەلىپىلىكتە پارچىلىنىش ئالامەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. مىسىرنىڭ باش ۋالىيسى ئەھمەد ئىبنى تۇلۇن مۇستەقىللىق جاكارلىدى ۋە ئۇ يەردە تۇلۇنىيە خانىدانلىقىنى قۇردى. مۇئتەز ئۈچ يىل ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن، 869 ـ يىلى نۆكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەسىقنىڭ ئوغلى مۇقتەدى خەلىپىلىككە ئولتۇردى، ئەمما تۈرك سەركەردىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ رازى بولمىدى، ئىككىنچى يىلىلا ئۇنى خەلىپىلىكتىن قالدۇردى ۋە خەلىپە مۇتەۋەككىلنىڭ ساق قالغان تۇنجى ئوغلىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى، نامىنى مۇتەمىد دەپ ئاتىدى.

ئۇيغۇر كىتاب ئورىكى www.uyghurkitap.com

**مۇتەمىد (870 — 892) ۋە «زەڭگىلەر» ھەرىكىتى** مۇتەمىدنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى، پايتەختىنى سامارادىن باغدادقا كۆچۈرۈش بولدى. بۇنداق قىلىش تۈرك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىشتا مەلۇم مەزگىل پايدىلىق ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا يەنىلا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇنى ئەڭ چوڭ جەبىرگە سالغىنى بەسىرنىڭ جەنۇبىدىكى تۇزچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدىغان قۇللار ئۇيۇشتۇرغان قوزغىلاڭ بولدى①. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىسىملىك پارس بولۇپ، بۇ كىشى ئۆزىنى ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئەۋلادى دەۋالغانىدى. بۇ مەزھەپ «زەڭگىلەر» ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى يېرىم ئۇتوپىيەلىك ئىدىيەگە ئىگە بولۇپ، ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى خاۋارىجلارنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ناھايىتى تېزلا قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كۆرۈنەرلىك جەڭ نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى، ئۇلار ئىمپېرىيەنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن بارلىق قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغانىدى.

**خەلىپىلىكنىڭ ھالاك بولۇشى** «زەڭگىلەر» ھەرىكىتى مۇقتەرى ناملىق بىر شەھەرنى بىنا قىلغاندىن كېيىن، خەلىپىلىككە زور بىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. 871 ـ يىلى ئۇلار بەسرە شەھىرىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئۇلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاق بىر مەزگىللىك جازا يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر 883 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىدىكى خەلىپە مۇتەمىدنىڭ ئىنىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

---

① بۇ يەردە (883 — 969) بەسىردە پارتلىغان نېگىر قۇللارنىڭ قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇ ۋاقىتتا خەلىپىلىكنىڭ شەرقتىكى ئۆلكىلىرى يەقۇب ئىبنى لەيسنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى، ئۇ سىستاندا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، مەئمۇن زامانىدىن بېرى خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەئمۇننىڭ داڭلىق سەركەردىسى تاھىرنىڭ ئەۋلادلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. يەقۇب ئۇزاق ئۆتمەي پۈتكۈل پېرسىيە، مۇكران ۋە سىندىلەرنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا دائىر تەپسىلىي ئەھۋاللارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمىز.

ئالدىنقى بىر مەزگىلگە سېلىشتۇرغاندا، مۇتەمىد ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا گەرچە خەلىپىلىكنىڭ خىرىس قىلىپ تۇرغان دۈشمىنى ۋىزانتىيەلىكلەر يەنىلا يوشۇرۇن ئاپەت بولسىمۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋىزانتىيەلىكلەر سېلىبىيەنىڭ جەنۇبىدىن سۈرىيەگە كىرگەنىدى، لېكىن تارسۇس دېگەن يەردە تۇلۇنىيلار خانىدانلىقىنىڭ سۈرىيەدىكى باش ۋالىيسى باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن سېلىبىيەگە قايتىپ كېتىشتى.

**مۇتەدىد (892— 902) ۋە مۇقتەفى (902— 908)** مۇتەمىدنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى مۇتەدىد ئولتۇردى. مىسىرنى يېڭىباشتىن خەلىپىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانلىقى ئۇنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئاساسىي سەۋەب ئىدى. مىسىر بىر مەزگىل مۇستەقىل بولۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبىرى ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە باش ۋالىي ۋە كېيىن مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئەھمەد ئىبنى تۇلۇننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئەمما، ئەھمەد ئۆلگەندىن كېيىن، تۇلۇنىيلار خانىدانلىقىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، شۇڭا مۇتەدىد مىسىرنى ئوڭايلا قايتۇرۇۋالدى.

مۇتەدىدنىڭ ئورنىغا مۇقتەفى ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ ئابباسىيلار قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ۋىزانتىيەلىكلەرنى چېكىندۈرگەن ئاخىرقى خەلىپە ئىدى. ئۇ ھەتتا قوشۇنلىرىنى

www.uyghurkitap.com

باشلاپ كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان ئادرىئا قەلئەسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىغانىدى. ىىراق، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ زور باشقا بىر خەۋپمۇ ئەۋجگە چىققانىدى. بىر مەزگىلدىن بېرى كۆچۈپ ئېشىپ بېرىۋاتقان قەرمەتىيلەر بۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە قۇدرەتلىك بىر كۆچكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئەرەبىستان، سۈرىيە ۋە ئىراق قاتارلىق جايلارغا يېتىپ يەتكەنىدى. ئۇلار ئىسلامىيەت تارىخىدا مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىر خىل مۇھىم رول ئوينايتتى.

**قەرمەتىيلەر** قەرمەتىيلەر دېگەن نام بىلەن ئاستا ـ ئاستا دۇنياغا تونۇلغان بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە تۇيۇقسىز مەيدانغا چىقىپ قالغان ئەمەس. دەسلەپتە بۇلار مەخپىيمۇ ئەمەس ئىدى، رادىكالچىلارمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، يېرىم سىياسىي خاراكتېردىكى تەشكىلاتتىنلا ئىبارەت ئىدى. قەرمەتىيلەر مەزھىپىنىڭ تېگى شىئە مەزھىپى ئىدى، شىئە مەزھىپى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىماملىقتا كىم ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شىئە مەزھىپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئالتىنچى ئىمام جەففەر سادىقنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى ئىسمائىلنى ھەقىقىي يەتتىنچى ئىمام دەپ ئىشىنەتتى. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى باشقىچە پىكىردە بولۇپ، ئىماملىقتا ۋارىسلىق ھوقۇقى جەففەر سادىقنىڭ ھايات ئوغلى مۇسا كازىمغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن يەتتە ئىمامچىلار بىلەن 12 ئىمامچىلارغا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. يەتتە ئىمامچىلار ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى ھەقىقىي سەككىزىنچى ئىمام دەپ ئىشىنىشەتتى، ئىماملىقتا پەقەت شۇ مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادلىرىلا ۋارىسلىق قىلالايدۇ، دەپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە ئىماملىق تۈزۈمىنىڭ مەڭگۈلۈك

ئىكەنلىكى، مەيلى قاچانلا بولمىسۇن، هامان بىر ئىمام بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىشەتتى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسمائىلىيەلەر مەزهىپى يەنىلا مۇشۇ ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدۇ.

**ئىسمائىلىيەلەر مەزهىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ۋاھالەنكى،** ئىسمائىلىيەلەر مەزهىپىنىڭ ئەقىدىلىرىدە قەدىمكى پېرسىيەنىڭ ئىلاھىي ھوقۇق كۆزقارىشى، شۇنىڭدەك باشقا تېخىمۇ ھېكمەتلىك ھەم سىرلىق ئېتىقاد ۋە ئەمەلىيەتمۇ بار ئىدى. بىر ئەسىردىن كېيىن بۇ ئەقىدىلەر «ئىخۋانۇل سافا» (سادىق دوستلار جەمئىيىتى») دېگەن ئەسەردە ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇلار پەلسەپىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر قامۇسنى نەشر قىلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى يېڭى ئەپلاتونچىلىق ۋە خىرىستىيان دىنى قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى مۇتەدىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەرگە كەلگەندە، قەرمەتىيلەر مەزهىپى ھەمدان قەرمەتنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلدى، شۇڭا ئۇلار قەرمەتىيلەر مەزهىپى دەپ ئاتالدى. بۇ مەزھەپنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەمەلىيەتتە، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنىڭ تىرىلىشى ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە مەخپىي ئەزا قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا ۋە يوشۇرۇن ئىمامغا قارىغۇلارچە ھەم مۇتلەق سادىق بولۇشىدا ئىپادىلىنەتتى. ئەمما، بۇ ئىمامنى كىشىلەرنىڭ كۆرمىكى ئىنتايىن تەس ئىدى، جەمئىيەت ئەزالىرى يەتتە بالداق، كېيىنچە توققۇز بالداقنى باسقاندىلا ئاندىن ئىمام مەنزىلىگە يېتەلەيتتى. مۇخلىسلار كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىنەتتى، ئۇلار ئەگەر يېتەكلىگۈچى بولمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋەھىي ۋە دىنىي قائىدىلىرىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئۆزلىرىنى بۇ سىرنى بىلىدىغانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش بىلەنلا، بۇ ھېكمەتلىك ئىستىئارەنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئاستا ـ ئاستا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلىنۋالالايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنەتتى. جەمئىيەتكە كىرگەنلەر جەمئىيەتكە ۋە باشلىقلىرىغا شەرتسىز بويسۇنغانلىق بەدىلىگە بارلىق پەرھىز، چەكلىمە ۋە ئەمرىمەرۇپلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. شۇڭا، قەرمەتىيلەرنىڭ ناھايىتى تېزلا بىر بۇزغۇنچى كۈچ① بولۇپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

**زىكرەۋايى ئەل ـ دىندانى** ھەمدانىنىڭ قول ئاستىدا بەزى ياردەمچىلىرى بولۇپ، پاك سەردارلار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بىر سەردار زىكرەۋايى ئەل ـ دىندانى سۈرىيەگە بەنۇئۇلايس بەدەۋىلىرىنى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى، بۇ بەدەۋىلەر ئاللىقاچان ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىگە كىرگەنىدى. دىندانى بۇ مۇخلىسلارنى ناھايىتى تېزلا بىر بۇزۇش ماشىنىسىغا ئايلاندۇردى، ئۇلار پۈتكۈل سۈرىيەنى ۋەيران قىلدى. ھەتتا دەمەشق قەلئەسىگە قوشلاپ ھۇجۇم قىلدى، ىىراق قاتتىق قارشىلىقتا ئۇچرىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا ھەمدانىي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پاك سەردار خەلىپە بولۇپ، نامىنى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد دەپ ئاتىدى. بۇ خەلىپە 901 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەھمەد ئولتۇرۇپ، ئىككى يىللا ھۆكۈم سۈردى، ئەمەلىيەتتە، ئەھمەد 903 ـ يىلىلا ئابباسىيلار قوشۇنلىرىدىن مەغلۇپ بولغان ھەم ئەسىرگە چۈشۈپ باغدادقا ئەۋەتىلىپ ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى، دىندانىمۇ 906 ـ يىلى بىر كىچىك توقۇنۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن قەرمەتىيلەرنىڭ سۈرىيە ۋە ئىراقتىكى كۈچى كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى.

① نېگىر قۇللار چوڭ قوزغىلىڭى بولۇپ، 10 يىلغا يەتمەي تورۇپلا، 891 ـ يىلى يەنە قەرمەتىيلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا ئەرەبىستان، ئىران، سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىپ، ئاببasىيلار ھۆ- كۈمرانلىرىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان بۇزغۇنچى كۈچ قوزغىلاڭ- چىلار قوشۇنىنى كۆرسىتىدۇ ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

**ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەرمەتىيلەر** قەرمەتىيلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىلگىرىلىشى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى. 894 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئالىي سەركەردىسى ئەبۇ سەئىد ئىبنى بەھرەم تاننابىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى بەھرەينگە ئەۋەتتى. بۇ يەردە تاننابى ئەبۇل قەيس قەبىلىسىنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا بىر مۇستەقىل دۆلەتنى بەرپا قىلىپ، مۇمانىيەنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. يوشۇرۇن ئىمام پۈتكۈل تەشكىلاتنىڭ مۇقەررەر مەخپىي يولباشچىسى ئىدى. ئەمما، تاننابى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ئىنتايىن تاكتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ئورگىنىغا كىرگۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىنتايىن كۈچلىنىپ، ئىراق، ھىجاز ۋە نەجدلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 914 ـ يىلىدىن 943 ـ يىلىغىچە بولغان بۇ 30 يىل ئىچىدە، قەرمەتىيلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرق قىسمىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، پۈتكۈل رايون قالايمىقانچىلىق ۋە بالايىئاپەت ئىچىدە قالدى. 930 ـ يىلى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى مەككىنى ئىشغال قىلىپ، «ھەجەر ئەسۋەد» («قارا تاش»)نى بۇلاپ ئۆزىنىڭ پايتەختى بەھرەينگە ئاپىرىۋالدى. قەرمەتىيلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى جايلىرىنى 100 يىلدىن ئارتۇق تىزگىنلەپ تۇردى.

**مۇقتەدىر (908 — 932)** بۇ ئارىلىقتا مۇقتەفدىن كېيىن مۇقتەدىر خەلىپە بولدى. ئۇ ئىراق، مېسوپوتامىيە، سۈرىيە، مىسىر، پېرسىيە ۋە كوزىستاننى كونترول قىلىپ تۇرالىغان ئاخىرقى بىر ئابباسىيلار خەلىپىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ كىرىمى كۆتىېرى ئازىيىۋاتاتتى، مۇقتەدىر يېتەرلىك مالىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

كىرىمىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى قامداش ئۈچۈن خىلمۇ خىل گۇمانلىق تاكتىكىلارنى ئىشقا سالدى. ئۇ كۆپىنچە بايلارغا تويۇقسىز باج ياكى جەرىمانە قوياتتى، ياكى تۇتامسىز مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگەرلىرى ياكى زەرگەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ قەدىر - قىممىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى، كىشىلەرنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكى هېچقانداق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. قەرمەتىيلەر سودا ئىشلىرىنى بۇرۇنلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بايۋەچچىلىك تۇرمۇشىغا ئۆگىنىپ قالغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ هاللىق تۇرمۇشىنى ئاران ساقلىيالايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغانىدى. تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتكەنىدى، ئەمما هاكىمىيەت بېشىدىكىلەر تېخىمۇ نەپسانىيەتچى، تېخىمۇ رەهىمسىز بولۇپ زالىملىشىپ كەتكەنىدى. سۈننىي مەزهىپى بىلەن شىئە مەزهىپى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش كۆپىيىپ كەتكەنىدى. پۇقرالار ياكى ئېتىقادىنى يوقىتىپ مەخپىي تەشكىلاتلارغا ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى تەشكىلاتلارغا، مەسىلەن، قەرمەتىيلەر مەزهىپىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى ئىسمائىلىيەلەر مەزهىپىگە ياكى ئاسساسىنلار مەزهىپىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ياكى بولمىسا رېئال تۇرمۇشتىن هەزەر ئەيلەپ، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ سىرلىق ئوردىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

**تەسەۋۋۇپچىلار** بۇ دەۋردە نۇرغۇن تەسەۋۋۇپ مەزهىپى ياكى سوپىلىق سۇلۇكلىرى بارلىققا كەلدى. كىشىلەر ئەنئەنىۋى ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار بارغانسېرى كۆز ئالدىدىكى بارلىق شەيئىلەردىن زېرىكتى، سولغۇنلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق هېس قىلىشتى. كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى ياخشى ئەمەس دەپ ئىشەنگەچكە، دۇنيانى خىيالىي نەرسە دەپ قارىدى

(گەرچە بىمەنىلىك بىلەن قارىسىمۇ). بۇ يېڭى ئۇستازلار ھەقىقىي دۇنيا — بېھىشتۇر، رېئال دۇنيا بىر دەملىك نەرسە دېيىشتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرىنى سۆز مەنىسى بويىچە ئىزاھلاپ، بۇ ئارقىلىق رېئال دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيانىڭ قىممىتىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشتى. نەتىجىدە ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئاللاھنى مەلۇم ۋاسىتە سىزىم ئارقىلىق بىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ھېسسىياتى (ئەگەر ئاللاھنىڭ مۇقەددەس روھى بىلەن تامامەن قوشۇلۇپ كەتمىگەن تەقدىردە) ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قايناق ھېسسىياتىغا ئايلاندى. ۋاھالەنكى، سوپىزىم ياكى تەسەۋۋۇپچىلىق مەنسۇر دەپ ئاتالغان بىر ئەۋلىيانىڭ دىنىي تەلىماتى ۋە تۇرمۇشى ئارقىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ھەم مۇكەممەللەشكەنىدى، بۇ كىشى يەنە ھەللاج (859 — 922) دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ مەشھۇر بولۇپ، تەخمىنەن مۇشۇ دەۋرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئوخشاش دەۋردە يەنە بىر داڭلىق تەسەۋۋۇپچى باغدادلىق جۇنەيد بولۇپ، ھەللاجغا ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى. ھەللاج بىۋاسىتە ئۆزى باغدادقا بارغان ۋە جۇنەيدنىڭ تەشكىلاتىغا كىرگەن. ھەللاج ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ھەللاج (825 — 922) مەنسۇر ھەللاج جۇنەيدنىڭ قېشىدا بىر مەزگىل تۇردى، كېيىن يۇرت كەزگۈچى بولۇپ، ئۇ جايدىن بۇ جايغا قاتراپ يۈرۈپ، سوپى مەزھىپىنىڭ ئاللاھ بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولۇپ، ھەتتا ئاللاھ بىلەن بىر بولۇپ كېتىش ئەقىدىسىنى تارقاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستانغىچە بارغانىكەن. ئۇ سەپەر جەريانىدا داڭلىق پەيلاسوپ رازى بىلەن ئۇچراشقان، رازى ئۇنىڭغا يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تونۇشتۇرغان. ھەللاج يەنە قەرمەتىيلەرنىڭ بەزى رەھبەرلىرىگە يولۇققان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلگى ئادرېسى

چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. گەرچە ھەللاج ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنتايىن سەمىمىي مۇئامىلىدە بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلمىغان. ئۇ مەككىدە ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن، 908 - يىلى باغدادقا قايتىپ كەلگەن ۋە تەننىڭ روھتىن ئاجرىلىشى، ئاخىرىدا ئادەمنىڭ ئاللاھ بىلەن بىرلىشىشىگە يېتىش توغرىسىدىكى ئەقىدىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مەھلىيا قىلىۋالغان. ئۇ جەمئىيەتتىكى كونا قائىدە - يوسۇنلارنىمۇ يامان كۆرگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەزخانلىقىنى ياقتۇرغان، ئەمما قازى ۋە موللىلار ئۇنى بىدئەت، كۇپۇرلۇقنى تارقىتىۋاتىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى ئۇ قانۇندىن ئەسلا نەقىل كەلتۈرمەيتتى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى توغرۇلۇقمۇ ئېغىز ئاچمايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىۋاسىتە سېزىم تەجرىبىسى، ئاللاھنى كۆڭلىدە بىلىش تەجرىبىسى ۋە مۇقەددەس ئىشقنىڭ شادلىقى ۋە مەرھەمەتى توغرىسىدا ھە دەپ سۆزلەيتتى. بۇلارنى قانۇننى قوغدىغۇچى كىشىلەر چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يول قويالمايتتى. ئۇلار ئۇنى بىدئەتچى ئۇنسۇر، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە دىنىي ئەنئەنىگە زىيانلىق، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ نەزەربەند قىلىندى. ئاخىرىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. بەزى ئۆلىمالار ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئىش كۆردى، ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بېشى كېسىۋېلىنىپ ئېسىپ قويۇلدى، جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇشتى. بۇنىڭ بىلەن گەرچە قانۇن كۈچەيگەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ئۇزاققىچە ياد ئېتىشتى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى «شېھىت» دەپ ھۆرمەتلەپ كەلدى. ھىندىستان - پاكىستاننىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئەللامە ئىقبال ھەللاجنى ھەر تەرەپلىمە مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنى ئۆز - ئۆزىنى

كۆزىتىش بىلىمى ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى، دەپ قارايدۇ.

**مۇقتەدىرنىڭ ئاقىۋىتى** ئەمدى يەنە مۇقتەدىر ئۈستىدە توختىلىمىز. دەل ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردا بۇۋەيھىدىيلەر ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز. بۇۋەيھىدىيلەردىن كېيىن مۇقتەدىرنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قورچاقلار بولۇپ، ئۇلار توغرۇلۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيمىز، بىردىنبىر تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قالايمىقانچىلىق جەريانىدا قىسقا ۋاقىتلىق تىنچلىقمۇ بولغانىدى. ئەمدى ئاشۇ بىپايان كەڭ، نامدا يەنىلا ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك پادىشاھلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

**تاھىرىيلەر سۇلالىسى (820 ــ 872)** ئۇ دەسلەپتە تاھىرىيلەر پادىشاھلىقى ئىدى. تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن ئەسلىدە مەئمۇننىڭ پېرسىيەلىك قولى ئىدى، كېيىن خەلىپىنىڭ ئىشەنچلىك سەركەردىسى بولۇپ قالغان. ئۇ غوجايىنى ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، 820 ـ يىلى شەرقتىكى بارلىق مەمۇرىي ئۆلكىلەرنى باشقۇرىدىغان باش ۋالىي بولغانىدى. ئۆلكە مەركىزى مەرۋىدە بولۇپ، مەرۋى ئۆز ۋاقتىدا خۇراساننىڭ مەركىزى ئىدى. تاھىرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولدى، ئۇ 823 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تەلھە باش ۋالىي بولدى. تەلھە شەرقتىكى مازاندەراندىن تارتىپ غەربىي شىمالدىكى بۈيۈك تىرانسوكسىيانا (ماۋارەئۇننەھر) غىچە بولغان بارلىق ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تاھىرنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇللا مەئمۇننىڭ قول ئاستىدىكى داڭلىق سەركەردىگە ئايلاندى. تاھىرنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاقانىغا بارلىق فېئوداللىق ساداقىتىنى تولۇق كۆرسەتتى دېيىشكە بولىدۇ، بىراق بۇمۇ نامدا

www.uyghurkitap.com

خەلىپىنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى.

تاھىرىيلەر سۇلالىسى قەدىمكى پېرسىيە جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل بەردى، بۇ جەمەت بەلختىكى زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇخلىسى ئاقسۆڭەك سامانىينىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. تاھىرىيلەر سۇلالىسىدىكى بۇ كىچىك باش ۋالىيلىق ئەسلىي ئاتىدىن بالىغا قالاتتى، تاكى 872 ـ يىلى ئۆپچۆرىسگە بارغاندا، تاھىرىيلەرنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقتىن، سامانىينىڭ ئەۋرىسى ناسىر ئىبنى ئەھمەد مۇستەقىللىق جاكارلىدى ۋە ئۆزىنىڭ خاندانلىقىنى تىكلىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا پېرسىيەدە يېڭى ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، يەنە بىر تەۋەككۈلچى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانىدى.

**سەففارىيلەر (867 — 908)** پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سىستاندا تۆۋەن نەسەبلىك بىر ئائىلە كاتتا ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ياراتقۇچىسى يەقۇب ئىبنى لەيس ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئۇ مىسكەرچى (سەففار)لىك ئارقىلىق بېيىغان. شۇڭا، ئۇ قۇرغان سۇلالىگە سەففارىيلەر سۇلالىسى دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدا قاراقچى بولۇپ، كېيىن توپىلاڭچىلارغا يولباشچى بولغان، لېكىن ئۇ خۇددى ئەنگلىيەدىكى روبىنھانغا ئوخشاش چەۋەندازلار خىسلىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۇستا تەشكىلاتچى بولغانلىقتىن، خەلىپە ئۇنى سەركەردە قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا كۆپلەپ يەر ئىنئام قىلغان، بۇنىڭدا ئۇنىڭ شۇ جايىنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشى شەرت قىلىنغانىدى، يەقۇب ئۆزىنىڭ مۆھۈرلەپ بېرىلگەن زېمىنىدىن تولۇق پايدىلاندى، ئۇ يەردىكى ئۆزىگە سادىق ئىجارىكەشلەر، ئەگەشكۈچىلەر ۋە پۇقرالارنى تەشكىللەپ چىقتى ۋە باشقا سەركەردىلەرگە ئوخشاش، ئۇ يەرنى يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى كىنەزلىككە ئايلاندۇردى. ئارقىدىنلا ئۇ ھۆكۈمرانلىق رايونىنى

كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، تاھىرىيلەرنى سېستان ۋە خوراساندىن قوغلاپ چىقاردى. سەففەر ھەتتا كابۇلنىمۇ بېسىۋالدى. ھازىر ئافغانىستان دەپ ئاتىلىدىغان رايون دەل شۇنىڭ قولى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ يەنە شەرقىي پېرسىيەنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى ھەم مۇكران، بېلۇجىستان ۋە سىندىلاردا ھاكىملىق ئورنىنى تىكلىدى.

ئۇنىڭ ئىنىسى ئامىر ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلىپە بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، پۈتكۈل پېرسىيە ۋە خوراساننىڭ ھەممە يېرىنىڭ دېگۈدەك باش ۋالىيلىقىغا ئېرىشتى. ئامىر 12 يىل ھۆكۈم سۈردى، كېيىن سامانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن سەففەرىيلەر سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بىراقلا كىچىكلەپ كەتتى، ئامىرنىڭ نەۋرىسى ئاران سېستانغىلا ھۆكۈمران بولالىدى.

**سامانىيلار سۇلالىسى (874 — 999)** بۇ جەمەت ئىلگىرى تاھىرىيلەر سۇلالىسىگە بېقىناتتى. ئۇلاردىن ئالدى بىلەن مۇستەقىل بولۇشنى تەلەپ قىلغىنى ناسىر ئىبنى ئەھمەد بولدى، بىراق سەففەرىيلەرنى خوراساندىن ھەقىقىي قوغلاپ چىقارغان كىشى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل (892 — 907) ئىدى. سامانىيلارنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى ناسىر II (913 — 943) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، بۇ پادىشاھلىق يەنىلا خەلىپە بىلەن غۇۋا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغانىدى، بىراق، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى خەلىپىلىكنىڭ پۈتكۈل شەرقىي يېرىمىغىچىلىك كېڭەيگەنىدى. پادىشاھلىقنىڭ چېگراسى كېڭىيىپ مېسوپوتامىيە ۋە ئىراننىڭ شەرقىي چېگراسىغا بىرقانچە مىللا كېلىدىغان جايلارغىچە يەتكەنىدى. سامانىيلار ئەرەبلەرنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھوقۇقىنى بىرىنچى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئاغدۇرۇپ تاشلىغان پارسلار ئىدى، ئەمما ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەس ئىدى.

**سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى** سامانىيلار بۇخارانى پايتەخت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغانىدى. سەمەرقەند تەرەققىي قىلىپ مۇھىم بىر شەھەرگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن باغداد بىلەن تەڭلىشىشكە باشلىدى. بۇ رايوندىكى ئىككى ھەمشىرە شەھەر بۇخارا بىلەن سەمەرقەند داڭلىق پەيلاسوپ رازى بىلەن تېخىمۇ شۆھرەتلىك ئىبن سىنادىن ئىبارەت ئىككى مۇسۇلمان تالانت ئىگىسىنى يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن نام چىقارغانىدى. بۇ ئىككى زات مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىدىكى ئىككى ئۇلۇغ تەخەللۇسى بىلەن ياۋروپالىقلارغا تونۇلغان ۋە نۇرغۇن ئەسىرلەرگىچە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئىلىم ـ پەننىڭ پىرى دەپ مەدھىيەلىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا توختىلىمىز. غەرب دۇنياسى بۇ ئىككى كىشىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رازى ۋە ئاۋىسېننا دەپ ئاتىدى ھەمدە داڭلىق ئۇستاز ۋە پېشۋا دەپ ھۆرمەتلەشتى. پېرسىيەلىك ئۇلۇغ داستانچى فىردەۋسىمۇ مۇشۇ دەۋردە ئۆتكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى خەلىپىلىكنىڭ دۆلەت تىلى ھېسابلىناتتى، پارس تىلى بولسا بۇ يەردىكى يۇقىرالارنىڭ يەنىلا شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىغا قارىماي، تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان تىل دەپ قارىلاتتى. ئەمدىلىكتە پارس تىلى يەنە كەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى، بۇ سۇلالىنىڭ بىر ۋەزىرى ھەتتا «تارىخىي تەبەرى»نى پارسچىغا تەرجىمە قىلدى. مۇشۇ يازغۇچىلارنىڭ تۆھپىسى تۈپەيلىدىن پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئۇسلۇبى شەكىللەندى. سامانىيلار ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئوقۇمۇشلۇق ھۆكۈمران جەمەت ئىدى. ئەمما، دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا بىر بۆلەك تۈرك كۆچلىرى سەھنىگە

چىقىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ سامانىيلارنى غەپلەتتە قالدۇرۇشى ۋە ئاقىۋەتتە بۇ پادىشاھلىقنى يۇتۇۋېلىشى مۇقەررەر ئىدى.

**غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى (961 ـــ 1186)** بۇ يېڭى پادىشاھلىق پايتەختى غەزنەنىڭ نامى بىلەن غەزنەۋىيلەر دەپ ئاتالغان. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يېڭى پادىشاھلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر قېلىپ بويىچە ئىش كۆرەتتى: كۈچلۈك پادىشاھلار ھەمىشە قابىلىيەتلىك سەركەردىلىرىنى چەت ـ ياقا ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا قوياتتى، مەركەزنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشقان ھامان، ئۇلار مۇستەقىللىق ئېلان قىلاتتى ۋە ئۆز پادىشاھلىقلىرىنى قۇراتتى. غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى ئەنە شۇنداق مۇستەقىل بولغانىدى. كېيىن بىز يەنە شۇنى كۆرىمىزكى، ئافرىقىدا، مىسىردىن تارتىپ ماراكەشكىچە بولغان جايلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرمۇ مۇشۇ قېلىپنى تەكرارلىغان. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان تۈرك قۇللىرى ئىچىدە ئالىپ تېكىن ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى خان جەمەتىنىڭ نۆكەرلىكىدىن باشلانغان. ئۇ كېيىنكى مەجلىسى ۋە جەڭ مەيدانىدا كۆزگە كۆرۈنگەچكە، سامانىيلار پادىشاھى ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ، خۇراساننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ سامانىيلار ئوردىسىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بۈيۈك شەرقىي ئۆلكىسىگە كېلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماقچى، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ھامان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىقىنى تىكلىمەكچى بولغان، ئالىپ تېكىن غەزنەگە پۇختا ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بىر مۇستەقىل كىنەزلىككە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ قولى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى كۈيۈئوغلى سۇبۇق تېگىن (976 ـــ 997) تېخىمۇ پىشقان بىر كىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ يېڭى سۇلالىنى دەل ئاشۇ كىشى قۇرغانىدى. سۇبۇق تېگىن بىر قاتار ئىستېلالارنى

ئېلىپ بېرىپ، ھىندىستاندىكى پېشاۋەرگىچە ئىچكىرىلەپ بارغاندى، شۇنداقلا سامانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى خۇراساننى بويسۇندۇرغاندى.

**غەزنىلىك مەھمۇد غەزنەۋىي (999 — 1030)** ھالبۇكى، بۇ ئائىلىدىكى ھەقىقىي ئۇلۇغ زات سۇبۇق تېگىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇد بولۇپ، ئۇ «قۇدرەتلىك مەھمۇد» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھىندىستان بىلەن پېرسىيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۆمۈر مۇشتۇمىنىڭ سالمىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ چاغدا خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شىئە مەزھىپىدىكى پېرسىيەلىك بۇۋەيھىدىيلەرنىڭ قولىدا ئىدى. مەھمۇد تۈرك بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇ خەلىپىنىڭ مېتروپولىيەلىك (ئىگىدارلىق) ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى (ئۇ ۋاقىتتىكى خەلىپە قادىر ئىدى)، خەلىپە ئۇنىڭغا «رامىنۇل دەۋلە» (دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى») دېگەن نامنى ئاتا قىلدى، مەھمۇد شۇ دەۋرنىڭ مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇ دىنىي ئۇرۇش (غەزۋە) نى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ھىندىستاندا ئېلىپ بارغان بىر قاتار جازا ئۇرۇشلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئائىلە ماجىراسىنىڭ داۋامى قاتارىدا باشلانغانىدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۇبۇق تېگىن پەنجابنىڭ ھۆكۈمرانى جايپال بىلەن جەڭ قىلغانىدى، چۈنكى جايپال ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى. سۇبۇق تېگىن غۇزاق يېنىدا جايپالنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۇ ۋاقىتتا قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ جايپالنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى ئۆرۈۋەتكەن، ئۇ مەغلۇپ بولۇپ، ئاھانەتلىك سۈلھى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، پايتەختىگە قايتىپ بېرىش بىلەنلا بۇ كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىغان. سۇبۇق تېگىن جايپال پادىشاھلىقىنىڭ

غەربىدىكى لامغان دېگەن جايدا دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغان. 997 ـ يىلى سۇبۇق تېگىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەھمۇد تەختكە ئولتۇردى. 1001 ـ يىلى ئۇ پېشاۋۇر ئەتراپىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان غەزنەۋىيلەر بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىۋاتقان جايپالغا ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد جايپالنىڭ زېمىنىغا ھەر يىلى بېسىپ كىرىپ تۇردى، ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى دىنىي ئۇرۇشلىرى خۇددى دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى ياكى تارىخ ۋارىسلىرىنىڭ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي ئۇرۇشلىرىغا ئوخشاش، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغاندى. مەھمۇد جەمئىي 17 يىل يىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلدى، ھەر قېتىمدا بىر شەھەرنى بويسۇندۇردى ياكى بىر قەلئەگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي پەنجاپتىكى گانگىرادىن ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى گۋالئور ۋە كالىنجارغىچە، بىرلەشمە ئۆلكىدىكى كانائۇجدىن گۇجراتنىڭ كاسىياۋاردىكى سومناتقىچە بولغان يول بويىدىكى شەھەر، قورغانلارنى ئېلىپ، توسۇپ بولمايدىغان قۇدرەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا خەزىنە قىلىنىدىغان چوڭ ئىبادەتخانىلىرى بولغانلىقتىن، مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرى قىممەتلىك مال ـ دۇنيالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىراقلا زەردار بولۇپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ بىراقلا بۇنداق باي ـ زەردار بولۇپ كېتىشى ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. بىرقانچە مەشھۇر ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشلىرىغا ئاساسەن، كىشىلەر ئۇنى ئىسلامنىڭ ئاۋانگارتى ۋە بۇتلارنى بىتچىت قىلغۇچى ئۇلۇغ ئەرباب دەپ تەرىپلەشتى. مەھمۇد ئىسلامىيەت تارىخىدا «ئەل غازى» نامىنى ئالغان تۇنجى كىشى بولۇپ، خەلىپە ئۇنىڭغا تېگىشلىك تاجلارنىڭ ھەممىسىنىلا كىيدۈرگەنىدى.

**مەھمۇدنىڭ ئىمپېرىيەسى** مەھمۇد پەنجاپنى ئۆزىنىڭ

گۈللىنىشكە باشلىغان پادىشاھلىقىغا مەڭگۈلۈك قوشۇۋېلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ چېگراسىنىمۇ غەربكىچە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تازا ئەۋجگە چىققان يىللاردا، ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى شەرقتە جۇمنا دەرياسىدىن باشلىنىپ، شىمالدا ماۋارەئۈننەھرىدىن، غەربتە پارسلارغا تەۋە ئىراقىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتكۈل زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەھمۇد ئۇ چاغلاردا ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھ دېيىلەتتى.

ئۇ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەننىڭمۇ بۈيۈك ماھىيەسى ئىدى. ئۇ ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئالىم ۋە مەشھۇر ئەربابلىرىنى ئۆزى بىنا قىلغان پايتەخت غەزنىگە توپلىدى، فىردەۋسى شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى. فىردەۋسى بۈيۈك داستان «شاھنامە»نى مەھمۇدنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدىلا يېزىپ چىققان. مەھمۇد 1030 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى مەسئۇد ئولتۇردى. مەھمۇد ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلار قورقۇنچاقلار بولغانلىقتىن، مەھمۇدنىڭ ئىمپېرىيەسى بارا ـ بارا پارچىلىنىپ كەتتى. شەرقىي پەنجاپ مۇستەقىل بىر مۇسۇلمان پادىشاھلىقىغا ئايلاندى. پېرسىيەدىكى سەلجۇقىيلار غەربتىكى ئۆلكىلەرنى بېسىۋالدى. ئافغانىستاننى گورىلار يۇتۇۋالدى، غەزنەۋىيە ئىمپېرىيەسى كىچىكلەپ، ئاخىرىدا ئوتتۇرا پەنجاپتىن ئىبارەت بىر كىچىك پادىشاھلىققا بولۇپ قالدى، ئاخىر ئۇلار 1186 ـ يىلى گورىلار تەرىپىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى.

**ئەمرۇل ـ ئۇمرا** مۇشۇ باينىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن خەلىپە مۇقتەدىر ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا، ئوردىدا ئەمرۇل ـ ئۇمرا ناملىق يېڭى بىر خىل ئەمەل بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سەركەردىلەرنىڭ سەركەردىسى ياكى ئالىي سەركەردە دېگەن مەنىدە ئىدى. بۇ ئەمەلگە ئادەتتە ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى تەيىنلىنەتتى، ئەمما

خەلىپىلىك قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سەركەردىسىمۇ تەيىنلىنەتتى. ئۇ ئۇنۋانغا ئەڭ بۇرۇن ئېرىشكەن كىشى تۈركلەردىن بولغان مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى مۇنىس ئەل ـ مۇزەففەر بولۇپ، ئۇ پەردە ئارقىسىدىكى نائىب پادىشاھقا ئايلانغانىدى، ئۇ مۇقتەدىرنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى قادىرخاننى خەلىپىلىككە تەيىنلىدى. قادىرخان ئىككى يىل ھوقۇق تۇتۇپلا (932 ــ 934) خەلىپىلىكتىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئويۇۋېلىنىپ ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇ كېيىن بىرىپ دىۋانىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان ئىككى خەلىپە مۇتتەققى بىلەن مۇستەفقىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا ياخشى بولمىدى. بۇ ۋاقىتتا خەلىپىلىكنىڭ ئامىتى قولدىن كېتىپ، ئابدۇراھمان Ⅳ ئىسپانىيەدە (بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمىز)، فاتىمىيلەر خەلىپىسى شىمالىي ئافرىقىدا مۇستەقىل خەلىپە بولغانلىقلىرىنى جاكارلاشقانىدى. دېمەك، ئۇ چاغدا دۇنيادا ئۈچ مۇسۇلمان خەلىپىسى بار ئىدى: ئۇلارنىڭ بىرسى، ئىسپانىيەدىكى سۈننىي مەزھەپنىڭ خەلىپىسى؛ يەنە بىرسى، قاھىرەدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ خەلىپىسى؛ ئۈچىنچىسى، باغدادتىكى سۈننىي مەزھىپى خەلىپىسىدىن ئىبارەت.

**بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسى (945 ــ 1055)** بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزاققا بارالمايتتى. مۇستەفقى خانىدانلىقى (944 ــ 946)دا ئەھمەد ئىبنى بۇۋەيھىد ئىسىملىك بىر كىشى ئەمرۇل ـ ئۇمەرا بولدى، ئۇ ئۆزىنى قەدىمكى زاماندىكى ساسانىيلار سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئەۋلادى دېدى. ئۇ ئەمرۇل ـ ئۇمەرا بولغاندا «مۇئىززۇد ـ دەۋلە» (دۆلەتنىڭ ھىماتچىسى) دەپ ئاتىلىپ، ئەمەلىي ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە، ئەھمەدنىڭ دادىسى پېرسىيەنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر قەيسەر تاغ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى سامانىيلار

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك بىر تارماق قوشۇنغا باشلىق بولۇشقانىدى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئادەملىرىنى توپلاپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىسفاھاننى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا خۇزىستان بىلەن كىرماننى بېسىۋالدى. 934 ـ يىلى ئۇلار جەنۇبتىكى شىرازدا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى، 945 ـ يىلى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئىچىدىكى ئەڭ قەبىلىيەتلىكى بولغان ئەھمەد باغدادقا ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. خەلىپىنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنى ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولغاچقا، خەلىپە ئەھمەدنى ئۆزىنىڭ ھىماتچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئەھمەدنى ئەمرۇل ـ ئۇمرا قىلدى، لېكىن ئەھمەد بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ نامىدا تىللا قۇيدۇردى ۋە جۈمە نامىزىدىكى قۇتبىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى خەلىپىنىڭ ئىسمى بىلەن بىر قاتارغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. كېيىنكى يىلى ئەھمەد خەلىپىدىن يوشۇرۇنچە ئۇنى خەلىپىلىكتىن ئېلىۋېتىپ، ئەل ـ مۇتى (ئىتائەتچان ئادەم دېگەن مەنىدە) نى قورچاق خەلىپە (946 — 974)لىككە ئولتۇرغۇزدى.

**بۇۋەيھدىيلەر سۇلالىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر** بۇۋەيھدىيلەر شىئە مەزھىپىدە ئىدى، شۇڭا ئەھمەد دۆلەتتە شىئە مەزھىپىنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى بېكىتىپ، مەۋلۇت نەبى① نى رەسمىي بايرام قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ئىنتايىن غەلىتە بىر ھال ئىدى. چۈنكى، ئاتاقتىكى خەلىپە سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان ئىدى، ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمدار — شىئە مەزھىپىنىڭ مۇرىتى ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا

① مەۋلۇت نەبى — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى خاتىرىلەش كۈنى ئىسلام شەمسىيە يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ھەم ئۇنىڭ ۋاپات بولغان كۈنى ئىكەن.

ھەممىشە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قورساق سوقۇشى بولۇپ تۇراتتى. ئەھمەد ئاشكارا ھالدا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇممەل غەدرىدە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى دەپ ئېلان قىلغانىدى، دېدى. شىئە مەزھىپىنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىش دەل زۇلھەججە (ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) بولغان، شۇڭا بۇۋەيھىدىيلەر خاندانلىقى بۇ كۈننى خۇشاللىق بايرىمى كۈنى سۈپىتىدە تەبرىكلەيدۇ. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ شىئە مەزھىپىدىكىلەر بۇ رىۋايەتكە باشتىن ـ ئاياغ ئىشىنىپ كەلدى. بۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ كۈنى ئاشۇ زور ئىشنى ئېلان قىلغان، دېيىشىدۇ. بۇۋەيھىدىيلەر شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى قەدىرلىگەچكە، ئۇلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى يېزىلغان. لېكىن، بۇۋەيھىدىيلەر رادىكاللاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار مىسىردىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسى بىلەن ئىدىيە سىستېمىسى جەھەتتە بىرلىشىپ كەتمىگەنىدى.

**ئادۇدۇل ـ دەۋلە (949 ـــ 983)** بۇۋەيھىدىيلەر 110 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇلار تەربىيە كۆرگەن مىللەت ئىدى، ئۇلار پايتەخت شىرازدا نۇرغۇن چىرايلىق ئىمارەتلەرنى سالدى. بۇ خاندانلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمران ئۆز نامىنى ئادۇدۇل ـ دەۋلە دەپ ئاتىدى، ئۇ 34 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ئىمپېرىيەنىڭ زېمىنىنى شەرق ۋە غەربكە كېڭەيتتى، 977 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاباسىيلار سۇلالىسىگە تەئەللۇق بارلىق رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ خەلىپە ئەل ـ تائىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قىزىنى خەلىپىگە ياتلىق قىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئاباسىيلار خان جەمەتى بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىۋالدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى راسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

قۇدرەت تاپقاندا، ئۇ «شاھەنشاھ» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ پايتەختى شىرازدا ئىدى، ئەمما ئۇ باغداد ۋە باشقا مۇھىم شەھەرلەرگىمۇ سەل قارىمىدى. ئۇ مەسچىت، مەكتەپ ۋە شىپاخانا ئوخشاش نۇرغۇن ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى سالدۇردى. ئۇ خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان باغداد شىپاخانىسىنى سالدۇرغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شىپاخانىدا 24 رەسمىي تېۋىپ، نۇرغۇن بۆلۈملەر ۋە ئاغرىقلار يېتىپ داۋالىنىدىغان ئازادە بالنىست بولغان. داڭلىق ئەرەب شائىرى مۇتەنەببىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن شائىرلار ئۇنى مەدھىيەلەپ شېئىرلارنى يازغان.

**شەرەفۇل ـ دەۋلە (983 ـــ 989)** ئادۇدول ـ دەۋلەنىڭ ئورنىغا ئوغلى شەرەفۇل ـ دەۋلە ئولتۇردى، ئۇ سەنئەت ۋە مەرىپەتنىڭ تىرىشچان ئۈلۈغ ھامىيسى ئىدى. بۇ ئاتا ـ بالىلار ئىككىسى ھارۇن بىلەن مەئمۇننى دوراشقانىدى. شەرەفۇل ـ دەۋلەمۇ مەئمۇنغا ئوخشاشلا بىر رەسەتخانا سالدۇردى ۋە ئىلىم ـ پەنگە ھامىيلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى باھائۇل ـ دەۋلەنىڭ بىر مەدەنىيەت ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى پارس بولۇپ، ئىسمى سابۇر ئىبنى ئارداشىر ئىدى. ئۇ 993 ـ يىلى باغدادتا بىر بىلىم يۇرتى قۇردى، بۇ بىلىم يۇرتىدا 10 مىڭ كىتاب ساقلىنىدىغان بىر كۇتۇپخانا بار ئىدى. داڭلىق ئەرەب شائىرى ئەل مائاررى مۇشۇ بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغانىدى. قىرمەتىيلەر مەزھىپىنى ئىلىم ـ بىلىم ساھەسى بىلەن تونۇشتۇرغان ئىخلۇۋانۇس سافا بۇۋەيھىدىيلەر دەۋرىدە ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. ئەمما، بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ شان ـ شەۋكىتى ئۇزاق داۋاملاشالمىدى. شەرەفۇل ـ دەۋلەنىڭ ئوغلى باھائۇل ـ دەۋلە ئۆز ئىنىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگەچكە، بۇ قەبىلە كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ كەتتى، 1055 ـ يىلى سەلجۇقىي تۈركلىرى ئاقساقلى توغرۇلبەگنىڭ

باشلامچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ يەرگە كېلىپ، بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنى يوقاتتى.

**سۇرىيە ۋە مېسوپوتامىيەدىكى ئەرەب سۇلالىلىرى، ھەمەدانىيلار سۇلالىسى (929 — 1055)** ئارىلىقتا، مېسوپوتامىيە بىلەن سۇرىيەدە تۆت كىچىك خانلىق قۇرۇلدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى موسۇل بىلەن ھەلەبتىكى ھەمەدانىيلار خانلىقى بولۇپ، بۇ خانلىق تەخمىنەن 70 يىل داۋاملاشتى. بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى تەغلىب قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بەزى ھۆكۈمرانلار مەيدانغا كەلگەن، بۇلاردىن ئەڭ داڭلىق پادىشاھ سەيفۇل ـ دەۋلە بولۇپ، ئۇ 944 ـ يىلى مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىن ھەلەبنى تارتىۋالغان. ئۇ يەنە كىچىك ئاسىيادا ۋىزانتىيەلىكلەرگە قارشى كۆپ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆز ئوردىسىنى شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ نامى يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان. بۈيۈك ئەرەب شائىرى مۇتەنەببى ئۇنىڭ ئارزۇلۇق كىشىسى بولغان، مۇتەنەببى ۋە باشقا بەزى يازغۇچىلار بۇ پادىشاھنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانىدى. كېيىن ھەمەدانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ بىر قانىتىنى مىسىردىكى فاتىمىيلەر خەلىپىلىرى يۇتۇۋالدى، يەنە بىر قانىتىنى بۇۋەيھىدىيلەر خاندانلىقى بۆلۈشۈۋالدى.

**ھەلەبتىكى مىردانىيلار سۇلالىسى (1023 — 1097)** بەنى قەلب قەبىلىسىدىكى ئەرەبلەر ھەلەبتە بىر كىچىك ئەرەب پادىشاھلىقىنى قۇردى. ئۇلار ھەربىي ماھارەتنى قەدىرلەيتتى، ئۇلار غەربتىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسى بىلەن شەرقتىكى بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۆزۈكسىز تۈردە ئىككى سەپتە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلار يېرىم ئەسىر مۇستەقىل بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر كۈچلۈك قوشنىسى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى.

**موسۇلدىكى ئۇقالىيلەر سۇلالىسى (996 ــ 1096)؛ دىيار بەكرىدىكى مەرۋانىيلار سۇلالىسى (990 ــ 1096)؛ ھىللادىكى مازيادىيلەر سۇلالىسى (1012 ــ 1050)** موسۇلدا ھەمەدانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن، بەنى قەلب قەبىلىسىنىڭ ئۇقالىيلار سۇلالىسى 100 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇقالىيلار سۇلالىسىدە مۇسلىم ئىبنى قۇرەيش ئىسىملىك كۈچلۈك بىر پادىشاھ مەيدانغا كەلدى، ئۇ پادىشاھلىقىنى باغداد ئەتراپىدىن غەربتىكى ھەلەبكىچە كېڭەيتتى. بۇ سۇلالە ئاخىر سەلجۇقىيلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ رايوندا يەنە ئىككى كىچىك پادىشاھلىقمۇ باش كۆتۈرگەندى، دەسلەپكى مەرۋانىيلار خانلىقى بولۇپ، ئۇ موسۇلنىڭ غەربىدىكى دىيار بەكرىدە دۆلەت قۇرغان. بۇ كىچىك خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى كوردىستاندىكى ئابدۇللا ئەلى ئىبنى مەرۋان ئىدى. مەرۋانىيلار خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئۇقالىيلەر سۇلالىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئۇزاق بولۇپ، ئاخىرىدا سەلجۇقىيلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى. ئاخىرقى بىر كىچىك ئەرەب پادىشاھلىقى بەنۇ ئاساد قۇرغان مازيادىيلەر خانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن ئەرەب تارىخىدىكى ساقۋادا ئىسىملىك ئۇلۇغ قەھرىمان مەيدانغا چىقتى، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى رىۋايەتكە ئايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۆلەتنى زەڭگىلەر بېسىۋالدى، زەڭگىلەر توغرىسىدا كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ ئەرەبلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەرەبلەر تاكى 20 ـ ئەسىرگە كەلگۈچە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھېچقانداق ھاكىمىيەت قۇرالمىدى.

**سەلجۇقىيلار (1037 ــ 1300)** سەلجۇقىيلار باش كۆتۈرگەن

ۋاقىتلاردا خەلىپىلىك ئېتى ئۇلۇغ، سۆپىرىسى قۇرۇق بىر
ئەھۋالدا بولۇپ، خەلىپە قارانچۇقتا ئايلىنىپ قالغانىدى.
ئىسپانىيە مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇشتىن ئاللىقاچان قالغانىدى،
بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى كېيىنكى بابتا بايان قىلىمىز،
فاتىمىيلەر سۇلالىسى شىمالىي ئافرىقىنى ئىگىلەپ تۇراتتى،
بەزى ئەرەب ئاقساقاللىرى سۇرىيەنى بېسىپ ياتاتتى؛
خەلىپىلىكنىڭ قالغان جايلىرىنىڭ ھەممىسى بۇۋەيھىدىيلەر
سۇلالىسىگە قارايتتى. سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر بىلەن شىئە
مەزھىپىدىكىلەر نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى؛ سۈننىي
مەزھىپى ئىسپانىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسا، شىئە
مەزھىپى ئافرىقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى؛ سۈننىي مەزھىپى
يەنە سۇرىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسا، شىئە مەزھىپىمۇ
ئىراق بىلەن پېرسىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ
ھەممىلا جايدا ئۇرۇش قىلغانلىقى، قالايمىقانچىلىقنىڭ كۈنسايىن
ئېشىپ بارغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەش ھاجەتسىز. ۋاقىت
ئۆزارغانسېرى ئىسلام دۇنياسى ئاستا ـ ئاستا غەربتىكى
ئەرەبىستان بىلەن شەرقتىكى پېرسىيەگە بۆلۈندى. غۇز ـ تۈرك
قەبىلىسى تۈركىستان يايلىقىدىن بۇ يەرگە كەلگەندە ئەھۋال ئەنە
شۇنداق ئىدى، ئۇلار بۇخاراغا ئورۇنلىشىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلىپ سۈننىي مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ
سەردارىنىڭ ئىسمى سەلجۇق ئىدى، شۇڭا كېيىنكىلەر بۇ
قەبىلىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن سەلجۇق تۈركلىرى دەپ ئاتىدى.
ئۇنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ باتۇر سەردار بولۇپ، خۇراساننى
بويسۇندۇردى، كېيىن ئىككى ئىنىسىنىڭ ياردەم بېرىشى
ئارقىسىدا بىرمۇنچە ئۆلكىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە
قاراتتى. ئەينى يىللاردا سەلجۇقىيلار غەزنەۋىيلەرنىڭ
قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن،
بىراق مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلار
سەلجۇقىيلارنىڭ كۈچىنى توسۇپ قالالمىدى. غەزنەۋىيلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور ئادرېسى

سۇلالىسى ئۆزاقا بارماي غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكىلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكىلىرىمۇ سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن 1055 ـ يىلىغا كەلگەندە توغرۇلبەگ پېرسىيە بىلەن خۇراسانىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ باغدادقا يۈرۈش قىلدى. باغدادنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار تۈرك سەركەردىسى ئەل ـ باساسىر (بۇ كىشى توغرىسىدا كېيىن يەنە توختىلىمىز) شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. لېكىن، خەلىپە بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى، چۈنكى سۈننىي مەزھىپىدىن بولغان بىر نىجاتچى ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى، شۇڭا توغرۇلبەگ يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە قىن ـ قىنىغا پاتماي قىزغىن كۈتۈۋالدى. خەلىپە يەنە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، توغرۇلبەگنى «شەرق ۋە غەربنىڭ غوجىسى» دەپ ئاتىدى ھەمدە 1056 ـ يىلى ئۇنىڭغا سۇلتان دەپ نام بەردى.

**توغرۇلبەگ (1055 ــ 1063)** توغرۇلبەگنىڭ ئوتتۇرا قىسىمدىكى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە شىمال قىسىمنى بويسۇندۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، قوشۇنلىرىنى توپلاپ، تولۇق غەلىبە قازىنىش ئۈمىدىدە شىمالغا يۈرۈش قىلدى. سابىق بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ تۈرك سەركەردىسى، كېيىن مىسىردىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسىدە خىزمەت قىلغان ئەل ـ باساسىر ئۇنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ زور بىر تۈركۈم قوشۇنىنى باشلاپ باغدادقا قايتىپ بېرىپ، بۇ شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ باغدادنى ئىگىلەپ تۇرغان 40 ھەپتىدە، ھەرقايسى مەسچىتلەردە باشتىن ـ ئاخىر فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى نامىدا خۇتبە ئوقۇتۇپ تۇردى. توغرۇلبەگ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قوشۇنلىرىنى ئېلىپ باغدادقا قايتتى. ئۇ ئەل ـ باساسىرنىڭ

قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەل ـ باساسىرىنى جەڭ مەيدانىدا چاناپ ئۆلتۈردى. توغرۇلبەگ سۈرىيە، مىسىردىن باشقا پۈتكۈل ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان سۇلتانغا ئايلاندى.

**بۈيۈك سەلجۇقىيلار دۆلىتى** سەلجۇقىيلارنىڭ تۆت ئۇلۇغ پادىشاھى بولغان، ئۇلار: توغرۇلبەگ، ئۇنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان، ئۇنىڭ نەۋرىسى مەلىكشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋرىسى، سەلجۇقىيلارنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سەنجەر (سابىغار)لەردۇر. توغرۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان تەسىر كۈچىنى غەربكە كېڭەيتىپ، ئۇزاققا بارمايلا ئىراق بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئارىسىدىكى كەڭ زېمىننى بويسۇندۇردى. تېخىمۇ مۇھىمى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوراللىق كۈچى يېڭىباشتىن ۋىزانتىيەلىكلەرنى بېسىپ چۈشۈشكە باشلىدى. غەرب تارىخچىلىرى ئىسلامىيەتنىڭ كۆپ قېتىم دېگۈدەك بەدەۋىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەنلىكى، ئەمما ھەر قېتىمدا يەنە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۇلغىيىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن نەزەر سېلىشتى. توغرۇلبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياۋايى تۈركمەنلەر ئوقۇمۇشلۇق بۇۋەيھىدىيلەر ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ھەممە نەرسە گويا خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەندى. ئەمما، دەل سەلجۇقىيلارنىڭ خان ـ پادىشاھلىرى ئىسلامىيەتكە مىسلىسىز شان ـ شەرەپلەرنى كەلتۈردى. بۇ قىستۇرمىنى موڭغۇللار، تېمۇر تاتارلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن ئوسمان تۈركلىرى، شۇنىڭدەك موغۇللار كەينى ـ كەينىدىن تەكرارلاشتى.

**ئالىپ ئارسلان (1063 ـ 1073)** ئالىپ ئارسلان (شىر يۈرەك) ناھايىتى تېزلا كىچىك ئاسىيادىكى خىرىستىيانلار بىلەن تۇتۇش قىلىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ تولۇق تەييارلىق كۆرۈشكەندى، لېكىن، ماتزىكىرت جېڭىدە ئالىپ ئارسلان

ۋىزانتىيە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە ۋىزانتىيە پادىشاھىنى ئەسىر ئالدى. بۇ قېتىمقى غەلىبە غايەت زور ئەكس سادا قوزغىدى. دەل ئالىپ ئارسلان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا، مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم كىچىك ئاسىياغا كىرىپ ئولتۇراقلاشتى. 1077 ـ يىلى ئالىپ ئارسلاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سۇلايمان ئىبنى قۇتلۇمىش يېڭى زېمىننىڭ ئاتا مىراس باش ۋالىيسى بولدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «رۇم سەلجۇقىيلىرى» دېگەن نام بىلەن بۇ زېمىندا 200 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار دەسلەپتە نىكانى پايتەخت قىلدى. لېكىن، 1084 ـ يىلى ئۇلار يەنە ۋىزانتىيەنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى ئەڭ باي، ئەڭ گۈزەل شەھىرى ئىكونىيۇمنى ئىستېلا قىلدى ۋە ئۇنى ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇن قىلىپ بېكىتتى. كېيىن بۇ شەھەر كونيا دەپ ئاتىلىپ، ئۇلۇغ مەرىپەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ئالىپ ئارسلان ئىسفاھاننى پايتەخت قىلىپ تاللىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مەلىكشاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندىلا، خەلىپە پەقەت سۇلتانلارنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالغاندى، سەلجۇقىيلار باشقىلارغا قارىغاندا خەلىپىگە ئاز ـ تولا شەپقەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خۇتبە ئوقۇغاندا خەلىپىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن سەلجۇقىي سۇلتانلىرىنىڭ نامى ئاشكارا مەدھىيەلىنەتتى. ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى تۇتۇش سۇرىيەگە باش ۋالىي بولدى، ئۇ، ئۇ يەردە مۇستەقىل سەلجۇقىيلار خانلىقىنى قۇردى. دەل مۇشۇ تۇتۇش سۇلتاننىڭ ئەۋلادلىرى ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە قىلغان تۇنجى قېتىملىق تاجاۋۇزىنى توسۇپ قالغانىدى. 1077 ـ يىلى ئالىپ ئارسلان ھەلەبنى ئىشغال قىلىپ، مۇقەددەس شەھەر مەككە بىلەن مەدىنىنى قايتۇرۇۋالدى، بۇ ئىككى شەھەر بىر مەھەل فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

**نىزامۇلمۇلك (1018 ـ 1092)** ئەبۇ ئەلى ھەسەن نىزامۇلمۇلككە كەڭ ھوقۇق بېرىلگەنىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا پادىشاھقا سادىق بولدى. نىزامۇلمۇلك تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى قۇردى، شەمسىيە يىلنامىسىنى يولغا قويدى، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا يازغان بىر ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر چاندراگۇپتا مۇريانىڭ مەسلىھەتچىسى چاناكيانىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە نىككولوماچىيا ۋېللىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «خان ـ پادىشاھلار» دىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ باغدادتا ئاچقان مەشھۇر نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، مەشھۇر ئىمام غەززالى مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. نىزامۇلمۇلكنىڭ قول ئاستىدا يەنە ئىككى داڭلىق ئەدىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئاسترونومىيە ئالىمى، شائىر ئۆمەر ھەييام، يەنە بىرسى سەيياھ، يازغۇچى ناسىر خۇسراۋ ئىدى.

نىزامۇلمۇلك ئىلىم ساھەسىدە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ داڭلىق سەركەردە بولۇپ، دائىم قوشۇنلارنى باشلاپ جەڭگە چىقاتتى. بىراق، بۇ مەشھۇر ۋەزىرنىڭ ئاساسسىنلار (يوشۇرۇن قەستچىلەر) مەزھىپىنىڭ قولىدا ئۆلۈشى قىسمەتتە پۈتۈلگەنىكەن. مەھمۇد غەزنىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئۆزىنىڭ ئازادگەردە قولىنى خارەزىمنىڭ باش ۋالىيلىقىغا بەلگىلىگەنىدى. سەلجۇقىيلاردىن بولغان مەلىكشاھ ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بولسا، ئانوش تېگىن ئىسىملىك يەنە بىر غەزنىلىك قول خارەزىمشاھ خانلىقىنى تىكلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى، بۇ ئارىلىقتا ئۇلار سەلجۇقىيلار دۆلىتىنى ئاغدۇردى.

www.uyghurkitap.com

**ئاسساسىنلار مەزھىپى** مەلىكشاھ تەختتىكى ۋاقىتتا نۇرغۇن زور ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامىيەتنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقىنى ئاسساسىنلار مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ يوشۇرۇن قەستچىلەر مەزھىپى ئەمەلىيەتتە ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىنىڭ تارمىقى ئىدى. 100 نەچچە يىل ئىلگىرىلا ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپى قەرمەتىيلەر مەزھىپى قىياپىتىدە ئەۋج ئالغانىدى. بۇ مەزھەپنىڭ ئەمدىلىكتە ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئىسىملىك يەنە بىر رەھبىرى بولۇپ، ئۇ فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە بىر مەھەل دەۋران سۈرگەنىدى. ھەسەن ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپ، مازاندەراندا ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئالپىس تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان ئالمۇت قورغىنىنى بېسىۋالدى. ئۇ بۇ قەلئەنى مۇستەھكەم قورغان قىلىپ قۇرۇپ، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قىلىشتىكى بازا قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرى پېرسىيەنىڭ شىمالى، ئىراق ۋە سۈرىيە قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەلئەلەرنى قولغا چۈشۈردى ياكى ياساتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى «ئىخلاسمەنلەر» (پىدائىي) دېگەن نام بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان، بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەسەنگە تامامەن سادىق بولغانلىقىدىن ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى يىراق - يېقىندىكى جايلارغا ئەۋەتىلىپ، مەخسۇس يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەر ۋە كۈچلۈك پادىشاھلار ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. ئەڭ بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنى مەلىكشاھنىڭ داڭلىق ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك بولدى. ئۇ ۋە داڭلىق مۇنەججىم، ماتېماتىكا ئالىمى ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىككىسىلا ھەسەن ئىبنى سەبباھ بىلەن ساۋاقداش بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن ئەينى زاماندىكى

ئۈچ چوڭ ئۆلىما ئىدى. ھەسەننىڭ ھەرىكەتلىرى خەۋپ تۇغدۇرغاندا، مەلىكشاھ ئىككى قېتىم ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئاسساسىنلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنۇم بەرمەي ئەكسىچە ئاسساسىنلار مەزھىپىنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرىدى.

**سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ خارابلىششى** ئىككىنچى قېتىمدا تەختكە ئولتۇرغان سەلجۇقىيلار سۇلتانى سەنجەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يەنە بىر چۆل تۈركلىرى تۇيۇقسىزدىن مۇسۇلمان زېمىنىغا ئۇسۇپ كىردى. ئۇلار يات دىنىدىكىلەر بولۇپ، ئىسلام دىنىنى ياكى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياقتۇرمايتتى. گۆرخان سۇلتان سەنجەرنى يەڭدى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئافغانىستاندىكى غەزنەۋىيلەر خاندانلىقىنى ئاغدۇردى ۋە ئۇ يەردە ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن چۆل تۈركلىرى ئىسلام دىنىغا كىردى. كېيىن چۆل تۈركلىرىنىڭ بىر ۋەلىئەھدىسى شاھابىدىن مۇھەممەد غەۋرى ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ، دېھلى ۋە ئەجمىرنىڭ كۈچلۈك راجىپۇت پادىشاھى پرىسۋى راجىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

**سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى** سۇلتان سەنجەردىن كېيىن، ئاخىرقى سەلجۇقىيلار شاھزادىلىرى ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى، ئۇزاققا بارماي پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلما پاك ـ پاكىز ۋەيران قىلىندى. گەرچە ئىمپېرىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى سەلجۇقىيلار جەمەتىدىن ئاساسلىق بىر تارماقنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ئەمما تاكى 1157 ـ يىلى شەرقتىكى سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيەسى خارەزىم شاھىنىڭ زەربىسى بىلەن

www.uyghurkitap.com

يوقالغانغا قەدەر، سەلجۇقىيلار جەمەتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەرقايسى تارماقلار ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇۋېلىشتى. كىرمان سەلجۇقىيلىرى (1041 ــ 1187) چول تۈركمەنلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى؛ سۈرىيەدىكى سەلجۇقىيلار (1094 ــ 1117) بۆرىلار ۋە ئۆرتۇقىيلارغا بولغان باشلىقلىق ھوقۇقىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بۆرىلار بىلەن ئۆرتۇقىيلار قوشنا رايونلاردا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دۆلىتىنى قۇردى. ئىراق بىلەن كوردىستاندىكى سەلجۇقىي خانلىرىمۇ (1117 ــ 1197) كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان خارەزىم شاھ تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى. مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان سەلجۇقىيلار تارمىقى رۇم سەلجۇقىيلىرى بولۇپ، بۇلار كوينا (ئىكونيوم) نى پايتەخت قىلىپ ئاناتولىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار تاكى موڭغۇللار غەربكە تاجاۋۇز قىلغانغا قەدەر بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرىدا ئوسمانىيلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

**ئالتە بەگ** بۆرۆن ھەربىر مۇسۇلمان دۆلىتىگە ئازاب سالغان كېسەل ئەمدىلىكتە بۇ ئىمپېرىيەنىڭ قالدۇق قىسمىغىمۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ دۆلەت غوجايىنىغا ئايلانغىنى سەلجۇقىيلار دۆلەتلىرىنىڭ كۈچىنى بارا ـ بارا ئاجىزلىتىۋەتتى. بۇ سەركەردىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئالتە بەگ دەپ ئاتالدى. بۇلاردىن تۇغتۇگىن ئىسىملىك بىرسى دەمەشقتە بۆرىيەلەر خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق 1103 ـ يىلىدىن 1154 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. يەنە بىر ئىمامىدىن زەڭگى ئىسىملىك ئالتە بەگ مېسوپوتامىيە ۋە سۈرىيەدە زەڭگىلەر خانلىقىنى قۇرغان. بۇ زەڭگىلەر ئەھلىسەلىپنىڭ زامانىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەلۇم روللارنى ئوينىغان ھەمدە 1154 ـ يىلى بۆرىيەلەر خانلىقىنى يۇتۇۋالغانىدى. ئۇرتۇق ئىبنى ئەقرەب ئىسىملىك يەنە

بىر ئالتە بەگ بولۇپ، ئۇ دىيار بەگ خانلىقىنى قۇرغان ۋە 1101 - يىلى ئۇ يەردە ئۇرتۇقىيلەر سۇلالىسىنى بەرپا قىلغانىدى. ئۇرتۇقنىڭ ئىككى ئوغلى سۇقمان بىلەن ئىل غەۋزى فىرانك خانلىقلىرى ۋە پەلەستىن كىنەزلىكىگە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇردى. بۇ دۆلەتلەرنى بىرىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپىنىڭ رەھبەرلىرى، لاتىن پادىشاھلىرى قۇرغانىدى. سۇقمان شىمالىي ئەرمېنىيەنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۆز جەمەتىنىڭ خانلىقىنى قۇردى (1100 — 1207). ئىلدىگىز ئىسىملىك يەنە بىر ئالتە بەگ بولۇپ، ئۇ ئەزەربەيجان پادىشاھلىقىنى قۇردى (1136 — 1225). ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىراقتىكى سەلجۇقىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى كىچىك پادىشاھلىقلار بولۇپ، ئۇلار پارستىكى سالغارى پادىشاھلىقى (1148 — 1287) ۋە لۇرىستاندىكى ھەزەرەس پىند پادىشاھلىقى (1148 — 1339) دىن ئىبارەت.

**خارەزىمشاھ خانلىقى** ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ سەلجۇقىيلارنى مەغلۇپ قىلىشى ئارقىسىدا خارەزىمشاھ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كەڭ زېمىنغا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر پادىشاھلىققا ئايلاندى. بۇ جەمەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانى ئالائۇددىن مۇھەممەد (1199 — 1220) بولۇپ، ئوغۇز سۇلتانلىرىنىڭ قولىدىن خۇراساننى تارتىۋالدى، بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى ۋە پېرسىيەنى ئىستېلا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1214 - يىلى ئۇ ھەتتا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، غەزنە شەھىرىنى تارتىۋالدى.

بىز بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسى ۋە سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ قانداق قىلىپ خەلىپىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتاقتا ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

www.uyghurkitap.com

ئۇ چاغدىكى خەلىپە ناسىر (1180 — 1225) بولۇپ، ئۇ ئۆز ئورنىنى تىكلەشكە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بەك كېچىكىپ قالدى. ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۆلچەرلەپ، خارەزىمگە قارىتا ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، چوڭ بىر خاتالىقتا يول قويدى. خارەزىمشاھنىڭ بۇنداق مۇئامىلىگە غەزىپى قايىنىدى، شۇڭا خەلىپە گۆر سۇلالىسىگە ياخشىچاق بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا خارەزىمشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە غەزىپىگە پايلىماي شىئە مەزھىپى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنى خەلىپە قىلىپ تىكلىدى، ئارقىدىنلا ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ بېرىپ ناسىر بىلەن ئېلىشتى.

**چىڭگىزخان (1161 — 1227)** «دۇنيا ئاپىتى» دەپ نام ئالغان چىڭگىزخاننىڭ ئاخىر تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى خەلىپىگە ئامەت، ئىسلامىيەتكە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ شەخستىڭ بىر قېتىملىق چېگرا توقۇنۇشىدا غەزىپى قوزغىلىپ (بۇ توقۇنۇشتا چىڭگىزخان ئۆلۇسىنىڭ بىر ئاقساقىلى ھاياتىدىن ئايرىلغان)، ئۆزى زور قوشۇنىنى باشلاپ بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى قەدىمكى شەھەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى ۋە ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بارلىق دۈشمەنلىرىنى يەڭدى، بارلىق نەرسىلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ۋە ئاخىرغىچە جەڭ قىلغان بىردىنبىر كىشى خارەزىمشاھنىڭ ئوغلى باتۇر شاھزادە جالالىددىن بولدى (گەرچە غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ). چىڭگىزخان خارەزىمشاھنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئافغانىستاننىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ، شاھزادە جالالىددىنغا قوغلاپ زەربە بەردى.

**شاھزادە جالالىددىن** جالالىددىن كۆپ قېتىم ئەسكىرىنى قايتۇرۇپ چىڭگىزخان بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ھىندى دەرياسى بويىغا سۈرۈپ قويۇلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سادىق جەڭچىلەر ئاخىرغىچە جاپالىق جەڭ قىلىشتى، ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەزىمەتلىرى يىقىلىپ، پۈتۈن قوشۇنلىرى تۈگەشكەندە، جالالىددىن ئېغىر ساۋۇت ـ قۇياغلىرى بىلەن دەھشەتلىك ئېقىۋاتقان ھىندى دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئېغىر ساۋۇت ـ قۇياغلارنى كىيىۋالغان بولسىمۇ دەرياغا چۆكۈپ كەتمىدى، دەريا سۈيى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئاخىرىدا كۈچىنىڭ بارىچە ئۈزۈپ قارشى تەرەپتىكى قىرغاققا چىقىۋالدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، ئوقياچىلار يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئاتماقچى بولغاندا چىڭگىزخان ئۇلارنى توختىتىۋالدى. جالالىددىن قارشى قىرغاققا بىخەتەر ئۈزۈپ چىقىپ، قىرغاقتا تۇرۇپ قورقۇنچلۇق موڭغۇللارغا مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى. چىڭگىزخان چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن: «بىر ئەزىمەت كېتىپ قالدى، مەن ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئوغلۇم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم» دېدى. چىڭگىزخان گەرچە مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىمۇ، لېكىن جالالىددىننىڭ ياش ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنى ئۆزگەرتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جالالىددىن سەرگەردان بولۇپ كەتتى. ئۇ دېھلىنىڭ مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى ئىلتۇماشتىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىرانغا بېرىشنى قارار قىلدى، ئۇ بىر مەزگىللىك سەرگەردان چەۋەندازلىق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئەزەربەيجاندا ماكانلاشتى ۋە ئۇ يەردە بىر كىچىك پادىشاھلىقنى بەرپا قىلدى. ئەمما، شۇ يەردىمۇ موڭغۇللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى، شۇڭا ئۇ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاخىرغىچە تىز پۈكمەي ياشىغان ۋە بويسۇنمىغان بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۆلمى توغرىسىدا كىشىلەر ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇ باتۇر ۋە قەيسەر روھى بىلەن ئىسلامىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاجايىپ شەخسكە ئايلاندى. ئۇ ئۇلۇغ قەھرىمان سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن مەڭگۇ قەدىرلىنىدۇ.

**ھىلاكۇخان** چىڭگىزخان موڭغۇلىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلدى. ئەمما، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ دۇنيانى ئىستېلا قىلىش ۋە ۋەيران قىلىشتەك ۋەھشىيانە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇخان ئاتىسى مۆڭكۇخاندىن قالغان ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا ئىستېلاچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ، جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى. ھىلاكۇخان نۇرغۇن پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە گىروزىيەنىڭ خىرىستىيان پادىشاھىمۇ بار ئىدى. بۇ خىرىستىيان دۆلەتلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق كىشى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ھېرىسمەن ئىدى، دەرۋەقە، ھىلاكۇخاننىڭ خوتۇنى دەل خىرىستىيان ئىدى. ھىلاكۇخان قوللانغان بىرىنچى ھەرىكەت ئاسساسىنلار مەزھىپىنى يوقىتىش بولدى. بۇ ۋەھشىي ئاسساسىنلار ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاتامانى «شەيخۇلجەبىل» («تاغ شەيخى») نىڭ قوماندانلىقىدا مۇسۇلمان دۇنياسىغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇلار بۈيرۈق ئالغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، بارغانلا جايدا ئوت قويۇپ، قاتىللىق قىلىشىپ، جايلاردىكى پادىشاھ ۋە پۇقرالارنى ۋەھىمىگە سالدى. ھىلاكۇخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاسساسىنلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. ئاسساسىنلارنىڭ ئالمۇت قەلئەسىدە بىر بازىسى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە 100 قېتىملاپ قارشىلىق

كۆرسىتىشكەندى. ھىلاكۇخان بىۋاستە قوشۇن باشلاپ بۇ قەلئەگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈردى، ئارقىدىنلا بۇ قورغاننى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، شەھەردىكى ئاھالىلەر قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، ھەتتا قۇچاقتىكى بوۋاقلارمۇ ساق قالمىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت بۇ جىنايەتكار تەشكىلاتنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراتتى، ھېچبولمىغاندا پېرسىيەدە شۇنداق بولدى.

**ھىلاكۇخان ۋە خەلىپە** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىلاكۇخان باغداد خەلىپىسىگە ئاسساسىنلار مەزھىپىگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا ئاغزاكى خەۋەر ئەۋەتكەن، ئەمما خەلىپە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ جاۋاب بەرمىگەن. ئەگەر خەلىپە ھىلاكۇخان بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئىتتىپاقى تۈزگەن بولسا، خۇدا بىلىدۇ، ھىلاكۇخان نېمىلەرنى قىلاتتىكىن، ياكى باغداد پالا ـ قازادىن ساقلىنىپ قالاتتىمىكىن؟ بىراق، بۇنداق خىلمۇخىل پەرەزلەرنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى، بۇ دەل تارىختىكى نۇرغۇن «ئەگەر» لەرنىڭ بىرسى ئىدى. ھىلاكۇخان ئالمۇت قەلئەسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، خەلىپىگە بىر ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باغدادنىڭ تاشقى سېپىلىنى چېقىۋېتىپ، شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان. خەلىپە بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ھىلاكۇخان گەپ ـ سۆزسىزلا باغداد شەھىرىنى قورشىۋالغان.

**باغدادنىڭ قولدىن كېتىشى (1258 ـ يىلى)** ھىلاكۇخاننىڭ ھۇجۇمى بىرمەھەل قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 1258 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇ شۇم كۈننىڭ سەھىرىدە موڭغۇل قوشۇنلىرى ئاخىر سېپىلنى بۇزۇپ شەھەرگە كىرىشتى. خەلىپە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئالدىغا تەسلىم بولۇشقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەك كېچىككەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەزەربەند قىلىنىپ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. باغداد شەھىرى تالاندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى شەھەردىكى نۇرغۇن داڭلىق كۇتۇپخانىلاردىكى كىتابلارنى دەرياغا تاشلاشتى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىر ۋە باغچىلىرىنى ۋەيران قىلدى. تىنچلىق شەھىرى (باغداد)دە تىنچلىق بولمىدى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ شەھەرگە ئوخشىماي قالدى. باغداد خارابىلىككە ئايلاندى، جەسەتلەرنى كۆمۈپ قويۇشقا ھەپتىلەپ ئادەم چىقمىدى، جەسەتلەر چىرىپ ۋابا تارقالدى، ئاخىرىدا ھىلاكۇخانمۇ تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۆلۈم تەھدىتىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئىسلام رەقىبلىرىنى بۇ بەختسىز شەھەردىن قوغلاپ چىقىرالمىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى تىكلىنىپ 500 يىل ئۆتتى، گەرچە بۇ ئارىلىقتا تەقدىر ـ قىسمەت ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئابباسىيلار دېگەن بۇ ئىسىم ساقلىنىپ قالدى، ئەمما خەلىپىنىڭ بۇ شەھىرى يەنىلا چۆل پېتى قېلىۋەردى. دۇنيادا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان سۇلالە ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى!

**ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى** ئۇزاقتىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پاكىت شۇكى، خۇددى قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەرىپەت نەتىجىلىرى بىر مەزگىل مىسلىسىز يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، ئابباسىيلار سۇلالىسىدىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت نەتىجىلىرى يەنە بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. ئالدىنقى بابتا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەرەبلەر (بۇ ئۇقۇم ئەينى زاماندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — ئەلۋەتتە) ئابباسىيلار خەلىپىلىكى داۋام قىلغان 500 يىل ئىچىدە، بارلىق ئىلىم ساھەلىرىدە يۇقىرى

سەۋىيەلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىنسان تەبىئىتى ئىدى. ئۇنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ كەڭچىل بىر خىل مەدەنىيەتتۇر، ئۇ چاغلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دىنىي ئىشلاردىمۇ زورلاش يوق ئىدى. دەرۋەقە، سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەر، مودارىيلار بىلەن ھىمىيەرلەر، ئەرەبلەر بىلەن پارسلار ۋە كېيىنچە تۈركلەر بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناگان ـ ناگاندا ئۇرۇشمۇ بولۇپ تۇرغانىدى. دۇرۇس، ئىسلام دۇنياسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ خەلىپىلىككە كەلتۈرگەن زىيىنى بەدەۋىي مىللەتلەر، قابىلىيەتسىز ياكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھۆكۈمرانلار كەلتۈرگەن زىياندىن كۆپ بولدى. ئەمما، تۆۋەندىكى مۇنۇ نۇقتىدىمۇ قىلچە گۇمان يوق ئىدى، يەنى: بىرمۇ دۆلەت ياكى خەلىپە مەنىۋى دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرىتىگە پەرۋاسىز قارىمىدى: بىلىم ئىزدەشنى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھەربىر كىشىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ دەۋردىكى بىردىنبىر ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھلار ھارۇن بىلەن مەئمۇنلا ئەمەس ئىدى. سەلجۇقىيلار، بۇۋەيھىدىيلەر ۋە كىچىككىرەك بولغان بەزى پادىشاھلىقلارنىڭمۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھۆكۈمرانلىرى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەنگە دائىر ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىلھام بېرىش، سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقئارالىق سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بىلىم ساھەلىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق يوللار بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ئالغا سۈرگەنىدى.

**ئىسلامىيەتنىڭ ئەقىل ئەلاچىلىقى ئىدىيەسى** بەزى تارىخچىلار مۇتەۋەككىل ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى مۇئتەزىلە مەزھىپىنى

www.uyghurkitap.com

باستۇرغانلىقى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ۋە ئەقىل ئەلاچىلىقى ئىدىيەسىنى باسقانلىقى سەۋەبىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەسى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، دەپ قارىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئەقىل ئەلاچىلىقى بىلەن بىۋاسىتە سىزىمچىلىكنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى باشتىلا مەۋجۇت ئىدى. مۇسۇلمانلار ئەقلىيەچىلىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن رەت قىلدىكى، بۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھەممىشە كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي كۆرسەتمىلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكە ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكە ئېلىپ كەتتى. ئەنئەنىچىلەرنىڭ پىكرى «تەبىئىي قانۇنىيەت»كە ئوخشاش مۇشۇنداق ئابستراكت پرىنسىپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ كىشىلەرنى ئېتىقادتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ ھەمدە ئاخىرىدا ئىشلارنى ماتېرىيالىستىك تەرزدە چۈشەندۈرىدىغان قىلىپ قويىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئەگەر ئالاھىدە ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك يېڭى ئەھۋال ياكى ئۇقۇم بار دېيىلسە، ئۇنداقتا دەسلەپكى قانۇنشۇناسلار تۈزگەن ئومۇمىي مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش پرىنسىپى ئىجمە بىلەن ھۆكۈم ئۇلگىسى پرىنسىپى (ئىجتىھاد) ئىسلامىيەت ئىدىيەسىنى قاتماللىق ۋە ئۆلۈكتىن تولۇق ساقلاپ قالالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇرۇن ئىلاھىيەتشۇناسلار ھۆكۈم ئۇلگىسى پرىنسىپىغا قارشى چىققان، شۇ سەۋەبتىن بۇ پرىنسىپ بىر زامان مەنئى قىلىنغانىدى. ئەمما توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە مۇتەپەككۇرلار (ئىقبال شۇلارنىڭ بىرسى) بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق، چۈنكى بۇ ئۇسۇل ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى مۇتەئەسسىپلىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئىچىگە قاماپ قويىدۇ، دەپ قاراشتى. ھالبۇكى، ئەگەردە بۇ ئىككى پرىنسىپ قانۇن جەھەتتىكى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان

پىرىنسىپ قىلىپ قوللىنىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قېتىپ قېلىش ۋە كونىراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى.

غەززالى (1058 ـــ 1111) مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زات ئەبۇ ھەممەد غەززالىدۇر. ئۇ 1058 ـ يىلى خوراساننىڭ تۇس دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. دەل مۇشۇ كىشى «ئەل ـ كالام»① دىكى دىيالېكتىكىلىق ۋە پەلسەپىۋى مۇتالىئەنى ئاساس قىلىپ، مەدرىسە پەلسەپىسىدىكى ئالدىنقى شەرتنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۇرگەنىدى؛ بۇنداق پەلسەپىۋى مۇتالىئە ئۇسۇلىنى ئەڭ بۇرۇن 9 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەل ئەشئەرى مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكىلەردىن قوبۇل قىلغانىدى، كېيىن بۇ ئۇسۇل بىلەن يەنە مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكىلەرگە قارشى تۇردى. ئىمام غەززالى ئەشئەرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئىدىيەسىگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆز ئىدىيەسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئالىيجانابلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇنى سەلجۇقىيلار سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك باغدادتىكى نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلۇقىغا تەيىنلىدى. بىراق، ئۇ قانۇن ئۇستازى سۈپىتى بىلەن ئامىتى كېلىپ تېز ئۆسۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئاجايىپ سەرگۈزەشت يۈز بەردى، ئۇ باغدادتىن ئايرىلىپ، يۇرت كەزگۈچى دەرۋىش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى يېڭى مەنىۋى يۈكسىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ تەسەۋۋۇپچىغا ئايلاندى. ئۇ ھەقىقىي بىلىمگە

① ئەل ـ كالام ـــ ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى «سۆز» دېگەنلىك بولۇپ، مەخسۇس ئىسلام مەدرىسەسى پەيلاسوپلىرى («مۇتەكەللىمۇم»، «دىيالېكتىكىچى» مۇ دېيىلىدۇ) نىڭ تەلىماتلىرىنى كۆرسىتىدۇ ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىگە بولۇشتىكى ئىشەنچلىك ۋاستە بولغان ساپ ئەقلىي كۈچتىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى ۋە پىكرەنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سۆبستانسىيە (ئەمەلىي نەرسە)نى چۈشىنىش ۋە ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ ئاللاھتائالا ئېتىقادچىلارنىڭ كۆڭلىگە سالغان بىۋاسىتە سېزىم بىلىملىرىلا ئەڭ ئاخىرقى سۆبستانسىيەنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك ۋاستىسى، دەپ قارىدى. چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھەممىشە مەنتىق ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بىۋاسىتە سېزىم ياكى بىۋاسىتە تەجرىبىلەرنى ھەقىقىي ئۇسۇل قىلىۋالىدۇ. زامانىمىزدىكى مۇھەممەد ئىقبال مۇشۇنداق ئىدىيەۋى ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىلىدۇر.

قىسقىسى، غەززالى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇ قېتىپ قالغان مىزان ۋە تەرەپلەردىن تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولاتتى، ھەتتا مۇتەكەللىمۇمچىلارنىڭ مۇتالىئەلىرىدە ئىپادىلىگەن تار بىر تەرەپلىمىلىككە رەددىيە بەردى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي مىزانىغا قوشۇلغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىقادچىلاردۇر، دەپ كېسىپ ئېيىتتى. غەززالى پەلسەپىنى قاراڭغۇ مەدرىسلەردىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلغان تۇمانلىرىنى تازىلىدى. ئۇ پەلسەپە مەلۇم مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ئەمەلىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى خەلق رايى (يەنى ئومۇمىي مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش پىرىنسىپى) قوبۇل قىلدى. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىماننى گۈللەتكۈچى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

**قېرىنداشلار جەمئىيىتى** غەززالىغا ئوخشاش مۇشۇنداق داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناسنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر سىڭگەن ئەمەلىي

هاسىلاتنى دىنىي تەلىمات ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشنىڭ بىۋاسىتە يولى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتەك بۇنداق مۇسۇلمان پىكىر ئېقىمى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. يۇرت كەزگۈچى ئەۋلىيالار، مەسىلەن، ھەللاج ۋە باشقا بەزى كىشىلەر ئۆز ئەتراپىغا بەزى شاگىرتلارنى يىغىۋېلىشقانىدى. ئۇلار بارا ـ بارا مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتى ۋە بىر ـ بىرىنى قېرىنداش دەپ ئاتاشتى. ئىسلام دىنىدا ئۇلار «سۇلۇك» (دىنىي گۇرۇھ) دەپ ئاتالدى. بىرىنچى سۇلۇك قادىرىيە سۇلۇكى بولۇپ، ئۇنى مەشھۇر مۇسۇلمان ئەۋلىياسى، باغدادلىق سەئىد ئابدۇل قادىر جىلانى (1077 ــ 1166) بەرپا قىلغان. بۇ ئىنتايىن كەڭ قورساق تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ناھايىتى نۇرغۇن مۇرىتلىرى بار. يەنە بىر سۇلۇك نەقشىبەندىيە سۇلۇكى بولۇپ، ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى باھاۋۇدۇن بۇخارى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى بىر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مۇشۇ ۋاقىتتىن سەل كېيىنرەككە (1317 ــ 1387) توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر سۇلۇكنى ئەھمەد رىفائى (1175 ـ يىلى) بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ سۇلۇكنىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ ئاجايىپ ھۈنەرلىرى بار ئىدى. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان چوغنى ۋە تىرىك يىلاننى يۇتۇۋېتەتتى ياكى يىڭنە بىلەن بەدىنلىرىنىڭ مەلۇم جايلىرىنى تېشەتتى. يەنە بىر دەرۋىشلەر سۇلۇكى داڭلىق تەسەۋۋۇپ شائىرى داموللا جالالىددىن رۇمىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۇلۇك كېيىنكى ئەسىردە دەۋران سۈرگەن.

**ئاخىرقى دەۋردىكى يازغۇچى ــ ئىبن سىنا (979 ــ 1037)**

ئەمدى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى زاتلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇلاردىن ئەڭ ئۇلۇغى ئەبۇ ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن، يەنە بىر ئىسمى ئىبن

سىنادۇر. ئۇ بۇخارا ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى خەلىپىلىكنىڭ شەرقىدە ئۆتكەن. ئىبن سىنا بالدۇر يېتىشكەن ئالىم بولۇپ، ناھايىتى بۇرۇنلا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دۇنياغا مەلۇم بولغان بىرقانچە پەنلەرنى ئىگىلەش سۈرئىتى ھەيران قالارلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، سەنئەت ۋە تىلشۇناسلىققا ئوخشاش ھەممە پەنلەرگە دېگۇدەك ئالاقىدار ئىدى. تەتقىقات ساھەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىبن سىنا گويا قامۇسچى ئالىم ئىدى. بىرقانچە يۈز يىللارغىچە ئۇ ياۋروپا ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى تىبابەتچىلىك ۋە پەلسەپە ساھەسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسىرى «تىبابەتچىلىك قانۇنىيىتى» تاكى 16 ـ ئەسىرگىچە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان.

**ئەل بىرۇنى (973 ـــ 1048)** مەھمۇد غەزنەۋى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇدنىڭ ئوردىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زات بىرۇنى، يەنى ئەبۇل رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنىدۇر. ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ تالانتلىق ئالىم ۋە ماتېماتىكچى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى مۇلاھىزە قىلغان، يەر شارىنىڭ مېرىدىيانى ۋە پاراللېلىنى توغرا ئۆلچەپ چىققان. تەبىئىي پەنلەر ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەبىئىي ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ ھىندىستاندا ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن، ھىندى دەريا ۋادىسى دەسلەپتە دېڭىز ئويمانلىقى بولۇپ، لاتقىلارنىڭ يىغىلىشى ۋە دېڭىز قانىلىنىڭ ئۆزلىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە سانسكرىت يېزىقى ۋە ھىندىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش

ئىستىكىنىڭ چېكى يوق ئىدى.

**ئۆمەر ھەييام (1040 ــ 1124)** كىشىلەر ئادەتتە ئۆمەر ھەييام مەلىكشاھنىڭ داڭلىق ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى ۋە ئۇنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ھامىيلىق قىلىشىغا ئېرىشكەن كىشى ئىدى، دەپ قارىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۆمەر ھەييام كىشىلەر تەرىپىدىن بىلگىلى بولىماسلىق نەزەرىيەسى تەرەپدارى ۋە پاراغەتچى، دەپ ھۆكۈم قىلىنىدى. بۇنداق قاراشنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئېدۋارد فىتزگېرالدنىڭ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ نۇسخىسىغا ئانچە سادىق بولمىغان تەرجىمىسى بولدى. لېكىن، ئۇ ياشىغان ئاشۇ دەۋردە، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن داڭلىق ئاسترونوم ۋە بۈيۈك ماتېماتىكچى دەپ ھۆرمەتلەنگەنىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى شەمسىيە يىلنامىسى (ئەل ـ تارىخ ئەل ـ فەلالى)نى ھېسابلاپ چىققان بولۇپ، بۇ يىلنامە بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان يىلنامىدىنمۇ توغرا، دەپ قارىلىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى، تەرجىمە نۇسخىسى بولسۇن، ھەممىسى ئاممىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. چۈنكى، بۇ شېئىرلار پىكىرلىك بىر كىشىنىڭ سىرلىق تۇرمۇشتىن باتۇرلارچە قول ئۈزۈشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ گۈزەللىك تۈيغۇسىنى قوغلاشقان، كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا قارىغان ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەنىلىك قىلىشقا تىرىشقان.

**نەسرۇددىن تۇسى (1201 ــ 1274)** ھىلاكۇخان باغداد ۋە باغدادتىكى تەتقىقات يۇرتلىرى بىلەن رەسەتخانىلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، 1259 ـ يىلى ئىراننىڭ تەبرىز ئەتراپىغا جايلاشقان ئۈرمىيە كۆلى بويىغا مەرەغە دەپ ئاتىلىدىغان بىر رەسەتخانا سالدۇردى. 1274 ـ يىلى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى بىر ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئالىمى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داڭلىق نەسىرۇددىن تۇسى بۇ رەسەتخانىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى. ئۇ مەشھۇر جەدۋەل — يۇلتۇزلار جەدۋىلىنى دەل مۇشۇ رەسەتخانىدا تۈزۈپ چىققانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىلاكۇخان بۇ يەردە رەسەتخانىدىن باشقا يەنە بىر زور كۇتۇپخانىمۇ قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا موڭغۇللارنىڭ ئىراق، سۈرىيە ۋە پېرسىيەدىن بۇلاپ كەلگەن 400 مىڭ پارچە كىتابىنى قويغانىكەن. بۇ كۇتۇپخانىنى شىئە مەزھىپىدىن بولغان مەشھۇر ئىسلامىيەتشۇناس ۋە ئالىم نەسىرۇددىن تۇسى ھىلاكۇخاننى قايىل قىلىپ سالدۇرغانىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىسلام دۇنياسى رەھمەت ئوقۇشى كېرەك.

**جۇغراپىيە ئالىملىرى** بۇ دەۋردە ئۈچ مۇسۇلمان جۇغراپىيە ئالىمى مەيدانغا كەلدى، ئۇلار: ئىستەقرى (950 ـ يىلى)، ئىبنى ھەۋقەل ۋە مەقدىسىدىن ئىبارەت. ئىستەقرىنىڭ بىر جۇغراپىيە ئەسىرىدە، ئۇ تەتقىق قىلغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەڭلىك خەرىتىسى بار. بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمى مەزمۇنى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئالاقىدار بولۇپ، دۇنيادا ئىنسانىيەت جۇغراپىيەسىگە ئائىت تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب قايتا ـ قايتا تۈزىتىلگەن. ئىبنى ھەۋقەل (943 — 977) كېيىنرەك ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئىسپانىيەنى ساياھەت قىلغاندا، ئىستەقرى ئۇنىڭدىن ماتېرىيال يىغىشقا ياردەم بېرىشنى ۋە كىتابتىكى خەرىتە، جەدۋەللەرنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ بېرىشنى سورىغان. تېخىمۇ كېيىنرەك، ئىبنى ھەۋقەل پۈتۈن كىتابنى قايتا يېزىپ چىققان ۋە ئۆزىنىڭ نامىدا نەشر قىلدۇرغان. مەقدىسى (يەنە بىر ئىسمى مۇقەددەسى بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) ماتېرىيال يىغىش ئۈچۈن 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ قىسىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ئارىلاپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن. بۇ كىتاب ئىبنى ھەۋقەلنىڭ ئەسىرىگە

قارىغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋە كۆپىلىگەن يېڭى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى تېخىمۇ ئادەمگەرچىلىك ھېسسىياتىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنى كىشىلەر تېخىمۇ قىزىقىپ كۆرگەن.

**ياقۇت** (1179 ــ 1229) بارلىق ئالىملار ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى يەنىلا ياقۇت ئىبنى ئابدۇللا ھەمەۋرى بولۇپ، ئۇ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ ئىككى داڭلىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭ بىرسى جۇغراپىيە لۇغىتى؛ يەنە بىرسى، ئەدەبىيات لۇغىتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ جۇغراپىيە لۇغىتى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى قامۇس شەكلىدە بولۇپ، ئۇ تارىخ، ئىرق تەزكىرىسى ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەر ئەزەلدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ باقمىغانلىقتىن، غەرب دۆلەتلىرى پايدىلىنالمىغان. نەتىجىدە، بىز ئاساسەن غەربنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بىلىمگە ئىگە بولۇپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر، بۇ تەتقىقات ۋە دەسلەپكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى توغرىسىدا خەۋەرسىز قالدۇق.

**ئەرەب شېئىرىيىتى** ئابباسىيلار دەۋرىدە ئەرەب شېئىرىيىتىدە مىسلىسىز گۈللىنىش بارلىققا كەلدى، شېئىرنىڭ شەكىل ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتە بىر يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن شېئىرلار يېڭى شېئىر دەپ ئاتالدى. بۇ شېئىرلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ شېئىرلىرى ئاساسىدا قەدەممۇقەدەم مۇكەممەللىشىپ شەكىللەنگەن. گەرچە ئىلىم ئەھلىلىرى يەنىلا كونا شېئىر ۋەزنىگە يېپىشقان ھەمدە مۇتەنەببى ۋە مەئەررىغا ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى شائىرلارنىڭ ئۆسلۇبىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، يېڭى شائىرلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭى شېئىرىي غايىگە بېرىلىپ كەتتى. ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق ئىدى: ئەگەر كونا شېئىرلار تەربىيە كۆرمىگەنلەرنىڭ تەبئىي مۇنازىرىلىشىش كۆچىگە، ئاددىي ھېسسىياتقا ۋە كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان تەبئىي گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا يېڭى شېئىرلار ئۇزاق زامانلار كۆپ تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ئورۇدا نەزمچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئاقسۆڭەك ياكى باي تەبىقىلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق شەكلى مەدھىيە، يەنى مۇھەببەت شېئىرلىرىدۇر. بۇنداق شېئىرلار چىن ھېسسىياتتىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شائىرلار كۆپىنچە چىرايلىق، بىمەنە سۆزلەرنى تاللاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ مەدھىيەلەيدىغىنى يۇرەك قېتىدىن چىققان ھېسسىيات ياكى ئۇلار چىن قەلبىدىن قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى ماختاش بولغان بولسا، يېڭى شائىرلارنىڭ مەدھىيەلەيدىغىنى ئاشۇ ئالىيجانابلار ياكى ئۆزلىرىگە ھىممەت ـ شەپقەت قىلغان كىشىلەر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى كىشىلەر مۇتەنەببىنىڭ شېئىرلىرىدا دائىم ئۇچرىتقىنىدەك، شائىرلار مۇبالىغە سۆزلىرىنى ھېسابسىز ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى. ناۋادا يېڭى شېئىرلارنىڭ يېڭى سۈپەتلىرىنى پارسلار ياكى ئەرەبلىشىپ كەتكەن پارسلار ئېلىپ كەلگەن دېيىلسە، ئۇ توغرا بولمىغان بولىدۇ. ئەمما، تۆۋەندىكى پاكىتنى، يەنى يۇقىرى دەرىجىدە پارسلاشقان ئابباسىيلار مەدەنىيىتىدە، بۇنداق سۈپەتلىك ناھايىتى تېز لا بىر خىل مودا بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ياكى ھەممىسى دېگۇدەك مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. پارسچە سۈپەتكە كېلىدىغان بولساق، ئەكسىچە ئۇقتىدىن قارىغاندا پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن، باشقىچە قىلىپ

ئىپتىقاندا، پارسلارنىڭ ئەرەب يېڭى شېئىرلىرىغا قوشقان تۆھپىسى «بىر خىل گۈزەل تەسەۋۋۇر، چوڭقۇر ۋە يېقىملىق ھېسسىيات ۋە مول تەپەككۇر بولىقى» بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

**پەش چوڭ شائىر** تارىخچىلار بەش چوڭ شائىرنى يېڭى شېئىرلارنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلايدۇ، ئۇلار: مۇتئىب ئىياس، ئەبۇ نۇۋاس، ئەبۇل ئەئىتاھىيە، ئەبۇل مۇتەنەببى ۋە ئەبۇل ئەللا مەئەررىلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى كىشى باغداد مەكتەپلىرىگە تەۋە، ئەڭ ئاخىرقى ئىككىسى موسۇل بىلەن ھەلەبتىكى ھەمەدانىلىقلاردۇر. مۇتئىب ئىياس تۇرمۇشتىكى شاللاقلىقى، ئىمانسىزلار① بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغانلىقى ۋە ئەركىن پىكىرلىكلىكى بىلەن مەشھۇر، ئەمما ئۇنىڭ مۇھەببەت شېئىرلىرى بىلەن بەزمە شېئىرلىرى يېنىك ۋە سىپايىلىكى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان. ھەسەن نوۋاس (تەخمىنەن 810 - يىلى ۋاپات بولغان) «مىڭ بىر كېچە» ۋە «كىتابۇل ئاغانى»دىكى نۇرغۇن ھېكايىلەردە بىر ھەزىلكەش قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنتايىن داڭلىق بىر شائىردۇر، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ھەقىقەتەن خېلىلا شاللاق، مەيخور بولغان ھەمدە پات - پات خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ تۇرغان، لېكىن ئۇ زور ئىجتىھات ۋە چىن ھېسسىياتى بىلەن ئىجادىيەتكە بېرىلگەن. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىجاد قىلغان ئەخلاق ئۆلچىمى شېئىرلىرى ۋە دىنىي شېئىرلىرىدىمۇ بۇنداق سەمىمىي ھېسسىياتنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەبۇل ئەئىتاھىيە (748 — 828) باشقا خىلدىكى كىشىلەردىن بولۇپ، خۇلق ۋە ژانىر جەھەتتىن ئانچە چاكىنا ئەمەس. ئۇ مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، جىمغۇر بولۇپ قالغان، تۇۋا - ئىستىغپار شېئىرلىرى بىلەن

① بۇ يەردە غەيرىي دىندىكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ

www.uyghurkitap.com

ئەخلاق ئۆلچىمى شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئەمما، ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇتالىئەلىرى ئەنئەنىچىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن بىردەك ئەمەس ئىدى. ئۇ «بىردىنبىر ئاللاھنىڭ يوقلۇقتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى ئېلېمېنتتىن ياراتقانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى قارىمۇقارشى ئېلېمېنتتىن زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقى»غا ئىشىنەتتى ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «مەۋجۇداتلار ھالاك بولغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ مۇشۇ ئىككى ئېلېمېنتقا قايتىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلار ئارىسىدا ئىناۋىتى بولماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا كىشىلەر ئۆز سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش، يەشمە مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە ئۇسۇللىرى ئارقىلىقمۇ بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بىلىمگە چوقۇم ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق ئېرىشىش ناتايىن دېيىدىغان ئېتىقادنىڭ بولغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەيۈسلۈك ۋە رېئاللىقتىن بىزار بولغان روھىي چۈشكۈنلۈك خېلى ئېغىر.

**مۇتەنەببى (915 ــ 965)، مەئەررى (973 ــ 1057)** تەيىب ئەھمەد ھۇسەيىن مۇتەنەببى ئۆزىنىڭ بۇرۇن بەدەۋىلەر بىلەن قىلغان ئالاقىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەكلا سەممىي يېزىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى ئۇنى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن «پەيغەمبەرلىك دەۋاگىرى» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولغان. ئەمەلىيەتتە، دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەلۋىلەرچە تەلەپلىرى تۈپەيلىدىن ھىمىسىنىڭ باش ۋالىيسى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، كېيىن يەنە قويۇپ بېرىلگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ ھەلەب ۋە مۇسۇل شاھزادىسى سەيفۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىدا (خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك) ــ بۇ كەڭ قورساق پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق

ۋەزىرى سوپىتىدە ــ توققۇز يىل (948 ــ 957) ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. مۇتەنەببى بۇ مېھرىبان ھامىيسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ پادىشاھقا ئاتاپ يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرى ھېسسىياتى سەمىمىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مۇتەنەببى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرلىرىدىن بىرسى دەپ قەدىرلىنىدۇ، نۇرغۇن تەنقىدچىلەر شائىر ئالامەئەررى ۋە ئۇلۇغ تەرجىمىھالچى ئىبنى ھەللىكانغا ئوخشاش كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ گۈل تاجى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئەللامەئەررى تىپىك بىلىملىك كىشى بولۇپ، ئۇ ھەم شائىر، ھەم پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ ياۋا چېچەك چىقىش سەۋەبى بىلەن بۇرۇنلا كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇغما ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەچكە، بۇ ئۇنىڭ فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تولدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ سەييارە تەتقىقاتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۇرىيەدىكى يۇرتى مەئەررەدە ئولتۇراقلىشىپ، كىشىلەرگە ئەرەب شېئىرلىرى، قەدىمشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىقتىن دەرس بەرگەن ھەمدە ئۇ يەردە 15 يىل تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن. كېيىن ئۇ ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ ئەدەبىيات مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىنى زىيارەت قىلىش كويىغا چۈشكەن. ئۇ باغدادتا شائىر شەرىف رازىنى ئۆزىگە ھامىي قىلغان، بۇ كىشى بىر تەتقىقات يۇرتى قۇرغان بولۇپ، بۇ تەتقىقات يۇرتى بارا ــ بارا ئۇنىڭ نامى بىلەن جاھانغا تونۇلغان. مەئەررى تۈرلۈك ھەۋەستىكى كىشىلەر ۋە جاي ــ جايلاردىن باغدادقا كەلگەن ئالىملار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار، يەھۇدىيلار، زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى، بۇددىستلار، سوپى مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى، ئەۋلىيالار ۋە دىنسىزلار بىلەن كۆرۈشكەن، بۇلار ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. ئەمما، ئۇ ئاخىر پايتەخت

تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاددىي، تىنچ زاھىتلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. مەئەررى ئاللاھغا ئېتىقاد قىلاتتى، بىراق، بۇنداق ئېتىقاد ئۇنىڭ ئىشەنچ كۆزقاراشلىرى تەرىپىدىن ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن، چۈنكى ئۇ مەۋجۇداتلارنىڭ تەقدىرىگە تەڭ بېرىدىغانلىقى ۋە تەقدىر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆلۈم مەۋجۇداتلارنىڭ بىردىنبىر ئاقىۋىتى، شۇڭا بۇ ئاقىل زات ئەنە شۇ ئاخىرقى ماكانغا قاراپ مېڭىشنى تېزلەتتى. بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۇ ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دەۋردە ئىنتايىن ئىلغار ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ ئىناۋىتى شەرققە قارىغاندا غەربتە تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاتېئىزمچى ئەمەس ئىدى، ئەمما ۋەھىيگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئىسلام دىنى ئىنسان قەلبىنىڭ مەھسۇلى، باشقا دىنلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، دەپ قارايتتى. ئۇلۇغ شائىر بولغان مەئەررى ئاساسىي جەھەتتىن شۈبھىچىلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆزقارىشىدىكى كىشى ئىدى.

**نەسرىي ئەسەرلەر يازغۇچىسى ــ ھەمەدانى** بۇ يەردە مۇشۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەر يازغۇچىلىرى ئۈستىدە ئاز ـ تولا توختىلىپ ئۆتسەك بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى كېيىنرەك بولغان، ئۇ دەسلەپتە شېئىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ شۇنداق بولدى، ئەڭ بۇرۇنقى نەسرىي ئەسەرلەر قويۇق دىنىي تۈس ئالغان قاپىيەداش ئەسەرلەر ئىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەلىپە ياكى ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ۋە كەسىپىي ۋەزخانلار ئاممىغا ۋەزخانلىق قىلىشتا نەسرىي ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تۇنجى ئەسىرىنى بەدىئەل ـ زامان ھەمەدانى (تەخمىنەن 1007 ـ يىلى) يازغان، چۈنكى ئۇنىڭ تالانتى يۇقىرى بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «بەدىئەل ـ زامان» دەپ ئاتالغان.

ھەممەداني سەرگەردان بولۇپ، جاھان كېزىپ يۈرۈپ، ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ جان باققان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى — «ھاماقەت» رومانتىك ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قابىلىيەتلىك سەرگەردان ئىدى. ئۇ شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈپ تەجرىبە توپلايدۇ، ئورنىدا تۇرۇپلا شېئىر يازالايدۇ، تۈرلۈك ئاجايىباتلارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، كىتابتا يەنە بىر شەخس — «راۋى» (مەدداھ) مۇ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەممىنى كۆزىتىدۇ، ھەممىگە باھا بېرىدۇ. بۇنداق ژانىرلار تەدرىجىي تارقىلىپ، بۇنى دورايدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇنداق ھېكايە ژانىرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەردە شېئىرلارمۇ بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك سورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىشۋېرىدۇ.

**ھەرىرى (1054 — 1122)** ئەنئەنىۋى نەسرىي ئەسەرلىرى جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ نامىنى چىقارغان يازغۇچىنىڭ بىرسى بەسىرلىك ئەبۇ مۇھەممەد قاسىم ھەرىرىدۇر. ئۇنىڭ «ماقامەت»نى كىشىلەر بەكمۇ قەدىرلەيتتى ۋە ئۇنى ئەرەب ئەقىل-پاراستىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەردە ئەڭ ياخشى ئەكس ئېتىشى، دەپ تەرىپلىشەتتى. ھەرىرى ئىستېفاغا چىققان پېرسىيە سىياسىيونى ئانۇشىرۋان ئىبنى خالىدنىڭ قايىل قىلىشى ئارقىسىدا «ماقامەت»نى يېزىپ چىققان، ئۇ: مېنىڭ ئەسىرىم يالغۇز ھېكايىلا ئەمەس، بەلكى غايەت زور ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە ئەسەر، دەيدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ھېكايە قاتارىدا كۆرۈپ بەھرە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرمۇ قاپىيەداش نەسرىي ئەسەر شەكلىدە يېزىلغان. كىتابنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن. بەزى تەنقىدچىلەر: بۇنىڭدا ئەخلاق خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت ئەمەس، باش قەھرىمان ئەبۇ زەئىد «يېقىملىق» قېرى مۇتتەھەم: ئۇ تالانتلىق، ئەمما ھىيلىگەر، ئەقىللىك، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەخسىيەتچى، سەمىمىيلىكتە ساختىلىقنى نومۇس دېمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ھەربىرى قېرى ئەبۇ زەئىدنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەنىكەن، بۇ كىتابتا ئەخلاقسىزلىق خاھىشى يوق دېگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئوقۇرمەنلەر ئادەتتە ئۇنداق زىغىرلاپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئەبۇ زەئىدنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، لاتاپەتلىك سۆزلىرى، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان كۆزىتىشلىرى ۋە مەيۈس ناخشىلىرى، ھەتتا پەسكەش ھەزىللىرى ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى دېگۈدەك كەچۈرۈۋېتىدۇ. راۋان، تەسىرلىك ۋە كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان يۈكسەك ئىپادىلەش ماھارىتى «ماقامەت»نى ئەرەب نەسرىي ئەسەرلىرى ئىچىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق ئەسەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قىلغان. بىز ئېھتىمال ساپ چۈشىنىشلىك نەسرىي ئەسەرلەرگە تېخىمۇ ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئىنچام، تۈز يېزىلغان ئەسەرلەرنى ياقتۇرۇپ، ھەربىرىنىڭ سۆزلىرىدىكى مۇبالىغە ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى بىلىمگە قارىتا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇنىڭ «ماقامەت»ىگە باشتىن ـ ئاخىر يۇقىرى ئورۇن بېرىپ كەلدى. ھازىرمۇ ئۇنى يەنىلا نادىر ئەسەر دەپ ھېسابلىشىدۇ.

**«مىڭ بىر كېچە»** ناۋادا دۇنيا تارىخىدىكى داڭلىق ئەسەر «مىڭ بىر كېچە» ئۈستىدە توختالمىساق، كېيىنكى ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىياتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بولغان قىسقا باھايىمىزنى ئاخىرلاشتۇرالمايمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسەردىكى كۆپ قىسىم ھېكايىلەر ئەسلىدىنلا بار ھېكايىلەر ئەمەس. ئۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر تېخىمۇ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن «مىڭ ھېكايە» ئاساسىدا ئۆزگىرىپ

يېزىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشى قىيىن ئەمەس، ئەسلىدىكى نۇسخىسىنى جەھشىيارى پارس يېزىقىدا تۈزگەن (942 ـ يىلى). «مىڭ بىر كېچە»دە ھىندىستان، پېرسىيە، ئىراق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. كىتاب قىلىش جەريانىدا، يۇنانلىقلار، مىسىرلىقلار ۋە ھېبىرېيلارنىڭ ھېكايە ۋە خەلق رىۋايەتلىرى تولۇقلاپ كىرگۈزۈلگەن. دەرۋەقە، چۆچەكلەر، فانتازىيەلىك ھېكايىلەر، سېھىرگەرلىك ۋە رومانتىك ھېكايىلەرمۇ خالىغانچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى شەكىلگە كىرگەن ۋاقتى ئىسلامىيەتنىڭ پارلاق دەۋرى — ھارۇن رەشىدنىڭ دەۋرى بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى بېكىتىلگەن دەۋرى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى نۇسخىسى راۋان ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ پۈتۈن ئابباسىيلار دەۋرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېرىپ كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭغا رومانتىك تۈس بەرگەن. بۇ كىتابنىڭ نۇرغۇن ياخشى تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. ئۇنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئېنىق، مەيلى بىۋاسىتە تەقلىد قىلىشتا بولسۇن ياكى شەكىل ۋە تېما جەھەتتىن ئوخشىتىشتا بولسۇن، ھەتتا چىن ھېكايىلەرنى توپلاش جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلار بۇ ئەسەردىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان. كىشىلەرنىڭ قانداق باھالىشىدىن قەتئىينەزەر، «مىڭ بىر كېچە» يەنىلا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئەسەر، ئۇ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە. ھېكايە سۆزلەشتىكى ماھارەت جەھەتتە ئۇ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن. بۇ پەللىگە باشقا ئەسەرلەرمۇ يېتەلىشى مۇمكىن، لېكىن ئېشىپ كېتەلەيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. بىر سەنئەت ئەسىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا، يازغۇچىنىڭ تاللىغان ۋەقەلىكى سۈرۈشتە قىلىنسا ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. چۈنكى، ۋەقەلىك يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ جەۋھىرى، بۇ جەرياندا يازغۇچى پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللارنى ئۆزگەرتىپ ۋە تاۋلاپ، ئۇنى مەلۇم جانلىق، مەڭگۈلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» يازغۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەيلى ساددا ئوقۇرمەنلەر ياكى چوڭقۇر بىلىملىك ئوقۇرمەنلەر بولسۇن، ئەگەر بۇ ئەسەرنىڭ مۇكەممەل تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇسا، ئۈزۈم شەربىتىنىڭ خۇش پۇراق تەمىنى تېتىپ، مىسلىسىز ھۇزۇر ئالىدۇ.

**سودا ــ سېتىق** ئالدىنقى بابتا ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق سودا پائالىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ شۋېتسىيەدىن، ھەتتا غەربىي شىمالىي ياۋروپادىكى فىنلاندىيەدىن يىراق شەرقتىكى جۇڭگوغىچە بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇنداق سودا پائالىيەتلىرى 9 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بەزى جايلاردا كۆپ ئازىيىپ كەتتى، جۇڭگودا 878 ــ يىلى قوزغىلاڭچىلار باشلىقى خۇاڭ چاۋنىڭ قوشۇنلىرى گۇاڭجۇنى بۇلاپ، زور تۈركۈمدىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى ئۆلتۈردى ــــ ئۇلارنىڭ بۇ زور سودا پورتىدا كىچىك بىر پارچە مۇستەملىكىسى بار ئىدى. سىرافلىق ئەبۇ زەئىد ئۆزىنىڭ «سىندىلىق ئەكبەر» دېگەن كىتابىدا بۇ زەربە بەرگۈچىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇلار دۆلەتكە كەلگەن چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەرەب سودا كېمىلىرىنىڭ غوجايىنى ياكى كاپىتانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش، قانۇنسىز مۇئامىلە قىلىش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بەردى» دەپ يازىدۇ. بۇ جەرياندا خەلپىلىك ئىچىدە 70 ــ يىللىرى زەڭگىلەر قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار ئۇبۇللا ۋە بەسرە پورتلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، پارس قولتۇقىدىن باغدادقا بارىدىغان سۇ يولىنى بىرمەھەل ئۈزۈپ قويىدى. 871 ــ يىلى سىندى مەركەزدىن ئاجراپ چىقىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن 899 ــ يىلىدىن ئېتىبارەن قەرمەتىيلەر شەرقىي ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالدى. ئاخىرىدا 977 ــ يىلىدىكى

يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن سىراف قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ بالايىئاپەتلەر ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ پارس قولتۇقى ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن قىلىشىدىغان دېڭىز سودىسىنى بىر اقلا دېگۈدەك بەربات قىلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا پېرسىيە ئەرەبلىرى مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى كالاھقا توپلىنىشقا باشلىدى، كالاھ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ئارال دۆلىتى سىرۋىجايە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇب ۋە غەربتىكى ئەرەبلەر قىزىل دېڭىزدىكى سودا كېمىلىرى بىلەن داۋاملىق يىراق شەرققە قاتناپ تۇردى. ئەدەن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پورتى بولۇپ، «جۇڭگوغا ئۆتىدىغان قوۋۇق» دېگەن نامغا ئىگە ئىدى. خەلىپىلىكنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تۇپەيلىدىن، مىسىر ئىراقنىڭ تاشقى سودا، ھەتتا بايلىقنىڭ مەركىزى بولۇشتەك ئورنىنى بېسىشقا باشلىدى. مەقدىسى تەخمىنەن 986 ـ يىلى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شۇنى چۈشەندىكى، باغداد بۇرۇن ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە تېز سۇرئەتتە زاۋالغا يۈزلەنمەكتە ۋە ئاجىزلاپ بارماقتا، ئۆزىنىڭ بارلىق شانۇشۆھرىتىنى يوقاتماقتا... بۈگۈنكى كۈندە مىسىردىكى فوستات بۇرۇنقى باغدادقا ئوخشاپ قالدى. بىزگە مەلۇم بولۇشچە، ئىسلام دۇنياسىدا ھېچقانداق بىر شەھەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ.» جىددە پورتى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاندىن يېڭىدىن روناق تاپقان پورتقا ئايلانغان. چۈنكى، يۈك كارۋانلىرى ئارقىلىق سۇۋەيش قانىلى بوغۇزىدىن ئۆتۈپ توشۇپ كېلىنگەن مىسىر ماللىرى قۇلزۇمدىن جىددە پورتىغا بارىدىغان كېمىلەرگە قاچىلىنىپ، ئاندىن ھىندىستان، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئارال ئەللىرى ۋە جۇڭگوغا توشۇلاتتى. شەرقىي ئافرىقا بىلەن قەرەللىك سودا يولىغا قويۇلغانىدى. بەزىدە دېڭىز دولقۇنلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئومماننىڭلار قۇل، پىل چىشى، ئەنبەر ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇش ئۈچۈن، دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ كېمىلەر بىلەن ئەدەنگە باراتتى ۋە سومالىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ نېگىر قۇللار دۆلىتى (زەڭگى)گە باراتتى. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى يىراقتىكى موزامبېك، ھەتتا ئەرەبلەر قەنبەلۇ دەپ ئاتايدىغان ماداغاسقارغىچە يەتكەن.

**سانائەت** كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇز ئۇ يەردىكى مەۋجۇت تۈزۈمنى پارچىلىۋەتكەن دەيدىغان بۇنداق قاراشلار تارىختىكى كونا مۇقامدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلىپىلىكنىڭ سىياسىي خەرىتىسىدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر، يېڭى ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، كونا سۇلالىلەرنىڭ گۇمران بولۇشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان تۇراقسىز ۋەزىيەت، قەرمەتىيلەرنىڭ غەلىيانلىرى، كىچىك پادىشاھلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايىغى بېسىقمىغان ئۇرۇشلار — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاباسىيلار زېمىنىدىكى مەشھۇر قول سانائەتنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمما، نۇرغۇن سانائەتلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، خېلى بىر قىسىم سائەت بۇۋەيھىدىيلەر خانلىقى بىلەن بۈيۈك سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ زېمىنىدا قايتىدىن گۈللەندى. گەرچە بىر مەزگىل باغداد ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇرىدىغان مال ـ دۇنيا كۆپلەپ ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، قەغەز، ئەينەك قاچا ـ قۇچىلار، كىگىز، يىپەك، زىلچا، ساۋۇت، دۇبۇلغا ۋە قاچا ـ قومۇچلار يەنىلا داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىلاتتى ۋە ئېكسپورت قىلىناتتى.

## ئالتىنچى باب

# مۇسۇلمانلار ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدا

**ئىسپانىيەنى ئىستىلا قىلىش** ئەمدى ئازراق ئارقىمىزغا قايتىپ ئىسپانىيە ھەققىدىكى ھېكايىمىزگە كېلىمىز. ئۈچىنچى بابتا ۋەلىد خەلىپە بولغان مەزگىلدە، دەسلەپتە تارىق، كېيىن ئىبنى نۇسەيرنىڭ مىلادىيە 712 ـ يىلى ئىسپانىيەنى قانداق ئىستىلا قىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەرەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەربەرلەرنىڭ فىرانسىيەگە قانداق بېسىپ كىرىپ، جەنۇبىي رايونلارنى بويسۇندۇرغانلىقى، ئارقىدىنلا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تا 732 ـ يىلى تۇر ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەرەبلەر مەغلۇپ بولدى، لېكىن ئۇلار تاكى يېڭىلىشىگە كۆزى يەتكەنگە قەدەر فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا ۋە شەرقىي جەنۇبىدا يەنە 20 يىلدىن ئارتۇقراق جەڭ قىلدى. كېيىن ئۇلار پىرېنېي تاغ تىزمىسىنى توسۇق قىلدى.

**ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار** ئىسپانىيە گەرچە ئەرەب ئەزىمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەربەرلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇل ئەزىز خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ھەر خىل، ھەر ياڭزا باش ۋالىيلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىرەرسىمۇ دۆلەتنى مۇۋاپىق ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۇزاقراق ھوقۇق تۇتۇپ

تۇرالمىدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇ بولدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى چوڭ دۈشمىنى — قەبىلىلەر ئۇرۇشى ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان دۈشمەنلىشىش ۋە رىقابەتلەرنى يەنە ئۇلغايتىۋەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دەمەشقتىن يىراقلاپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى قابىلىيەتسىز ئىدى، مانا بۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتاتتى. نەتىجىدە، تۇر ئۇرۇشىدىن تەخمىنەن 40 يىل كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بەزىدە پىرىنېي تاغ تىزمىسىنىڭ بۇ قېتىدا، بەزىدە ئۇ قېتىدا، ھەممىشە كىشىنى تەڭلىككە سالىدىغان، باتۇر فرانكلارغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاشتى.

**قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق** ئەرەبىستاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كونا جېدەل ـ ماجىرالىرى، يەنى مودارىيە مەزھىپى بىلەن ھىمىيەرىيە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقلار ئىسپانىيە زېمىنىدا يەنە پەيدا بولدى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بەربەرلەر خاۋارىجلار مەزھىپىنىڭ رادىكال ئىدىيەلىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، سۈننىي، شىئە مەزھەپلىرىگە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. ۋەزىيەت بىر مەزگىل قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىدى. بەربەرلەرنىڭ ئافرىقىدا — مەغرىبتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى بىلەن ئاۋارىچىلىك يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئۇ چاغدا ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھىشام ئىدى، ئۇ سۈرىيەلىكلەر ۋە ئەرەبلەردىن تەشكىل تاپقان بىر قوشۇننى بەربەرلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. بەربەرلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن سۈرىيەلىكلەر ئىسپانىيەگە كەلدى، بۇمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارغا قوشۇلغان يېڭى بىر ئامىل بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى بالج ئىبنى بىشىر

ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، (گەرچە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرمىگەن بولسىمۇ) كوردوۋانى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. يېڭى باش ۋالىيلار بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى كېلىپ تۇردى، تەخمىنەن 23 يىل ئىچىدە خەلىپىلەر 23 تەك باش ۋالىي تەيىنلىدى. يول يىراق بولۇپ، بىرقانچە ئايدا ئاندىن ئىسپانىيەگە بارغىلى بولىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە بىر باش ۋالىي خىزمىتىگە ئولتۇرماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر باش ۋالىي ئەۋەتىلەتتى. بۇنداق كۆپ ئالماشتۇرۇش ئاساسەن پايتەختتىكى تالاش ـ تارتىشلار تۈپەيلىدىن بولاتتى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ھالاكەتكە يۈز تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىسپانىيەنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى.

**ئۇمەييەلەر سۇلالىسى (756 ــ 1031)** يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇمەييەلەر جەمەتى يوقىتىلغان ۋاقىتتا، ئەبۇ ـ فۇتروۇس شەھىرىدە بولغان چوڭ قىرغىندىن ئامان قالغان بىردىنبىر شاھزادە ئابدۇلرەھمان ئىدى. ئۇ باتۇر ۋە چەبدەس يىگىت ئىدى. ئۇ باشقىچە ياسىنىپ ئىسپانىيەگە قېچىپ كېلىۋالغان. بۇنداق قىلىش ئەينى ۋاقىتتا زۆرۈر ئىدى، چۈنكى ئەتراپقا ئاباسسىيلارنىڭ مەخپىي پايلاقچىلىرى قويۇلغانىدى، پەلەستىندىن ئىسپانىيەگە بارغۇچە ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماسلىق ئۇچۇن زور شىجائەت ۋە پەم ـ پاراسەت بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بەدىر ئىسىملىك ئۆزىگە سادىق، چېنىققان بىر ھەمراھى بولۇپ، بۇ كىشى ئىلگىرى ئۇنىڭ قۇلى ئىدى. ئابدۇلرەھمان ئاخىر ماراكەشنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى سېۋتا پورتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئانا جەمەتى بولغان بەربەرلەردىن مەدەت تىلىگەن. بۇ چاغدا بەربەرلەر سۈرىيەلىكلەرگە خىزمەت قىلىۋاتقانىدى. سۈرىيەلىكلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ئىسپانىيەگە بارغان ۋە بەزى جايلاردا ھوقۇق ئىگىلىگەنىدى. سۈرىيەلىكلەر ئۇزاق زامانلارغىچە

www.uyghurkitap.com

ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرى ئىدى، ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ باتۇر ئۇمەييەلەر شاھزادىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ئابدۇلرەھمانغا ئىشلەشكە باشلىدى ۋە يەمەن گورۇھىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلار شاھزادىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ئىسپانىيەگە بېرىشىنى ئۆتۈنۈشتى. تەۋەككۈلچىلىككە ئامراق ئابدۇلرەھمان ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، باتۇرلۇقى، ئەقىل - پاراستى ۋە ئەپچىللىكى ئارقىلىق، ئۇزاقتا بارمايلا ۋەزىيەتنى تىزگىنلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭغا يەنىلا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ باش ۋالىيسى يۇسۇپ فىھرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاخىر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە پايتەخت كوردۇۋانى بېسىۋالدى. 756 - يىلىغا كەلگەندە ئابدۇلرەھمان ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى.

**مەنسۇرنىڭ ئىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى** ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەنسۇر ئالتە يىلدىن كېيىن، 761 - يىلى ئالا ئىبنى مۇغىسنى ئىسپانىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر قوشۇننى ئابدۇلرەھمانىنى بويسۇندۇرۇش، ئۇنى ئىسپانىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەخمەقلەرچە قاراملىق ئىدى، چۈنكى، مۇغىسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئابدۇلرەھمان تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مۇغىسنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ھەمدە مۇغىس ۋە ئۇنىڭ بارلىق داڭلىق ئىشداشلىرىنى بىرنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇلرەھمان ئۆلۈكلەرنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، كامفورا پاراشوكىنى سېپىپ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قارا بايرىقىغا يۆگەپ، مەنسۇرغا ئەۋەتىشكە تەييارلىدى. ئۇ يەنە ئابباسىيلار خەلىپىسىگە سوۋغا سۈپىتىدە مەنسۇرنىڭ مۇغىسقا بەرگەن ماندانى (ۋەزىپىگە

تەيىنلەش گوۋاھنامىسى) نىمۇ مىخلاپ قويدى. ئېيتىشلارچە، بۇ خالتىنى ئوردىدا ئاچقاندا، مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەر ھاڭ ـ تاڭ قالغان. خەلىپە: «خۇداغا شۈكۈر! خۇدايىتائالا مېنى ئاشۇنداق دۈشمەندىن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىۋەتكەنىكەن» دەپ يىغان چەككەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئابباسىيلار ئابدۇلرەھماننى قايتا بىسەرەمجان قىلمىغان.

**ئىمپېراتور چارلىزنىڭ ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى**

ئەمما ئىسپانىيەدە سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. يۇسۇپ فىھرىنىڭ كۈيۈ ئوغلى فىرانسىيە ئىمپېراتورى چارلىزغا شۇنچىلىك خۇشامەتگۈيلۇق قىلدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسپانىيەگە كېلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. چارلىز كېيىنچە ھارۇن رەشىد بىلەن تونۇشقان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بەزى دىپلوماتىك بېرىش ـ كېلىشلەر بولۇپ تۇرغان. لېكىن، بۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرىلا چارلىزنىڭ ئابباسىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە تولۇق ئاساس بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، چارلىز بۇ تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە زور بىر قوشۇننى باشلاپ پىرېنېي تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شىمالدىكى شەھەر ساراگوسساغا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما ئەرەبلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشى ئارقىسىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مۇشۇ ئارىلىقتا چارلىز گېرمانىيەدىكى ئۆزى يېقىندا بويسۇندۇرغان ساكسونىيە ئۆلكىسىدە غەلىيان كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىيەن ئوغلى داڭلىق رولاندنى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا قالدۇرۇپ، بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ پىرېنېي تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كېلىدۇ. رولاندنىڭ يېنىدىكى قوشۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز ئازلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىنى بايقىغان يەرلىك تاغلىقلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. فىرانكلارغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان ئەرەبلەرمۇ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىدۇ. رولاند لەشكەرلىرىنى باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ رۇنسىۋال جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولىدۇ. بۇ ئىش فىرانسىيەنىڭ «رولاندقا مەدھىيە» دېگەن مەشھۇر شېئىرىدا مەدھىيەلىنىدۇ. لېكىن، ئاببااسىيلارنىڭ فىرانكلار بىلەن سۈيىقەستلىك تىل بىرىكتۈرۈشى ئابدۇلرەھماننىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قورقۇنچلۇق فىرانك پادىشاھى چارلىزنى يېڭىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە مۇسۇلمانلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمىدى.

ئەمىر ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئابدۇلرەھمان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا، ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ «ئەمىر» نامىنى قوللاندى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ شەھەرلەرنى رەتكە سالدى، قانال قازدۇردى، ئاز ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكتۈردى. دېھقانچىلىقنى ياخشىلىدى ۋە پايتەختنى گۈزەللەشتۈردى. 786 ـ يىللىرى ئۇ كوردوۋا جامەسىگە ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ جامە ھازىر ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇسۇلمان سەنئىتىنىڭ ئۆچمەس داغلىق ئەسەرلىرىدىن بىرسى سۈپىتىدە ئۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇ مەسچىتنى ئابدۇلرەھماننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلار پۈتكۈزگەن ۋە ئاز ئۇچرايدىغان دەرىجىدە

چىرايلىق بېزىگەن. شەرقنىڭ بۈيۈك شائىرى ئىقبال[1] بۇ قىممەتلىك سەنئەت ئەسىرىنىڭ — ئۆز زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئىلھام بەرگۈچى ئېتىقاد بولغان سەنئەت ئەسىرىنىڭ — گۈزەللىكىنى قىزغىن مەدھىيەلىدى. بۇ مەدھىيە شېئىرى ئۇنىڭ «بەلئى جەبرائىل» (جەبرائىلنىڭ قانىتى)ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

**مورلار[2] مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى** ئابدۇلرەھمان يەنە پىشقان سىياسەتچى ئىدى. ئۇ ئەرەبلەر، سۈرىيەلىكلەر، بەربەرلەر، ئافرىقىلىقلار، گوتلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى. ئۇ مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان بۇ مەقسىتىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، كىشىلەرگە بىرلىك سىزىمى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچ بېرىپ، ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى ئىككى يېرىم ئەسىردە، تىنچ سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئابباسىيلار ئىمپېرىيەسى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ خىرىستىيانلار دۇنياسىنىڭ ئۇستازى بولغان ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇنراق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە خىرىستىيان دۆلەتلىرىنىڭ پادىشاھ، ئېپىسكوپ، ئاقسۆڭەك ۋە بايلىرى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىدىغان بولدى. ئۇ يىللاردا ئەرەب تىلى ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان تىلغا ئايلانغانىدى.

---

① ئىقبال (1873 — 1938) — پاكىستانلىق مەشھۇر شائىر، پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەت ئەربابى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② مورلار — مىلادىيە 8 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە شىمالىي ئافرىقىنىڭ غەربىدىن ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا كىرگەن ۋە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن بەربەرلەر بىلەن ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە قىلىنغان مۇئامىلە** ئىسپانىيەدە بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. ئىتائەتچان پۇقرالار، يەنى غەيرىي مۇسۇلمانلار جان بېجى تاپشۇرسىلا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن كەچۈرۈم قىلىناتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى تامامەن قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش دەپ ھېس قىلىشتى، ئەلۋەتتە يەنە بەزىلەر بۇنى كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قاراشتى. ئاياللار، قېرىلار، ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، نامراتلار ۋە راھىبلار بۇ سېلىقلاردىن خالىي ئىدى. ئەگەر بۇلار يەر تېرىغۇچى ياكى يەر ئىگىسى بولسا يەر بېجى تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى، ئورۇشتا بويسۇندۇرۇۋالغان جايلاردىكى يەرنىڭ بەشتىن بىرى دۆلەتكە تەئەللۇق بولغاندىن سىرت، قالغان قىسمى قوشۇن ئىچىدە تەقسىملىنەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرنىڭ بىر قىسمىنى مۇكاپات سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئەرەبلەر ياكى سۈرىيەلىكلەرگە ئىنئام قىلاتتى، بۇ كىشىلەر يا ئەمىرگە ياردەملىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتقان، يا جەڭگاھتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلار ئىدى. بۇمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان بىر خىل ئادەت ئىدى.

**خرىستىيانلار** ناۋادا بىر قول ئىسلام دىنىغا كىرسە، ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشەتتى. ئەمما، خرىستىيانلار ياكى يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىشىغىمۇ يول قويۇلاتتى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا دەخلى يەتكۈزمىسىلا، مۇسۇلمان پادىشاھلىرى ئۇلارنى ھاقارەتلىمەيتتى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا خرىستىيان پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكىدىن ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىدە خالىغانچە ئىبادەت قىلسا،

مال ـ دۇنيا تاپسا ياكى مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىۋېرەتتى.

ئاشۇ زاماندىكى فېئودال ياۋروپادا يولغا قويۇلغان، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان رەسىم ـ قائىدىدەك ئۇلارنىڭ خىرىستىيان ئاقسۆڭەكلەر ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلارغا قۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك مۈلكىگە ئايلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا، مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى خىرىستىيانلار بەكلا بەختلىك ئىدى، يەھۇدىيلار تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇنداق ئەھۋال تاكى مىللىي ھەرىكەت زامانىسىغىچە داۋاملاشتى. مىللىي ھەرىكەتتىن ئىسپانىيەلىكلەر خاتىرجەمسىزلەندى، نارازى بولدى ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىغا چۆمدى.

**يېڭى مۇسۇلمانلار** شەخسىي مەنپەئەت ياكى دۇرۇس ئېتىقاد نۇرغۇن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەگەر بۇ يېڭى مۇسۇلمانلار يېزىلاردا بولسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادەتلىرى داۋاملىشىۋەردى، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىلا ئۆزگەردى. ئەمما، شەھەرلەردە ئۇلار ئاستا ـ ئاستا بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار «يېڭى مۇسۇلمانلار» ياكى «يېڭىدىن دىنىنى ئۆزگەرتكەنلەر» دەپ ئاتالدى، ئەمما بۇ يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. خىرىستىيان قۇللار ياكى يانچىلار ئىسلام دىنىنى جاننى قۇتقۇزىدىغان ۋاسىتە ۋە بىر خىل ئىجتىمائىي ئەركىنلىك دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئىسلام دىنى ھامان ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىنلا بولۇپ، ئاستىرتىن ئۇلار يەنىلا خىرىستىيان دىنىغا مەخپىي ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشىنىڭ چوڭ يىلتىزى ئىدى، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بۇ كىشىلەر كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. بۇ ئۇممەييەلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېڭى مۇسۇلمانلار بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارسلارنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالىدۇ، ئۇلاردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى مۇشۇ سىياسىي مەسىلىنى پەيدا قىلغۇچى ئورتاق ئامىللارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇلار ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىززەت - ئابرۇيىدىن غەزەپلىنەتتى. مانا بۇ نارازىلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. شۇڭا، پۇرسەت تاپقان ھامان ئۇلار باش كۆتۈرۈپ چىقاتتى؛ مۇستەقىل بولالىسىلا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى قۇرۇۋېلىشاتتى. بۇنداق ئۇرۇنۇش، بولۇپمۇ غەربىي شىمال ئافرىقىدىكى بەربەرلەر دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق ئۇرۇنۇشلىرى توغرىسىدا كېيىن بايان قىلىپ ئۆتىمىز، مۇشۇ بەربەرلەر ئەرەب ھاكىمىيىتىنى ئاخىر ئىچكى قىسىمدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

**ئەل - ھەكەم** (796 — 822) بىر ئابدۇلرەھمان I نىڭ ۋارىسلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىمىزگە كېلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئوغلى ھىشام I ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەردە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك تۇغۇلمىدى، ئۇ تەقۋادار ھەم بىلىملىك كىشى ئىدى، بىراق ئابدۇلرەھماننىڭ نەۋرىسى ھەكەم باشقا خىلدىكى كىشى ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئويۇن - تاماشىنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئوۋغا ھېرىسمەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغانىدى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ ياخشى مۇسۇلمان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشەتتى. ئۇ ئۆزىگە ساپلا تىپكىر ياكى باشقا ئەللەر تەۋەلىكىدىكى كىشىلەردىن بىر تۈركۈم نۆكەر تاللىدى، ئۇ سىرتقا چىققاندا مۇشۇ نۆكەرلەر ئۇنى قوغداپ ماڭاتتى. بۇلار ھەتتا ئەرەب تىلىنىمۇ بىلمەيتتى، باشقىلار ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىنى ئەلۋەتتە خالىمايتتى. بىر كۈنى ئەمىر شەھەردىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر توپىلاڭچى (بەلكىم موللىلار

قۇتراتقان بولسا كىرەك،) مۇھاپىزەتچىلەرگە تاش بىلەن ھۇجۇم قىلغان. كېيىن ئىززىتىنى ساقلىمىغان بۇ ئەمرنى ئىلىپ تاشلاش سۇيىقەستىمۇ يۈز بەرگەن. ھەكەم قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، بۇ سۇيىقەستنى ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئىش تېرىغۇچىلارنى قورشاپ تۇتۇۋالغان. بۇلاردىن 72 كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالغان، كېيىنرەك بەربەرلەردىن بولغان بىر دىنىي باشلىقنىڭ باشلامچىلىقىدا يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. ھەكەم ئوردىغا قامىلىپ قالغان. كېيىن ئەمرنىڭ چەۋەندازلىرى ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ ئوردىغا كېلىپ بۇ ئادەملەرنى تارقىتىۋەتكەن. ھەكەم بۇ قېتىممۇ ئۇلارنى قورقۇنچلۇق تۈردە جازالىغان. نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنغان. نەچچە مىڭ كىشى ئىسپانىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. بىر بۆلەك كىشىلەر ئىسپانىيەدىن ماراكەشكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئالېكساندىرىيەگە كەلگەن، يەنە بىرمۇنچىلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئېگېي دېڭىزىدىكى كىرىت ئارىلىغا كەلگەن ۋە بۇ ئارالنى قايتىدىن بويسۇندۇرغان. ئىسپانىيە مۇساپىرلىرى بۇ ئارالغا 150 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئاندالۇزىيەدىكى بۇ ئالاھىدە مۇساپىرلار 825 ـ يىلدىن 961 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈم سۈردى.

**ئابدۇلرەھمان** II ئابدۇلرەھمان II دادىسى ھەكەمنىڭ تامامەن ئەكسى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ نەسىر ئىسمىلىك ئىقتىدارلىق بىر قۇلى بولۇپ، ئابدۇلرەھمانغا سادىقلىق بىلەن ياخشى خىزمەت قىلغانلىقتىن، كېيىنچە سۇلتاننىڭ قول ئاستىدا ۋەزىر بولغان. ئابدۇلرەھمان سەنئەتنىڭ داڭلىق ھامىيسى ئىدى. ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى نۇرغۇن سەنئەت ئەربابلىرىنى ئوردىغا جەلپ قىلغان. ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ مۇزىكانتى ۋە ناخشىچىسى زىرىيەب مانا

www.uyghurkitap.com

شۇلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ھارۇن رەشىد زامانىسىدىلا ئۇنىڭ نامى چىققانىدى. زىرىيەب مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلىملىرى بىلەن ئوبدان تونۇشلۇق ئىدى، شۇنداقلا شائىر ئىدى. ئۇنىڭ نامى خەلىپىنىڭ باشقا ئارزۇلۇق كىشىلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغاچقا، ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، كېيىنچە باغدادتىن چىقىپ كەتكەن. ئۇ مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ غەربكە كېلىپ قالغان ۋە ئابدۇلرەھمان II نىڭ ئوردىسىدا تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغان. ئابدۇلرەھمان II ئۇنىڭ كوردوۋاغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئاتلىق ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنى ئوردا شائىرى، قوشۇمچە مۇزىكا ئۇستازلىقىغا قويغان. ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر دۆلەت سىرتىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆپلىگەن تالانتلىق كىشىلەر يىغىلغان. ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ قانىتىدا ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان.

**مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە بولغان قارشىلىق** 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارالدى. بۇ چاغدا كوردوۋا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەتىجىلىرى باغدادتىكى ئابباسىيلار مەدەنىيىتى بىلەن تەڭلىشەلەيتتى. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى ئەرەبلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كەڭ ئىسلام زېمىنىدا پەقەت بىر خىللا مەدەنىيەت تارقىلىۋاتاتتى. ياۋروپادا زىيارەتتە بولغان كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دەۋرداشلىرىدىن (فرانسىيە ياكى ئىتالىيەدىكى خرىستىيانلاردىن) كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتى. ئىسپانىيەدىكى يەرلىك خرىستىيانلارنىڭمۇ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى قوبۇل قىلىشتى، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش جەھەتلىرىدىمۇ

ئەرەبلەرنى دورىشاتتى. بۇنداق خاھىش ھەتتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئەرەب تىلىنىلا بىلىدىغان خىرىستىيانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنجىلنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى شۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتتىكى، خىرىستىيان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى بىلەن پوپلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى ھەم ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بەزى پوپلارنىڭ ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پېرفېكتو ئىسىملىك بىرسى ئەسەبىيلىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا ھاقارەت قىلغان، ئىسلام دىنىنى قارغىغانىدى. تەبىئىيكى، بۇ پوپ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، ئۇنىڭ ئۆلمى دىن قۇربانى دەپ ئۇلۇغلاندى. خىرىستىيانلارمۇ ئۇنى پەيغەمبىرىمىز دەپ ئىززەتلىدى. بۇ ھال باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ دورىشىغا ئىلھام بەردى. بۇنداق تەلۋىلەرچە ئۆزىنى ئۇرۇش تەرەققىي قىلىپ ناھايىتى تېزلا بىر خىل ئەسەبىيلىككە ئايلاندى. بىر قىسىم نادان ۋە جاھىللار ھەمىشە يالغاندىن قازىنىڭ ئالدىغا قەسەم بېرىپ دىنغا كىرىمىز دەپ بېرىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىش تامامەن يوللۇق ئىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا بۇنداق چوڭ گۇناھ كەچۈرۈلمەيتتى. تەلۋىلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 44 كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ كۈنسايىن تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. تۈنجى قېتىملىق تەلۋىلىك جىمىقاندىن كېيىن، ئەھۋال گەرچە نورماللاشقان بولسىمۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن چېچىلغان ئاسىيلىق ئوت ئۇچقۇنى زادىلا ئۆچمىدى. ناۋادا، دىن يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمايدۇ دېيىلسە، بەلكىم راست بولۇشى مۇمكىن. شىك دىنىنىڭ گۇرۇ[1]لىرى مۇ ھىندىستاندىكى موغۇللار دەۋرىدە مۇشۇ

① گۇرۇ — شىك دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى دېگەن مەنىدە — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرىقىدە قۇربان بولۇپ ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشكەنىدى.

**مۇھەممەد I دىن ئابدۇللاغىچە (852 — 912)** ئابدۇلرەھمان II نىڭ ئورنىغا مۇھەممەد I ئولتۇردى، ئۇ ئابدۇلرەھماندەك كەڭ قورساقمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدەك جاسارەتلىك، يارامىلىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد I ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان بىرقانچە كىشىلەرگە قارىتا شۇنىسى بەختسىزلىك بولدىكى، ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىللەردە كۆپ قېتىم غەلىيان ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. يېڭى مۇسۇلمانلار بىلەن ئەرەبلىشىپ كەتكەن خىرىستىيانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى مىللەتپەرۋەرلىك سالاھىيەت بىلەن مەيدانغا چىقتى. ھەتتا ئۇلار مەركەزدىن قىسقا مۇددەتلىك ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. شەرقىي شىمالدا، ئاراگون ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن ئىسپانىيەلىكلەر بەنى قازى دەپ ئىسىم قويۇۋالغان ئىسپانىيەلىك قەدىمكى جەمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئۇلار شىمالدىكى قوشنىسى لېئون پادىشاھلىقىدىكى خىرىستىيانلار بىلەن دوست بولۇپ، مۇستەھكەم ئىتتىپاق ئورناتتى ۋە بارغانلىكى جايدا كىشىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. بىر بۆلەك قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بەنى زۇلال نۇن ئىسىملىك بىر بەربەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەھەر تولېدونى مەركەز قىلغان ھالدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. بەنى ھەججاج جەنۇبتىكى شەھەر سېۋىلىيەگە ئورۇنلىشىۋالدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان توپىلاڭچىلار باشقا جايلاردىمۇ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاشتى.

**ئىبنى ھەفسۇن** بۇ توپىلاڭچىلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئىبنى ھەفسۇن بولۇپ، ئۇ ئىسپانىيەلىك بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئەۋلادى،

مەخپىي خىرىستىيان مۇرىتى ئىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋە كوردوۋادىكى پادىشاھلىق ئارمىيەسىدە ھەربىي تەلىم ئالغان. ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، بىر بۆلەك قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى ۋە نارازى بولۇپ يۈرگەن نۇرغۇن خىرىستىيانلارنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى مىللىي قوزغىلاڭ تۈسىنى ئالىدۇ. ئۇ زېرەكلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان داڭلىق تەشكىلاتچى ئىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، بارا - بارا جەنۇبىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئەغلەبىيلەر ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانىدى. شۇ سەۋەبتىن بىننى ھەفسۇن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەغلەبىيلەر پادىشاھى بىلەن ئۆزىنى ئىسپانىيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە سەمۇل دەپ ئىسىم قويۇپ، بىر قاتار پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، مەركەزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ئەمىر دۆلىتىگە ئېغىر تەھدىت سالىدۇ ھەم ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنى پارچىلىنىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ ئىسپانىيە خىرىستىيانلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن دىن ۋە دۆلىتى ئۈچۈن جەڭ قىلغان كىشىدۇر.

**ئابدۇلرەھمان III (912 — 961)** بۇ چاغلاردا ئىسلام دىنى يەنە بىر قوغدىغۇچىغا موھتاج بولۇپ قالغانىدى. تارىق بىلەن ئابدۇلرەھمان I قۇرغان بىناغا خائىنلار ئىچكى تەرەپتىن تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، بەلكى سەمۇلغا ئوخشاش توپىلاڭچىلار سىرتتىن ئۇنىڭ تېمىغا پەشۋا بەرمەكتە ئىدى. ئىسلام دىنىنى قوغدايدىغان بۇنداق ئاۋانگارت جەڭچى ئاخىر ئابدۇلرەھمان I نىڭ جەمەتىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ كىشى مۇشۇ جەمەتنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئۇ تەختكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىققاندا ئىسپانىيە ئەرەبلىرىنىڭ كەڭ ئىمپېرىيەسى زاۋالغا يۈزلىنىپ ئاران بىر شەھەرچىلىك ئورنى، يەنى كوردوۋا پادىشاھلىقى قالغانىدى. لېكىن، بۇ ياش پادىشاھ ئاران 23 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئالاھىدە پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ سۇباتلىق، باتۇر، قەيسەر، ئەمما كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئىرادىلىك، مېھرىبان كىشى ئىدى. ئۇ چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان مىراسنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلدى. ئۇ بىر شەھەر، بىر قەلئەدىن تۇتۇش قىلىپ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى تەدرىجىي قايتۇرۇۋېلىپ، پادىشاھلىقنىڭ زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭگە بەش يىل ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ قىلچە تەۋرەنمىدى. 917 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئىسپانىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى قايتىدىن ئىستىپلا قىلىپ بولدى. ئۇ قەتئىي تەۋرەنمەس باتۇر ۋە چېچەن ھۆكۈمران سۈپىتىدە شان ـ شۆھرەت قازاندى.

**تۇنىستىكى فاتىمىلەر سۇلالىسى بىلەن ئېلىشىش** بىراق، يەنە باشقا دۈشمەنلەرگىمۇ تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ دۈشمەنلەر ئىسپانىيەنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خەۋپى يېنىك ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇنىسنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان فاتىمىلەر سۇلالىسى ئەڭ خەتەرلىك ئىدى. بۇلارنىڭ فاتىمىلەر دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئۆزلىرىنى فاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەۋالغانىدى، فاتىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئايالى ئىدى. فاتىمىلەر رادىكال شىئەلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىسلامىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى يوق دەپ قارايتتى. ئۇلار قولچوماقلىرىنى ئىسپانىيەگە كىرگۈزۈپ، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى. ئابدۇلرەھمان فاتىمىلەرگە ئۆزىنى بوزەك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويمىغۇچە

بىخەتەر بولالمايمەن دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ماراكەشلىكلەرگە ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى قوبۇل قىلدۇردى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ فىلوتىنى ئالجىرىيە قىرغاقلىرىغا ئەۋەتىپ (بۇ دېڭىز قىرغىقى ئۇزاققىچە بەربەر قىرغىقى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئۇنى تىزگىنلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن فاتىمىيلەر بىلەن بىر قاتار دېڭىز ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ دېڭىز ئۇرۇشلىرى ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھەممە يىللاردا ئېلىپ بېرىلدى. ھەتتا 956 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ ئۇ يەنە 70 كېمىدىن تەركىب تاپقان چوڭ فىلوتىنى ئەۋەتىپ فاتىمىيلەرنىڭ دۆلەت زېمىنىنى بۇلاپ ـ تالىدى. بۇ قېتىمدا ئۇلار نۇسرەت قازاندى. ئابدۇلرەھمان شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنى قوللاندىكى، فاتىمىيلەر دەسلەپتە ئۆزلىرى بېسىۋالغان سىتسىلىيە ئارىلىدىن ئۆز فىلوتىنى ئەۋەتىپ، ئىسپانىيەنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى.

**خرىستىيانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش** ئابدۇلرەھمان III يەنە شىمالدا باش كۆتۈرگەن بىرقانچە خرىستىيان پادىشاھلىقلىرى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلدى. شىمالدا ئاراگون، ناۋاررا، كاستىلىيە ۋە لېئوندىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە بار ئىدى. بۇ ئۆلكىلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خرىستىيانلار ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق رايونلار بولۇپ، ئادەملىرى ئەزەلدىن جىنگەرلىك، قەيسەر، باشباشتاق كېلەتتى. ئابدۇلرەھمان III ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۈچ يىل ئۆتمەيلا لېئون پادىشاھى ئودانو مۇسۇلمانلارنىڭ جەنۇبتىكى زېمىنلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، غايەت زور زىيان سالدى. ئابدۇلرەھمان III قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر سەركەردىنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بىراق، مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئەمدىلا سان ئېستېبان شەھىرىگە ھۇجۇم باشلاي دەپ تۇرغاندا، ئوردانونىڭ قوشۇنلىرى ئۇشتۇمتۇت ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىددەتلىك ھۇجۇمى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى چېكىندۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئوردانونىڭ لەشكەرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى كەيپىياتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان سەركەردىسىنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ياۋا توڭگۇزنىڭ بېشى بىلەن بىللە سان ئېستېبان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئېسىپ قويىدۇ. ئابدۇلرەھمان III بۇ زوراۋانلىقتىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ ۋە ئوردانونى كېلىشتۈرۈپ ئەدەپلەپ قويۇشقا قەسەم قىلىدۇ. ئۇ زور بىر قوشۇننى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، سان ئېستېبان شەھىرى ۋە باشقا قەلئەلەرنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ. 920 ـ يىلى لېئون پادىشاھى ئوردانو بىلەن مەشھۇر ناۋاررانىڭ پادىشاھى سانچو بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئابدۇلرەھمان III بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كېلىدۇ، ئەمما ئابدۇلرەھمان III بۇ خىرىستىيانلار قوشۇنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئابدۇلرەھمان ناۋاررا ۋە ئۇنىڭ خىرىستىيان قوشۇنلىرىنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىدۇ. 924 ـ يىلى ئۇ ناۋاررا پادىشاھلىقىغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ پايتەختى پامپىلونانى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. -دەل مۇشۇ ئارىلىقتا ئوردانو ئۆلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خىرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىر مەزگىل توختاپ قالىدۇ.

**ئىستىلاچى ئابدۇلرەھمان III** ئابدۇلرەھمان III بۇ ۋاقىتتا «ناسىر» (بويسۇندۇرغۇچى) دېگەن نامنى قوللىنىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ۋە ئىماننىڭ ھامىيسى دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدەك يامان ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئابباسىيلار خەلىپىلىكى جاپالىق مەزگىلگە قەدەم قويغان بولۇپ، خۇددى بىز ئالدىنقى بابلاردا

مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ ئاتاقتىلا رولى بار ئىدى، ئىسلامىيەتنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ناسىر خەلىپە ھەمىشە شىمالدىكى خىرىستىيان دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلاتتى ۋە تاكى 939 - يىلى بىر قېتىملىق زور بالايىئاپەتكە ئۇچرىغانغا قەدەر دائىم غەلىبە قىلىپ تۇردى. شۇ يىلى لېئون پادىشاھى رومىرو بىلەن ناۋاررانىڭ ئايال پادىشاھى توتانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغايدۇ، ئابدۇلرەھمان بۇ ئۇرۇشقا قىلچە تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، تۇنجى قېتىم مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ شۆھرىتىگە زىيان يەتمەيدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇكى، ئابدۇلرەھمان شىمالدىكى خىرىستىيان پادىشاھلىقلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىدۇ. بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىك مەلۇم ۋاقىتقىچە تۈگەيدۇ.

**مۇسۇلمانلارنىڭ چەۋەندازلىق روھى** ئۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنىڭ بىر غەلىتە تەرىپى — قائىدە - يوسۇن بولۇپ، دۈشمەنلىرىگىمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. بۇنى مۇنداق بىر ئىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ئابدۇلرەھمان III بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەن ئايال پادىشاھ توتانىڭ «سېمىز سانكو» لەقەملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بىرسى ئۇنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا سانكو ئىنتايىن سەمرىپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن تېۋىپلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالمايدۇ. كېيىن ئۇ كوردوۋادا نۇرغۇن داڭلىق تېۋىپلار بارلىقىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال پادىشاھ توتا كوردوۋادىكى ئابدۇلرەھمان III ئوردىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن سانكونىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملىشىشىنى ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. توتا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، نەۋرىسى ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇئامىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش سۇپىسى

بىلەن داغدۇغىلىق كۆتۈۋېلىنىدۇ، سانكۆنى ئوردا تېۋىپى ھاسدىئىبنى شاپرۇت داۋالايدۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن، خەلىپە قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سانكو ئابدۇلرەھماننىڭ ياردىمىدە پادىشاھلىق ئورنىنى 960 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

**ئەل ـ زەھرا ئوردىسى** ئابدۇلرەھمان كوردوۋادا ئۇلۇغ زەھرا ئوردىسىنى سالدۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئوردا ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ گۈزەل ئىمارەت ئىكەن. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ زور قۇرۇلۇشقا 10 مىڭدەك ئۇستا قاتناشقان بولۇپ، 20 يىلدا پۈتكەن. تام، تۈۋرۈك ۋە يەرگە ئىشلىتىلگەن مەرمەر، گىرانىت تاش ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلار يىراق جايلاردىن توشۇپ كېلىنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ قەسىر ۋاقىتنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، نەچچە ئەسىردىن بۇيان، خىش ـ كېسەكلەر ئاستىدا چوڭقۇر كۆمۈلۈپ ياتماقتا. كوردوۋادا ئابدۇلرەھماننىڭ دەۋرىدىكىدەك ئاشۇنداق اباياشاتلىق ۋە شان ـ شۆھرەت ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئابدۇلرەھماننىڭ ئىككى ۋارىسىمۇ زور شۆھرەتكە ئېرىشىپ، ئەمىر دۆلىتىگە ئاسايىشلىق ۋە شۆھرەت كەلتۈرگەن، ئەلۋەتتە.

**ئابدۇلرەھمان ھۆكۈمتى** ئابدۇلرەھمان ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا، ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە ماھىرلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئۇ ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتتى. چۈنكى، ئۇ دەۋردە ھوقۇق بۆلۈۋېتىلسە، دۆلەتكە مۇقەررەر ھالدا زىيان يېتەتتى. مەسىلەن، ئاباسىيلار سۇلالىسىدە ئەنە شۇنداق بولغانىدى. ئابدۇلرەھمان كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى بەرپا قىلدى. دېھقانچىلىق جەھەتتىمۇ زور

يۇكسىلىشلەرنى ھاسىل قىلدى ھەمدە سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بەردى. قەدىمكى ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يېڭى، گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان ئوتتۇرا مۇلۇكدارلار سىنىپى ئىگىلىمەكتە ئىدى. لەشكەر باشلىقلىرىغا يەر مۆھۈرلەپ ياكى بەخشەندە قىلىپ بېرىلەتتى، يەر مۆھۈرلەپ بېرىشنىڭ شەرتلىرى ھەممە جايلاردا ئوخشاش ئىدى. خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارغا كەڭچىلىك قىلىناتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرغانىدى. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ئىسلامىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى غەربتە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئابدۇلرەھمان III ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كوردۇۋانىڭ ئاھالىسى 500 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، كوردۇۋا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى، قەغەزچىلىك سانائىتى ۋە مەرىپەت تۇرمۇشى جەھەتتە ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى باشقا مەركەزلەردىن ئېشىپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

ھەكەم II (**961 ـــ 976**) ئابدۇلرەھمان III نىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى بولغان ھەكەم II نى مۇسۇلمان تارىخچىلىرى پاراسەتلىك، كەڭ بىلىملىك، ئادىل پادىشاھ دەپ قارايدۇ. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان يىللاردا، دۆلەت ئابدۇلرەھماننىڭ ئىستىلالىرى ئېلىپ كەلگەن مول مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولدى. بۇ دەۋردىكى تىنچ مۇھىت ۋە ئاسايىشلىق تۇرمۇش ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تارقىلىشىغا ئىلھام بەردى. ئابدۇلرەھمان III بەرپا قىلغان كوردۇۋا ئۇنىۋېرسىتېتى، ھەكەم II نىڭ شەخسىي ياردىمى، ئىنئام پۇلىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللىرى ئارقىسىدا يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، ئاخىر دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. بۇ چاغدا ئىسلامىيەتنىڭ باشقا ئىككى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ـــ قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تېخى بەرپا قىلىنمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار، مەيلى مۇسۇلمان، خىرىستىيان ياكى يەھۇدىي بولسۇن، كوردوۋادا بىلىم ئېلىشقا كېلەتتى، چۈنكى پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن خىرىستىيان دۇنياسى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى كۆكسى ـ قارنى كەڭلىك، مەغپىرەتلىك ۋە چەۋەندازلار سالاپىتىدىن ئىبارەت مەرىپەت ئىستىكىنى يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلاتتى. ۋاھالەنكى، بۇنداق ئىستەككە ئاشۇ زاماندىكى باشقا تەتقىقات مەركەزلىرى كەمدىن ـ كەم ئېتىبار بېرەتتى.

**كۈتۈپخانا** كوردوۋادا كۆلىمى زور بىر كۈتۈپخانىمۇ بار ئىدى. بۇ كۈتۈپخانا ھەكەم II نىڭ مەردانە ياردىمى ئارقىسىدا قۇرۇلغانىدى. ئۇ مىسىر، سۈرىيە ۋە ئىراققا ئادەم ئەۋەتىپ قول يازما ۋە كىتابلارنى سېتىۋالدى. ۋاقىتتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كۈتۈپخانىغا 400 مىڭ كىتاب توپلاندى. ھەكەم II چوڭ ئالىم بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ كىتاب بەتلىرىنىڭ چۆرىلىرىگە يېزىپ قالدۇرغان ئىزاھاتلىرىنى كېيىنكى ئالىملار تولىمۇ قەدىرلەشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇسۇلمان خەلىپىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى ئىكەن. لېكىن، بۇ ھەكەم ئالىم كىشى بولۇپلا قالماي، ئاتىسىغا ئوخشاشلا داڭلىق سەركەردە ئىدى. ئۇ شىمالدىكى كاستىلىيە، لېئون ۋە ناۋاررا قاتارلىق پادىشاھلىقلار بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا فاتىمىيلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. فاتىمىيلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاخىر 973 ـ يىلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ماراكەشتىكى ئىدرىس ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقتىن، ھەكەم تەختتىكى يىللاردا ئۇمەييەلەر سۇلالىسى مەغرىبنىڭ بۇ رايونىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغان دېسەك ئورۇنسىز بولمايدۇ.

هشام II (976 ــ 1000) ۋە هاجىپ ھەكەم II نىڭ ئورنىغا ھىشام II ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما، ھىشام كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئانىسى سۇبىھ مۇۋەققەت پادىشاھ بولدى، ئۇ چىرايلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەمدە شىمالىي ئىسپانىيەلىكلەر قان سىستېمىسىدىكى ئېسىلزادە خېنىم ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە مۇھەممەد ئەبى ئامىر ئىسىملىك قابىلىيەتلىك بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، پاراستى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن يۇقىرى مەنسەپكە كۆتۈرۈلگەنىدى. مۇۋەققەت پادىشاھ بۇ جاسارەتلىك ــ يارامىلىق يىگىتكە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ بۇرەتتى. بۇ چاغدا ئامىرنىڭ ئەمىلى ئۇنىڭ زېرەك ۋە چېچەنلىكى ئارقىسىدا قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ بېرىۋاتاتتى. سۇبىھ ئۇنى ئارزۇلاشقا باشلىدى، ئاخىر مەسلىھەتچىلىككە كۆتۈردى. كېيىن ئۇنى يەنە ئۆزىنىڭ ئىچ مەسلىھەتچىسى قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى «هاجىپ» دەپ ئاتىدى. هوقۇق قولىغا ئۆتۈش بىلەنلا، ئۇ بارا ـ بارا ھەممە ھوقۇقنى تەنها چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى ھەم پادىشاھ نامىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە بىر يېڭى ساراي سالدۇرۇپ، مەدىنە سارىيى دەپ نام بەردى ۋە ئۇ يەردە ئوردا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ گەرچە پاراسەتلىك كىشى بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئالىملار بىلەن دوست بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما بەزى ئالىملار پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئۇ پەلسەپىگە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا پەنلەرگە دائىر بارلىق كىتابلارنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بۇ كىتابلار ئەسلىدە كوردوۋا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنى ھەكەم كۆڭۈل قويۇپ توپلىغانىدى. ئۇ يەم ۋە ھىيلە ئىشلىتىش ھەم كۆپ پۇل بىلەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق، پايتەختتىكى شائىر ۋە باشقا تەسىرى بارلارنى ئۆز

www.uyghurkitap.com

يىتىمغا تارتتى. ئۇ ھەتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇمە نامىزىدىكى خۇتبىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدۇرىدىغان بولدى ھەم ئۆز نامىدىن تىللا قۇيدۇرۇپ، ئۆزىنى رەسمىي خەلىپە ھىزام بىلەن بىر قاتارغا قويدى. ئۇ مۇشۇنداق شۇبھىسىز ئۇسۇللار بىلەن 30 يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**ھاجىپ** — «مەنسۇر» ناۋادا سىياسىي ياكى دۆلەت باشقۇرۇش تېخنىكىسىغا ئىسپات كېرەك دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىسپات تېپىپ بېرىش قىيىن ئەمەس. ئىبنى ئەبى ئامىر ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھەقىقىي ھەربىي ئىدى. ئۇ ھەربىي قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى ھەمدە بۇ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ نۇرغۇن غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. قوشۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش كېرەك، ۋاھالەنكى ھاجىپ ئۆز قوشۇنلىرىنى غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلاپ بارالايتتى. ئۇ ئابدۇلرەھمان II گە ئوخشاش دىققەت - ئېتىبارىنى ئالدى بىلەن مەغرىبكە قويۇپ، بۇ رايوننىڭ ھەممىسىنى تىزگىنلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى دۈشمەنلىرى — لېئون، كاستىلىيە، ناۋاررا قاتارلىق شىمالدىكى بىرقانچە خىرىستىيان پادىشاھلىرىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. بىز ئابباسىيلار سۇلالىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ۋىزانتىيەلىك خىرىستىيانلارنىڭ كىچىك ئاسىيادا قانداق قىلىپ دائىم ئابباسىيلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئىسپانىيەدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى. شىمالدىكى پادىشاھلىقلار ھەمىشە تەھدىت سالاتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرادىكى شەھەرلىرىنى پاراكەندە قىلاتتى. بۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھاجىپنىڭ زامانىدا ئۇ ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، 981 - يىلى زامورانى ئىگىلىدى. 985 - يىلى شەرقىي

شىمالدىكى بارسېلونا شەھىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى ھەمدە 988 ـ يىلى مۇستەھكەم مۇھاپىزەت قىلىنغان لېئون شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئۇنى تۇپتۇز قىلىۋەتتى. لېئون بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھاجىپ ھەتتا قارامىلىق بىلەن ئىسپانىيەنىڭ ئەڭ چەتتىكى گالىتىسىيە ئۆلكىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يەرلىك ئاھالىگە ئۆزىنىڭ تۆمۈر بىلىكىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. ھاجىپ — ئۇ ئەمدىلىكتە «مەنسۇر» (زەپەر قۇچقۇچى) دەپ ئاتالدى — جەمئىي 50 قېتىمدىن كۆپرەك ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ باردى.

**«مەنسۇر» نىڭ ئوغۇللىرى** «مەنسۇر» ھاجىپ ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئاۋانگارتى ئىدى، شۇنداقلا قابىلىيەتلىك دۆلەت ئەربابى ۋە ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ ئىدى. ئىسپانىيەدىكى خىرىستىيانلار ئۇنىڭ ئۆلگەن كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق كۈنى ئورنىدا تەبرىكلىشىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ئوغلى ئابدۇلمەلىك ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقتى ئالتە يىلغا يەتمىسىمۇ، ئۇمۇ قابىلىيەتلىك پادىشاھ ئىدى. ئۇ خىرىستىيانلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇش قىلدى. ئۇ قازانغان غەلىبىلىرى ئۈچۈن «مۇزەففەر» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسىمۇ «زەپەر قۇچقۇچى» دېگەنلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى غەلىتە بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئابدۇلرەھمان تەختكە چىقتى. ئۇ چاغدا كىشىلەر ئابدۇلرەھماندىن ئاكىسى مەلىكنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشتى دەپ گۇمان قىلىشاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ گەپكە شۇنچىلىك ئىشىنىپ كەتكەنىدىكى، ئۇلار ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆكتە چىقىشتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مالىمانچىلىق ۋە ئىچكى نىزالار يۈز بېرىپ تۇردى. پادىشاھلىق ئورنىنى دەۋا قىلغۇچى كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقىشتى. دەسلەپتە ئابدۇلرەھمان قۇرغان، ھاجىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن خەلىپە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھاپىزەت قوشۇنى بۇ ۋاقىتتا كېيىنكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈرك ئورادا مۇھاپىزەت قوشۇنىغا ئوخشاش رول ئويناشقا باشلىدى. بۇ قوشۇن ئۆز مەنپەئەتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە خەلىپىنى تىكلەيتتى ياكى ئېلىۋېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى تېزدىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

**ھامادىلار** ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر خەلىپىلىكىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇش تارىخى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك تارىخ ئەمەس. دۆلەت ئىشلىرى جەھەتتە سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ۋە جىنايى ھەرىكەتلەر شۇنچىلىك كۆپ بولدىكى، كىشىلەر شۇ دەۋرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تارىخچىلىرى بولغان ئىبنى خەلدۇن، ئىبنى ئاسىر ۋە ئىبنى ئىزارىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا شۈركۈنۈپ كېتىدۇ. خانىدانلىق ئارقا ـ ئارقىدىن پالاكەتكە ئۇچراۋاتقان ئاخىرقى بىرقانچە يىلدا، ھاكىمىيەت بىر مەزگىل ھاماد دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئەلى ئىبنى ھامادى بولۇپ، بۇ كىشىدە بەربەرلەرنىڭ قېنى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىنى يالغاندىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادى دەۋالدى. ھامادى سېۋتا ۋە تانگېرغا باش ۋالىي بولغانىدى. ئۇ چاغدا ئىسپانىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى توخۇ يۈرەك قورچاق خەلىپىسى ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى. ھامادى مۇشۇ ۋاقىتتا مالاگانى بويسۇندۇردى ۋە ئاندالۇزىيەنىڭ پەزىلەتلىك ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئۆز ئورنىنى تىكلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كوردوۋادا خەلىپە بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ ھامادى جەمەتىدىن بولغان ئىككى ۋارىسى بولۇپ، ئۇلار 1027 ـ يىلىغىچە دەۋر سۈردى. ئۇ يىلى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ 54 ياشلىق خەلىپىسى ھىشام III قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ زاھىتلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈۋاتاتتى. لېكىن، پاكىت بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى

ئىسپاتلىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىك سىياسىيغا تاقابىل تۇرالمايتتى. تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇنى بىر ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئاغدۇرۇۋەتتى. بۇ گۇرۇھ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۆڭەكلەر مەھكىمىسىنى دەسسىتىشكە بەل باغلىغانىدى. ئۇلار ھىشام III ۋە ئۇنىڭ خان جەمەتىنى كوردوۋا جامەسىگە قاماپ قويۇپ، ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمەت ئۇن - تىنسىز يوقىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى جەسۇر ئابدۇلرەھمان I بەرپا قىلغان ھەمدە ئابدۇلرەھمان III نىڭ دەۋرىدە دۇنياغا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولغان دۆلەت گويا زور بىناغا ئوخشاش غۇلاپ چۈشتى. بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 275 يىل ئىچىدە، بۇ ئىسلام دۆلىتى ياۋروپا ۋە ئىسلامىيەت پەخىرلىنىدىغان بىر خىل مەدەنىيەتنى ياراتقانىدى.

**بىرقانچە كىچىك دۆلەتلەر** 1031 - يىلى خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن ئاقسۆڭەكلەر مەھكىمىسىگە بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلھەزىم ئىبنى جەۋاھەر رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇ مەھكىمە بىر خىل جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، لېكىن ئاخىر بېرىپ 1068 - يىلى سېۋىلىيە پادىشاھلىقى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلدى. بۇ پادىشاھلىقنى بەنى ئابباد قۇرغانىدى. گرانادادىمۇ بىر پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇنى بەربەرلەردىن بولغان ئىبنى زىرى (1012 — 1019) قۇرغانىدى. مالاگادا ئەلى ئىبنى ھاممادنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى 1051 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، گرانادانىڭ زىرى پادىشاھلىقى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلدى. تولېدودا يەنە بىر بەربەرلەر جەمەتى ھوقۇق ئىگىلىدى، بۇ جەمەتنى بەنى زۇنۇن 1032 - يىلى بەرپا قىلغانىدى. بەنى زۇنۇن 1085 - يىلىغىچە ھوقۇق تۇتتى.

**سېۋىلىيە پادىشاھلىقى (1032 — 1091)** بۇ كىچىك

www.uyghurkitap.com

پادىشاھلىقلار ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ كۆچلۈكى بەنى ئابباد جەمەتى قۇرغان كىچىك پادىشاھلىقتۇر. ئۇنى سىۋىلىيە باش قازىسىنىڭ ئوغلى قۇرغان. بۇ باش قازى سۈيىقەستلىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كوردوۋادىكى خان سارىيىغا بىر «ۋاكالەتچى»سىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسى 1009 ـ يىلى ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان خەلىپە ھىشام II بىلەن ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. ھىشام باش ـ ئايىغى يوق ھوقۇق تالىشىشلار ئارقىسىدا ئون ـ تىنىسىز يوقىلىپ كەتكەندى. ھېچقانچە ئۆتمەيلا بۇ باش قازىنىڭ ئوغلى ھېلىقى قورچاقنى بىكار قىلىپ ھوقۇقنى ئۆزى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. بۇ ئۆزىگە مۇتەدىد دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە شۇ نام بىلەن پادىشاھ بولىدۇ. مۇتەدىد شائىر كىشى بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئەسىرلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئېسىل شاراب، ئايال ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۇنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنتايىن شەھۋانىيەتچى ئىدى، گەرچە ئۇ بىر خانلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىكلىگەن بولسىمۇ، خۇددى كىشىلەرنىڭ ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى.

**مۇتەمىد (1068 ــ 1091)** مۇتەدىد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ داڭلىق ئوغلى مۇتەمىد تەختكە چىقتى. بۇ ئادەمنى ئىبنى خەللىكان ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن «ئەڭ كەڭ قورساق، ئەڭ داڭدار، ئەڭ قۇدرەتلىك شاھلارنىڭ بىرسى» دەپ ماختىغانىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىقنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن جەۋاھەر بەرپا قىلغان ھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تولۇق كۈچەيتىۋالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىقنى ئۆز ئىرادىسى ۋە تاكتىكىسىغا تايىنىپ يولغا

قويدى، تۇرمۇشنى ئازادە ۋە ئوبدان ئۆتكۈزدى. ئۇ شائىر ئىبنى ئاممارنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى ھەمدە پۇقرالار ئارىسىدىن ئىتتىمەد ئىسىملىك بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ قىز تالانت ۋە ھۆسندە تەڭداشسىزلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئىبنى خاتىب ۋە مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ خىرىستىيانلاردىن كېلىپ چىققان داڭلىق تارىخچىسى دوزى ئەسىرىدە بۇ قىزنىڭ جەلپ قىلارلىقى ۋە تالانتى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. مۇتەمىد ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن، قۇدرەتلىك قوشنىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش كېرەك، دەپ قارايتتى؛ لېكىن، بۇ مەسىلىدە ئىككى خاتالىققا يول قويۇپ، دۆلىتىگە بالايىئاپەت كەلتۈردى. ئۇنىڭ بىرىنچى خاتالىقى شۇكى، ئۇلېئون بىلەن كاستىلىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئالفونسو VI نىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇق تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن (ئۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ كۈچلۈك ئاۋانگارتى بولۇپ، ۋالېنسىيەدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەپ بولغان) مۇتەمىدنىڭ دۆلىتىنى پاراكەندە قىلىش ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. ئالفونسو VI مۇتەمىدقا ياردەم بېرىپ يەنە بىر خىرىستىيان دۆلىتىگە قارشى تۇرمايدىغان بولغاچقا، مۇتەمىد ماراكەشتىكى مۇرابىيلاردىن ياردەم سورىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى خاتالىقى ئىدى. ئەمما، ماراكەشتىكى مۇرابىيلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، ئەل مەغرىبنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**شىمالىي ئافرىقا (ئەل ـ مەغرىب)** ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى مەنسۇر مىلادىيە 754 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئافرىقىسىدىكى بارلىق باش ۋالىيلارنىڭ ئالدىغا بىر سەييارە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن ئۆزىنى خەلىپە دەپ قوبۇل قىلىشنى سورىغان. ئۇ چاغدا شىمالىي ئافرىقىنىڭ باش ۋالىي مەھكىمىسى تۇنىس ئەتراپىدىكى قەيرۇۋان شەھىرىدە ئىدى. بۇ يەرنىڭ باش ۋالىيلىق ئەمەلىنى ئۇمەييەلەر سۇلالىسى بېكىتكەنلىكتىن، ئۇ يەرنىڭ باش ۋالىيسى يېڭىدىن تەختكە چىققان خەلىپىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىپ چىقىشنىڭمۇ ناھايىتى ياخشى باھانىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ خەلىپىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەمدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ.

**ئىدرىسىيلار پادىشاھلىقى (788 — 974)** بىرقانچە يىلدىن كېيىن يەنە بىر شەخس مەيدانغا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ ئىدرىس ئىبنى ئابدۇللا ئىدى، ئۇ ئىمام ھۇسەيىننىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان قوزغىلاڭدىن كېيىن، مەدىنىدىن قېچىپ چىققانىدى. ئۇ مەدىنىنىڭ، ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل ھىجاز رايونىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن بەكلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ماراكەشكە قېچىپ باردى. ئۇ يەردە شىئە مەزھىپىنىڭ بىر پادىشاھلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىكلىدى. بۇ پادىشاھلىق 200 يىلدەك (788 — 974) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئىدرىسىيلار خانلىقى فېزنى پايتەخت قىلدى، بۇ خانلىق گەرچە زادىلا قۇدرەت تېپىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاكى كوردوۋا خەلىپىسى ھەكەم II تەرىپىدىن يوقىتىلغۇچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ تۇردى. كېيىن ئۇ يەردە بەربەرلەر ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران بولۇشتى.

**ئەغلەبىيلەر خانلىقى (800 — 909)** قەيرۇۋاننىڭ باش ۋالىيسى ئابباسىيلار سۇلالىسىگە بويسۇنۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، 800 - يىلى ھارۇن رەشىد ئۆزىنىڭ سەركەردىسى ئىبراھىم ئىبنى

ئەغلەبنى قەيرۇۋاننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەبلەغ ھەممە ھوقۇقنى تىزگىنلىۋېلىپ، بەئەينى يېرىم مۇستەقىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە بۇيرۇقۋازلىق قىلىشقا باشلىدى — ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۆزىنى «ئەمىر» دەپ ئاتاشقا باشلىدى — ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خەلىپىنىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىنى نامدىلا ئېتىراپ قىلىدىغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھۆكۈمرانلارغا ئايلىنىشتى. ئۇلار غەربتە ماراكەشتىن، شەرقتە مىسىرنىڭ غەربىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ئۇلار ئالغا ئىنتىلىش روھىغا باي بىر جەمەتكە مەنسۇپ بولۇپ، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلار سۈپىتىدە 100 نەچچە يىل مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق قىلىشتى.

ئەغلەبىيلەر ئىجادچان خەلق ئىدى. ئۇلار كۈچلۈك بىر دېڭىز ئارمىيەسى بەرپا قىلدى ۋە دېڭىز فىلوتلىرىنى ئەۋەتىپ فىرانسىيە، ئىتالىيە، گاكورسىكا، ساردىنىيە، سىتسىلىيە قاتارلىق جايلارنىڭ دېڭىز بويىدىكى پورتلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 902 - يىلى ئۇلار سىتسىلىيە ئارىلىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بازا قىلدى. ئۇلار يەنە مالتا ئارىلى بىلەن ساردىنىيە ئارىلىنى ئىگىلىدى. ئۇلار جەنۇبىي ياۋروپانىڭ دېڭىز بويلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، كىرىت ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلەشتى. كىرىت ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلار شۇ ۋاقىتتا يۇنان يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئافېنادىن تېپىلغان كوفىكچە ئەرەب يېزىقى ئويۇلغان ئابىدىلەر ئەرەبلەرنىڭ ئافېنانى ئىستېلا قىلغانلىقى ۋە ئۇ يەردە ماكانلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەغلەبىيلەردىن بولغان زىيادەتۇللا ئىسىملىك بىر كىشى قەيرۇۋاندا غايەت زور بىر مەسچىت سالدۇرغان بولۇپ، بۇ مەسچىت ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شىمالىي ئافرىقا دەل ئەغلەبىيلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان، خىرىستىيان دىنىنىڭ لاتىن تىلىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بۇ يەردىن مەڭگۈگە يوقالغان. ئەغلەبىيلەر خانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى

فاتىمىيلەر سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، فاتىمىيلەر 909 ـ يىلى بىردىنلا تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ كەلدى.

**ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپى شىمالىي ئافرىقىدا** ئىسمائىلىيەلەر ھەرىكىتى مەغرىبكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن ۋە 300 يىلدىن ئارتۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۇلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەھمەد ئىبنى تولۇن مىسىردا ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە، پېرسىيەدە تۇغۇلغان ئابدۇللا ئىسىملىك بىر كىشى بىر مەخپىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئىسمائىلىيەلەر دەپ ئاتالدى، چۈنكى، ئۇلار شىئە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى ئىمام جەفەر سادىقنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ھەقىقىي يەتتىنچى ئەۋلاد ئىمام دەپ بىلىشەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سىياسىي كۆزقارىشى ئوخشىمايدىغانلار ۋە مەزھەپچى بۆلگۈنچىلەر ئىدى. ئۇلار بىر خىل مەخپىي چوقۇنۇشنى بەرپا قىلىپ، يېرىم ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىكى يوشۇرۇن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئابدۇللانىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەخپىي، ئەمما تەنتەنىلىك قەسەم بېرىشتى، بۇنىڭ ئەكسىچە ئابدۇللا ئۇلارنى پانىي دۇنيانىڭ غەم ـ قايغۇلىرىدىن تامامەن خالاس قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەڭگۈ ساقىت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇلارغا ۋەدە بەردى. ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىنىڭ باشقا تەشكىلاتلىرىمۇ بار ئىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن پېرسىيەدە ئەۋج ئالغان ئۇ تەشكىلاتلارنى ئالدىنقى بابتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدۇق.

**فاتىمىيلەردىن بولغان ئۇبەيدۇللا** 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىدىن ئۇبەيدۇللا ئىسىملىك يەنە بىر يولباشچى مەيدانغا كەلدى، ئۇمۇ ئۆزىنى فاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىدى. ئۇبەيدۇللا ئۆزىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىنى ئافرىقىنىڭ

ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى مەغرىبتە مەخپىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاخىر تۇنىستىكى ئەغلەبىيلەر خانلىقىنى ئاغدۇردى. ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىنىڭ مۇشۇ مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ئۆزىنى «مەھدى»[1] دەپ ئېلان قىلىپ، خەلىپە نامىنى قوللاندى. ئۇ تۇنىسنىڭ دېڭىز بويىدا مەھدى شەھىرىنى بىنا قىلدى ھەم ئۇنى فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى. 50 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋرىسى مىسىرنى ئىستېلا قىلىپ، فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ چېگراسىنى پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىغىچە كېڭەيتتى، ئۇلار 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرۈشتى.

**ماراكەشتىكى مۇرابىيلار خانلىقى** بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ھېكايىمىزنى ئىسپانىيە ۋە ئۇنىڭ يېقىن قوشنىسى ماراكەش بىلەن باغلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. فاتىمىيلەر سۇلالىسى پايتەختىنى مىسىرغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، مەغرىبنىڭ باش ۋالىيلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى مۇستەقىل پادىشاھ دەپ جاكارلايدۇ، ئۇلار بارا ـ بارا زىرىلەر دېگەن نام بىلەن داڭ چىقىرىدۇ. ھەممە كىشى ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش پىرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدا، بەربەرلەرنىڭ سەردارىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار دەسلەپتە بەزىبىر كىچىك خانلىقلارنى قۇردى. ئىسپانىيەدىكى بىرقانچە كىچىك پادىشاھلىقلار توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمما، ئۇلارنىڭ باش كۆتۈرىدىغان كۈنى ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار، ئەرەبلەرنىڭ ئىلكىدە تۇرغان ۋاقتىمىز ھەقىقەتەن بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى، دەپ قاراشتى. شۇڭا، 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەربەرلەردىن

---

[1] مەھدى — مۇسۇلمانلار كېلىشىنى كۈتىدىغان قۇتقۇزغۇچى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

بىر دىنىي يولباشچى مەيدانغا كەلدى، ئۇ مۇرابىيلار خانلىقىنى قۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىسمىنى قوللىنىشتىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ دىنىي رەھبىرى بۇرۇن سېنېگال دەرياسى بويىدىكى بىر موناستىر (رىبات)دا تۇرغانىدى. مۇرابىيلار ئەل ـ مۇراۋىدلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئابدۇللا ئىبنى ياسىن ئىدى. ئۇ زېمىننى بارا ـ بارا شىمالغا كېڭەيتىپ، ئاخىر ماراكەشنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بويسۇندۇرۇۋالدى (1056 — 1084). دەرۋەقە، مۇرابىيلار خانلىقىغا ھەقىقىي ئاساس سالغۇچى يۇسۇپ ئىبنى تەفشىن بولۇپ، ئۇ ئابدۇللا قوزغىغان بۇ دىنىي ئۇرۇشنىڭ ھەربىي سەركەردىسى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى.

**مۇتەمىدنىڭ يۇسۇپ ئىبنى تەفشىننى تەكلىپ قىلىشى (1061 — 1106)** سېۋىلىيە ئەمىرى مۇتەمىدنىڭ ماراكەش پادىشاھىنى مۇسۇلمان تۇپرىقىغا چاڭ سېلىۋاتقان خرىستىيانلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ياردەمگە كېلىشكە قانداق تەكلىپ قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. يۇسۇپ شۇ ۋاقىتتىكى مۇرابىيلار خانلىقىنىڭ ئەمىرى ئىدى، ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ خرىستىيانلارنى چېكىندۇرگەن. ئۇ يەنە 1086 ـ يىلىدىكى زەللاقە جېڭىدە ئالفونسو VI نىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. ئالفونسو بۇ چاغدا پادىشاھ بولۇپ بولغانىدى. شۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن، يۇسۇپ ئىسلامىيەتنى قوغدىغۇچى ئاۋانگارتقا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئىسپانىيەگە تۇنجى قېتىم بارغاندا، ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايدۇ. ئۇ ماراكەشكە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ پايتەختىدە يەنە تۆت يىل تۇرىدۇ. بىراق، خرىستىيانلارنىڭ قىزىقىشى ۋە بېسىمىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سېۋىلىيە بىلەن گرانادىكى ئىككى كىچىك مۇسۇلمان پادىشاھلىقى ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىشىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك بىر ئادەمگە جىددىي موھتاج بولغانلىقتىن،

ئۇلارنىڭ ياردەم تەلەپ قىلغان مۇراجىئەتنامىلىرى يۈسۈپكە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسپانىيەگە قايتا بېرىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە تەربىيەلەنگەن لەشكەرلىرى ئىسپانىيەگە بېرىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىشاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۇ يەردە مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە ئازادە مۇھىتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى، بۇمۇ ئۇ يەردە بىر خىل قوشۇمچە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. يۈسۈپ 1090 ـ يىلى ئىسپانىيەگە قايتا بارىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمان پادىشاھلىقىنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىپ، تولېدو بىلەن ساراگوسسادىن باشقا مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ بارلىق زېمىنىنى پەيدىنپەي يۇتۇۋالىدۇ. مۇتەمىد بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئىتمەد ۋە قىزى ئەسىرگە چۈشىدۇ. مۇتەمىد گەرچە يەنىلا شېئىر يېزىپ تۇرغان، بەزى شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. ئىقبال ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تەرجىمە قىلغانىدى. ئۇ بۇ شېئىرنى تۈرمىدە يازغان بولۇپ، شېئىرنىڭ تېمىسى «مۇتەمىدنىڭ تۈرمىدىكى نالىسى» ئىدى. بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ھىندىستاندىكى موغۇل سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى كېلىدۇ. مۇتەمىد شېئىرىيەتتىن ياخشى خەۋىرى بار، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە، قانداق قىلىپ سىپايە تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى چۈشىنىدىغان، ئەمما پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان زات ئىدى.

**ماراكەش شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى** مۇرابىيلار ئەسلىدە ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان راھىبلاردىن تەشكىل تاپقان ئىخلاسمەن قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە تەۋە ئىدى. ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كونا

www.uyghurkitap.com

ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمىدى. مۇرابىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى يۇسۇپ 1062 ـ يىلى ماراكەش شەھىرىنى بىنا قىلدى ۋە ئۇنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. ئىسپانىيەدە بولسا سېۋىلىيەنى كوردوۋانىڭ ئورنىغا يېڭى ھۆكۈمەت تۇرىدىغان جاي قىلىپ بېكىتتى. ئۇ ئۆزىگە «ئەمىرۇلمۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلار ئەمىرى) دەپ نام بەردى، ئەمما، يەنە دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى باشلىقلىق ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالدى. ئۇ دىنىي ئىشلار جەھەتتە، نامدا باغداد خەلىپىسىنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلدى. يۇسۇپنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاتتىق، ئەمما كۈچلۈك ۋە ئۈنۈملۈك ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلامىيەتنىڭ ھەقىقىي قورغىنى بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ داڭلىق ئىشلىرىنى كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى داۋاملاشتۇردى، ئۇ ھەتتا يۇسۇپتىنمۇ بەك تەقۋادار ئىدى.

**مۇزەرەبىيلەر ۋە مۇسۇلمان مەدەنىيىتى** مۇرابىيلار تەختكە چىققان مەزگىللەردە ئىسپانىيەلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاۋارىچىلىككە دۇچ كەلدى. بۇ ئىسپانىيەلىكلەر ئاللىقاچان ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى قوبۇل قىلىشقانىدى، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشەتتى، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكىمۇ ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئىدى، ئەرەبلەرگە ئوخشاش بالىلارنى سۈننەت قىلىشاتتى؛ كۆپ خوتۇن ئېلىشاتتى، شېئىر ۋە سەنئەتنى قىزغىن سۆيۈشەتتى ھەمدە مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش سىپايە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانىدى. بۇلار مۇزەرەبىيلەر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمانچە ۋە خىرىستىيانچە ئىككى خىل ئىسمى بار ئىدى. ئۇلار قەدىمكى شەكىلدىكى لاتىن تىلى — رومانس تىلىنى بىلىشەتتى، بۇ تىل كېيىنچە ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىغا ئايلاندى. مۇشۇنداق خىرىستىيانچە ۋە مۇسۇلمانچە سۈپەتلەرنىڭ غەلىتە بىرلىشىشى ھەرگىز ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت

قازانغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى مۇنداق بىر پاكىتتا ئەڭ تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۇلۇغ جەڭچىسى ئالفونسو قۇيدۇرغان تىللالارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئەرەب يېزىقى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا دائىر ھۆججەتلىرىدە ئەرەبچىنى قوللىناتتى. مۇزەربىيلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەرەبلىشىپ بولغانىدى، ئۇلار ھەتتا لاتىن تىلىنى ئەرەب يېزىقى بىلەن يازاتتى. ئەمما، سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇلار گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەرەب بولسىمۇ، لېكىن، بەربىر تەۋرەنمەس خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئىدى. ئۇلار ئەلى ئىبنى يۇسۇپنىڭ خېلىلا ئەنئەنىۋى ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. ئەلىنىڭ قىيىنچىلىقى شۇ يەردە ئىدىكى، ئۇ ئىسپانىيەلىك مۇسۇلمانلار، ئىسپانىيەلىك ئەرەبلەر، بەربەر ئەرەبلەر ۋە مۇزەرەبىيلەر ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق پەرق بارلىقىنى تېپىپ چىقىشتا ئىنتايىن قىينىلاتتى. ئۇلار ئارىلاشما قائىلىق ئىرق بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىراي ـ شەكلى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. تېخىمۇ مۇشكۇلى شۇ بولدىكى، بۇ مۇزەرەبىيلەر بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىيان شېرىكلىرى تەرەپتە تۇردى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسىنى تېپىۋېلىشتى.

**لى سىد (1040 ــ 1099)** مۇزەرەبىيلەرنىڭ بۇ قەھرىمانىنىڭ ئىسمى لى سىد ئىدى، بۇ ئىسىم «سەئىد» (پەيغەمبەر ئەۋلادى) نىڭ خاتا قوللىنىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىسپانىيەلىك ئاقسۆڭەك بولۇپ، بۇرۇن كاستىلىيە پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلغان. ئەمما، ئۇ زىيادە ئۆز بېشىمچى بولغانلىقتىن، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ھېچقانداق پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا راھەتلىنەلمىگەن. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى بەكلا ھەددىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئاقىۋەتتە كاستىلىيە پادىشاھلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئۇ ئۆز ئالدىغا ئەركىن ـ ئازادە ياشاشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، چەۋەندازلارچە ھايات كەچۈرەتتى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ھەم خىرىستىيانلارغا، ھەم مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرۇشنىلا ئىزدىدى. ئۇ كىچىك مۇسۇلمان پادىشاھلىقى سارگوسسا ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ مۇسۇلمان لەشكەرلىرىنىڭ ئارسلان سىد دەپ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پادىشاھ بولۇۋېلىپ ۋالېنسىيەنى ئىگىلىۋالغان ھەم ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ تاكى 1099 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر مۇرابىتىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا قايتۇرما زەربە بەرگەن. ئىسپانىيەلىكلەر ئۇنىڭدىن تولىمۇ ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيەلەپ قوشاق («مېنىڭ يولباشچىم») توقۇغان، بۇ قوشاقتا ھەم ئۇنىڭ ھەققىي ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان، ھەم مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن تەرەپلىرىمۇ بار. قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى بۇ شېئىر كېيىنكى ئىسپانىيەلىكلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان.

**مۇۋەھھىدىيلەر مەزھىپى (1130 ــ 1269)** ئەلى ئىبنى يۇسۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، مۇرابىتىلار ئىمپېرىيەسى زاۋالغا يۈز تۇتۇشقا باشلىدى: ئىچكى ماجىرالار ۋە كۈچلۈك خىرىستىيانلار ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر زەربىسىدە، ھاكىمىيەت تەۋرىنىپ قالغانىدى. دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، يەنە بىر نىجاتچى بارلىققا كەلدى. ئۇ بەربەرلەرنىڭ يەنە بىر رەھبىرى مۇھەممەد ئىبنى تۇمارت ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئۇمۇ دىن تارقاتقۇچى ئىدى. ئۇ مۇۋەھھىدىيلەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەزھەپنى قۇردى. بۇ ئىسىم كېيىن خاتا ھالدا «مۇھەددىس» دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ مۇۋەھھىدىيلەر دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ مەزھەپ ئىسلام دىنىنىڭ بىر خۇدالىق كۆز قارىشىدا قەتئىي چىڭ تۇراتتى. ئۇلار

ماراكەشنى ئىستىلا قىلىپ مۇرابىتىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ئىمپېرىيەنىڭ چېگراسى قىسقىرىپ ئىسپانىيەنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئىسپانىيەنىڭ شىمالىي يېرىم قىسمى قولدىن كېتىپ مەڭگۈ خىرىستىيان پادىشاھىغا تەئەللۇق بولۇپ قالغانىدى. مۇۋەھھىدىيلەر ئىمپېرىيەسى تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە مىسىر چېگراسىغىچە كېڭىيىپ بارغانىدى. دەرۋەقە، 1212 ـ يىلى ئۇلار لاس ـ ناۋاستا ئىسپانىيەلىك خىرىستىيانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە ئاندالوزىيەدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم كۈچى ئىسپانىيەدىكى خىرىستىيانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا سەرپ قىلىنغانىدى.

**مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقى** مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقىغا ئاساس سالغان ئىبنى تۇمارت ئەسەبىي ئېتىقادچى بولۇپ، كىچىككىدىنلا دىن تارقاتقۇچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ قامەتلىك كېلىشكەن، شىجائەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدىكى زېھنىنى ئىسلام دىنىنى قوغلىشىش، تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغان. ئۇ خۇدانىڭ بەرھەقلىقىنى تەشۋىق قىلغان ۋە بۇ ئەقىدىدە ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن چىڭ تۇرغان. ئۇ غەرب مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېڭى دىن ۋە يېڭى تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقتىن، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئېتىقادىنىڭ ئىنتايىن سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ۋە جىن ـ شاياتۇنلارغا ئىشىنىشكە باشلىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بەرھەقلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئېتىقادىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بىر خۇدالىق ئەقىدىسى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمدەملىرى ئېتىقادىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى قايتا تەكىتلەپ، بىر قېتىملىق پاك مۇخلىسلار قوزغىلىڭىنى قوزغىماقچى بولغان. تۇمارت ئۇزاق ياشىيالمىدى. 1030 ـ يىلى ئۇنىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسى ئابدۇلمۆمىن ئىبنى ئەلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقىغا ھەقىقىي ئاساس سالغۇچى ئىدى.

**ئابدۇلمۆمىن (1130 ـــ 1163)** ئەسەبىي ئېتىقادچى مۇۋەھھىدىيلەر ئانچە كەڭ قورساق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن مۇرابىتلارغا قول سېلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. 1145 ـ يىلى مۆمىن تىلىسىندا مۇرابىتلارنىڭ قوشۇنىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، ماراكەشنىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى ھەم ماراكەش شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. بىر يىلدەك ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق بۇ شەھەرنىمۇ قولغا چۈشۈردى، مۇرابىتلار خانلىقى پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىن يەنە ئىسپانىيەگە بىر قوشۇن ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بېسىۋالدى. پەقەت ئىسپانىيەنىڭ شەرقىدىكى بالېئارى تاقىم ئارىلىلا مۇرابىتلارنىڭ ئاخىرقى قوغدىنىش ماكانى بولۇپ قالدى، مۆمىن ئاندالۇزىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شىمالىي ئافرىقىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1152 ـ يىلى ئالجىرىيەنى، 1158 ـ يىلى تۇنىسنى، 1160 ـ يىلى تىرىپولىنى ئىستېلا قىلدى. مۇرابىتلارنىڭ تەسىرى ئەزەلدىن ئالجىرىيەدىن ھالقىپ كەتمىگەنىدى، مۇرابىتلار خانلىقى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىنى قوبۇل قىلىشقانىدى. مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقى بولسا ئۇلۇغ ئىمپېرىيە دېيىلەتتى، ئۇنىڭ چېگراسى ئاندالۇزىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىن تاكى مىسىرنىڭ غەربىگىچە سوزۇلاتتى، ئۇ ھېچقانداق كىشىنىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ

قىلمايتتى. بۇ بىپايان ئىمپېرىيەنىڭ ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ پارچىلىنىپ كەتكەن ئىسپانىيە مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنىڭ يەنە بىر ئەسىر بىر پۈتۈن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ناھايىتى پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. مۆمىن ئۆز نامىغا يېڭى شان ـ شەرەپلەرنى قوشتى. ئۇ خرىستىيانلار بىلەن بولغان جەڭدە پارلاق جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئىسمى غەربىي جەنۇبىي ياۋروپالىقلارغا بىر خىل ۋەھىمە بولدى.

**مەنسۇر (1184 — 1199)** مۆمىن 1163 ـ يىلى ئۆلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قابىلىيەتلىك ۋارىسلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئەبۇ يۇسۇپ يەقۇب بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن قۇدرەتلىك پادىشاھ ئىدى، ھەتتا ئاتاقلىق سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبمۇ ئەھلىسەلىپ بىلەن جەڭ قىلغاندا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغانىدى. يەقۇبمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن خەلىپە ۋە ئەمىرلىرىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ بىر قاتار غەلىبىلىرى ئارقىسىدا «مەنسۇر» دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ 180 ئۇرۇش كېمىسىنى مىسىر ۋە سۈرىيەگە ياردەمگە ئەۋەتكەنىدى. مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقى 1170 ـ يىلى پايتەختىنى سېۋىلىيەگە يۆتكىدى. يەقۇب ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىككى سۇلتانغا قارىغاندا تېخىمۇ بىمالال ئىش ئېلىپ باردى. ئۇ زور قۇرۇلۇش قىلىپ پايتەختنى گۈزەللەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە ھازىر گىرالدا دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز مۇنارنى ياساتتى. بۇ مۇنار ئەسلىدە بىر مەسچىتنىڭ مۇنارىسى بولۇپ، 1172 ـ يىلىدىن 1195 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغانىدى. ئۇ ماراكەشتە بىر شىپاخانا سالدۇردى، شۇ دەۋردە ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ شىپاخانا تەشكىللىي قۇرۇلۇشى، خادىملىرى ۋە داۋالاش تېخنىكىسى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شىپاخانا ئىكەن. بىراق، يەقۇبنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى مۇھەممەد ناسىر تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە (1199 —

www.uyghurkitap.com

1214) مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقىنىڭ زاۋالغا يۈزلەنگەن ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىسپانىيەدىكى بارلىق خىرىستىيان دۆلەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان كۈچلۈك بىر بىرلەشمە قوشۇن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭ 1212 ـ يىلى لاس ـ ناۋاستا يۈز بەردى، نەتىجىدە مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بەربات بولدى.

مۇۋەھھىدىيلەر ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلۇپ، ناسىر ماراكەشكە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئىسپانىيەسىنى خىرىستىيانلار بېسىۋالدى. بەزى مۇسۇلمان پادشاھلىرى خىرىستىيان پادشاھلىقلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. پەقەت نەسرىدىيلارلا گىرانادادا تۇرۇپ قېلىۋەردى. مۇۋەھھىدىيلەر ماراكەشتە يەنە 50 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشتى، لېكىن پۈتكۈل مەغرىب بارا ـ بارا بەربەرلەرنىڭ دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. ئەڭ بۇرۇن ئاجرىلىپ چىققىنى ھەفسىدلار بولۇپ، ئۇلار تۇنىستا بىر خانلىق قۇردى، بۇ خانلىق 1228 ـ يىلدىن 1534 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. زىيانىدىلار 1235 ـ يىلى مۇۋەھھىدىيلەرنىڭ ئالجىرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، 1239 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى؛ مۇۋەھھىدىيلەرنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى قورغىنى بولغان ماراكەش مارىنىدىيلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مارىنىدىيلار 1195 ـ يىلى مۇستەقىل بولغانىدى، لېكىن ئۇلار مۇۋەھھىدىيلەرنىڭ زېمىنىنى بارا ـ بارا پىلە قۇرتىدەك يەپ قۇرۇتۇپ، تاكى 1269 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن مۇۋەھھىدىيلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىن پايتەختنى ئاخىرقى ھېسابتا تارتىۋالدى. 1275 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلار ئاتلاس تاغلىق رايونىدا مۇۋەھھىدىيلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلىدى.

**نەسرىدىيلەر پادىشاھلىقى (1250 — 1492)** بۇ ۋاقىتتا ئىسپانىيەدە بىرمۇنچە مۇسۇلمان پادىشاھلىقلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق خىرىستىيانلار بىرقانچە ئەسىر ئاۋارە بولغان مۇسۇلمانلار ئىسپانىيەسىنى ھالاك قىلىش ئىشىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئىسپانىيەدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك ئەڭ ئاخىرقى بىر پادىشاھلىق نەسرىدىيلەر پادىشاھلىقىدۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى گرانادا بولۇپ، بۇ كىچىك خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن 1250 ـ يىلدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى ھالاكىتىگە قەدەر، يەنى 1492 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. گرانادادىكى پادىشاھلار سىياسىي جەھەتتە ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە زېمىنىنى چىڭ تۇرۇپ قوغدىدى ۋە ئۇ يەردە ئۆز ماكانلىرىنى قۇرۇشتى. نۇرغۇن داڭلىق ئىمارەتلەر (ئەلھەمبرا مانا شۇلارنىڭ بىرسى) ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**ئەبۇ ئابدۇللا** بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئەبۇ ئابدۇللا بولۇپ، كاستىلىيە ۋە ئاراگون پادىشاھلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىدا، ئۇنىڭ ئۆز شەھىرىنى ساقلاپ قېلىشقا چامىسى يەتمىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ بىرلەشمە قوشۇن مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ باشقا جايلىرىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. گرانادا قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ھەمراھلىرى بىلەن ماراكەشكە قېچىپ كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ گۈزەل پايتەختتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان چاغدا كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىققان ئانىسى ئۇنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلغان ھالدا: «قىز بالىغا ئوخشاش قىلىق قىلما،

www.uyghurkitap.com

ئوغۇل بالىدەك چىڭ تۇرۇپ ساقلاپ قالالمىغان نەرسىلىرىڭ ئۈچۈن يېشىڭنى ئېرتىۋەت!» دېگەن. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار شان ـ شەرەپ سادالىرى ئىچىدە ئۆزلىرى 700 يىلغىچە ئىستېلا قىلىپ تۇرغان دۆلەت ــ ئىسپانىيەنى ھەسرەت ۋە ئار ـ نومۇس ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويدى.

**ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتى** بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا تارىخچىلىرى مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ تارىخىنى يازغاندا مۇنداق دېيىشىدۇ: مۇسۇلمانلار يالغۇز ئىسپانىيەدە قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن چىرايلىق ئىمارەتلىرى بىلەن داڭ چىقىرىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى بىر مەشئەلنى ياندۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى، بۇ مەشئەل ئۆزىنىڭ يالقۇنى ۋە نۇرى ئارقىلىق پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانى بىرقانچە ئەسىرلەرگىچە يورۇتۇپ تۇردى. ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمان ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ياۋروپا خىرىستىيانلىرىنى 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تەربىيەلەپ بەردى. ياۋروپا ئاتالمىش زۇلمەتلىك دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، مۇسۇلمان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىلىم مەشئىلى ھەممىشە ئاتەشتەك يېنىپ تۇرغاندى. پەيلاسوپلارنىڭ ئىسمى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى پاراڭلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مەسىلەن، ئىبنى روشدنى ئاۋرو ئىسىر دەپ، ئابدۇل مەئمۇننى مەيمۇنىدىن دەپ ئاتىشاتتى. تەسەۋۋۇپچى ئىبنى ئەرەبىي بىلەن ئۇلۇغ سەيياھ ئىبنى جۇبەير، ئىبنى بەتتۇتەلەر بىرقانچە يۈز يىلغىچە داڭ چىقىرىپ كەلگەنىدى. بۇ داڭلىق زاتلارنىڭ ھەممىسى ئىسپانىيەدە بارلىققا كەلگەن. كوردوۋا، سېۋىلىيە قاتارلىق شەھەرلەر، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى.

مۇسۇلمان **پەيلاسوپلىرى** ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنيادا بارلىققا

كەلگەن ئىدىيەلەر جەھەتتىكى ئەڭ زور تۆھپىلەر ئىسپانىيەنىڭ مۇسۇلمان پەيلاسوپلىرىغا خاس بولۇشى كېرەك. دەسلەپكى خىرىستىيان پوپلىرىنىڭ جاھىللىقى ئارقىسىدا ياۋروپادا تاشلىۋېتىلگەن يۇنان پەيلاسوپلىرى ئابباسىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمان پەيلاسوپلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە سىڭدۇرۇۋېتىلدى، يۇناننىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى بىلەن يۇناننىڭ دىيالېكتىكىسى تەپەككۇرنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىگە ئايلانغانىدى. بۇنداق خاھىشنى كېيىنكى ئابباسىيلار ئاخىرلاشتۇردى. نەتىجىدە خۇددى يۇقىرىقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەشئەرى ئىلمىي ئېقىمى بارلىققا كەلدى. ئەمما، بۇ ئېقىمنى ئۇلغايتقان كىشى غەززالى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنى ئەنئەنىۋى مەرىپەت ئىدىيەسىگە قايتۇردى. خىرىستىيان دىنىنىڭ مەدرىسە پەلسەپىسى مۇتەپەككۇرلىرى سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە دوگمىچىلىق تەرىپىدىن تۇسۇلۇپ قېلىپ ئالغا باسالماي توختاپ قالغاندا، شەرق ۋە غەربتىكى مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئېتىقاد بىلەن ئىدراكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا بىرلىككە كەلتۇردى. خۇددى P.K هىتتىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىلىم - پەن پەلسەپە ۋە ئىسلامىيەت ئىلمىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزدە تۇتقاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇسۇلمان پەيلاسوپلىرىنىڭ تۆھپىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ[1].

**ئىبنى باجە، ئىبنى تۇفەيل، ئىبنى روشد، ئىبنى مەئمۇن** بۇ جەھەتتە ئەڭ گەۋدىلىك تۆت زات بار. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىبنى باجە بولۇپ، ئۇ پەيلاسوپ، ئالىم، قوشۇمچە تېۋىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق تۆھپىلىرى «تەدبىر ئەل مۇتەۋەھھىد»ناملىق ئىلمىي ماقالىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بايان قىلغان ئاساسىي

---

① P.K هىتتىنىڭ «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، 6 - نەشرى، 580 - بەت — ئاپتور.

تېمىسى، ئادەم ئاللاھ بىلەن (ئاكتىپ ئەقىل ئىگىسى بىلەن) بىرلىشىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. شۇڭا پەلسەپىنىڭ نىشانىسى ئادەم روھىنىڭ قانداق قىلىپ ئاللاھ بىلەن قوشۇلۇش ئارقىلىق تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب غايە ـ ھە ! باجەدىن كېيىنكىسى ئىبنى تۇفەيل (يەنە بىر ئىسمى ئەبۇبەكرى ئىدى، ئۇ تېۋىپ ھەم پەيلاسوپ بولۇپ، 1105 ــ 1185 ۋاپات بولغان)، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئىبنى روشددۇر. بۇلار مۇۋەھھىدىيلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالىقىنىدىكى گۆھەر ئىدى. مۇۋەھھىدىيلەرنىڭ ئۆزى ناھايىتى ئەنئەنىچى ئىدى، لېكىن پەلسەپە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەشكە نىسبەتەن ياخشى قاراشتا ئىدى. ئىبنى تۇفەيلنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسىرى پەلسەپىگە دائىر بىر ھېكايىسى بولۇپ، بۇ ئەسەر «تىرىك ئادەم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبنى تۇفەيل بۇ كىتابتا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى تۇنجى قېتىم يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ھېكايىدە، بىر يالغۇز ئارالدا 50 يىل يەككە ـ يېگانە تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەم ئۆزىنى تەربىيەلىگەن بىر ئادەم تەسۋىرلەنگەن، ئاپتور بۇ ئەسەردە بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ ھېچقانداق كىشىنىڭ ياردىمىسىز بارا ـ بارا ئەڭ يۈكسەك بىلىمگە ئېرىشىدىغانلىقى ھەمدە ئادەم بىلەن ئەڭ يۈكسەك سۇبستانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن. بۇ كىتاب ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان: ئىسپان تىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تەرجىمە نۇسخىسى 1934 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ۋاھالەنكى، ئىسپانىيەدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇسۇلمان پەيلاسوپ ئىبنى روشد (1126 ــ 1198) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشى بىر تېبابەتچىلىك قامۇسىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە يازغان ئىزاھلىرى، ئەسلەتمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن تاللىۋالغان مۇھىم نۇقتىلىرى بىرقانچە يۈز يىل دەرسلىك قوللانما قىلىپ كېلىنگەن. ئۇنىڭ پەلسەپىگە قوشقان

ئاساسلىق تۆھپىسى «قاملاشمايدىغان گەپ قىلغۇچىلارنىڭ قاملاشمىغان گەپلىرى»ناملىق پەلسەپە ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئىمام غەززالىنىڭ تەنقىدىي ماقالىسى «پەيلاسوپلارنىڭ قاملاشمىغان گەپلىرى»گە جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىلغان، روشدنىڭ ئەسەرلىرى ئەنئەنىچىلەر ئارىسىدا ئانچە تارقىلالمىغان، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى بەكلا ئەركىن بولغاچقا، سەپسەتىچىلەر ۋە نوپۇزلۇقلارغا بېرىلگەن رەددىيەسى ئېھتىمال ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، بۇ روشدنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ چاغلاردا بىلىم ئەھلىلىرى پەقەت ئۇستاز ئىبن سىنا بىلەن تەپسىرچى ئىبنى روشدتىن ئىبارەت ئىككى ئۇستازنىلا بىلەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدە ئىبنى روشد تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتە ئەقلىيەچىلىككە تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋەھىيسىدىن باشقا بارلىق ئېتىقادقا ئەقلىيەچىلىك نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچىغا تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارايتتى. ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرى زامان رادىكال نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۆت ئۇلۇغ زاتنىڭ ئاخىرقى بىرسى ئىبنى مەئمۇندۇر (1135 — 1204). بەزىلەر ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى دەپ كېسىپ ئېيتسىمۇ، ئۇ يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلغان جايى كوردوۋادىن مىسىرغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردە ئۇ سۇلتان سالاھىددىننىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، سۇلتاننىڭ ئوردا تېۋىپى بولغان. مەئمۇن ئىسلامىيەتنىڭ باشقا ئۇلۇغ زاتلىرىغا ئوخشاشلا ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان كىشى ئىدى، ئۇ ئاسترونوم، تېۋىپ ۋە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «تۇيۇق يولدىكى ماياك» بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئېتىقاد بىلەن ئىدراكنىڭ بىردەكلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئۇ ئىنتايىن ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشلىرىنى پىسخىك تەجرىبە دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ بىر خىل يېڭى نەزەرىيەۋى چۈشەندۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭدا پىسخولوگىيەلىك تەھلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**تەسەۋۋۇپچى ئىبنى ئەرەبىي (1165 — 1240)** مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ ئاساسلىق تەسەۋۋۇپچىسى ئىبنى ئەرەبىي بولۇپ، ئۇ 1165 ـ يىلى مۇرىيەدە تۇغۇلغان. ئۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېۋىلىيەدە ئۆتكۈزگەن. ئەمما، 1202 ـ يىلى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن، ئىراق، سۇرىيە ۋە كىچىك ئاسىيادا ساياھەتتە بولغان. كېيىن دەمەشقتە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، 1240 ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئەرەبىي ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپچىلىقى، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپچىلىق تەجرىبىلىرى، لېكسىيەلىرى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق، پەلسەپىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرى ناھايىتى زور. ئۇ مەرىپەتچىلىك ئىلمىي ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاھ — نۇر دېمەكتۇر، مەنىۋى دۇنيا ئاللاھ نۇرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر؛ ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەت ئىدىيە جەھەتتىكى مەرىپەتتۇر، يەنى «ئەقلىلىك دېگىنىمىز، مەرىپەتلىك بولغان دېگەنلىكتۇر»؛ خۇددى ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ خاسلىقى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغىنىغا ئوخشاش، ئاللاھ بىلەن تاشقى دۇنيامۇ بىر نەرسە، دېگەن قاراشتا ئىدى. ئۇ ئىنسانىي كامىل (كامالەتكە يەتكەن ئادەم) توغرىسىدىكى ئۇقۇمغا ئىشەنگىنىدەك، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىنسانىي كامىل ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. بىراق، ئۇ خىرىستىيان دىنى ۋە يېڭى پىلاتونچىلىق ئىدىيەنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغانلىقتىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر «كەلىمە»دۇر، ئاللاھنىڭ يولى ئۇنىڭ بىلەن بىللە، دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ «بەختكە

ئېرىشتۈرگۈچى كىمىياگەرلىك» دېگەن داڭلىق ئەسىرى بىر مەسەل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قىلىنغان كېچىلىك مىراج سەپىرى»ناملىق ئەسەرنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە قات ئاسماننى ساياھەت قىلغانلىق ھېكايىسى مۇھاكىمە قىلىنغان. ئالىملار ئۇزاقتىن بۇيان دانتېنىڭ «تەڭرى كومېدىيىسى»ناملىق ئەسىرىدىكى ئۇقۇملار ئەرەبلەرنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدىن كەلگەن، دەپ قاراپ كەلمەكتە. ئەرەبچە دىنىس سىكوتىس، روگېر باكون قاتارلىق خىرىستىيان ئالىملىرىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى قامۇس شەكلىدىكى «مەككە ئىلھاملىرى» بولۇپ، ئۇ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان بىر مەنبەچىلىك ئاساسىدىكى مېتافىزىكىلىق پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**ئىبنى ھەزىم (994 — 1064)** ئەدەبىيات ساھەسىدە، ئىسلامىيەت ئىسپانىيەسىدە بەزى چوڭ يازغۇچىلارنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى «باھاسىز زۇننار»نىڭ ئاپتورى، كوردوۋالىق ئىبنى ئەبۇرەببىھى (860 — 940) بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «زۇننار» تۇنجى ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە. لېكىن، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەربابى يەنىلا ئىبنى ھەزىم (994 — 1064) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئابدۇلرەھمان Ⅲ ۋە ھىشام Ⅵ لەرگە ۋەزىر بولغان. ئۇمەييەلەر خەلىپىلىكى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تەركىدۇنيا بولۇپ، پىنھان يازغۇچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەزكىرىچىسى ئىبنى خەللىكان كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان مۇنداق بىر پاكىتنى يېزىپ قالدۇرغان:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىبنى ھەزىم كۆپ خىل پەنلەرنى شەرھلەيدىغان 400 خىلدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تارىخ، شېئىرىيەت، ھەدىسچىلىك ۋە مەنتىق ئىلمىگە دائىر ئەسەرلەر بولغان. ئۇ يەنە سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىقنى شەرھلەيدىغان «ئەقىدە ۋە بىدئەتچىلىك توغرىسىدا ئاخىرقى تەقرىز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ بۇ جەھەتتە ھازىرقى زامان ئىنجىل ئالىملىرىدىن بۇرۇنلا ناھايىتى چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنجىل ئۈستىدىكى تەقرىزلىرى ئەنە شۇنداق بولغان.

**شېئىرىيەت** شېئىر ئەرەب پادىشاھلىرى، خەلىپىلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ جەمەتى، دوست ـ يارەنلىرى ئارىسىدا ئەزەلدىن كەڭ تارقالغان بىر ساھە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە ئاساس سالغۇچى ئابدۇلرەھمان I نىڭ ئۆزى شائىر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان مۇتەمىد ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ئىتىمەدمۇ شائىر ئىدى. گرانادادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئەبۇ ئابدۇللامۇ شائىر ئىدى. خەلىپە مۇستەقفىنىڭ گۈزەل ۋە تالانتلىق قىزى ۋەللادەنىڭ ئىسپانىيە سەپخو[①]سى دېگەن نامى بار ئىدى. ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار شېئىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن، نۇرغۇن ئەرەبلەرنىڭ شېئىر توپلاملىرى بارلىققا كەلگەن، بەزىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى A.J ئاربېررى يېقىندا «ئىبنى سەئىدنىڭ بايرىقى» دېگەن تېمىلىق بىر شېئىرلار توپلىمىنى تەرجىمە قىلدى، بۇ توپلام 1243 ـ يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ شېئىرلار توپلىمىغا «مورلار شېئىرلىرى» دەپ نام بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەۋىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى بەزى

① سەپخو ــ قەدىمكى يۇناننىڭ داڭلىق شائىرى ــ جەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

شېئىرلاردا ئەرەبلەرنىڭ يۈكسەك ئېستېتىكا، مىجەز ـ ئەخلاقى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئىپادىلەنگەن.

**تارىخچى ئىبنى ھەلدۇن (1332 ـــ 1406)** ئەرەبلەر تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىشتىمۇ ھېكايە يازغانغا ئوخشاشلا كەسىپ ئەھلى ئىدى. شۇڭا، ئۇزاق ئۆتمەيلا تارىخ ئىلمىنىڭ گۈل ـ غۇنچىلىرى ئىسپانىيەدە چېچەكلىدى، ھەتتا 10 ـ ئەسىردىلا (يەنى ئابدۇلرەھمان III ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە) ئەبۇبەكرى ئىبنى ئۆمەر قۇتىيا «ئىسپانىيەنى ئىستېلا قىلىش تارىخى»نى يېزىشقا كىرىشكەندى. سەل كېيىنرەك ئىبنى ھەييان (988 ـــ 1078) تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى (گەرچە ئۇنىڭ نامىدىكى 60 نەچچە كىتابنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ). بىز ئالدىنقى بابتا مىسال كەلتۈرگەن ئەل ماراكېشى مۇۋەھھىدىيلەر خانلىقىنىڭ تارىخچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان. كوردۇۋالىق ئىبنى فارادىنى (962 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا بىرمۇنچە تارىخچىلارمۇ ئۆتكەن. ئىبنى فارادى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، بۇلاردىن ھازىر تاپقىلى بولىدىغانلىرى «ئىسپانىيەدىكى ئەرەب ئالىملىرى تەزكىرىسى»دىنلا ئىبارەت. ئەمما، بۇ ئالىملار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى ئابدۇلرەھمان ئىبنى ھەلدۇن بولۇپ، ئۇ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ قەيرۇۋان شەھىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان، 1361 ـ يىلى گرانادا سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ بىرمەھەل دىپلوماتىيە ئورۇنلىرىغا ياللىنىپ ئىشلىگەن. لېكىن، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ يەنە مەغرىبكە قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە تارىخ يېزىشقا كىرىشكەن. 1382 ـ يىلى قاھىرەگە كېلىپ، ئەزھاركا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس بەرگەن، ئۇ يەردە باش قازى بولغان. 1401 ـ يىلى بۇيرۇققا بىنائەن خەتەرلىك بىر ۋەزىپىنى، يەنى كىشىنى

www.uyghurkitap.com

شۇركۇندۇرىدىغان ھېلىقى ئاقساق تىمۇر بىلەن كۆرۈشۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان[①]. ئىبنى ھەلدۇن ئۆزىنىڭ تەزكىرىسىدە دەمەشق شەھىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ تارىخىي ئۇچرىشىشنى ئەسلەپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى «دۇنيا تارىخى» بىلەن تېخىمۇ داڭلىق ئەسىرى «تارىختىن مۇقەددىمە»نى ھېلىمۇ كىشىلەر ئاغزى ـ ئاغزىدىن تەگمەي ماختايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «تارىختىن مۇقەددىمە»سىنى تارىخ ساھەسىدىكى نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇ زور ئەسىرىدە تارىخىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسەتكۈچى ھاۋا كىلىماتى، جۇغراپىيىلىك شارائىت قاتارلىق فىزىكىلىق ئامىللارنى مۇھاكىمە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى بەربات بولۇشىغا، مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە روھىي ئامىللارنىمۇ مۇھاكىمە قىلغان. كىتابتا مۇھاكىمە قىلىنغان ئاشۇ قائىدىلەرنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ھېچكىم مۇھاكىمە قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 400 يىل ئىچىدىمۇ ھېچكىم ئىگىزىغا ئېلىپ باقمىغان. ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي پەيلاسوپى دەپلا ئەمەس، بەلكى تەڭداشسىز ئۇلۇغ زاتلارنىڭ بىرسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە. ۋاھالەنكى، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن تارىخ يېزىشقا لايىق ئەمەس دەپ كەمسىتىلىپ كېلىنگەن مىللەتتىن مەيدانغا كەلگەن.

**سەيياھ ئىبنى بەتتۇتە، ئىبنى زۇبەير** ئوقۇرمەنلەر ئىمام بۇخارى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوقۇغىنىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ سەيياھلار ئىدى. شۇڭا،

---

① 1401 ـ يىلى موڭغۇللار دەمەشققە ھۇجۇم قىلغاندا، ئىبنى ھەلدۇننىڭ مەملۇكىيلەر سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ تىمۇر بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتلىرى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەتتىنچى بابقا قارالسۇن ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ساياھەتچىسىنىڭمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بۇ كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى بەتتەتەدۇر. ئۇ پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئارىلاپ چىققان، ھەتتا بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ مۇھەممەد تۇغلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋرلەردە[①] ھىندىستانغا كېلىپ، ئۇ يەردە يەتتە يىل تۇرغان، كېيىن جۇڭگوغا كەلگەن، مالدىۋ تاقىم ئاراللىرىدا زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، بېنگال ۋە سەيلون ئارقىلىق قايتىپ كەتكەن. 1353 ـ يىلى ئۇ غەربىي ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن، چۆل ـ جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مالىي ئىمپېرىيەسىگە كىرىپ، تىمبۇكتۇغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ «يات ئەللەرگە سەيلە ۋە ساياھەتتىن غارايىباتلار ۋە ئاجايىباتلار»ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان قىزىقىشلىرى ۋە تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشكە تەشنالىق روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ خاتىرىنى ئوقۇغىنىڭىز سىزگە ھوزۇر ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرىدىغان يەنە بىر ئۇلۇغ سەيياھ ھاشىم ئىبنى ئەھمەد ئىبنى زۇبەير (1145 — 1217) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «رىھلەھ» («Rihlah»)ناملىق كىتابىدا ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئىراق ۋە سۈرىيەلەردىكى ساياھىتىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلغان. ئۇ يازغان ماتېرىياللار ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ۋىلىيام II نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى سىتسىلىيە ئارىلى ۋە ئەھلىسەلىپ دەۋرىدىكى سۈرىيەنىڭ ھاۋا كىلىماتى، جۇغراپىيەسى، كېمىچىلىكى، شىپاخانا ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «رىھلەھ» ئەرەب ساياھەت ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. زۇبەير ھەج قىلغۇچىلارنىڭ كەبىنى چۆرىدەپ ناماز ئوقۇغاندىكى

① سۇلتان مۇھەممەد تۇغلۇق 1325 — 1351 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن. سەككىزىنچى بابقا قارالسۇن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەھۋاللىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ ۋاقىتتا سالاھىددىن ئەھلىسەلىپنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بولۇپ، زوبەير كەڭ نامازخانلارنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ئاۋازگارتى ئۈچۈن جاراڭلىق سادالىرى بىلەن دۇئا قىلغاندىكى كۈچلۈك ھېسسىياتىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. خۇددى ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئۇلار سالاھىددىننىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئېلىپ ‹ئامىن دېگەندە› كىشىلەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتكەن.» ئۇ بۇ قەھرىمانغا چوڭقۇر ھېسسىيات باغلىغان، ئۇنىڭ يىرۇسالېمنى ئىگىلىگەنلىك خەۋىرى ئىسپانىيەگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا، گەرچە ئۇ ۋاقىتتا خىرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، يوللار خەتەرلىك بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر قېتىم سۈرىيەگە ساياھەتكە بارغان.

**تولېدودىكى تەرجىمە ئىدارىسى** بۇ يەردە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر غەلىتە تەرىپىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. تولېدو — ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مەركىزى ئىدى — 1085 - يىلى خىرىستىيانلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە، باش ئېپىسكوپ رايموند ئۇ يەردە بىر تەرجىمە ئىدارىسى قۇردى. تەرجىمە قىلىش ئىشى 1135 - يىلدىن 1284 - يىلغىچە داۋام قىلىندى. مۇشۇ بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە پۈتۈن ياۋروپادىكى ئالىملار ئۇ يەرگە جەم بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەرەبلەرنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى توپلايدۇ. ئەنگلىيەلىك ئالىملار، مەسىلەن، مىخايىل سكوت بىلەن چېستىرلىق روبېرتلار بۇ بىلىم خەزىنىسىدە كۆپ يىل ئىشلىگەن. روبېرت 1145 - يىلى خارەزمىنىڭ ئالگېبراسىنى تەرجىمە قىلغان، بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. يەنە بىر داڭلىق ئەنگلىيە ئالىمى باسلىق ئادېلارد تەخمىنەن 1126 - يىلى تولېدوغا كېلىپ، ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىدىن بولغان بۈيۈك ئىلمىي تەقۋىمچى (ئاسترونوم

ئەل مەجرىتىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرى جەدۋىلى»نى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلغان. مىخايىل سكوت ئىبىن سىنا بىلەن ئىبنى روشدنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ئەرەبلەر ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ كۆپ قىسىم مەھسۇلى ئەنە شۇ يوسۇندا ياۋروپالىقلارنىڭ بىلىم مىراسلىرى ئىچىگە قوشۇۋېلىنغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ياۋروپا ئەرەبلەردىن ئالغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىر، شەرق ئەللىرى، يۇنان، ئەرەب دۇنياسى ۋە غەربىي ياۋروپادىن تەشكىل تاپقان بۇ بىلىم زەنجىرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ئالاقە بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇپ قالدى. ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەندە، ئەرەبچىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىش ياكى بىلىم پەيدا بولغان جايغا بېرىپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ غەربلىكلەر نەزىرىدىكى قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. نەچچە ئەسىرلىك يىخەستەلىك ئۇلارنىڭ بۇ بىلىم پېشۋالىرى توغرىسىدىكى ئەس ـ خاتىرىسىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويدى. كېيىن بىرىپ مۇنداق بىر دەۋر بارلىققا كەلدى: دەل مۇشۇ بىلىم پېشۋالىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى، دۇنيامۇ ئۇلارنى شۇنچە ئاسان ئۇنتۇلۇپ كەتتىكى، ئۇلار بىلەن ئەتەي كارى بولمىدى.

**پەن ۋە ئەل مەجرىتى (1007 ـ يىلى)، ئەل زەرقەلى (1029 ـــ 1087)** ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاباسىيلار سۇلالىسىدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭكىدىن قىلىچە قېلىشمايدۇ. ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، بوتانىكا ۋە تېبابەتچىلىك جەھەتلىرىدە ئۇلاردىن بىرقانچە ئۇلۇغ زاتلار مەيدانغا كەلدى. ئاسترونومىيەگە بولغان قىزىقىش ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان

غەلىتە بىر خىل ئېتىقادتىن، يەنى ئاسمان جىسىملىرى، بولۇپمۇ سەييارىلەر ئادەملەرنىڭ تەقدىرى، ئىشلىرى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ دەيدىغان ئېتىقادتىن پەيدا بولغان. بارا ــ بارا قۇرۇقتىن ــ قۇرۇق پەرەز قىلىشلارنىڭ ئورنىغا ئىلمىي نۇجۇم ئىلمىنى سوغۇققانلىق بىلەن تەتقىق قىلىش دەسسىتىلدى. بۇ ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ــ ماتېماتىكا ئالىملىرى ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئەبۇلقاسىم مەسلەمە مەجرىتى بولۇپ، ئۇ كوردوۋادا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ خارەزىمىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى جەدۋىلىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنى مۇسۇلمان كالېندارىغا لايىقلاشتۇرغان. بۇ ئاسمان جىسىملىرى جەدۋىلى ئەسلىدە يېزد جىردىنىڭ ئىران كالېندارىنى ئاساس قىلغانىدى. مەجرىتىنىڭ ئۆلچەش ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماتېماتىكا بىلىملىرىنى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلاتتى. بۇ ساھەدىكى يەنە بىر داڭلىق ئەرباب ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى يەھيا زەرقەلى (1029 ــ 1087) بولۇپ، ئۇ تولېدودا ياشىغان. ئۇ خارەزىمىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توغرىسىدىكى مۆلچەر سانىنى تۈزەتكەن، خارەزىمىنىڭ ھېسابلاپ چىققان سانى پتولېمېينىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىراق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، زەرقەلى شۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئاسترونومى دەپ قارىلاتتى، ئۇ خۇددى كوپېرنىك كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە مۇقىملاشتۇرغىنىدەك، قۇياش بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئارىلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. مۇسۇلمانلارنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئەڭ ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇقۇم ــ «نۆل» نى قوبۇل قىلغانلىقى ھەم ئۇنى تەكشىلىكتىكى ئۈچ بۇلۇڭ ۋە ئىستېرېئولۇق ئۈچ بۇلۇڭلارغا تەتبىقلىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەبىر ئىبنى ئەفلاھ ئۆزىنىڭ «ئىلمىي نۇجۇم»ناملىق كىتابىدا پۈتۈن بىر بابىنى ئاجرىتىپ ماتېماتىكىنىڭ بۇ تارمىقىنى تونۇشتۇرغان. بەئەينى گېئورگى ستارتوننىڭ

ئېيتقىنىدەك: «ئەرەبلەرنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئىلمىي نۇجۇم جەھەتتىكى ئىككى چوڭ كەشپىياتى يېڭى ئارخىمېدكا بىلەن يېڭى تىرىگونومېترىيەدىن ئىبارەت» ئىدى①.

**مائارىپ** باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ جەھەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدە ئابباسىيلار سۇلالىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار ئىسپانىيەسىدە ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان. مۇسۇلمان ئەدەبىيات تارىخچىسى ئەل مەققارىنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئاياللارنىڭمۇ تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى خېلى كۆپ بولغان. دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر كەڭ بولغان، دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم» بىلەن تەپسىر دەرسلا بولۇپ، دەرسلەر روشەن دىنىي تۈس ئالغان، ئىسلامىيەت ئىلمى ئاساسىي دەرسلىك قىلىنغان، ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە، مەنتىق، ئەرەب گىرامماتىكىسى، شېئىر، ئىستىلىستىكا، تارىخ، جۇغراپىيەدىن تارتىپ تاكى لۇغەت تۈزۈش ئىلمىگىچە بولغان دەرسلىكلەر ئۆتۈلگەن. چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، مەسىلەن، كوردوۋا، سېۋىلىيە، مالاگا ۋە گرانادالاردا ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنغان. بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، مەسىلەن، كوردوۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىل، ئىلاھىيەت ئىلمى ۋە پەلسەپە فاكۇلتېتلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە تەبىئىي پەن فاكۇلتېتىمۇ بولغان. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى 12 ـ ئەسىردە گرانادادىكى نەسرىدىيەلەر خانلىقى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مەشھۇر شائىر ۋە تارىخچى لىساندىن ئىبنى

① گېئورگى سىتارتون: «ئىلىم ـ پەن تارىخى»، 1 ـ توم، 543 ـ بەت — ئاپتوردىن.

www.uyghurkitap.com

خاتىپ (1313 ــ 1374) باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ تەخمىنەن 60 ئەسەر يازغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى «گرانادا تارىخى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گرانادا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن فاكۇلتېتى، تېبابەتچىلىك فاكۇلتېتى، خىمىيە فاكۇلتېتى، پەلسەپە فاكۇلتېتى ۋە ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) فاكۇلتېتى قاتارلىق فاكۇلتېتلار بولغان. ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئەڭ قەتئىي قارشى تۇرىدىغان كاستىلىيە ۋە ئاراگون خىرىستىيان پادىشاھلىقلىرىدىكى خىرىستىيانلارمۇ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كېلىپ ئوقۇغان. K.P ھىتتى بۇ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يان تۈۋرۈكىدىكى مەشھۇر ئويما يېزىقنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ زاماندىكى مائارىپ غايىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئويما يېزىقتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «دۇنيانىڭ تۆت چوڭ تۈۋرۈكى بار، ئۇ بولسىمۇ دانىشمەنلەرنىڭ بىلىمى، ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئادىللىقى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ دۇئاسى، باتۇرلارنىڭ تۆھپىسىدىن ئىبارەت①.» ئەگەر كىتاب ـ ماتېرىياللار كەم بولىدىغان بولسا، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىلمىي تۈرمۇش جانلىنالمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ ياۋروپا بويىچە ئەڭ زور كىتاب بازىرى بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. قەغەز بولمىسا، كىتاب چىقارغىلى بولمايتتى، دەل قەغەزچىلىك سانائىتى ئالدىنقى شەرت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سانائەت ناھايىتى بۇرۇنلا ماراكەشتىن ئىسپانىيەگە كىرگۈزۈلگەن، شاتىبا مۇشۇنداق قەغەزچىلىك سانائىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. قەغەزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىسپانىيەدىن ئىتالىيە، فىرانسىيەلەرگە كىرىپ، ئاندىن پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالغان. بۇلار ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى شەرققە تاجاۋۇز قىلىشتىن بۇرۇن بولغان ئىشلار.

① K.P ھىتتى: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، 6 ـ نەشرى، 563 ـ بەت ــ ئاپتوردىن.

شۇڭا، كىتاب ۋە قەغەزمۇ مۇسۇلمان ئىسپانىيەسىنىڭ ياۋروپاغا قالدۇرغان مىراسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**بەزى كىچىك پادىشاھلىقلار ۋە سىتسىلىيە** بۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى يەنە بەزى كىشىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شىمالىي ئافرىقىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. بولۇپمۇ سىتسىلىيە بىلەن مىسىر ئۈستىدە توختىلىش كېرەك. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. سىتسىلىيە ئارىلى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىلا ئەغلەبىيلەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغانىدى. ئەمما، ئۇلار سىتسىلىيە ئارىلىغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئەمەس. پانتېللارىيە تەخمىنەن مىلادىيە 700 ـ يىلى ئىستېلا قىلىنغان، قەيرۇۋاننىڭ باش ۋالىيسى ھەبىب ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد 740 ـ يىلى سىراكۇسقا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە بىر بۆلەك خىراجقا ئىگە بولغان. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى بەربات بولغاندىن كېيىن، قەيرۇۋاننىڭ باش ۋالىيسى مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، سىتسىلىيە ئارىلىغا كۆپ قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. ئەمما، بۇ ئىش كۆپىنچە ۋىزانتىيەنىڭ سىتسىلىيەدىكى باش ۋالىيسى بىلەن تۇنىستىكى ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىش بىلەن نەتىجىلەنگەن.

**سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىستېلا قىلىش** بىراق، مىلادىيە 825 ـ يىلى بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، سىتسىلىيە ئارىلى بويسۇندۇرۇلىدۇ. ۋىزانتىيە پادىشاھىدىن كۆڭلى قالغان ئارزۇلۇق ۋەزىر ئېۋفامىس كاللىسىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ پادىشاھنىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىغا قارشى چىقىدۇ ۋە سىتسىلىيەنى ئىشغال قىلىدۇ، كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئافرىقىدىكى ئەغلەبىيلەر خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ، بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى زىيادەتۇللادىن باشپاناھلىق تىلەيدۇ. ئۇ بەزى ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېمىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، زىيادە ـ تۇللانى سىتسىلىيە ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدۇ. زىيادە ـ تۇللا بۇ قارامىلىققا ئانچە قىزىقمايدۇ، لېكىن ئاخىر 827 ـ يىلى 100چە كېمىدىن تەشكىل تاپقان بىر فىلوتنى سىتسىلىيە ئارىلىغا ئەۋەتىشكە قوشۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار شىمالدىكى مازارا پورتى ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بۇ پورتنى ئىشغال قىلىدۇ. ئارقىدىنلا پالېرموغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ قوشۇن ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئاۋادا ئىسپانىيەدىن كۆپلىگەن مۇسۇلمان تەۋەككۈلچىلەر يېتىپ كەلمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ سېپىنى كۈچەيتمىگەن بولسا، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار 831 ـ يىلى پالېرمونى ئىستېلا قىلىدۇ، ئەتراپتىكى جايلارنى يۇتۇۋالىدۇ ھەمدە بىر قاتار جەڭلەر ئارقىلىق بۇ ئارالنىڭ قالغان جايلىرىنىمۇ بويسۇندۇرىدۇ. ئەمما، سىتسىلىيە ئارىلىدىن باشلانغان ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلار بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىغانىدى. ئۇرۇش ئوتلىرى يەنە قۇرۇقلۇققا يامرايدۇ. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى 834 ـ يىلى مېسسىنانى، 859 ـ يىلى كاسترو گىيوۋاننى ۋە 878 ـ يىلى سىراكوسنى ئىشغال قىلىدۇ. ئاخىرىدا 895 ـ يىلى ۋىزانتىيەلىكلەر سىتسىلىيە ئارىلىغا بولغان بارلىق ھوقۇق تەلەپلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەغلەبىيلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئىتالىيەنىڭ تۇمشۇقى ۋە تاپىنى بولغان بارى بىلەن تارانتودا مۇستەملىكە بەرپا قىلغانىدى. ئۇلار ناپلىس ۋە رىمغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا رىم پاپاسىمۇ (پاپا يوھان Ⅷ، 872 — 882) نائىلاج ئىككى يىل خىراج تۆلىدى. 30 نەچچە يىل ئىچىدە (882 — 915) گورىگلىيادىكى ئىتالىيە مۇسۇلمان كۆچمەنلىرى ئۈزۈكسىز جازا يۈرۈشى قىلىپ، رىم شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى، ھېچقانداق كۈچ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى.

**سىتسىلىيە ئارىلىدىكى مۇستەقىل مۇسۇلمان پادىشاھلىقى — كالبى** سىتسىلىيە ئارىلى 909 ـ يىلى ئەغلەبىيلەر خانلىقىنى فاتىمىيلەر سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانغا قەدەر باشتىن ـ ئاخىر قەيرۇۋاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەندى، شۇنداقلا فاتىمىيلەر سۇلالىسى بىر مەزگىل سىتسىلىيەگە يەنىلا باش ۋالىي ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. لېكىن، فاتىمىيلەر سۇلالىسى 972 ـ يىلى پايتەختىنى مىسىرغا كۆچۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەركەزنىڭ بۇ ئارالدىكى كونتروللۇقى ئاجىزلىشىپ، ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باش ۋالىيسى ھەسەن ئىبنى ئەلى كالبىنىڭ قولىدىكى ئاتا مىراس نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. كالبى جەمەتىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1040 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. بۇ چاغدا ئارالدا سىتسىلىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئافرىقا مۇسۇلمانلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپ بارلىققا كېلىپ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئارال ھۆكۈمىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. پالېرموغا بارا ـ بارا بىر ئاقسۆڭەكلەر كېڭەش ھەيئىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، قالغان جايلارغا بەزى قەبىلە ئاقساقاللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشتى. بۇنداق ھالەت تولا چاغلاردا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى، بالايىئاپەت ئەرەبلەرنىڭ بېشىغا نورمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سۈپىتىدە كېلىپ چۈشتى. بۇ نورمانلار ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىستېلا قىلىۋالغانىدى؛ ئەمدىلىكتە ئۇلار بۇ ئارالغا بېسىپ كىرىشتى. 1061 ـ يىلى روگېر I مىسسىنانى بېسىۋالدى، ئۇ تەخمىنەن 30 يىل ئىچىدە پۈتۈن ئارالنى دېگۈدەك ئىگىلىۋالدى. پارچە ـ پۇرات قارشىلىق كۆرسىتىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ سىتسىلىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئارالغا 200 يىل ھۆكۈمرانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشتى. قىزىق يېرى شۇكى، گەرچە تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمان شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەردىن ئافرىقىغا كەتكەن بولسىمۇ، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نورمان ـ ئەرەب مەدەنىيىتى بۇ ئارالدا يەنە 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ ئىتالىيەنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە ئىتالىيە ۋە جەنۇبىي ياۋروپانىڭ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پېنىگە مەڭگۇ ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

**سىتسىلىيەدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى** ئەرەب ــ سىتسىلىيە يازغۇچىلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نابۇت بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس ئىدى. ماتېرىياللارنىڭ ئاسانلا كۆمۈلۈپ قېلىشى، مەدەنىيەتلىك تەبىقىلەرنىڭ سىتسىلىيەدىن ئافرىقا ياكى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ كېتىشى، دەسلەپكى نورمانلار پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىق ۋە بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەر لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلىي ئەسەرگە سەل قاراشنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار مۇشۇنداق پاجىئەلىك يوقىتىشنى پەيدا قىلغان ئاساسلىق ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىسى، جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق نورمانلار بىلەن روگېر II ، فرېدېرىخ III كە ئوخشاش گېرمان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئەرەب تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋە كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالېرمودا زىيارەتتە بولغان جۇغراپىيە ئالىمى ۋە ساياھەتچى ئىبنى ھەۋقەل ئۇ يەردىكى ئەرەب مەركىزىنىڭ كۆلىمى ۋە ھەيۋىتىنى تىلغا ئالغاندا مۇنداق دېگەن: ساناپ باقسام پالېرمو شەھىرىدىلا 300چە مەسچىت بار ئىكەن، شەھەردە 300 نەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن، ئۇلار بىلىمى، تەقۋادارلىقى ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى

دېھقانچىلىق، قول سانائەت ۋە ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىدىكەن. بىرقانچە ئۇنىۋېرسىتېتلار بولۇپ، ئۇلار كوردوۋا بىلەن باغدادتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن قېلىشمايدىكەن. سىتسىلىيە ئارىلى تەرەققىي قىلىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەقىقىي قوشۇلۇش ئورنىغا ئايلىنىپتۇ. يۇنانلىقلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى دەل مۇشۇ يەردە تامامەن بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

## نورماندىلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى

نورماندىلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد پادىشاھى روگېر I ئەرەبلەرنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنى ساقلاپ قالدى، ئەرەب ئالىملىرى، پەيلاسوپلىرى، ئاسترونوملىرى ۋە تېۋىپلىرى ئوردىدا ئۆزىگە يارىشا مەرتىۋىگە ئىگە بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئوردىغا كېلىپ زىيارەتتە بولغانلىكى ياۋروپالىقلار روگېر I نى شەرقنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتايتتى. ئەرەبلەر مانا شۇ يوسۇندا يەنە بىر ئەسىرگىچە كۆپ قىسىم كەسىپلەرنى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇردى. دېھقانچىلىق جەھەتتە، ئۇلار سىرتتىن شېكەر قومۇشى، ئۈزۈم تالالىق كەندىر تېرىش، زەيتۇن دەرىخى ۋە تورلۇك مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشتەك نۇرغۇن يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزدى. «پاپىروس» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكمۇ① تېرىلاتتى. سىرتتىن ھەتتا پىلە بېقىش تېخنىكىسىمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى. ئىسپانىيەلىك مۇسۇلمان ساياھەتچى ئىبنى زۇبەير 1185 ـ يىلى سىتسىلىيە ئارىلىدا زىيارەتتە بولغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى نورمان پادىشاھى ۋىلىيام II نىڭ ئەرەب يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغانلىقى ۋە يازالايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك زور بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. ئۇ ھەتتا پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئاشپەزلەر باشلىقىنىڭمۇ

① قەدىمكى مىسىرلىقلار قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بىر خىل سۇ ئۆسۈملۈكى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان ئىكەنلىكى، پايتەختتىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كىيىنىدىغانلىقى، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقى، نۇرغۇن دېلو ـ خاتىرىلەرنىڭ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغانلىقى، ئەرەب يېزىقىنىڭ تىللاغىمۇ ئويۇلغانلىقى، ھەتتا تىللاغا ھىجرىيە ئاي، كۈنلىرى ئويۇلغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلغان.

**فرېدېرىخ II نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مەدەنىيەت**

«دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزە» شۇكى، مۇقەددەس رىمنىڭ پادىشاھى فرېدېرىخ II (1194 ــ 1250) سىتسىلىيەنى ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي قىلغان. ئۇ ئەرەبلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ بىلىمىگە مەپتۇن بولغانلىقتىن، باشقىلار تەرىپىدىن «بىدئەتچى» دەپ ئاتالغان. ئۆز ئوردىسىدا ئەرەب پەيلاسوپلىرى ۋە ئالىملىرىنى خىزمەتكە قويغان. ئۇ مىسىردىكى ئەييۇبىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان كامالنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئالماشتۇرۇشقان، ئەدەبىيات ۋە ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشكەن، فرېدېرىخ II شەرقنىڭ رەققاسلىرىنى (ئۇسسۇلچى قىزلىرىنى) ياقتۇرغانلىقتىن، ھەتتا بىر ھەرەمخانىنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئۇ بۈركۈت بىلەن ئوۋ قىلىشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، بۈركۈت ئوۋچىلىقىغا دائىر پارس ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغان، كېيىن ئۆزىمۇ بۈركۈت بىلەن ئوۋ قىلىش توغرىسىدا بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتاب ياۋروپادا مۇشۇنداق «شاھلار ھەرىكىتى» توغرىسىدا يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي كىتاب دەپ قارىلىدۇ. ئىسپانىيەدە ئۇزاق زامان ئەرەبلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئالىم مىخايىل سكورتمۇ فرېدېرىخ II گە خىزمەت قىلغان. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ بىيولوگىيەگە دائىر ئەسىرى بىلەن ئىبىن سىنانىڭ بۇ توغرىسىدىكى مەشھۇر تەقرىزلىرىنى لاتىنچە قىسقىچە بايان قىلغان.

**سىتسىلىيەنىڭ** رولى تۆت ئەسىر داۋاملاشقان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، يېڭىچە تىل، يېڭىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ۋە يېڭىچە ئويمىچىلىق (نەققاشلىق) جەھەتتە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى ۋە ئۇ سىتسىلىيە ۋە جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئەرەب ئۇسلۇبى بىلەن ئەرەب نۇسخىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، ئەرەب تىلىنىڭ ئورنىغا ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادا مەدەنىي تىل سۈپىتىدە دەسسىگەن تىل ئىتالىيان تىلىدۇر. لاتىن تىلى ئىككى ئەسىرلىك تەرجىمە خىزمىتى جەريانىدا ناھايىتى بېيىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقتى ئۆتكەن تىل ئىدى؛ ئۇ ئىشلىتىش جەھەتتە نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا ئىتالىيان تىلى ئىگىلىدى. ھالبۇكى، ئىتالىيە ئەدەبىياتى دەل ئەرەب ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئىتالىيە يازغۇچىلىرى ئەرەب شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە قوللىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب شېئىرلىرىنىڭ رىتىمى ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئوقۇملىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى ۋە قوللاندى. نۇرغۇن ئالىملار باھا بېرىپ مۇنداق دېيىشتى: دانتى «تەڭرى كۈيى»نى يېزىپ چىقانلىقى ئۈچۈن، ئىبنى ئەرەبى ۋە باشقا مۇسۇلمان تەسەۋۋۇپچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك. دانتىنىڭ پېتىرسىغا ئوخشاش، سوپىزمنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى پەرىشتىنىڭ ھىمايىسى بولۇپ، ئۇ سوپىلار مەزھىپىنى ياراشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پروۋېنسال شېئىرلىرى بىلەن پېترارك ۋە باشقا دەسلەپكى ئىتالىيە شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇچرايدىغان غايىۋىلاشتۇرۇلغان ئايال تۇغرىسىدىكى ئۇقۇم ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەرەب شېئىرلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، بۇ شېئىرلاردا كۆپىنچە غايىدىكى ئايالغا بولغان خۇشتارلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ ئايالنى ئويلاشقىلا بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى

شۇكى، مۇزىكا توغرىسىدىكى ئۇقۇمىمۇ ئەرەبلەردىن كەلگەن. 9 ـ ئەسىردىلا ئەرەبلەر مۇزىكا توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ئەل فارابىي ئۆزىنىڭ «مۇزىكا نەزەرىيەسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. ئۇلۇغ مۇزىكا نەزەرىيەچىسى سافىدىن مۇنتىزىم مۇزىكا مەكتىپى ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپ كۆلىمىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن داڭ چىقارغان. ئەرەب مۇزىكا ئاھاڭلىرى بۈۋى مەريەمگە بېغىشلانغان مەرسىيەلەرگە تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىناتتى. شۇ دەۋردە تۈزۈلگەن نۇرغۇن ناخشىلار توپلىمىغا، بولۇپمۇ ئىسپانىيە ناخشىلىرى توپلىمى بىلەن سىتسىلىيە ناخشىلىرى توپلىمىغا ئەرەب نەغمە ئاھاڭلىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. ئىتالىيە مۇزىكىلىرى بىلەن جەنۇبىي ياۋروپانىڭ مۇزىكىلىرىدىمۇ ئەرەب مۇزىكىلىرىنىڭ ئامىللىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر پاكىت شۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەرەبلەردىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سىكۇلو ئەرەب نۇسخىسىدىكى ئىمارەتلەردۇر. مەسىلەن، قوڭغۇراق راۋىقى، تۆۋرۈكلۈك پېشايۋان، كۆپ بۇلۇڭلۇق گۈمبەزسىمان ئىمارەتلەر، ئىنچىكە نەققاشچىلىق ۋە زەرگەرچىلىك قاتارلىقلار. شۇڭا، سىتسىلىيە ئارىلىدىكى سىكۇلو ـ ئەرەب مەدەنىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن ئىتالىيەنىڭ يېڭى ياۋروپا مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولغانىدى. ئىسپانىيەدىن كېيىن، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تېز تەرەققىي قىلىشى — كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى — مۇ ئوخشاشلا سىتسىلىيە مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولۇشى كېرەك.

**تۇلۇنىيلار خانلىقى (868 — 905)** بۇ يەردە شىمالىي

ئافرىقىدىكى بەزى كىچىك پادىشاھلىقلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىمىز. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىسىردا مەشھۇر مۇسۇلمان خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەد ئىبنى تۇلۇنى بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئابباسىيلار تەرىپىدىن مىسىرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىلگەن كىشى ئىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن تۇلۇنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. مىسىردا ئون نەچچە باش ۋالىي ئۆتكەن، گەرچە ئۇلار ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىلىپ ـ يۇلۇپ ئالۋان ـ ياساق ئېلىپ، مىسىرنىڭ بايلىقىنى بارغانسېرى قۇرۇتۇۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە تۇلۇنى دۆلەتنىڭ مالىيەسىنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ئۇ ئۇنۇملۈك ئۇسۇل بىلەن 16 يىل ھۆكۈم سۈردى، سانى كۆپ بولغان ئارمىيەنى ۋە ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە قاتتىق ئىنتىزامنى يولغا قويدى. 877 ـ يىلى ئۇ سۈرىيەنى ئىشغال قىلدى، بىر فىلوت قۇرۇپ پەلەستىننىڭ ئاككا (ئاكرې) دېگەن ئارمىيە بازىسىنى قوغدىدى. تۇلۇنى ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق كىرىمىنى ياخشىلاپ، دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلىدى. ئۇ تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە كۆپلەپ مەبلەغ توپلىۋالغاندىن كېيىن، چىرايلىق ئىمارەتلەرنى سېلىشقا كىرىشتى. ئۇ يەنە نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ زور بىر شىپاخانا سالدۇردى. تۇلۇنى مۇسۇلمانلار تارىخىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى كىچىك دۆلەتنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ھۆكۈمرانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

ھۇماراۋا **(884 ـــ 895)** تۇلۇنىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ھۇماراۋا ئولتۇردى. ئۇ يا قابىلىيىتى، يا زېھنىي كۈچى يوق ئىدى. ئۇ راھەت ـ پاراغەت، ئەيش ـ ئىشرەت قوغلىشىپ ئاتىسىدىن قالغان مال ـ دۇنيانى قەسىر سېلىش ۋە كەيپ ـساپالىق تۇرمۇشقا سەرپ قىلىۋەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىسمى «ئېسىل شاراب، سەتەڭ ئايال ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل» بىلەن مەنداش سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ بىر قەسىر سالدۇرغان بولۇپ، قەسىرنىڭ جاھازلىرى تولۇق ۋە ھەشەمەتلىك بولغان، قەسىرنىڭ گۈللۈك باغچىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاز تېپىلىدىغان دەل ـ دەرەخ، ھەيكەل ۋە دېرىزىلەرگە ئىشلەنگەن نازۇك نەققاشلار، باغ ئىچىدىكى كۆللەر، ئۇچار قۇشلارخانىسى ۋە ھايۋاناتلار باغچىسى قاتارلىقلار «مىڭ بىر كېچە» دىكى خىيالىي ئوردىلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. تۇلۇنىنىڭ تۇجۇپىلەپ يىغقان بىساتىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى سۆلەتۋازلىق ئىشلىرىغىمۇ سەرپ قىلىۋەتكەن. ئۇ باغداد خەلىپىسى مۇتەدىدقا ياتلىق قىلىپ بەرگەن قىزى ئۇچۇن شۇنچىلىك كۆپ قىزلىق سەرپاي تەييارلىغانكى، بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئىبنى ھەللىكاننىڭ «مەشھۇر زاتلار تەزكىرىسى»دە قىزلىق سەرپاينىڭ ئەمەلىي قىممىتى 1 مىليون دەرھەم ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن باشقا، مىڭ كەمچەك ئالتۇن ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغاتلار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، تۇلۇنىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزاققا بارىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. تۆتىنچى ئەۋلادقا بارغاندا، ھۆكۈمرانلىقى چېچىلاڭغۇ بولۇۋاتقان بۇ دۆلەتنى ئابباسىيلار سۇلالىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

**ئىخشىدىيلار خانلىقى (935 ــ 969)** تۇلۇنىيلار خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئابباسىيلار سۇلالىسى مىسىرغا يەنە ھۆكۈمران بولدى، لېكىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق كۆپ دېگەندە ئىنتايىن تۇراقسىز تىزگىنلەپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. تەخمىنەن 30 يىلدىن كېيىن، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەسلىي زاتى تۈرك بولغان يەنە بىر باش ۋالىيسى مىسىرنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. بۇ كىشى مۇھەممەد ئىبنى تۇغى دېگەن كىشى ئىدى، ئۇ ئۆزىگە قەدىمكى پېرسىيەنىڭ ھۆرمەت نامى «ئىخشىد»نى

قولاندى. يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى ئىخشىدىيلار ئۇزاققا بارمايلا پەلەستىن ۋە سۈرىيەلەرنى يۇتۇۋالدى. 924 ـ يىلى ئۇ يەنە ئۆز زېمىنىنى ھىجازغىچە، جۇملىدىن مەككە بىلەن مەدىنە شەھىرىگىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى، تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى ئۇ ئۆلگەن ۋاقىتتا كەلگەندە، ئۇ مۇستەقىل پادىشاھقا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولغاچقا، دوست ـ يارەنلىرىگە داستىخىنى مول بولۇپ، سېخىيلىق بىلەن خەير ـ ئېھسان قىلاتتى.

**ھەبەشىستانلىق ئەبۇمىسكى كافور** مۇھەممەدنىڭ ئىككى ۋارىسى ھەم ئاجىز، ھەم قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ غوجىدارى نەسەبى پەس بولغان نېگىر ھەرەمئاغىسى ئەبۇمىسكى كافور مىسلىسىز قابىلىيىتى ئارقىلىق خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مىسىر بىلەن سۈرىيەدە مۇسۇللۇق ھەمەدانىيلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، ھەمەدانىيلار توغرىسىدا بەشىنچى بابتا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. كافور ئۇنۇملۇك باشقۇرغۇچى، شۇنداقلا شۆھرەتپەرەس كىشى ئىدى، ماختاش بىلەن مەسخىرىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەدھىيە ئوقۇش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئىدى. كافورنىڭ دۈشمىنى — ھەمەدانىيىنىڭ ئوردا شائىرى، چوڭ ئەرەب شائىرى مۇتەنەببىي ھەتتا ئۇنى ئۆلمەس ئۇلۇغ زات دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. كافور ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىقتا يەنىلا بۇرۇلۇش بولمىدى يا سىياسىي جەھەتتە، يا ئېستېتىكا جەھەتتە يا ئىسلامىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەن تۇرمۇشى جەھەتتە ھېچقانداق تۆھپە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. فاتىمىيلەر مىسىرغا كەلگەندە، ناھايىتى ئاز قارشىلىققا ئۇچرىدى، ياكى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، ئاخىر 969 ـ يىلى فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق

سەركەردىسى جەۋھەر ئىخشىدىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى توخۇ يۈرەك ھۆكۈمرانىنىڭ قولىدىن مىسىرنى تارتىۋالدى.

**مىسىردىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسى** بىز مەغرىب توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، تۇنىستىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسىگە دائىر بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇ يەردە سەئىد ئىبنى ھۈسەيىن رەھبەرلىكىدىكى ئىسمائىلىيلار مەزھىپى 909 ـ يىلى شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەغلەبىيلەر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى. سەئىد ئۆز ئىسمى بىلەن تەختكە ئولتۇرۇپ، ئىمام ئۇبەيدۇللا مەھدى دېگەن نامنى قوللاندى. ئۇ يەنە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەپ ئېلان قىلدى. شۇڭا، ئۇ قۇرغان سۇلالە فاتىمىيلەر سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ فاتىمە بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەلىنىڭ ئەۋلادى بولۇشىنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنلۇق ئەمەسلىكى مەسىلىسىدە مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولۇپ كەلمەكتە. ئىبنى ئاسىر، ئىبنى ھەلدۇن ۋە ئىبنى مەقرىزىغا ئوخشاش نوپۇزلۇقلار ئۇنىڭ ھوقۇق تەلىپىنى توغرا تاپىدۇ، ئەمما شۇلارغا ئوخشاشلا داڭلىق تارىخچى ئىبنى ھەللىكان، ئىبنى ئىزارى ۋە جالالىدىن سۇيۇتىلار بولسا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتىدۇ. بۇ تارىختىن بۇيان مۇنازىرە بولۇپ كېلىۋاتقان بىر نۇقتا.

**ئۇبەيدۇللا (909 ـــ 934)** ئۇبەيدۇللا غەيرىتى تولۇپ تاشقان، قولىدىن ناھايىتى ئىش كېلىدىغان ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئىككى يىلدىلا ماراكەشتىن مىسىرغىچە بولغان پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. ئۇ 914 ـ يىلى ئالېكساندرىيەنى بېسىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پۈتكۈل دېلتا رايونىنى بىر ئېلىپ، بارغانلا يېرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، قۇپقۇرۇق قىلىپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۈننىي

مەزھىپىدىكىلەرگە قىلچە ياردەم قىلغۇسى يوق ئىدى، ھالبۇكى بۇ يەرلەر سۈننىي مەزھىپىنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇبەيدۇللا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن بىر قاتار داڭلىق ئىستېلالار ئارقىسىدا شان ـ شۆھرەت قازاندى (گەرچە كۆپلىگەن ئىستېلالار باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا كەلگەن بولسىمۇ). ئۇ مارتا، سىتسىلىيە، ساردىنىيە، كورسكا ۋە بالىئارى تاقىم ئارىلىنى بېسىۋالدى. ئۇ ئەغلەبىيلەردىن ئۆتكۈزۈۋالغان فىلوتنى كۈچەيتتى ھەم مەھدى شەھىرىدە بىر دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى قۇردى. بۇ شەھەرنى ئۇ دېڭىز بويىغا سالغانىدى. ئۇ يەنە مەھدى شەھىرىنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم مۇھەممەد قەييۇم (934 ـــ 946) فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويى رايونىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى گېنۇيەنى بېسىۋالدى ھەمدە ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى نۇرغۇن ئېغىزلاردىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بارغانلا يېرىدە بۇلاڭچىلىق ۋە ئىستېلا قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى.

**جەۋھەر (909 ـ يىلى)** فاتىمىيلەر ئىخشىدىيلارنى قوغلاپ چىقىرىپ مىسىرنى يۇتۇۋالدى. فاتىمىيلەر بۇ چاغدا بەختكە يارىشا سىتسىلىيەلىك جەۋھەر سىقىللىي ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. دەل مۇشۇ جەۋھەر مىسىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەدىمىي پايتەختى فوستاتقا غەلىبە بىلەن كىرىپ، ئۇ يەردە بىر يېڭى شەھەرگە ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ شەھەرگە قاھىرە (قورقۇنچلۇق) دەپ نام بەردى. فاتىمىيلەر 973 ـ يىلى قاھىرەگە كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۇنى دۆلەتنىڭ پايتەختى قىلدى. جەۋھەر يەنە ئەزھەر جامەسىنى تەتقىقات ئاكادېمىيەسىگە ئايلاندۇردى، بۇ يەر ھازىرغىچە يەنىلا بىلىم يۇرتى بولۇپ كەلمەكتە، شۇڭا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىن

www.uyghurkitap.com

جەۋھەر ئۆزىنىڭ نۆكىرىنى سۇرىيە، پەلەستىن ۋە ھىجازنى ئىستىپلا قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي فاتىمىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى شەرقتىكى ھىجاز، سۇرىيەدىن غەربىي ئاتلانتىك ئوكيانغىچە كېڭەيدى.

**ئەبۇ مەنسۇر نىزار ئەزىز (975 — 996)** فاتىمىيلەر سۇلالىسى بەشىنچى خەلىپىگە كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇنىڭ زېمىنى باغدادتىكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭكىدىنمۇ كەڭ ئىدى. بۇ ئىككى سۇلالە ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا رىقابەت مەۋجۇت ئىدى. لېكىن، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئامراقمۇ ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمان دۇنياسىدا تەڭ ئورۇنغا ئىگە ئىدى، يەنى شەرقتە سۈننىي مەزھىپى ھۆكۈمران بولسا، غەربتە فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىكى شىئە مەزھىپى ھۆكۈمران ئىدى، فاتىمىيلەر ھەتتا كۆزىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسىگە تىكىپ تۇراتتى. ئەمما، كوردوۋا خەلىپىسىمۇ نادان ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ ئۆزى بىلەن فاتىمىيلەر سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. خەلىپە ئەزىز يېڭى قاھىرەدە نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى، مەسچىت، قەسىر، كۆۋرۈك ۋە باغچىلارنى بىنا قىلدۇردى. ئۇمۇ مەدەنىيەتنىڭ ھامىيسى ۋە فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىكى ئەڭ كەڭ قورساق كىشى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىللەردە غەيرىي مۇسۇلمانلار زادى ھاقارەتكە ئۇچرىمىدى، جەمئىيەت تەرتىپى رەتلىك بولدى.

**فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ يوقلىشى** ئىسلام دىنى ئۈچۈن شۇنىسى بەختسىزلىك بولدىكى، فاتىمىيلەرمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە ئابباسىيلار سۇلالىسى، ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسى ۋە ئۇ چاغدىكى باشقا نۇرغۇن خانىدانلىقلارغا ئوخشاش بىر خىل ئەجەللىك سىياسەتنى قوللاندى. ئۇلار تۈركلەر بىلەن

نىگىرلاردىن تەشكىل تاپقان بىر يالانما قوشۇن قۇردى. مۇشۇنداق قوشۇنلاردا ھەمىشە يۈز بېرىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، ئۇزاق ئۆتمەيلا لەشكەرلەرنى باشقۇرغىلى بولماي قالدى ھەمدە بۇ لەشكەرلەر پادىشاھنى تەختكە چىقىرىش ياكى تەختتىن چۈشۈرۈش جەھەتتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان روللارنى ئويناشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىر فاتىمىيلەر سۇلالىسىنى ئۆزىنىڭ كىچىك پادىشاھلىقلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

خەلىپە ھەكىم (996 — 1021) فاتىمىيلەر سۇلالىسى، ئىسلامىيەت ۋە پۈتكۈل دۇنياغا نىسبەتەن شۇنىسى تېخىمۇ بەختسىزلىك بولدىكى، ئەزىزنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى بولغان ھەكىم قىلىقى غەلىتە، زىيانكەشلىكنى ھۇزۇر بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىرمۇنچە زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، بىرنەچچە باش ۋەزىرنى ئۆلتۈردى ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئەمر قىلدى. ئۇنىڭ بىر خىرىستىيان مىرزىسى بولۇپ، بۇ ئادەم بىر پەرمان يېزىپ، خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس جايىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق بىلەن قىلىنغان ئىش ئىدى. فاتىمىيلەر سۇلالىسى يات دىندىكى ئىتائەتچان پۇقرالارغا ئەزەلدىن كەڭچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسۇلمان پادىشاھلىقلىرىدا بۇنداق يامان ھەرىكەت كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بۇ پەرمان ئەھلىسەلىب قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە بېسىپ كىرىشىگە سەۋەبچى بولدى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدى، بۇنداق دېيىش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەكىم يەنە بىر غەلىتە ئىش قىلدى، ئۇ چېكىدىن ئاشقان ئىسمائىلىيەلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆزىنى ئىلاھنىڭ نامايەندىسى دەۋالدى. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ھەتتا يېقىندىن قۇرۇلغان ئىسمائىلىيەلەر گۇرۇھى — دروزىيە مەزھىپىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ مەزھەپ مۇشۇ مەزھەپنىڭ قورغۇچىسى دروزىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. كېيىن خان جەمەتىدىكى بىر قېتىملىق سۇيىقەست

ھەكىمنىڭ بېشىغا چىقتى، دۇنيا بۇ لەنەتلىك غەلىتە شەخستىن ئاخىر قۇتۇلدى.

**خارابلىشىش ۋە ھالاك بولۇش** ھەكىم ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى تاھىر چىقتى، ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندا ئاران 16 ياشتا ئىدى. تارىختا بۇ ئادەم توغرىسىدا بىرلا مۇھىم ۋەقە خاتىرىلەنگەن. ئۇ بولسىمۇ ۋىزانتىيە پادىشاھى كونىستانتىن Ⅷ مۇقەددەس مەقبەرە چېركاۋىنى قايتا ياساش ئىشى توغرىسىدا تاھىر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، تاھىر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىدىكى بارلىق مەسچىتلەردە «خۇتبە» ئوقۇغاندا، تاھىرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا يول قويۇش ھەمدە خرىستىيانلار بېسىپ ياتقان كونىستانتىنوپول مەسچىتىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتىنى قويىدۇ. مەسلىھەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. گەرچە ھېچقانداق نەرسە بولغۇسى توقۇنۇشتىن ساقلاپ قالمىسىمۇ، ھەكىمنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا ئاز ـ تولا ياماق سېلىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تۈركلەردىن بولغان ھەربىي سەركەردە ۋە ئاقسۆڭەكلەر سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە كىرىشىدۇ، بۇنداق سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەر نۇرغۇن مۇسۇلمان ئىمپېرىيەلىرىنى خارابلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان سەلجۇقىيلار سۈرىيەنى ئىستېلا قىلمۇۋالغان بولۇپ، فاتىمىلەر سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى بارا ـ بارا مىسىر چېگراسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ يەردىمۇ ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار پەيدا بولۇپ، يۇقىرىقى مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەزى پاراكەندە قەبىلىلەر غەربكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار تىرىپولىغا كۆچكەن بولسىمۇ، يول بويى ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ ماڭدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بەنى ھىلال ئۇ يەرنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئەل ـ **بەسىرى** فاتىمىلەر سۇلالىسىنىڭ بىردىنبىر

شۆھرىتى سەركەردە بەساسىرىنىڭ ئىستىپلاسى ئارقىسىدا ئېرىشىلگەن، ئۇ 1060 - يىلى باغدادنى ئىشغال قىلىدى ۋە فاتىمىيلەر خەلىپىسى مۇستەنسىرنىڭ ئىسمىنى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قورغىنى باغداد جامەسىدە ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزىدا ئۇدا 40 كۈن تىلغا ئېلىنىدىغان قىلىدى. ئىبنى ھەللىكانىنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بەساسىرى ھەتتا ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ باش ياغلىقى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆردەسى — ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇقەددەس تەۋەررۇك نەرسىسىگە ئىگە بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى سوۋغاتنى قاھىرەدىكى فاتىمىيلەر خەلىپىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى مەدەنىي يادىكارلىقنى 100 يىلدىن كېيىن سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى باغدادقا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بەساسىرىنىڭ زامانىدىن كېيىن ئەھۋال بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىدۇ، ئىچكى نىزا ۋە مەزھەپلەرنىڭ جەڭگى - جېدەللىرى ئارقىسىدا، فاتىمىيلەر ھاكىمىيىتى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى ھەزىل ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەت تاكى سالاھىددىن تارىخ سەھنىسىگە چىققانغا قەدەر مەلۇم ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. سالاھىددىن فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ پىلىلداپ قالغان چىرىغىنى ئۆچۈرىدۇ.

**فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىكى سەنئەت ۋە ئىلىم - پەن** خەلىپە ئەزىز ئەزھەر تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنى قۇرغان، ئۇ شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئېجىل دوستى ئىدى. فاتىمىيلەر سۇلالىسىدىكى باشقا بەزى كىشىلەرمۇ تەتقىقات ئىشلىرىغا ھېرىسمەن ئىدى ۋە ئىلىم - پەنگە ھامىيلىق قىلاتتى. يەنە بىر ئىلىم - پەن سارىيى سېلىنغانىدى. بىراق، فاتىمىيلەر سۇلالىسى ئابباسىيلار دەۋرىدىكىدەك ياكى بولمىسا ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر سۇلالىسى زامانىدىكىدەك ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرالمىدى.

www.uyghurkitap.com

دارۇل ھېكمەت (1005 ـ يىلى ــ ئىبنى ھەيزەم) خەلىپە ھەكىمنىڭ بۇ دارۇل ھېكمەت (ئىلىم ـ پەن سارىيى)نى سالدۇرۇشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسى شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىدى، لېكىن بۇ سارايىنىڭ بىر كۇتۇپخانىسى بولۇپ، ھەكىم ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىش ۋە قول يازمىلارنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن بىر بۆلەك پۇل بەردى. بۇلارنىڭمۇ راستلا بىلىم ئىزدەش قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن بولغان بولۇشى ناتايىن، چۈنكى تەتقىقات ئاكادېمىيەسى 100 يىلدىن ئارتۇق ئېچىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئالىم دەپ ئاتىغىلى بولىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما، بۇ دەۋردىمۇ ئىككى ئالىم مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئىلمى جەھەتتە ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى، ئەلى ئىبنى يۇنۇس بولۇپ، ئۇ مىسىرنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئاسترونومى ئىدى. يەنە بىرسى، ئالىم ئەلى ھەسەن ئىبنى ھەيزەم بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ مۇسۇلمان فىزىكا ئالىمى ئىدى. ئۇ ئوپتىكا توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى، سۇ ئورنى ئۆلچىگۈچ ۋە باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. ئۇنىڭ ئوپتىكا توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «كىتابۇل مەنازىر» (ئوپتىكا) گەرچە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بولسىمۇ، بىرقانچە ئەسىرلەرگىچە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل ئىچىدە روگېرباكوندىن تارتىپ كېپلېرغىچە بولغان ئوپتىكا توغرىسىدا ئەسەر يازغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. ئۇ خۇددى ئېۋكلىد ۋە پىتولېمىيلارنىڭ ئېلان قىلغىنىغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ كۆزى يورۇقلۇق چىقارمايدۇ، بەلكى پەقەت يورۇقلۇقنى قايتۇرىدۇ، دېگەن ئىنقىلابىي كەشپىياتنى ياراتتى. ئۇ ھەتتا فوكۇسلۇق ئەينەك ئارقىلىق ئوت ھاسىل قىلىشنىمۇ تەتقىق قىلىپ چىققان، ئۇ ئىتالىيەلىكلەردىن 300 يىل بۇرۇنقى ئىش.

**قۇرۇلۇش ۋە ھۇنەر ـ سەنئەت** دەرۋەقە، فاتىمىيلەر سۇلالىسىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجادىي نەتىجىلەر بارلىققا كەلمىگەن، لېكىن ھۇنەر ـ سەنئەت ۋە ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، سەنئەت خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ۋە كىچىك ھۇنەر ـ سەنئەت جەھەتتە ئۇلۇغ ئۇسلۇبقا ئىگە ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. قاھىرە جامەسى بىلەن ئەزھەر جامەسىدىن باشقا، ئۇلار يەنە بەزى مەسچىتلەرنى ياسىدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىقى 1125 ـ يىلى سېلىنغان ئەقمەر مەسچىتى بولۇپ، ئۇ فاتىمىيلەرنىڭ يېڭىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى تۇنجى قېتىم ئەكس ئەتكۈزدى. مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىستالاكتىتتىن ياسالغان مېھرابقا نەپىس زىننەت بېرىلگەن. نۇرغۇن ئېگىز ئەگمە قوۋۇقلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە قۇرۇلۇش ماھارىتىنىڭ شاھىتىدۇر. مەسىلەن، قاھىرەدىكى فۇتۇھ دەرۋازىسىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئېھتىمال بىر قېتىملىق غەلىبىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سېلىنغان زەپەر دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ ساپالچىلىق ۋە ياغاچ ئويما، مېتال بۇيۇملارنى ياساش ياكى جەز سايمانلارنى ياساش جەھەتتىكى ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇزېيلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ رەڭلىك ساپال بۇيۇملىرى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، جۇڭگونىڭ رەڭلىك ساپال بۇيۇملىرىدىن قېلىشمايدۇ. نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە جىيەك زىننەتلىرى، بولۇپمۇ كوفىكچە ئويمىلار ياۋروپانىڭ چېركاۋ قۇرۇلۇشىدا تەقلىد قىلىنغان ۋە قوللىنىلغان. زەرگەر ۋە جاۋاھىراتچىلارنىڭ ھۇنەر بۇيۇملىرىنى ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى چېركاۋنىڭ مۇقەددەس نەرسىسى قىلىش ئۈچۈن بۇلاپ كېتىشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى T. كويلېر تۈزگەن «يېقىن شەرقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى» ناملىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىتابتا نامايان قىلىندۇ. فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ بەدىئىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىناتتى، بۇ مەھسۇلاتلار دېڭىز ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن يىراق شەرقنىڭ ماللىرى بىلەن بىرلىكتە سۈۋەيش قانىلىغا توشۇپ كېلىنىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق كېمە بىلەن جەنۇبىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلەتتى. بۇنداق خەلقئارالىق سودا فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئىمارەتلىرىگە كېتىدىغان خىراجەت ئۈچۈن بايلىق كەلتۈرەتتى.

## يەتتىنچى باب

# ئەھلىسەلىپ، نورديلار خاندانلىقى، ئەييۇبىيلار خاندانلىقى ۋە مەملۇكىيلەر خاندانلىقى

ئەھلىسەلىپنىڭ كېلىپچىقىشى خىرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەددەس جاي — يېرۇسالېمنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ھەققىدە بىرمۇنچە بايانلار بېرىلگەنىدى. لېكىن، خىرىستىيانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇتلا، 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇسۇلمانلار ئىشغالىيىتىدە بولۇپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس جاي — پەلەستىننى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس. بۇنى ئاددىيغىنا جاۋاب بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ. كىشىلەر بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇشلارنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەن، ئەنە شۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشلىرى كېرەك.

بىرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلار بىلەن ئاساسەن ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىپ كەلگەن، شەرقىي سەپ كىچىك ئاسىيا بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ۋىزانتىيەنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى ئىدى، لېكىن ئەمىر مۇئاۋىيە دەۋرىدىن باشلاپ بۇ جاي ئىزچىل تۈردە خىرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سانسىز قېتىملىق ئۇرۇشلارنىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ كەلدى. 11 ـ ئەسىرنىڭ

كېيىنكى يېرىمىدا سەلجۇق تۈركلىرى مەنزىكېرتتە ۋىزانتىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. سەلجۇقىيلارنىڭ بىر تارمىقى بۇ رايونلاردا بىر مۇستەقىل خانلىق قۇرغان ھەمدە رۇم سەلجۇقىيلىرى سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن بۇ سەلجۇقىيلار پۈتكۈل بۇ رايوننى ئىستىلا قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە تەھدىت سالدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەنە خرىستىيانلارنىڭ پەلەستىنگە ئەركىن كۆچۈپ بېرىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئالېكسىوس كومېنوس بۇ تۈركلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پاپا گىرېگورى Ⅶ نىڭ خرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس جايغا ئۆتىدىغان يولىنى ئېچىشقا ياردەملىشىشنى ئىلتىجا قىلدى. رىم پاپاسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلغان ھەمدە بوشاڭلىق قىلىپ قاراپ تۇرمىغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە گىرېگورى Ⅶ كۆڭلىگە زور ئىشلارنى پۈكۈپ يۈرگەن بولغاچقا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋىزانتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئاكتىپ كىرىشتى.

**خرىستىيانلارنىڭ دەسلەپكى مۇددىئاسى** بۇ يەردە پاپانىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، مۇسۇلمانلارنىڭ جەنۇبىي ياۋروپانى ئىستىلا قىلىشقا قارىتا بولغان ئاكتىپ ئىنكاسلارنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتسەك بەلكىم يامان بولماس. ھەتتا فىرانك ئىمپېراتورى بۈيۈك چارلىز دەۋرىدىلا، خرىستىيانلار بۇ قۇدرەتلىك شاھنى مۇقەددەس جاي پەلەستىننىڭ ھامىيسى دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھارۇن رەشىد ئوتتۇرىسىدا بولغان دىپلوماتىك ئالاقە جەريانىدا، بۇ ئىش سۈكۈت بىلەن قوبۇل قىلىنغان. بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر كۆڭلى - كۆكسى

كەڭ مىللەت ئىدى. لېكىن، بۇ ئىش خىرىستىيانلارنى خۇش قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەيسا دۇنياغا كەلگەن مۇقەددەس جايدىكى مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك بىر شاھنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارغا ئېچكىمۇ تاقابىل تۇرالمايتتى، چۈنكى مۇسۇلمانلار 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە ھەقىقەتەن ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى. لېكىن، ھەتتا 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا چارلىز ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا چېگرا ئۇرۇشى قوزغىغاندا، ياۋروپا خىرىستىيانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قوغدايدىغان بىر ئاۋانگارتنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. يەنە شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مۇقەددەس جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئىشلىرى زادىلا توختاپ قالمىغانىدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 11 ـ ئەسىردە 117 نەپەر خىرىستىيان مۇخلىسى يېرۇسالېمغا بېرىپ تاۋاپ قىلغان. ياۋروپالىقلار ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن نەپ تېگىدىغان بەزى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ياۋروپالىقلارنىڭ كاللىسىدا پەلەستىنگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش خىيالى شەكىللەندى. ۋاھالەنكى، ئۇ چاغدا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى كۆلى بولۇپ قالغىنىغا ئۈچ ئەسىردىن ئاشقانىدى.

ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ قايتىدىن ئىستېلا قىلىنىشى 11 ـ ئەسىردىلا بۇنداق قايتىدىن ئىستېلا قىلىش پىسا خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدىن ساردىنىيە ئارىلىنى تارتىۋېلىشى بىلەن باشلانغانىدى. پاپا بۇ ئىشقا رەسمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئاكتىپ مەدەت بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىنى شۇ بولدىكى، شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، كاستىلىيە خانلىقى بىلەن ئاراگونىيە خانلىقى بىرلىشىپ ئاندالۇزىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئىتتىپاق

تۈزۈشتى، بۇ خىرىستىيانلار ئۈچۈن غايەت زور مەنىۋى مەدەت بولدى. نورمانلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا (1065 ــ 1090) بولسا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك خىرىستىيان كېمىلىرىنىڭ بىخەتەر دېڭىز يولى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەردە يەنىلا ئافرىقىنىڭ بىر تۇمشۇقى قېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەر ئارقىلىق سىتسىلىيە ئارىلىدىن تارتىپ ئافرىقىنىڭ دېڭىز ساھىلىغىچە بولغان دېڭىز تەۋەسىنى كونترول قىلغىلى بولاتتى، فاتىمىيلەر ئۇ يەردە ئىنتايىن زور ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە مەھدىيە پورتىنى قۇرۇۋالغانىدى. بىراق، 1081 ـ يىلى گېنويە بىلەن پىسا بىرلىشىپ مەھدىيە پورتىغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ پورتنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن مۇسۇلمانلار غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى.

**پاپالارنىڭ قول سوزۇشى** بۇ مەزگىلدە پاپا گىرېگورى VII ئۆلۈپ، ئۇربان II رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالدى. ئۇ گىرېگورى VII ئىمپېراتور كومنېنوسقا بەرمەكچى بولغان ھەربىي ياردەمنى يېڭى بىر مەيدان ئۇرۇشقا سەرپ قىلدى. بۇ دەل پاپالار دەۋرىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، پاپالار بىلەن مۇقەددەس رىم ئىمپېراتورى ئوتتۇرىسىدا ياۋروپانىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى داۋام قىلىۋاتاتتى. پاپالار: ئەگەر بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىدىغان بولسا، بىز ھوقۇق ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولىمىز، پاپالىق تۈزۈمىمۇ قايتىدىن تىكلىنىدۇ، ھەتتا دىنىي جەمئىيەت ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇۋېلىشىمىز مۇمكىن، دەپ قاراشقانىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ مۇراجىئەتنامىسى (1095 ـ يىلى) پيئاسىنزادىكى دىنىي مەجلىسكە يوللاندى. يىغىندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي

نەتىجە ھاسىل بولمىدى. شۇ يىلى سەل كېيىنرەك، كلېرمون يىغىنى[①]دا، بۇ مەسىلە يەنە مۇزاكىرە قىلىندى. پاپا ئۇربان II بۇ يەردە تارىخىي خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ فىرانسىيەلىك بولۇپ، كلېرمون يىغىنىدا نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ كۆپچىلىكى فىرانسىيەلىكلەر ئىدى. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇ فىرانسۇزلارنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ياراتقان ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ئەسلىتىش بىلەن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن 360 يىل ئىلگىرى تۇردا بولغان جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ دولقۇن كەبى بېسىپ كېلىۋاتقان كۈچلىرىنى قانداق توسۇۋالغانلىقىنى بايان قىلدى: ئۇ نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستېلاسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويلىرىغا قىلغان ھۇجۇملىرىنى ھەمدە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى 300 يىلدىن كۆپرەك كونترول قىلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ يېڭى تەۋەككۈلچىلىكتىن قانداق پايدىلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى؛ ئۇ يانچىلارغا ئۇلارنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى خىتاب قىلدى؛ ئۇ ئاقسۆڭەكلەرگە شان - شۆھرەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەس - ھوشىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۇتقى قىزغىن ئالقىشلاندى.

**پاپانىڭ تەشۋىقاتى ئۇربان** II بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ ساياھەتكە ئاتلاندى، بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جېڭىنى تەرغىب قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى زاھىد پېتېرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇ بۇ

① كلېرمون يىغىنى — 1095 - يىلى كۈزدە، پاپا ئۇربان II فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كلېرموندا چوڭ دىنىي يىغىن ئۆتكۈزگەن، بۇ يىغىنغا دىن تارقاتقۇچىلار، فېئوداللار، چەۋەندازلار، سودىگەرلەر ۋە باشقىلار قاتناشقان — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى ئىشنىڭ قىزغىن مۇخلىسىغا ئايلىنىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلەپ ۋائىزلىق قىلدى. يەنە باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى، ئۇلار پۈتۈن فىرانسىيە بىلەن لورىرىندا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. نېمىسلار بۇ چاغدا پاپا بىلەن بىئەپ بولغاچقا، ئۇلارغا ئاۋاز قوشمىدى. شۇڭا، دەسلەپكى چاغلاردىكى ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ زور قىسمى فىرانسۇزلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭمۇ كۆپچىلىكى فىرانسۇزلار ئىدى. بىراق، پاپانىڭ مۇقەددەس جاينى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى قىزغىن چاقىرىقىنى ئېپتىدا قىلغان مۇراجىئەتنامە بىر مۇنبەردىن ئىككىنچى مۇنبەرگە، بىر كىشىدىن ئىككىنچى بىر كىشىگە يەتكۈزۈلۈش بىلەن، ئاخىر ياۋروپادىكى ھەربىر تەۋەككۈلچىنىڭ شېرىن خىيالىنى قوزغاتتى. بۇ چاقىرىق بىلەن قوزغىتىلغانلار يالغۇز دىن تارقاتقۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى يەنە قەلئە ئىچىدىكى چەۋەندازلار، ئاتىسىدىن مىراس تەگمىگەن ئوغۇللار ۋە ئەسكىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان قۇلاق كەستى لۈكچەكلەرمۇ بار ئىدى؛ ھەركىم ئۆز تەبىئىتى بويىچە بۇ ئىشقا جەلپ قىلىنغان، بۇ ئۇرۇش چاقىرىقى ئارقىلىق قوزغىتىلغان دىنىي ئەسەبىيلىك تويتوغرا بىر ئەسىر داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن پەسكويغا چۈشكەندى.

**ئىقتىسادىي سەۋەب** بىراق، دىنىي ئەسەبىيلىكتىن تاشقىرى يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. بۇ جەھەتتە ئىقتىسادىي تۈرتكىمۇ ئۆز رولىنى ئوينىدى. چوڭ سودا دۆلىتى بولغان گېنو، پىسا ۋە ۋېنېتسىيە ئەللىرىنىڭ شەرق بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىپ كەلگىنىگە خېلى بىر مەزگىل بولغانىدى، ئۇلار بۇ چاقىرىقنى سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ قارىدى. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتى، شەرقنىڭ بايلىقى ۋە سەلتەنەتى نەچچە يىللاردىن بۇيان ياۋروپالىقلارنىڭ

كۆزىتى ئالاق ـ جالاق قىلىپ كەلگەنىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە، شەرق تەرەپ رومانتىك، سىرلىق ۋە بايلىققا تولغان جاي بولۇپ، ئۇ يىراق شەرق بىلەن سودا ئالاقە قىلىشتىكى قولايلىق يول ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس مەقبەرە چېركاۋىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ چاغدا كىچىك ئاسىيانىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق مېڭىش خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى ئۇرۇشقاق سەلجۇقىيلار ئۇ يەرلەرنى ئىستېلا قىلىۋالغان ھەمدە ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقانىدى. شۇڭا، بۇ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىش ناھايىتى ئوبدان ۋە نەپ تېگىدىغان ئىش ئىدى: ھەربىي قوشۇننى توشۇش ئۈچۈن ئادەم كېرەك بولاتتى، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم ئىدى، قورال ـ ياراغ، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق ئالىيجاناب ئىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەخلاقىي جەھەتتىن ۋە ئەنئەنە جەھەتتىن تولۇق سەۋەبلەرنى تېپىش مۇمكىن ئىدى. گېنويە، پىسا، ۋېنېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ ئىشقا قاتنىششقا ناھايىتى تېز لا ماقۇل بولۇشتى.

**ئىسلام دىنىغا قارشى تەشۋىقات** پاپانىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى بۇ ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مۇنداق بىر ئومۇمىي ھادىسە بولغانكى، ئۆز تەرىپىدىكى ئادەملەرنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، دۈشمەن تەرەپنى ھە دەپ قارىلاش لازىم ئىدى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەنگە قارىتا ئۆچمەنلىكنى قوزغىتالايدىغان سەۋەبلەرنى تېپىش ياكى ئويدۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھەققانىي ئىش ئىكەنلىكىگە، دۈشمەننىڭ ھەممە قىلمىشلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. دىنمۇ مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلاتتى، چۈنكى دىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئەڭ يېقىن نەرسە بولغاچقا، دىنىي ئۆچمەنلىك

قوزغىتىلىسا، دۈشمەننىڭ غايىسى ۋە ئېتىقادىنى ئەيىبلەش ئاسانغا چۈشەتتى. بۇ قېتىمقى مۇقەددەس جەڭدە بۇ قورالدىن كەڭ پايدىلاندى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دىنىي ئۇرۇش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار پاپا تۈزۈمىگە ۋە «كۈچلۈك بىر گەۋدە» تەلىماتىغا ئىشەنمەيتتى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى مەرتىۋە جەھەتتىن ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قىسقا ھەم چۈشىنىشلىك دىنىي ئەقىدىلىرى، پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ خاراكتېرى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ 300 نەچچە يىلدىن بۇيان قوغداپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيىتى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە تۈرلۈك ساختا ئاخباراتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. بۇ تەشۋىقات شۇنداق كۈچلۈك بولدىكى، ئۇ شۇ دەۋردىكى خىرىستىيانلارنى قوزغىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىمۇ تەسىر قىلغان، ھەتتا ياۋروپا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يەردە كالۋېرلىنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: «بۇ خىل سىياسىي ۋە ھەربىي مەقسەتنى قوللىغۇچىلارنى تېپىش ئۈچۈن، دىنىي تەشۋىقات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنغان. قوشۇن تەييارلىنىپ، ھەربىي خىراجەت يېتەرلىك توپلىنىپ، ئەھلىسەلىپ غەربىي ئاسىياغا يېتىپ بارغاندا، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن قوپاللىق ۋە ساختىپەزلىك دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى. نەچچە ئەسىر داۋام قىلغان ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى خىرىستىيان دىنى تارىخىدىكى ئەڭ رەسۋاچىلىق ۋە بالايىئاپەت بىلەن تولغان سەھىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارىدىن 500 يىل ئۆتتى، لېكىن ئەسلىھەلىپنىڭ شەرق ئەللىرىدە قالدۇرۇپ

كەتكەن يامان تەسىرلىرى ۋە ئىشەنمەسلىكلەر تاكى هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەھلىسەلىپنى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ قۇلىقى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان يالغان ئاخبارات بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ساختا مەلۇمات ئېلىپ كېلىپ، غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئىسلام دىنى توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر تەرەپلىمە قاراشلار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرب ئەللىرىدىكى ئاۋام مائارىپتىن تازىلاپ چىقىرىشقا هازىرغا قەدەر مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ.» كالۋېرلى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىتالىيەدىن ئەنگلىيەگىچە بولغان دەسلەپكى يەرلىك ئەدەبىياتقا كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىلسىلا، كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئېتىقادى توغرىسىدا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان زور مىقداردىكى ناتوغرا تەسۋىرلەرنى چېلىقتۇرۇش تەس ئەمەس. مۇسۇلمانلار بىزنىڭ بىر قاتار بايانلىرىمىزنى رەت قىلىشقا ھېلىمۇ تولۇق ھەقلىق. بۇنداق بايانلار بىزنىڭ كۈندىلىك خەۋەر ۋە ئايلىق ژۇرناللىرىمىزدا، ھەپتىلىك ژۇرنال ۋە دىنىي نۇتۇقلىرىمىزدا ھېكايە، رومان، ھەتتا دەرسلىكلىرىمىزدە ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. مانا بۇ — ئەھلىسەلىپ تەشۋىقاتىنىڭ غەرب كىشىلىرىگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى».①

**ئىسلام دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق توقۇنۇشى** يەنە شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، بۇ ئىسلام دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق توقۇنۇشى ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق توقۇنۇش — سۈرىيەنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيادا ئۇزاققىچە داۋام

① كالۋېرلى: «ئىسلام دىنى توغرىسىدا — يېقىنقى شەرق مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى»، ئامېرىكا پىرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 1951 ـ يىلى — ئاپتوردىن.

قىلغان چېگرا ئۆرۈشى بولدى؛ ئىككىنچى قېتىملىق توقۇنۇش — ئىسپانىيەنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى ۋە فىرانسىيەنىڭ قىسمەن ئىستېلا قىلىنىشى ھەمدە سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ ئىستېلا قىلىنىشى ۋە جەنۇبىي ئىتالىيەنىڭ قىسمەن ئىستېلا قىلىنىشى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا فاتىمىيلەر بىلەن سەلجۇقىيلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن «شىئە» ۋە «سۈننىي» مەزھىپى كۆرىشى تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جايلاردىكى، بولۇپمۇ سۇرىيەدىكى كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقىسىدا ياۋروپا تاجاۋۇزچى تەرەپ ئىدى. ئالدىنقى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسپانىيەدە ئەكسىچە تەسىر كۆرۈلگەنىدى. ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇچۇن، بەزى دىن تارقاتقۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى ئۇستىگە كېلىپ ئۆزىنى دىن يولىدا قۇربان قىلىش كويىدا ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەھلىسەلىپ بولسا دىننى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، شەرقلىكلەرنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ تىرىشچانلىق ئىككى ئەسىر داۋام قىلدى. كېيىن ئاتالمىش مۇقەددەس جەڭ مۇقەددەسمۇ ئەمەس، جەڭمۇ ئەمەس، بەلكى نوقۇل تەۋەككۈلچىلىككە ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا رومانتىك قىممىتىنىمۇ يوقاتتى.

نۇرغۇن قېتىملىق ئەھلىسەلىپ بولۇپ ئۆتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىمراقى پەقەت بىرنەچچىلا قېتىم بولۇپ، بەزىلىرى تارىخىي زوقمەنلىككە، بەزىلىرى رومانتىك تۇسكە، بەزىلىرى سىياسىي ھەۋەسكە ئىگە ئىدى. ئەلۋەتتە، يەنە باشقىچە ئايرىش ئۇسۇلىمۇ بار. ئەھلىسەلىپنى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا ئايرىش مۇمكىن: ئىستېلا دەۋرى بىرىنچى خىل تىپقا كىرىدۇ، ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ مۇشۇ كاتېگورىيەگە مەنسۇپ بولۇپ، ۋاقتى 1092 ـ يىلىدىن 1144 ـ يىلىغىچە،

ئىككىنچى خىل تىپى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن دەۋرى بولۇپ، بۇ سالاھىددىننىڭ غەلىبىسىنى بەلگە قىلىدۇ (1173 ــ 1193) ئۈچىنچى باسقۇچى 1291 ـ يىلى قۇدرەتلىك مەملۇكىيلەرنىڭ خىرىستىيانلارنى سۈرىيەدىن قوغلاپ چىقارغان دەۋرى.

1 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1096 ــ 1099) ھالبۇكى، ئۇ چاغدا 1 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ سەردارلىرى ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش ۋە بىر قېتىملىق بىرلەشمە ھۇجۇم پىلانلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. زاھىد پېتىر بىلەن قەلەندەر ۋالتېر تەرىپىدىن قوزغىتىلغان بەزى خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى شەرقىي ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن يەردە تالادا قونۇپ، يول بويى كىشىلەرنى سەمىتلەرگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتاتتى، ھەتتا خىرىستىيانلار ئۇلاردىن كىچىك ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغانىدى. لېكىن، 1097 ـ يىلى 150 مىڭ خىرىستىياندىن تەشكىل تاپقان ھەربىي قوشۇن ئاخىر ۋىزانتىيەدە جەم بولدى ۋە بىر تۈركۈم قەتئىي نىيەتلىك سەركەردىلەرنىڭ قوماندانلىقىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. سەركەردىلەر ئىچىدە بوئىللونلۇق گودفېرېي، ئۇنىڭ ئىنىسى لوررىنلىق بالدۋىن، ئۇلۇزلۇق كونت رايموند ھەمدە پاپانىڭ ئەلچىسى بۇيلۇق ئازىمارلا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇنجى نىشانى رۇم ئارقىلىق سەلجۇقىيلارنىڭ زېمىنىغا يېتىپ بارىدىغان بىر يول ئېچىش ئىدى. ئۇ چاغدا سەلجۇقىيلار كىچىك ئاسىيادا بىر مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھۇجۇم قوزغاشنىڭ پەيتى پىشىپ يېتىلدى، چۈنكى رۇمدىكى سەلجۇقىيلار پارچىلىنىپ، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن سەلجۇقىي سۇلتانى قىلىچ ئارسلان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىپ كەتكەنىدى. ئەھلىسەلىپ بۇ چاغدا كىچىك ئاسىيانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپسەندە قىلىپ، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۆپ قىسىم شەھەر ـ بازارلارنى ئىستىيلا قىلىۋالغانىدى؛ ئۇلار دورىلاۋم دېگەن جايدا قىلىچىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى؛ پايتەختىنى 1097 ـ يىلى قولدىن كەتتى؛ شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى قايتىدىن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېلىندى.

**بالدۇين بىلەن بوھېمۇند** ئەھلىسەلىپنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرسى بولغان لوررىنلىق بالدۇين بۇ چاغدا جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئەرمېنىيەنى ئىشغال قىلدى، ئۇ چاغدا ئەرمېنىيەنىڭ ئورنى سىزىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، ھازىرقى سۇرىيەنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلەتتى. ئەرمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىرىستىيانلار بولغاچقا، بالدۇين قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى. بالدۇين ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ كىچىك كىنەزلىكىنى قۇردى. ئەھلىسەلىپنىڭ ئاساسلىق كۈچى دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ جەنۇبقا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ ئانتيوكقا يېتىپ باردى، بۇ يەرگە سەلجۇقىيلارنىڭ يەنە بىر پادىشاھى ياغى سىيان ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەھلىسەلىپنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان مۇھاسىرە ھۇجۇمى سەككىز ئاي داۋام قىلدى. مۇسۇلمانلار جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، ئاببasiيلار خەلىپىلىكىدىن ياردەم سورىدى. لېكىن، ياردەم بەرگۈچى قوشۇن يېتىپ كەلمىدى. ھەلەبنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر رىدۋان ياردەم ئۇچۇن قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەك كېچىكىپ قالدى. ئەرمېنىيەلىك بىر خىرىستىياننىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن بۇ شەھەر ئاخىر قولدىن كەتتى، خائىنلىق قىلغۇچى مۇشۇ شەھەردىكى بىر قورغاننىڭ قوماندانى ئىدى. بۇ شەھەر مۇشۇ ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىمنىڭ قوماندانى بوھېمۇند تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. جىددىي پەيتتە مۇسۇلمانلار ئاخىر ئويغاندى ـ دە، مۇسۇلنىڭ ئەمىرى قاربۇقا سەھنىگە چىقىشقا

باشلاندى. بىراق، بۇ چاغدا خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ سەردارلىرىغا تولۇق قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ باغلىغان بولغاچقا، تىغ ئۇچىنى بۇراپ قاربۇقاغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كىچىك قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشكە تاسلا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قورشاۋ ئىچىدە قالغان سۈرىيە مۇسۇلمانلىرىغا خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ياردەم بېرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان بىرەر ياردەمچى چىقمىدى. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، سۈرىيەلىكلەر ئىرقىي، سىياسىي، ئىلاھىيەت ۋە مەزھەپ قاتارلىق مەسىلىلەردە خېلى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ يەردە تۈركلەر بىلەن فاتىمىيلەر، سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجاللار خەلقنى بىزار قىلغان، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى ئىنتايىن چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، پۈقرالارنى دۈشمەنگە ئۇنۇملۇك ھالدا قارشى تۇرۇشقا تەشكىللەش مۇمكىن بولماي، سۈرىيەنىڭ ئاسما شەكىللىك دېڭىز ياقىسى زېمىنىنى خۇدانىڭ پۈتكىنىگە قويۇشقىلا توغرا كەلدى. بوھېمۇند ئانتىيوكىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە بۇ يەردە ئورۇن تۇتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئانتىيوكتا 180 يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى.

**تۇلۇزلۇق رايموند** ئەھلىسەلىپنىڭ باشقا قوشۇنلىرى جەنۇب تەرەپكە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ بىر سەردارى تۇلۇزلۇق رايموند ئىنتايىن نارازى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىككى شېرىكى ئۆزلىرى ئۈچۈن كىچىك كىنەزلىك (بالدۋىن ئەرمېنىيەدە، بوھېمۇند ئانتىيوكتا) قۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئۆزىچە بىرەر ئىشنى قىلىپ كۆرمەكچى بولدى ـ دە، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى مائاررات ـ نۇمان شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، ئۈچ ئېلىش ئۈچۈنلا بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتتى ۋە پۇقرالاردىن 100 نەچچە مىڭ كىشىنى قىرغىن قىلدى. بۇ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ياۋۇزلۇق ھەرىكەت بولۇپ، سۈرىيەلىكلەر بۇنى ئۇزاققىچە

www.uyghurkitap.com

ئېسىدىن چىقارمىدى. كېيىن مەملۇكىيلەر بۇنىڭغا قارىتا ئۇزاق مۇددەت ئۆچ ئالدى. چۈنكى، ئۇلارمۇ دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم قىلماسلىق لازىملىقىغا ئىشىنەتتى.

**بوئېللۇنلۇق گودفېرېي** ئەھلىسەلىپنىڭ يەنە بىر سەردارى بالدۇيىننىڭ ئىنىسى بوئېللۇنلۇق گودفېرېي بۇ چاغدا رايموندنى ئەھلىسەلىپنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن بىرلىشىشكە دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رايموند ئۆزى ئىشغال قىلغان ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ساقلاۋاتقان شەھەردىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاساسىي كۈچ بىلەن بىرلەشتى. 1099 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەھلىسەلىپ قوشۇنى يېرۇسالېم شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ يەرنى پەقەت 1000 ئەسكەرلا ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بىر ئايلىق ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىردى. ئۇلار خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك، قولىدا تىغ سۇنۇقىمۇ بولمىغان شەھەر ئاھالىسىگە ئېتىلىپ، ھېچبىر ئادەمنى چالا قويماي قىرىپ تاشلىدى. ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار، بالىلار ئۇست ـ ئۇستىلەپ قان ئىچىگە غەرق قىلىندى. مىسىر قوشۇنلىرى ئاسقالان ئەتراپىدا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشى كۆرۈلمىدى. پاپانىڭ ئەلچىسى بۇيلۇق ئازىمار 1098 ـ يىلى ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن گودفېرېي بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭغا «بارون ۋە مۇقەددەس مەقبەرە ھىماتچىسى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. ھۆكۈمەت فېئوداللىق ئۇسۇل بويىچە تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ يەنە باشقا جايلارنى ئىستېلا قىلىشقا كىرىشتى. دېڭىز بويىدىكى بىرقانچە شەھەرلەر ئىتالىيەنىڭ سودا كېمە

ئەترەتلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىستېلا قىلىندى. ۋېنىتسىيە بىلەن گېنۇيە ئىككى ئارىلىقتىن پايدا ئېلىش مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغانلىقى ھەمدە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىلىگە سودىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. باشقا سەردارلارنىڭ ئىلكىدىكى كىچىك خانلىقلار يېرۇسالېمنىڭ ماركىزلىقلىرى دەپ قارالدى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلارنى گىرافلىقلارغا ئايرىپ پارچىلىۋەتتى.

**بالدۇئىن I ۋە بالدۇئىن II** 1100 - يىلى گودفېرىي ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىنىسىنى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلدى، ئۇ چاغدا ئۇ ئېدىسساغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بالدۇئىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇ غەيرەتكە تولۇپ تاشقان پادىشاھ بولۇپ، دۆلەت تېررىتورىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىزىل دېڭىزدىن بېيرۇتقىچە كېڭەيتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بالدۇئىن II ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. (1118 ـــ 1131). ئۇمۇ يەنە بەزى شەھەر - بازارلارنى ئىستېلا قىلدى. بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بەزى مۇھىم جايلار بىرمەھەل قاتتىق ساقلانغانىدى. لېكىن، ئاخىرىدا بىر - بىرلەپ تارمار قىلىندى، سىدون 1110 - يىلى قولدىن كەتتى. ئارسوف بىلەن قەيسەرىيە 1101 - يىلى قولدىن كەتتى. تېيىر 1124 - يىلى قولدىن كەتتى. ئاسقالان 1153 - يىلى قولدىن كەتتى.

**ترىپولى پادىشاھى كونت رايموند** بۇ چاغدا تۇلۇزلۇق رايموند تېخىچە بىر خانلىق تىكلىيەلمىگەنىدى. ئۇ ئەزەلدىنلا كەمتەرلىك بىلەن يىراق تۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق تىكلىمىگۈچە كۆڭلى تىنمايتتى. شۇڭا، ئۇ 1101 - يىلى سۇرىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جايى ترىپولىغا ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

قىلدى. بۇ شەھەردە ئۇزاققىچە قارشىلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە گېنويە فىلوتىنىڭ ياردىمىدە جۇبەيىل پورتىنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە ترىپولى كىنەزلىكىدە ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا فىرانكلارنىڭ تۆت كىچىك خانلىقى مەيدانغا كەلدى: كىچىك ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى ئەرمېنىيە خانلىقى؛ ئۇنىڭ تۆۋەن يېنىدا ئانتىيوك خانلىقى؛ ئانتىيوكنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ترىپولى خانلىقى؛ ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان يېرۇسالېم خانلىقى، بۇ تۆت خانلىقنىڭ ھەممىسى دېڭىز بويىدا بولغاچقا، ئۇلار دېڭىز ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن ئالاقە قىلىشاتتى. ئەھلىسەلىپنىڭ ئاساسىي كۈچى ياۋروپاغا قايتتى. ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالدا، شەرقنىڭ تەسىرىگە ئۇزاققىچە تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

**ئىسلام دىنىنىڭ ئەھلىسەلىپكە بولغان تەسىرى** بۇ كىچىك خرىستىيان خانلىقلىرى بىر - بىرى بىلەن ھەمىشە غىژ - غىژلىشىپ تۇراتتى. شۇنداقلا، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىكتە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشاتتى. لېكىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيانلار ئىناق ياشىغانىدى. ئۇلار ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلاتتى. ئۆزئارا زىيارەت قىلىشاتتى. ھەتتا بىرلىكتە ئوۋغا چىقاتتى. ئۇلار ئۆزئارا غەلىتە دوستلۇق ئورنىتىپ، تەدرىجىي ھالدا بىر - بىرىنى چۈشىنىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋاقتىنچە ئازىيىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشمەسلىكلەر تۈگەشكە، ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. ئىلگىرى مۇسۇلمانلار خرىستىيانلارنى «ياۋايى مىللەت» دەپ ئەيىبلەيتتى؛ خرىستىيانلار بولسا مۇسۇلمانلارنى «دەھرىيلەر ۋە كۇپپارلار» دەپ ئاتايتتى. چۈنكى ئۇلار، مۇسۇلمانلار مۇھەممەدنى

خۇدا ئاتايدىكەن، دېگەن گەپلەرگە ئىشەنگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنتە بولسا ئۇلار يېقىن قوشنىلاردىن بولۇشۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ــ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ــ يوسۇنلىرى ۋە مەدەنىيىتى، يېزىقى ھۈنەر ــ سەنئىتى ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلىلىرى ياۋروپالىقلاردا ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇلار مۇسۇلمان ھۈنەرۋەنلىرى ۋە نەققاشلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئۆي ــ ئىمارەتلەرنى ياساتتى؛ ئەرەبلەرنىڭ كىيىم فورمىلىرى بويىچە كىيىنىشكە، ئەرەبلەرنىڭ تائاملىرىنى يەپ ئادەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار يەنە دائىم ئەرەبلەرنىڭ مۇقەددەس مەقبەرەلىرىدە ئىبادەت قىلىدىغان بولدى. خىرىستىيانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە جېدەل ــ ماجىرا يۈز بەرگەندە، ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدىغان بولدى. سودا ئىشلىرى گۈللەندى، شەرقنىڭ ماللىرى ياۋروپادا تەييار بازار تاپتى. ئۈرۈش ئىدىيەسى، ھۆججۇم ۋە مۇداپىئە قۇراللىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن پايدىلىق ئالماشتۇرۇشلار بولغانىدى. مىلتىق دورىسى ۋە كىشىنى تېخىمۇ زوقلاندۇرىدىغان باشقا نەرسىلەر، مەسىلەن، قومۇش شېكىرى قاتارلىقلار تۈرلۈك يوللار بىلەن ياۋروپاغا تارقىلىپ كىردى. ياۋروپالىقلار ئۈچۈن يەنە بىر بەخت خەۋىرى ـــ كومپاسنىڭ ياۋروپاغا كىرىشى بولدى.

**زەڭگىلەر ۋە نۇرىدىيلار (1127 ـــ 1262)** بۇ خىل ئەھۋاللار 100 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ھەلەب بىلەن مۇسۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەردارلىرى تەدرىجىي ھالدا سۈرىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار سۈرىيەدىكى خىرىستىيانلارغا قارىتا مەلۇم ھەرىكەت قوللىنىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا مۇۋاپىق ئادەممۇ سىياسىي سەھنىگە چىققانىدى. بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىمادەددىن زەڭگى بولۇپ، ئۇ ئەسلىي پېرسىيەدىكى داڭلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەلجۇقىيلار خانى مەلىك شاھنىڭ قولى ئىدى. لېكىن، ئۇ غەربىي تەرەپكە كەلگەندىن كېيىن، ھەلەب ھارران ۋە مۇسۇلنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. ئۇ بىر قەيسەر ئىرادىلىك ئادەم ۋە قورقماس جەڭچى ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ بىرقانچە خىرىستىيان كىنەزلىكلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. سۈرىيەدىن باغدادقا بارىدىغان سودا يولى ئۆتىدىغان رۇھا شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ، تۆت ھەپتىلىك ھۇجۇم بىلەن بۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى.

**2 ـ ئىككىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1147 ـــ 1149)** رۇھانىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرى ياۋروپاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پىردىنلا ۋەھىمە ۋە غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مۇقەددەس جەڭ قىلىش ئەسەبىيلىكى بارغانسېرى ئۆرلىدى. نەتىجىدە پاپا ئېۋگېنىئوس III كلايرۋوكسلىق بېرناردتىن يەنە بىر قېتىم ئەھلىسەلىپ ئۇيۇشتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇنىڭغا ئىككى پادىشاھ ئاۋاز قوشتى: بىرسى گېرمانىيەلىك كونراد III، يەنە بىرسى لوئىس II. ئىچكى غوۋغادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ قېتىم يول ـ يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىش پىلانلاندى. بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپكە قاتناشقۇچىلار فىرانسۇزلار، گېرمانلار ۋە نورغۇنلىغان چەۋەندازلار بولۇپ، ئۇلار 1147 ـ يىلى سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇ شەھەر ئىلگىرىدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىدى. بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. پىردىنبىر مەنپەئەتدار بولغىنى سىتسىلىيە ئارىلىدىكى روبېرت بولۇپ، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گىرېتسىيەنىڭ بىرقانچە ئارىلى ۋە ئافېناغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جايلارنى ئىزچىل ھالدا مۇسۇلمانلار كونترول قىلغانىدى.

**نۇرىددىن (1146 ــ 1176)** بۇ چاغدا زەڭگىنىڭ خانلىق تەختىگە ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىددىن ۋارىسلىق قىلىپ، پايتەختىنى مۇسۇلدىن ھەلەبكە كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەر دېڭىز بويلىرىدىكى خىرىستىيان دۆلەتلىرىگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاجىز مۇسۇلمان ھاكىملىرىنىڭ قولىدىن دەمەشقنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا رۇھا رايونىنى ئىستىلا قىلدى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى كونت چوسلىن II نۇرىددىننىڭ قولىدىكى مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى. نۇرىددىن كېيىن يەنە ئانتىيوك كىنەزلىكىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ پايتەختى ئېدىسسانى ئىشغال قىلدى ۋە بوھمۇند II نى تىرىك ئەسىر ئالدى. ئۇ، بۇ ئىككى ھۆكۈمرانىنى بىر مەزگىل قاماپ قويۇپ، خېلى نۇرغۇن ئالتۇن تۆلەم ئالغاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بەردى.

**شىركۇھ (1164 ـ يىلى)** نۇرىددىننىڭ قول ئاستىدا قاۋۇل بىر سەركەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى شىركۇھ ئىدى. نۇرىددىن خىرىستىيانلارغا ئۇنۇملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، مەزكۇر سەركەردىنى بىر ھەربىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مىسىرغا بېرىپ فاتىمىيلەر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خەلىپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. شىركۇھ قابىلىيەتلىك ئادەم بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى ھەمدە 1169 ـ يىلى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى. بىراق، بالدۇر ئەجەل يەتكەچكە، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرەلمىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئەييۇبى تەختكە چىقىپ ئىسلام دىنىنىڭ 12 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئاۋانگارتى بولۇپ قالدى

www.uyghurkitap.com

**سالاھىددىن ئەييۇبى (1169 ــ 1193)** سالاھىددىن 1138 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەييۇب زەڭگى خان ھايات ۋاقتىدا بالبېكتە قوماندان بولۇپ تۇرغان. 1164 ـ يىلى سالاھىددىن ئۆزىنىڭ تاغىسى شىركوھ بىلەن بىللە مىسىرغا بارغان. شىركوھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ باش ۋەزىرلىكنى ئۆتىگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىسلامىيەت تەربىيەسىنى ئالغان بولۇپ، سۈننىي مەزھەپنىڭ چىن ئېتىقادچىسى ئىدى. ئۇ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىككى چوڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، سۈننىي مەزھەپنىڭ ئەقىدىلىرىنى فاتىمىيلەرنىڭ شىئە مەزھىپى ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بەل باغلىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا فاتىمىيلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقىنى كونترول قىلىپ كەلگىنىگە 200 يىلچە بولۇپ، سۈننىي مەزھەپنىڭ ئىسلامىيەت تەلىماتى ۋە ئېتىقادىغا ئىنتايىن زور زىيانلارنى يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىگەن نىشانى خىرىستىيانلارنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى.

**مىسىر پادىشاھى سالاھىددىن** ئۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مىسىر ۋە سۇرىيەنىڭ غوجايىنى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا، نۇرىددىن زەڭگى 1174 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سالاھىددىن (ئۇ بۇ چاغدا مىسىرنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى) ئۆزىنىڭ زەڭگىگە بېقىنىشلىق بولغان مۇجمەل مىتروپولىيەلىك مۇناسىۋەتتىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇ سۇرىيەلىكلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى ھەمدە قۇرۇن ـ ھامىكاھ جېڭىدە سۇرىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئىنىسى تۇران شاھ ھىجاز بىلەن يەمەننى ئىستېلا قىلىۋالغانىدى. 1175 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ

كۈنى سالاھىددىن ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسىدىن ئۆزگە مىسىر، سۈرىيە، غەربىي ئەرەبىستان ۋە مەغرىبنىڭ سۇلتانى دېگەن ئۇنۋاننى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، خەلىپىنىڭ بۇ رېمىننى سالاھىددىنغا ئىنئام قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. چۈنكى، سالاھىددىن بۇ زېمىنلارنى ئاللىقاچان ئىگىلەپ بولغانىدى. بىراق، سالاھىددىن مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىشنى خالايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلىپىدىن ئۇنۋان ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ رەسمىي ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سالاھىددىن سۇلتان دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇ مۇسۇلنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇ چاغدا ئۇ خىرىستىيان كىنەزلىكلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

**ئاساسىن مەزھىپى** خىرىستىيانلار ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئىسمائىلىيەلەرنىڭ ئاساسىن مەزھىپىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئاساسىنلار ئۆزلىرىنىڭ سەردارى «شەيخۇل جەبەل»نىڭ رەھبەرلىكىدە مەخسۇس خۇپىيانە ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەرلىك ئاساسىنلار ماسيادنى بازا قىلغان بولۇپ، بۇ جاي ئانتىيوك كىنەزلىكى بىلەن تىرىپولى كىنەزلىكىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. بۇ خۇپىيانە ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە، سالاھىددىنغا قارىتا بىر قېتىملىق يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، بۇ ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ چىقتى. ئاساسىنلارنىڭ تەتۈر قىلمىشلىرى سالاھىددىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئۇ قوشۇن باشلاپ، قۇدرەتلىك ئاساسىنلار سەردارى راشىدۇدىن سىناننىڭ چوڭ لاگېرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئىنتايىن شىددەتلىك بولغاچقا، سالاھىددىننىڭ نامى يامانلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خىل ۋەھىمە بولۇپ قالغانىدى. سىنان سالاھىددىن بىلەن سۈلھى قىلىشىنىڭ ئەلا تەدبىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەگەر سالاھىددىن مۇھاسىرە ھۇجۇمىنى توختاتسا، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا پاراكەندىچىلىك سالمايمەن دەپ ۋەدە بەردى؛ ئۇ يەنە خرىستىيانلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، سالاھىددىن بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئاسساسىنلار ئۆزلىرى ئۈچۈنلا چوت سوقىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇلارغا بولغان مۇھاسىرە ھۇجۇمىنى توختاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاسساسىنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىمىدى.

**سالاھىددىن ۋە خرىستىيانلار** ئەمدى سالاھىددىن ئۆزىنىڭ ئىككىنچى بىر نىشانىنى غەم - غۇسسىسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ، خرىستىيانلارنىڭ شەھىرى — تىبېرىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يەنى 1187 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، فىرانكلار بۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىققا تەن بەرمەي، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سالاھىددىنغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ھىتتىن دېگەن جايدا ئۇچراشتى. خرىستىيانلار قوشۇنىدا 20 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئۇلار سالاھىددىنغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، تومۇز كۈنلىرىدىكى دەھشەت ئىسسىققا قارىماي بىرنەچچە كۈن ئۇدا يول يۈردى. ئۇلاردا تەلۋىلەرچە قىزغىنلىق تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، لېكىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. سالاھىددىن بولسا دەم ئېلىپ كۈچ توپلاپ تۇرغانىدى. ئۇ خۇددى غەزەپكە كەلگەن شىرغا ئوخشاش، ئۇلارغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، ئۇلارنى بىتچىت قىلدى. ئېرۇسالېم شاھى — لۇسىگنانلىق گۇئى ئەسىرگە چۈشتى. لېكىن، چەۋەندازلارچە

سالاپەتكە ئىگە سالاھىددىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ۋاھالەنكى، يەنە بىر خىرىستىيان سەردارى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان رېگىنالادقا ئىنتايىن قاتتىق مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمانلارغا كۆپ قېتىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ، تىنچ سودا كارۋانلىرىنى بۇلىغان، ھىجازغا بېرىپ ھەج قىلغۇچى يولۇچىلارنى پاراكەندە قىلغانىدى. سالاھىددىن ئىلگىرى: ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە رېگىنالد قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قەسىمىنى ئەمدى ئەمەلگە ئاشۇردى.

**يېرۇسالېمنىڭ قولدىن كېتىشى** ھېتتىن دېگەن جايدىكى زور غەلىبىدىن كېيىن سالاھىددىن يېرۇسالېمغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. دېمەك، 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاقسا مەسچىتى بىلەن مەشھۇر ئۆمەر جامەسىدە مەزىنلەرنىڭ ئەزانلىرى قايتا ياڭراشقا باشلىدى. غەلىبە قىلغان سالاھىددىن بۇ چاغدا توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، باشقا جايلارنىمۇ ئىشغال قىلدى، يېرۇسالېم خانلىقى بەربات قىلىندى. خىرىستىيانلارنىڭ قولىدا پەقەت ئانتيوك، تىرىپولى ۋە تىيېر شەھىرىلا قالدى.

**3 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1189 ــ 1192)** يېرۇسالېمنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ياۋروپادا يەنە بىر قېتىم شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ساداسى ئەۋج ئالدى. بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، سالاھىددىنغا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن خەلقتىن جان بېجى يىغىلدى. ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ پادىشاھ گېرمانىيە پادىشاھى فىرېدېرىخ، ئەنگلىيە پادىشاھى شىر يۈرەك رىچارد ۋە فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ II بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەپ، پەلەستىنگە يۈرۈش قىلدى، بىرىنچى قوشۇن

www.uyghurkitap.com

قۇرۇقلۇق بىلەن، قالغان ئىككى قوشۇن دېڭىز يولى بىلەن يۈردى. فىرىدېرىخ ئالدى بىلەن ئاتلىنىپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ۋىزانتىيە ئارقىلىق يۈرۈپ، كىچىك ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى. بىراق، ئۇ يول ئۈستىدە پېشكەللىككە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى تويتوغرا كىچىك ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى. لېكىن، سىتسىلىيەدە دەريادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا كەلكۈن ئىچىدە قېلىپ غەرق بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇنىنىڭ گېنېرال ۋە جەڭچىلىرىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئارقىمۇئارقا قېچىپ قايتىپ كېتىشتى. ئەنگلىيە پادىشاھى رىچارد سىپرۇسنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرمىدى. كېيىن ئۇ مەزكۇر ئارالنى لۇسىگاندىكى گۇئىغا سېتىۋەتتى. ئەمما، فىرانسۇزلار فىلىپ II باشچىلىقىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ پەلەستىنگە بېرىپ، يېرۇسالېم پادىشاھى گۇئىنىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلدى.

**ئاككاغا قىلىنغان ھۇجۇم (1190 ـ يىلى)** بىر يۇقىرىدا پادىشاھ گۇئىنىڭ قانداق قىلىپ سالاھىددىنغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ سۇلتانىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئەيىۇبىيلارغا قايتا دۈشمەنلىك قىلماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن، ئۇ فىرانسۇزلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ۋەدىسىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى توپلاپ، فىرىدېرىخنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يىغىپ ئۆز قوشۇنىغا قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ، مۇسۇلمانلار ساقلاپ كېلىۋاتقان مەشھۇر پورت ئاككاغا ھۇجۇم قىلدى. سالاھىددىن تېز ھەرىكەت قىلىپ، قورشاۋ ئىچىدە قالغان قوشۇنلىرىغا ۋاقتىدا ياردەم بەردى. بىراق، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئاككانى قورشىۋېلىپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ئىككى تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. سالاھىددىن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا شەھەر

سىرتىدىن ھۇجۇم قىلدى، شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى شەھەر ئىچىدىن قايتۇرما زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئۇزاق مۇددەتلىك ھايات ـ مامات كۈرىشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. بۇ جەڭ تارىختىكى مەشھۇر جەڭلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

**ئاككانىڭ قولدىن كېتىشى** دەل مۇشۇ چاغدا ئەنگلىيە پادىشاھى رىچارد I قوشۇن باشلاپ كەلگەچكە، دۈشمەن كۈچى ھەسسىلەپ ئاشتى. ھەر ئىككى تەرەپتە قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى كۆرۈلدى. ئۇرۇش ئىككى يىل داۋام قىلدى. بۇ ئۇرۇش بىرمۇنچە كىچىك جەڭلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىختىكى مەشھۇر جەڭچىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بىر مەزگىل تىركىشىش يۈز بەردى. چۈنكى، ئەھلىسەلىپ كېمە ئەترىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا بولسا كىشىگە ئىلھامبەخش ئېتىدىغان سالاھىددىن قوماندانلىق قىلاتتى. سالاھىددىن نەچچە قېتىم خەت يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ياردەمچى قوشۇن ئۇزاقىچە يېتىپ كەلمىگەچكە، سالاھىددىننىڭ بۇ جەڭدە تىركىشىپ ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈشتىن باشقا ئامالى قالمىدى، نەتىجىدە يەككە ـ يېگانە قالغان بۇ شەھەر ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

**ئاككالىقلارغا قويۇلغان تەسلىم شەرتى** ئەھلىسەلىپ ئاككانى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەسلىم شەرتىنى قويدى: بىرىنچىسى، مۇسۇلمانلار 200 مىڭ تىللا تۆلەم تاپشۇرۇش ۋە ئۇلارغا غەنىيمەت قىلىپ ئېلىۋالغان مۇقەددەس كىرېستنى قايتۇرۇپ بېرىش، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىرېست ئەيسا بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا مىخلانغان كىرېست ئىكەن؛

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار ئەيسانىڭ ئەرشكە چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما، ئۇ كرېستقا مىخلانمىغان، دەپ قارايدۇ. لېكىن، خرىستىيانلارنىڭ ئېتىقادى باشقىچە بولۇپ، ئۇلار بۇ كرېستنى ھەقىقىي كرېست ۋە ئىنتايىن مۇقەددەس، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىسى ئەھلىسەلىپ ئەسىرگە چۈشكەن مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولۇش تۆلەم پۇلىنى جەملەپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەت بىر ئاي بولۇپ، ئاككالىقلار بىلەن سالاھىددىن بۇ پۇلنى جەملەش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پۇلنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋاقىت بەك قىس بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىچارد I ئۇلارغا قارىتا بىر خىل ھەرىكەت قوللىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت مەزكۇر ئالىيجاناب پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ نامىغا ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن 2700 مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنى لەختە ـ لەختە قان ئىچىگە غەرق قىلىدۇ.

**سالاھىددىننىڭ چەۋەندازلارچە مەردلىكى** شەرق ۋە غەرب تارىخشۇناسلىرى رىچاردنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ سالاھىددىننىڭ ئۆتكەن قېتىمقى رەھىمدىللىك ھەرىكىتىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سالاھىددىن يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇمۇ نەچچە مىڭلىغان خرىستىيانلارنى ئەسىرگە ئالغان، شۇنىڭدەك تۆلەم ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپمۇ تۇرغان، ھەتتا تۆلەمنى تاپشۇرۇشنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسىنىمۇ بەلگىلەپ بەرگەنىدى. لېكىن، خرىستىيانلارنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇلار تۆلەم پۇلىنى جەملەشكە قۇربى يەتمىگەنىدى. سالاھىددىننىڭ ئىنىسى 1000 نەپەر نامرات خرىستىيانىنى قويۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغاندا، بۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان. ۋاقىت كۆنلەپ ئۆتۈپ

كېتمۇاتقان بولسىمۇ، ئەمما قالغان خرىستىيانلار پۇلنى يەنىلا جەملەپ بولالمىغان. خرىستىيانلارنىڭ باش ئېپىسكوپى سالاھىددىننىڭ رەھىمدىللىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەنە 1000 نەپەر خرىستىيانىنى قويۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغاندا، سالاھىددىن بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولغان. سالاھىددىن ئۆز ئىنىسى بىلەن باش ئېپىسكوپنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قالغان كۆپ قىسىم ئەسىرلەرنىمۇ قويۇپ بەرگەن، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خوتۇن ـ قىزلار ۋە بالىلار ئىدى. شۇڭا، سالاھىددىننىڭ تارىختا چەۋەندازلارچە مەرد پادىشاھ دەپ ئۇمۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش** ئاكىا يەنىلا خرىستىيانلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سالاھىددىننىڭ تولىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قارشى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ ئۇڭاي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسىلىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئىنتىلدى. ئەنگلىيە پادىشاھى رىچارد ھەتتا ئۆز سىڭلىسى جوئاننانى سالاھىددىننىڭ ئىنىسى مالىك ئادىلغا نىكاھلاپ بېرىشكە ۋەدە بەردى ۋە سالاھىددىنغا ناھايىتى بەك دوستانىلىق بىلدۈردى. 1192 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇ ناھايىتى زور تەنتەنە بىلەن مالىكنىڭ ئوغلى كامىلغا «شاھزادە» دېگەن نامنى بەردى. ئىككى تەرەپ ئاخىر تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمگە بىنائەن مۇسۇلمانلار خرىستىيانلارنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشىغا ئۇڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھلىسەلىپ ئۆزلىرىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن شان ـ شۆھرىتىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سالاھىددىن ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ ۋاپات بولدى.

www.uyghurkitap.com

**سالاھىددىننىڭ خاراكتېرى** سالاھىددىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق جەڭچىسى ۋە ئاۋانگارتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىدارلىق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئىلىم ـ پەنگە مەدەت بەرگەن، يول ياساتقان، قانال قازدۇرغان، مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنى تەسىس قىلغانىدى. ئۇ يەنە قاھىرە قەلئەسىنى بىنا قىلغانىدى. بۇ قەلئە تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇ، ئەلنىڭ چوڭقۇر ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان شاھ ۋە قابىلىيەتلىك ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ سۈرىيەدە تەسىس قىلغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە مەكتەپلەر خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە گۈللىنىپ راۋاج تاپقان. بۇ مۇقەددەس ئىلىم كانى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەربابلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنىدى.

**ئەييۇبىيلار خاندانلىقى** ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسىل پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلمىدى. چوڭ ئوغلى مالىك ئەفزەل سۈرىيەگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ لاياقەتسىز ھۆكۈمران ئىدى، شۇڭا سالاھىددىننىڭ ئىنىسى ھەم مۇھاپىزەتچىسى مالىك ئادىلنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ سۈرىيەگە يەتكۈزگەنلىكى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ قولىدا مىسىرلا بار ئىدى. ئادىل تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ خىرىستىيانلار بىلەن ۋە ئىتالىيەنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى باي سودىگەرلەر بىلەن ئوبدان سىياسىي مۇناسىۋەت ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ 1218 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەسۇر سالاھىددىن ئىسلام دىنى ئۈچۈن قۇرۇپ بەرگەن ئىمپېرىيە كۈندىن ـ كۈنگە پارچىلىنىپ كەتتى. سالاھىددىن ۋاپات بولۇپ 40 يىل ئۆتۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋالغان بارلىق شەھەر ـ كەنتلىرى قايتىدىن خىرىستىيانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

**4 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1202 ــ 1204)** بۇ چاغدا ياۋروپا پادىشاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق سۈيىقەست ئەھلىسەلىپ ئۇقۇمىغا بۇرمىلانغان يېڭى چۈشەنچە بەردى. مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى فىرىدېرىخ باربا روسسا 3 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدە ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئوغلى ھېنرى VI ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ پادىشاھى نورماننىڭ قىزى كونىستانىسنى نىكاھىغا ئالغان. ھېنرى VI نىڭ غەرىزى ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسى سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ پادىشاھى روبېرت قولغا كەلتۈرگەن گىرېتسىيە زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى فىلىپ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان گىرېتسىيە پادىشاھى ئىساك ئانگېلوسنىڭ قىزى ئىرىننى نىكاھىغا ئالغان. ئاكا ـ ئۇكا بۇ ئىككىسى گىرېتسىيە ئىمپېرىيەسىنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتاتتى، بۇ ھال قۇدرەتلىك ھەم قارا نىيەت پاپا ئىننوسېنت II نى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى، ئەگەر ئۇ بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ پىلانىنى توسۇۋالالمايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئەھلىسەلىپكە بولغان رەھبەرلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولاتتى. شۇڭا، ئۇ يەنە بىر قېتىم قوراللىق ئاتلىنىشقا چاقىرىق قىلدى، بۇ قېتىمقى نىشان مىسىر ئىدى. ئەمەلىيەتتە، پاپانىڭ كۆزدە تۇتقىنى لاتىن دىنىي جەمئىيىتى بىلەن گىرېك دىنىي جەمئىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي كونتروللۇقىغا ئېلىش ئىدى، بىراق ئەھلىسەلىپكە قاتناشقان باشقا تەرەپلەرنىڭمۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن غەرەزلىرى بار ئىدى. ۋېنېتسىيەلىكلەر مىسىر مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، بىز 85 مىڭ مارك پۇلغا ۋە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر يەرگە يىغىلىپ مۇھاكىمە قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى 85 مىڭ مارك پۇلنى

www.uyghurkitap.com

چىقىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنېتسىيەلىكلەر يەنە: ئەگەر دالماتىيە دېڭىزىنىڭ بويىغا جايلاشقان زارا شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ شەھەر بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بولسا، بىز ئاندىن ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ماقۇل بولىمىز دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چاغدا ھېنرى Ⅵ ئۆلگەندى، ئۇنىڭ ئىنىسى باشقا رەھبەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەھلىسەلىپنىڭ يۆنىلىشىنى كونستانتىنوپولغا بۇرىدى، بۇنىڭغا پاپا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن، ئۇنىڭ پىكرىگە ھېچكىممۇ پىسەنت قىلمىدى. بۇنىڭدىن ئەھلىسەلىپنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسە ئاللىبۇرۇنلا ئەمەلىي نەرسىلەرنى بۇلاش - تالاشقا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**كونستانتىنوپولنىڭ ئىشغال قىلىنىشى (1204 - يىلى)** بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئالدى بىلەن زارا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، 1202 - يىلى ئۇنى ئىشغال قىلدى. كېلىشىمگە بىنائەن بۇ شەھەرنى ۋېنېتسىيەلىكلەر بۇلاپ قۇرۇۋېلىپ قويدى. پاپا ئىننوسېنت Ⅲ بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، ئەھلىسەلىپنى دىن تەۋەلىكىدىن چىقىرىۋەتتى، لېكىن ئەھلىسەلىپ سەردارلىرى بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، بولۇپمۇ مۇقەددەس رىم ئىمپېراتورى بىلەن پاپا ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرغان ئەھۋالدا شۇنداق بولدى. ئەھلىسەلىپ 1203 - يىلى كونستانتىنوپولغا يېتىپ كەلدى، فىلىپنىڭ قېيىنئاتىسى ئىمپېراتور ئىساك ئانگلۇس قايتا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقتى. بۇ چاغدا ئەھلىسەلىپ مەزكۇر شەھەرنىڭ شاھەنشاھى بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار گىرېك ئاھالىلىرىدىن ئېغىر باج - سېلىق ئالاتتى. بۇ ھال گىرېك ئاھالىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، نەتىجىدە ئۇلار قوزغىلىپ، ئىمپېراتور ئانگلۇسنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالېكسىيوسنى پادىشاھلىققا تىكلىدى. ۋېنېتسىيەلىكلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەھلىسەلىپنىڭ

ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ قېتىمقى بالايىئاپەت تارىختا مىسلىسىز تېررورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېڭىلا تەختكە چىققان گىرېتسىيە ئىمپېراتورى يەنە بىكار قىلىنىپ، فىرانسىيە پادىشاھى — فىلاندرىيەلىك ۋالدۇين تەختكە چىقىرىلدى. بۇ ئىمپېرىيەنى ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپ بۆلۈشۈۋالدى، ئاساسلىق ئىتتىپاقچى دۆلەت ۋېنېتسىيە بۇ شەھەرنىڭ سەككىزدىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى. ئۇ يەنە ئادرىيانوپۇل، گاللىپۇلى ھەمدە ناكسۇس، ئاندروس، كىرىت، ئېئونىئاننو ئارىلى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كىچىك بىر قىسمى — ئېۋبوئىغا ئىگە بولدى. لاتىن ئىمپېراتورى ۋىزانتىيەگە 50 يىل (1204 — 1261) ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. گىرېتسىيە ئىمپېراتورى كىچىك ئاسىياغا قېچىپ بېرىپ، نىكادا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، ئۇ يەر ئىلگىرى رۇم سەلجۇقىيلىرىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ھازىر خىرىستىيانلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار 1 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپنىڭ سەلجۇقىيلار قولىدىن تارتىۋالغان زېمىنىنى كونترول قىلماقتا. ئەھلىسەلىپنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرى خىرىستىيان ئىشلىرىغا داغ تەگكۈزدى. ئەھلىسەلىپ ھەتتا ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ خىرىستىيان قېرىنداشلىرىغا تاقابىل تۇرىدىغان قورال قىلىپ ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىخلاسمەن ياۋروپالىقلار ئۈچۈن بىر خىل زەربە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل ھەرىكەت دىندىن ئۆزگىچە بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ياۋروپا خەلقى ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى، خىرىستىيانلارمۇ ئۆز قىزغىنلىقىنى يوقاتتى، بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خىل ئىلتىپات بولدى.

**5 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1216 — 1221)** بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىننوسېنت III كەسكىن ئادەم ئىدى، ئۇ 4 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپتە پاپانىڭ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، 5 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ بۇ قېتىم مىسىرنى نىشانلىدى ۋە بۇ نىشانىنى ئۆزگەرتمەسلىككە ۋەدە قىلدى. ئۇ چاغدا سالاھىددىن سۇلتانىنىڭ ۋارىسى گەرچە سالاھىددىننىڭ سۈرىيەدىكى مىراسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ــ كامىل سۇلتانىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مىسىر يەنىلا تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان بىر نىشان ئىدى. كامىل ئۆزىنىڭ شەرقتىكى خىرىستىيان قوشنىلىرى بىلەن ئىلگىرى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېڭى بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپنىڭ ئۆزىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەھلىسەلىپ قوشۇنى قاھىرەنىڭ دېمىيات پورتىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا باشقا بىر خىل پىكىر تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەھلىسەلىپنىڭ دىققىتى مىسىرغا بۇرالغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مالىيە جەھەتتىكى تايانچى بولغان ۋېنېتسىيە بىلەن گېنويەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مىسىرغا كۆزى چۈشكەنىدى، بولۇپمۇ بۇ يەر ئۇلارنى قىزىل دېڭىزدىن ھىندى ئوكيانغا ئۆتىدىغان سودا يولى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ھىندىستان ۋە يىراق شەرق بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. كامىل ئەھلىسەلىپكە قارشى ئىككى يىل كۈرەش قىلىپ، 1221 ـ يىلى ئۇلارنى دېمىيات پورتىدىن قوغلاپ چىقاردى.

**كامىل** كامىل بىر چېۋەر ھۆكۈمران بولۇپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان جاھىللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ياۋروپالىقلار بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىمىگە رىئايە قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ يەنە جەڭدە مەغلۇپ بولغان ئەھلىسەلىپ بىلەن تىنچلىق بىتىمى

ئىمزالىدى، بۇ بىتىمگە ئاساسەن، ياۋروپالىقلارغا قىزىل دېڭىزغا كىرىش ـ چىقىش ئەركىنلىكىنى بەردى، بۇنىڭ بەدىلىگە ياۋروپانىڭ بىر قىسىم خۇش پۇراق ماتېرىياللار سودىسىغا ئىگە بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شۇ چاغدا ھەر ئىككى ئىقلىمدا قالتىس ئىش قىلدى. كامىل تەرەققىيپەرۋەر شاھ بولۇپ، ئىلىم ـ پەننى قوغدايتتى، كۆڭلى ـ كۆكسى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خىرىستىيان پادىشاھلىقىدىكى مەشھۇر ئەۋلىيا ــ ئاسسىسلىق سىنت فرانسىس كامىلنى زىيارەت قىلغان، ئۇ ئىككىسى ئەتىدىن ئاخشامغىچە بىللە بولۇپ، بىرلىكتە دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشقانىكەن. كامىل يەنە مىسىردىكى كوپۇت خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىگە سېخىيلىق بىلەن ياردەم بەرگەن. ئۇ ئۆگىنىشكە ئىنتايىن خۇشتار بولۇپ، ئوخشاش ئىشەنچ ۋە ئىخلاس بىلەن سوپىلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىيا ـ ئۆلىمالىرىنى ئۆزىگە دوست تۇتقان.

**6 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1228 ــ 1229)** 6 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئاساسىي جەھەتتىن دىنىي خاراكتېردە بولمىغان بىر قېتىملىق يىراقتا قىلىنغان يۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ يولباشچىسى فرېدېرىخ Ⅱ بولسا ھېنرى Ⅵ نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ ئىدى. ئۇ يېرۇسالېم پادىشاھىنىڭ قىزى يولاندىنى ئۆز نىكاھىغا ئالغان بولۇپ، پادىشاھ ئۆلگەنلىكتىن، ئۇ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق يېرۇسالېمغا پادىشاھ بولغان. پاپا ئۇنى بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى قىلىشقا ئۈندىگەنلىكتىن، ئۇ قوشۇن باشلاپ پەلەستىنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىراسىنى قايتۇرۇۋېلىش قارارىغا كەلگەن. بەختكە قارشى ئۇ يول ئۈستىدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، سىتسىلىيەگە قايتىپ كەتكەن، ئۇ پاپانىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، پاپا ئىننوسېنت Ⅲ قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇنى دىن

تەۋەلىكىدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئارتۇقچە غەم قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ جەمەتلىرى ھەمدە ئۇرۇق – تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۈچۈن ھاجەتسىز ئاۋارىگەرچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمىغانلىقتىن، ئاخىر ئۇ يەنە ئەھلىسەلىپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن. ئۇ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، 6 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشنى قوزغاپ، توپتوغرا مىسىرغا قاراپ ئاتلانغان.

**تىنچ يول بىلەن قىلىنغان بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى** بۇ پادىشاھ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىتسىلىيە ئارىلىدا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان، ھەتتا بىرمۇنچە خىرىستىيانلار ئۇنى بىدئەت دەپ ھېسابلىغان، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ بەرىبىر ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھ ئىدى. بىراق، ھازىر رىم پاپاسى ئۇنى دىن تەۋەلىكىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشنى باشلىدى، شۇڭا ئۇ مىسىرغا بىمالال يېتىپ كېلىپ كامىل بىلەن بىر شەرتنامە ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. بۇ چاغدا كامىل ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ ـــ سۈرىيەدىكى ئەييۇبىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ـــ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن كۆڭلى بىئارام ئىدى. شۇڭا، ئۇ يېرۇسالېمنى بۆلۈپ بېرىشكە ھەمدە ئاككادىن مۇقەددەس شەھەرگە بارىدىغان بىر كارىدور ئېچىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن فىرىدېرىخ II كامىلنىڭ باشقا مۇسۇلمان رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى شەرت قىلىندى. بۇ بىر ناشايان سودا ئىدى، لېكىن، شەخسىي مەنپەئەت كىشىلەرنىڭ كۆزىنى پەردىلىدى، نەتىجىدە يېرۇسالېم مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن يەنە بىر قېتىم چىقىپ كەتتى. مەشھۇر سالاھىددىن قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسە ئۇنىڭ

يارامسىز جىيەنلىرى تەرىپىدىن سېتىپ تۈگىتىلدى. پەقەت 17 يىلدىن كېيىنلا، كامىلنىڭ جىيەن ئوغلى سالىھ 1240 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغدا، چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆز ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خارەزىملىك بىر تۈركنىڭ ياردىمىدە، ئەييۇبىيلار سۇلتانلىقى بىرۇسالېمنى قايتىدىن شەرەپ بىلەن قايتۇرۇۋالدى.

## 7 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ۋە ئەل ـ سالىھ (1240 — 1249)

سالىھ قۇدرەتلىك شاھ ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى ئۇزاققا بارمىدى. 1249 ـ يىلى ئۇ كېسەل بولۇپ ياتقان چېغىدا، فىرانسىيە پادىشاھى سىنت لۇئىس باشچىلىقىدىكى بىر ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ دامىيات پورتىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ، توپتوغرا قاھىرەگە قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كەلگەن خەۋەرلەردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ قوشۇن يول ئۈستىدە ئۇزۇۋېرىسىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن قاناللاردىن ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىل دەرياسى دەل كەلگۈن مەزگىلىدە تۇرغاچقا، ئۇلار ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن مۈشكۈللەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي قىسىم ئىچىدە ۋابا كېسىلى تارقالغان. نەتىجىدە بۇ خىرىستىيان قوشۇنى ھالاكەت گىردابىغا چۈشۈپ قالغان. سالىھ ئۆز قوشۇنىنى نىل دەرياسى دېلتىسىغا ئەۋەتىپ، فىرانسىيە پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى قورشىۋالغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەسىرگە چۈشكەن، قالغانلىرى سازلىققا پېتىپ ئۆلگەن.

## سالىھنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە تۇران شاھ (1250 ـ يىلى)

سىنت لوئىس بىر قىسىم تۆلەم پۇل تاپشۇرۇپ، بىر ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن ۋە دىمىيات پورتىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن سىنت لۇئىس سۇرىيەگە كېتىپ، تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇ يەردىكى خىرىستىيان ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملىگەن، كېيىن فرانسىيەگە قايتىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ تۇنىسقا قىلىنغان يەنە بىر قېتىملىق يىراق مۇساپىلىك ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدە ئۆلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي سالىھمۇ ئۆلگەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى تۇران شاھ مېسوپوتامىيەدە ئىدى. لېكىن، مەرھۇم پادىشاھنىڭ تۇل قالغان ئاغىچىسى شاجاردۇر پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك ئايال بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۇزاققىچە ئېلان قىلماي، تاكى تۇران شاھ يېتىپ كەلگۈچە مەخپىي ساقلىغان. بىراق، بۇ ياش شاھزادىگە كەلگەن بەختسىزلىك شۇ بولدىكى، ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۆرۈندىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان يامانلىقلار ئۇنىڭغا قارىتا ھۇجۇمغا ئۆتكەن. خۇددى باغدادتىكى ئابباسىيلار خاندانلىقى، ئىسپانىيەدىكى ئۇمەييەلەر خاندانلىقىغا ئوخشاش، ئەييۇبىيلار خاندانلىقىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئەترەت مەملۇكىيلەر (تۈرك قۇللىرى) دىن تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ مەملۇكىيلەرمۇ باشقا مۇشۇنداق مۇھاپىزەتچى ئەترەتلەرگە ئوخشاش، بارا ـ بارا ئىنتايىن كۈچلۈك ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالغان، ئەييۇبىيلار خاندانلىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىۋاتقاندا، ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تېخىمۇ چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. تۇران شاھ ئۇلارنى چەكلەشكە ئىنتىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۇمى بەك ئاز بولغان. كېيىن ئۇلار تۇران شاھتىن ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى قورچاق سۈپىتىدە پايدىلىنالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ چاغدا: شاھزادىنىڭ ئۆگەي ئانىسى — ئەقىللىك شاجارنىڭ بۇ سۈيىقەست توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرى ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشكارىلانغانلىرىلا ئەمەس دېگەن رەزىل ئىغۋا تارقىلىپ كەتكەن. بۇ ئىغۋانىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى

ئاشۇرغىنى ئېھتىمال شاجارنىڭ تۇران شاھ ئۆلگەندىن كېيىن نائىب شاھلىقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىت بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ھوقۇقنىڭ دەستىسى يەنىلا پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان مەملۇك سەردارى ئايبەكنىڭ قولىدا بولۇپ، كېيىن ئۇ مىسىردا تۇنجى مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىنى قۇردى.

**8 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ (1270 ـ يىلى)** رەڭگارەڭ خىرىستىيان پادىشاھلىرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈشىنى داۋاملىق ئۇيۇشتۇردى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىملىقى تارىخ سەھىپىسىگە كىرگۈزۈلدى. بىر قېتىملىقى 1267 ـ يىلى فىرانسىيە پادىشاھى لوئىس IX نىڭ ئىنىسى ئانجولۇق چارلېس تەرىپىدىن قوزغىتىلغان بولۇپ، ئۇ كونىستانتىنوپولنى يۇتۇۋالدى، چۈنكى بىر شەرتنامىگە ئاساسەن، ئۇ ئۆزىنى ۋىزانتىيە ـ گىرېتسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ۋارىسى دەپ جاكارلىدى. ئۇ يەنە سىتسىلىيە ئارىلى بىلەن يېرۇسالېمنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. لېكىن، سىتسىلىيەلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. كېيىن پاپانىڭ كۆندۈرۈشى بىلەن ئاراگونلۇق جېيمس بىر بۆلۈم ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنى باشلاپ كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلغانىدى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. پاپا بۇ قېتىمقى ئۈنۈمسىز تىرىشچانلىق سەۋەبىدىن يالتىيىپ قالماي، يەنە بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى ئۇيۇشتۇردى. مانا بۇ، فىرانسىيە پادىشاھى لوئىس IX بىلەن ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد I باشچىلىق قىلغان 8 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئىدى. لوئىس ئۆز ئوغلى ۋە بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، كارتاگېدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ـــ ئانجولۇق چارلېسمۇ مۇشۇ پەردە ئۇلار بىلەن قوشۇلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەربىي لاگېرىدا

www.uyghurkitap.com

ۋابا كېسىلى پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن ئادىمى ئۆلۈپ كەتتى، پادىشاھ لوئىس ۋە ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى. تۇنىس شاھى ئانجولۇق چارلېسنى سېتىۋالدى. ئەنگلىيەلىك ئېدۋاردمۇ سۈرىيەگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزلۈكىدىن قايتىپ چىقىپ كەتتى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنى پەلەستىنگە داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، 1271 ـ يىلى ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. لېكىن، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

**9 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ** ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ پاپا گىرېگورى X تەرىپىدىن 1274 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ لىئون شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلدى. پاپانىڭ چاقىرىقى كىشىلەرگە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قىلدىكى، ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغان ھەربىر پادىشاھ كىرېست ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىكى: ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ قەسەم بېرىش تەلەپ قىلىنىغاندا، ئۇلار بىر ـ بىردىن مېڭىپ، پاپانىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز پۈكۈپ، پاپا سۇنۇپ بەرگەن كىرېستنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەھلىسەلىپكە قاتنىشىشقا قەسەم بەرگەنلىكىنى ئىپادىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ بولغۇچە پاپا ئۆلۈپ قالدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن قېتىم كىچىك كۆلەملىك ئەھلىسەلىپ تەشكىل قىلىنغان ياكى ئەھلىسەلىپ ھەربىي يۈرۈشى ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ھەتتا 1453 ـ يىلى كونستانتىنوپول ئوسمانىي تۈركلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن چاغدا، ھەقىقىي ئەھلىسەلىپ دەۋرى راستلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن پەلەستىننى تارتىۋالماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى شۇنىڭغا يېتەرلىك قىزغىنلىق قوزغىتىشقا ياكى يېتەرلىك ئاساس تېپىشقا ئامالسىز ئىدى، ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردىن بۇيان، پەلەستىنگە كىرگەن تۇنجى ياۋروپا

قوشۇنى — 1917 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېنېرال ئاللېنبى باشچىلىقىدىكى قوشۇن بولدى.

**بەھرى مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى (1250 — 1382)** شاجاردۇردىن كېيىن مەملۇكىيلەر ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالدى. ئۇلار مىسىر بىلەن سۈرىيەگە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىككى خانىدانلىق قۇردى: بىرسى — بەھرى مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى؛ يەنە بىرسى — بۇرجى مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى. بۇ ئىككىسىدىن بەھرى مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ داڭلىق ئىككى شاھى ۋە بەزى ئانچە نامى چىقمىغان شاھلىرى بولغانىدى. بۇ خانىدانلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلدى: خىرىستىيانلارنى سۈرىيەدىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە موڭغۇللارنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى — بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى 1302 ـ يىلى بولدى. خانىدانلىقنىڭ تۇنجى سۇلتانى — مەملۇكىيلەرنىڭ قوماندانى ئايبەك بولۇپ، ئۇ ئەييۇبىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەنىدى.

**زاھىر بابۇر (1260 — 1277)** بۇ خانىدانلىقتا بەزى مەشھۇر ئىسلام ئاۋانگارتلىرى مەيدانغا چىقتى، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا ساداقەتلىك بىلەن ئۆزىنى پىدا قىلغانىدى. 1260 ـ يىلى موڭغۇللارغا تۇنجى قېتىم ئەجەللىك زەربە بەرگەن كىشى دەل مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد سۇلتانى زاھىر بابۇر نۇرۇددىن ئىدى. ھىلاكۇخان 1258 ـ يىلى باغدادنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قول ئاستىدىكى كىتبۇغا سانغۇننى مىسىرنى ئىستېلا قىلىشقا ئەۋەتكەن. مۇبادا موڭغۇللار مىسىرنى ئىستېلا قىلىۋالىدىغان بولسا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇق

تۇرلىرىمۇ بۇ ۋەھشىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. 1260 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سۇلتان بابۇر ئاين ـ جالۇت جېڭىدە بىرمەھەل جاھاننى بېشىغا كىيگەن موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشنى قىلدى. موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ زېھنىي كۈچىنى فىرانكلارنىڭ سۈرىيەدىكى قالدۇق قارشىلىقىنى جىمىقتۇرۇشقا قاراتتى.

**خىرىستىيان خانلىقلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇش (1263 ـــ 1271)** بۇ خىرىستىيان كىنەزلىكلىرى ھىلاكۇخان ۋە ئۇنىڭ پېرسىيەدىكى ۋارىسلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بابۇرغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇ تاكتىكا بابۇرنىڭ تېخىمۇ كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 1263 ـ يىلىدىن 1271 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ھەر يىلى ئەسكەر تارتىپ خىرىستىيان پادىشاھلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇ بولۇپمۇ كۈچ ـ زېھنىنى ئىككى مەشھۇر قىرىنداشلار جەمئىيىتى ياكى خىرىستىيان روھانىيلىرى تەشكىلاتىغا، يەنى مۇقەددەس ئىبادەتخانا چەۋەندازلىرى تەشكىلاتى بىلەن خەيرىيەتخانا چەۋەندازلىرى تەشكىلاتىغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ ئىككى چەۋەندازلار تەشكىلاتى پۈتۈنلەي ئالاھىدە تاللانغان چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان تەشكىللەنگەن. چەۋەندازلار باتۇر قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا، باشقا جايلاردا جەڭ قىلغاندىكىدەك باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بابۇر ھەقىقەتەن بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. 1263 ـ ۋە 1265 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خەيرىيەتخانا چەۋەندازلار تەشكىلاتى قولىدىن كاراك شەھىرى بىلەن ئارسوف شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە 1266 ـ يىلى مۇقەددەس ئىبادەتخانا چەۋەندازلىرى تەشكىلاتى

قولىدىن سافاد شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، چەۋەندازلار تەشكىلاتىنىڭ ياۋۇز قىلمىشلىرىغا ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكتىن، سافاد شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 2000 كىشىنى ئۆلتۈرگەن. 1268 ـ يىلى مەشھۇر پورت جافقانى ئىشغال قىلغان، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئانتىيوك شەھىرىنى ئىشغال قىلغان. بۇ شەھەرنى خىرىستىيانلار 180 يىلدەك ئىشغال قىلىپ كەلگەنىدى. بىر پادىشاھ سۈپىتىدىن ئېيتقاندا، بابۇر سالاھىددىنغا ئوخشاش ئەپۇچان ۋە خۇش پېئىل ئەمەس ئىدى. لېكىن، جەڭ ئەھلى بولۇش سۈپىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ قەتئىيلىكتە تەڭداشسىز ئىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئانچە رەھىمدىل بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قەلبىدە خۇددى 1 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭكىدەك يالقۇنلۇق ئوت ئۇچقۇنى لاۋۇلدايتتى. ئۇ ئىستېلا قىلىنغان شەھەرلەردىكى نەچچە مىڭلىغان مۇداپىئەچى ئەسكەرلەرنى قىردى ۋە نۇرغۇنلىرىنى قۇل قىلىپ سېتىۋەتتى. ئۇ، شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتتى، چېركاۋلارنى ۋەيران قىلدى، ھەتتا خىرىستىيانلار نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن مۇداپىئە قىلىپ كېلىۋاتقان ھىسن ئاركاد قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بابۇر خىرىستىيانلار بىلەن جەڭ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاسساسىنلارغا قارشى قىلىنغان بىر قېتىملىق جازا يۈرۈشىگىمۇ ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، ئاسساسىنلارنىڭ ئىستىھكامىنى ئىشغال قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىۋەتكەن. بۇ ئاسساسىنلار سۈرىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىر مەزگىل پۇت تىرەپ تۇرغانىدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مىسىرنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بەربەرلەرنىڭ قارشىلىقىنى جىمىقتۇردى. بابۇرنىڭ قوشۇنلىرى ھەتتا مىسىرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇبىيەنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جېڭى يەنىلا موڭغۇللار بىلەن بولدى ھەمدە 1277 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلى تاۋرۇس تېغىدا بولغان جەڭدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاناتولىيەنىڭ قەيسەرىيە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

**خەلىپە تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى** سۇلتان بابۇر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئىشنى قىلدى. ئۇ باغدادنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسىنىڭ تاغىسىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قاھىرەگە ئالدۇرۇپ كەلدى ۋە 1261 - يىلى ئۇنى خەلىپىلىككە تىكلەپ، مۇستەنسىر دەپ ئاتىدى. بۇ خەلىپە بابۇر ئىشغال قىلغان بارلىق زېمىننى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى، بۇ زېمىن ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تاكى مىسىرنىڭ غەربىي قىسمىغىچە باراتتى. بىراق، خەلىپىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن بەختسىزلىك شۇ بولدىكى، ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك بىر ۋەزىپىگە، يەنى موڭغۇللارنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتقان باغداد شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۇتۇش قىلىپ قويىدى. بابۇر ئۇنىڭغا ياردەملىشىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ھەربىي قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا قالماي بۇ يۈرۈش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، خەلىپە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئەمما، بىر يىلدىن كېيىن ئابباسىيلار خانلىق جەمەتىدىن يەنە بىرسى قاھىرەدە پەيدا بولۇپ قالدى، سۇلتان بابۇر ئۇنى خەلىپىلىككە تىكلەپ، ئۇنى ھەكەم دەپ ئاتىدى. ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ بۇ يېڭى خەلىپىلىرى گەرچە قىلچە ھوقۇقسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەنىۋى خەلىپە سۈپىتىدە قاھىرەدە 250 يىل داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ناملىرى ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن جۈمەلىك خۇتبىلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. ئۇلار دىنىي ئىشلارنىڭ نام جەھەتتىكى باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەربىر يېڭى سۇلتان تەختكە چىققاندا، ئۇلارنىڭ قەسەم بېرىپ

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان پادىشاھلارمۇ بەزىدە خەلىپىنى خىزمەتكە تەيىنلەش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئىلتىجا قىلاتتى، بۇنداق مۇراسىم پەقەت ئەنئەنىۋى قىممەتكىلا ئىگە ئىدى، ئەلۋەتتە. جالالىددىن سۇيۇتىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ھەتتا ئوسمانىيلار سۇلتانى بايازىد I مۇشۇ چاغدا قاھىرە خەلىپىسىدىن بىر پارچە خىزمەتكە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى ئالغانىكەن. مىسىرنى ئوسمانىي تۈركلىرى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى ئاخىرقى خەلىپە مۇتەۋەككىلنى ئوسمانىيلار سۇلتانى سەلىم I مىلادىيە 1517 ـ يىلى تۇتقۇن قىلىپ كونىستانتىنوپولغا ئېلىپ كەتكەن.

**بابۇرنىڭ خاراكتېرى** تارىختا بابۇر پەقەت بىر ھەربىي قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلانغان بولماستىن، بەلكى ئۇ يەنە تالانتلىق تەشكىلاتچى ۋە تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ سۈپىتى بىلەنمۇ مەشھۇر دەپ ئاتالدى. ئۇ دېڭىز ئارمىيەسىنى قايتا قۇرغان، يېڭى تاشيول ياساتقان، يېڭى قانال قازدۇرغان ھەمدە قاھىرە بىلەن دەمەشق ئوتتۇرىسىدا پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويغانىدى. ئۇ خەلق ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي قائىدىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى بىلىمنى قىزغىن سۆيۈشكە ۋە بىلىم ئىزدەشكە، گۈزەل نىشاننى تىكلەش يولىدا قىزغىنلىق كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان كۆركەم مەسچىت ۋە باشقا دىنىي ئەسلىھەلەرنى بىنا قىلدۇرغانىدى. ئۇ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، قاھىرەدە تۆت چوڭ فىقھى ئېقىمىنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن قازى تەيىنلىگەن. ئۇ پۇختا ۋە ئىشەنچلىك ئاساستا، يىلدا بىر قېتىم مەككىگە ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل پەزىلەتلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى ئىسلام ئەللىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە كەڭ تۇردە تونۇشلۇق ئىدى ھەمدە ھارۇن رەشىدنىڭ نامى بىلەن تەڭ قاتاردا تىلغا ئېلىناتتى.

**چەت ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش** بابۇر پەقەت بىر ھەربىي قوماندان ۋە تەرەققىيپەرۋەر سۇلتان بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قابىلىيەتلىك سىياسەتچى ئىدى. ئۇ ئاين - جالۇت جېڭىدە ھىلاكۇخاننىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، پېرسىيەدىكى موڭغۇللار ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ چوڭ خانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، بۇلار چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قولىدىن جەنۇبىي رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىياغا ۋارىسلىق قىلغان موڭغۇللار بولۇپ، بۇلارنىڭ مەركەزلىك جايى ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا ئىدى، بابۇر يەنە كونىستانتىنوپولنىڭ (ۋىزانتىيە) پادىشاھى بىلەنمۇ ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، بۇ پادىشاھ بابۇرنىڭ شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىشىغا يول قويغان، بۇ مەسچىتلەر ئىلگىرى 1 - قېتىملىق ئەھلىسەلىپ تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلانغانىدى. بابۇر يەنە ئانجودىكى چارلىس، ئاراگوندىكى جېمىس ھەمدە سېۋىلىيە پادىشاھى ئالغونسولار بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چارلىس شۇ چاغدا سىتسىلىيە پادىشاھى بولغانىدى. ياۋروپالىقلار بابۇر بىلەن تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام ئەللىرى بويىچە ئۇلۇغ شاھلىق ئەنئەنىگە ئىگە سۇلتان ئىدى.

**قالاۋۇن (1279 — 1290)** بابۇرنىڭ ۋارىسى قالاۋۇن سەيفۇددىن بولۇپ، ئۇ بابۇرغا ئوخشاشلا ئەھلىسەلىپكە قارشى ئۇلۇغ جەڭچى ئىدى. ئۇ قالدۇق خىرىستىيانلارغا قارشى بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىباشتىن بىر - بىرلەپ

بويسۇندۇرغانىدى. ئۇ 1285 ـ يىلى مەرقەھ شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، بۇ شەھەرنى خىرىستىيانلارنىڭ يەنە بىر چەۋەندازلار تەشكىلاتى — سېن جون چەۋەندازلار تەشكىلاتى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئۇ يەنە تىرىپولىغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ شەھەر خېلى بۇرۇنلا (1101 ـ يىلى) خىرىستىيانلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان بولۇپ، 1282 ـ يىلى يېڭىباشتىن قايتۇرۇۋېلىندى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە خىرىستىيانلارنىڭ يەنە بىر قورغىنى — پاترونغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالدى. ئۇ خىرىستىيانلار بىلەن قىلغان جەڭلىرىدە شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، ھەتتا «ئەلمەلىكول مەنسۇر» («غەلىبە شاھى») دېگەن شۆھرەتلىك نام بىلەن ئاتالدى. ھىلاكۇخاننىڭ ئوغلى ئاباگانى مەغلۇپ قىلغانلىقى مەزكۇر سۇلتان قازانغان بىر قاتار غەلىبىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئاباگا خىرىستىيان دىنىغا مايىل بولۇپ، ئۇ پاپانى ۋە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنى سۆزگە كۆندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى يەنە بىر قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنغانىدى. بىراق، ئەھلىسەلىپ روھى ئاللىقاچان زاۋال تاپقان بولغاچقا، ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ قالاۋۇن سۇلتانغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى، 1280 ـ يىلى ھىمس دېگەن جايدا مەغلۇپ بولدى. ناھايىتىمۇ تاسادىپىي بولغىنى شۇكى، موڭغۇللار دەل قالاۋۇن دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بابۇرغا ئوخشاش قالاۋۇن سۇلتانمۇ ياۋروپا ئەللىرى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ بابۇر سۇلتان ئالتۇن ئوردا خانى، ۋېنىتسىيە پادىشاھى، سىتسىلىيە پادىشاھى ۋە فىرانسىيە پادىشاھى بىلەن تۈزگەن شەرتنامىلەرنى يېڭىباشتىن ئۆزگەرتىپ تۈزدى. ئۇ يەنە ئىتالىيەنىڭ گېنويە جۇمھۇرىيىتى بىلەنمۇ باشقا شەرتنامىلەرنى تۈزدى.

**قالاۋۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى** قالاۋۇن ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ

شۆھرىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. مەسىلەن، 1 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپىنىڭ رەھبەرلىرى قۇرغان كىچىك ئەرمېنىيە خانلىقى خىرىستىيانلارغا ياردەملىشىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغانىدى، قالاۋۇن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئىسىدىن چىقارمايتتى ۋە كەچۈرمەيتتى. ئۇ بىر قوشۇننى يىراققا يۈرۈش قىلىشقا تەشكىللىدى، بۇ قوشۇن كىچىك ئەرمېنىيەگە يېتىپ بېرىپ، ئەھلىسەلىپىنىڭ بۇ يەردە قۇرغان بارلىق ئىستىھكاملىرىنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، قالاۋۇن بۇزۇشنىلا بىلىپ، تۈزەشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەھلىسەلىپ دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان ھەلەب، بالبەك ۋە دەمەشىق شەھەرلىرىنى قايتا ياساتتى. ئۇ قاھىرەدە سالدۇرغان چوڭ مەسچىت ئۇنىڭ زوقمەنلىكى ۋە خەير ـ ساخاۋەتچىلىك روھىنىڭ روشەن شاھىتى ئىدى. مەرمەر تاشتىن ياسالغان پەنجىرىلەر، موسايىك شەكىللىك بىنا قۇرۇلمىسى بۇ مەسچىتكە ئۆزگىچە تۈس كىرگۈزگەن، ئۇ ھازىرغا قەدەر تولۇق ساقلىنىپ كەلمەكتە. قالاۋۇن يەنە بىر شىپاخانا سالدۇرغان، بۇ شىپاخانا شۇ چاغدا مۇشۇ خىل بىنالار ئىچىدىكى ئەڭ زور بىنا ئىدى. شىپاخانا قارىمىقىدا يەنە بىر تىببىي مەكتەپ، بىر مەسچىت سېلىنغان، شىپاخانا ئىچىدە تۆنجى قېتىم مەخسۇس يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كېسەلخانا سېلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى ئايرىپ ياتقۇزۇش يولغا قويۇلغان. ئۇ يەنە بۇ شىپاخانىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، زور تۆركۈمدىكى كەسپىي خادىملارنى بېكىتىپ بەرگەن. بۇ شىپاخانىدا ئايرىپ ياتقۇزىدىغان ياتاقلار بولغاچقا، ئەر ـ ئايال كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ خەۋەر ئېلىش مۇمكىن بولغان. بۇ قالتىس ئىش بولۇپ، تەرەققىيپەرۋەر ئىسلام پادىشاھلىرى ــ مەيلى ئۇلار ئەرەب، پارس، بەربەر ياكى تۈرك بولسۇن ــ نىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئەل ـ ئەشرەف (1290 ــ 1263)** قالاۋۇن 1290 ـ يىلى ۋاپات بولـۇپ، ئۇنىڭ ئـورنىغا ئـوغلى ئەشـرەف ۋارىسلىـق قىلدى. ئـۇ ئەھلىسەلىپنىڭ سۇرىيـەدىكى ئاخىـرقى بىـر قورغىنـى ئاككانـى ئىستىلا قىلىش بىلەن شان ـ شۆھرەت قازاندى. ئۇ بۇ شەھەرگە بىـر ئاي ھۇجۇم قىلىپ، 1291 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇنى ئالـدى. توپتوغرا 100 يىل بۇرۇن بۇ شەھەر ئەنگلىيەلىك رىچارد I بىلەن فىرانسىيەلىك فىلىپ II رەھبەرلىك قىلغان 3 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. ئاككانى قوغداشتا باتۇرانە جەڭ قىلغان چەۋەندازلار تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىـرى ئەسىـرگە چۈشتـى ۋە ئۆلتۈرۈلـدى. مەملۇكىيلەر ئـەسىرلەرنـى تـۇتۇپ تۇرۇپ ئۆلاردىـن ئالتۇن تـۆلەم ئېلىـش دېگەن ئـەقىدىگـە ئىشەنمەيتتى. ئۇلار: ئۆلتۈرۈلگەن ئەھلىسەلىپچىلەر ئەڭ مۇلايىم بولىدۇ، ئۇلارنى قـويۇپ بەرسەڭ، ئـۇ يەنە قايتىپ كېلىپ ساڭـا قارشى جەڭ قىلىدۇ، دېيىشەتتى، ئۆلارنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىـرى سالاھىددىنىـڭكىدەك كەڭ ئەمـەس ئىدى، لېكىن ئۆلارنىـڭ ئاشۇنداق قىلغىنى بەلكىم ئەڭ ئۈنـۈملۈك چارە بـولسا كېـرەك، چۈنكى بىز قانـداقلا بولمىسۇن شۇنـى ئېتىـراپ قىلىشىمىـز كېرەككى، ئەھلىسەلىپنى سۇرىيەنىڭ دېڭىز ياقىسىدىن مەڭگـۇ قوغلاپ چىقارغانلىق تۆھپىسى ئەنە شۇ مەملۇكىيلـەرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

**ئەل ـ ناسىر (1340 ــ 1293)** ئەشرەفـدىن كېيىـن ئۇنىـڭ ئىنىسى ناسىـر تەختكـە ۋارىسلىـق قىلدى. ئـۇنىڭ ھاكىمىيـەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى گەرچە ئارىلىقتا بىرنـەچچە قېتىم ئۈزۈلـۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا خېلى ئۇزاق بولدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگـەن مـەزگىللـەردە، ھىلاكۇخانىنىـڭ ئـەۋلادلىـرىدىـن ئىلخانىيلار پېرسىيـە ۋە ئـۇنىڭ ئەتـراپىدىكـى رايونلارنىـڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، سۇرىيەگە بىرنەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرگەن. ئىلخان قازان ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق تاجاۋۇزىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسمىنى قازان مۇھەممەد دەپ ئۆزگەرتكەن. 1299 ـ يىلى ئۇ دەمەشققە يېقىن ھىم دېگەن جايدا مىسىر قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. موڭغۇللار پۇتكۈل بۇ رايوننى دەپسەندە قىلىشتا، موڭغۇللارغا خاس ئۇسۇل بىلەن ۋەيران قىلغان بولۇپ، دەمەشقلا بۇ بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، مىسىرلىقلار بۇ يەرلەرنى قايتا ئىشغال قىلغان. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن قازان يەنە قايتىپ كەلگەن، لېكىن بۇ قېتىم مەملۇكىيلەر دەمەشققە يېقىن مارج سۇففار دېگەن جايدا ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قازان مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىغان.

**بەھرى مەملۇكىيلىرىنىڭ زاۋال تېپىشى (1340 ــ 1382)**

ئايبەك بەرپا قىلغان بۇ مەملۇكىيلەر خاندانلىقى ئەمدى ئاخىرلىششقا قەدەم قويدى. ناسىردىن كېيىنكى ھۆكۈمدارلار پەقەت قورچاقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قىسقىغىنا بىر مەزگىل رول ئوينىغاندىن كېيىن، ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولۇشتى. ئەمەلىي ھوقۇق كافكازلىقلار بىلەن تۈرك قۇللىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار قالاۋۇن تەرىپىدىن تاللانغان مۇھاپىزەت ئەترىتى ئىدى. بۇ قۇللار ھوقۇق مۇنارىنىڭ چوققىسىغا چىقىۋالغان، ئۇچلۇق مۇنار ئەرەب تىلىدا «بۇرجى» دەپ ئاتالغاچقا، كىشىلەر بارا ـ بارا ئۇلارنى «بۇرجى مەملۇكىيلەر» دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى بەھرىلەردىن ئۇزاقراق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام تارىخىدا ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىدەك ئۇنداق شۆھرەتلىك رول ئوينىيالىغان ئەمەس.

بۇرجى مەملۇكىيلەر (1382 ــ 1517) بەھرى مەملۇكىيلىرىنىڭ ئاخىرقى شاھى ناسىرنىڭ ئەۋرىسى سالىھ ئىبنى شەئىبان بولۇپ، ئۇ مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ يېڭى باشلىقى بارقۇق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى. بۇ بۇرجى مەملۇكىيلەر غەلىتە بىر خىل ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى قۇردى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋارىسلىق پىرىنسىپى مۇھىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا، شاھلىق ئورنى ھامان كۆپ ساندىكى ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ قولىغا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ قولىدا بولاتتى. شۇڭا، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلالايدىغان ئوغۇللار ناھايىتى ئاز بولۇپ، بىر مۇنچىلىرى زورلۇق كۈچ ئاستىدا ھالاك بولاتتى. شۇڭا، بۇ خانىدانلىقنىڭ ئۇزاققىچە ھۆكۈم سۈرۈش بىلەن خاراكتېرلەنمىگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تارىخ يىلنامىلىرى سۇيىقەست ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كاپكازدىكى تاغلىق رايوندا تۇغۇلغان كاپكازلىقلار بولۇپ، ئەدەپسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تېگى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلاردا يۈكسەك ئىرادە كەم ئىدى. گۈزەل تۇرمۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەمدىن بىرەرسى تاسادىپىي چىقىپ قالاتتى، خالاس. چىرىكلىك شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي ھالىتى بولۇپ، نۇرغۇن سۇلتانلار كەيپ ـساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە دۆلەت يىرىم يىمىرىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى، بۇ نەچچە ئەسىرگىچە داۋالاپمۇ ساقايتقىلى بولمايدىغان بىر ئىللەت ئىدى. بۇرجى مەملۇكىيلىرى ئۇچۇن كەلگەن بەختسىزلىك شۇ بولدىكى، ئاچارچىلىق، ئاغرىق ـ سىرلاق، چېكەتكە ئاپىتى ۋە بەدەۋىيلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ئۇلارنىڭ نورمال باج كىرىمى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە دەخلى قىلدى. سۇلتانلارنىڭ ئۆزلىرى يەنىلا چەكسىز ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باج ـ سېلىق ئېغىرلىشىپ، دۆلەت كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ كەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇرجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مىسىر ۋە سۈرىيە ئاھالىسى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن. ۋاسكودا گامانىڭ ھىندى ئوكيان دېڭىز يولىنى تاپقانلىقى دۆلەت مالىيەسىگە بېرىلگەن ئاخىرقى زەربە بولدى. چۈنكى، بۇ يولنىڭ تېپىلىشى بۇرجى مەملۇكىلىرىنىڭ ياۋروپا بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى سودىسىغا بولغان مونوپولىيەلىك ئورنىنى بوغۇپ تاشلىدى، ھالبۇكى بۇ سودا ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى.

**بارقۇق ۋە تېمۇر** بۇرجى مەملۇكىلەر دەسلەپتىلا ناھايىتى چوڭ پېشكەلچىلىككە يولۇقتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى سۇلتانى زاھىر سەيفۇددىن بارقۇق (1382 ـ يىلى) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە قۇدرەتلىك تېمۇرنىڭ ئۈزۈكسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. تېمۇر ئافغانىستان، پېرسىيە ۋە تۈركىستانلارنى ئاياغ ئاستى قىلغاندىن كېيىن، 1393 ـ يىلى باغدادنى ئىشغال قىلدى، 1395 ـ يىلى شىمال تەرەپتىكى رۇسىيەگە يۈرۈش قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئىگىلەپ تۇرغان زېمىنىنى بېسىۋالدى ۋە يەنە شۇ يىلى موسكۋانى ئىشغال قىلدى، بۇ ئىشغالىيەت بىر يىل داۋام قىلدى. 1398 ـ يىلى تېمۇر ھىندىستانغىمۇ بېسىپ كىردى، ئۇ بارغانلا يېرىدە ھە دەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. سۈرىيەنىڭ بەختسىزلىكى يەنە شۇ يەردە بولدىكى، سۈرىيە سۇلتانى بارقۇق تېمۇر ئەۋەتكەن بىرنەچچە ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ ئەھۋال تېمۇرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 1401 ـ يىلى ئۇ چاقماق تېزلىكىدە سۈرىيەگە شىددەت بىلەن بېسىپ كىرىپ، ھەلەبنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئۆلتۈرگەن ئادىمى سان ـ ساناقسىز بولۇپ، شۇ زاماندا ئۆتكەن

مەملۇك تارىخچىسى تاغرى بىردى بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقنى «جەسەت سۆڭەكلىرى ئاغدەك دۆۋىلەندى» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەييۇبىيلار خانىدانلىقى بىنا قىلغان گۈزەل مەكتەپلەر ۋە باشقا ئىمارەتلەر تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. بۇرجى سۇلتانى فاراجى بىر بۆلۈم قوشۇن ئەۋەتىپ تاتارلار بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاتارلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. دەمەشق ھۆجۈمغا ئۇچراپ بىر ئايدىن كېيىن قولدىن كەتتى. بۇ شەھەر بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ قۇرۇقداپ قويۇلدى، نۇرغۇنلىغان ئىمارەتلەر، جۈملىدىن ئۇلۇغ ئۇمەييە مەسچىتىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىبنى ھەلدۇن دەمەشق سېپىلىدىن چۈشۈپ، تېمۇر بىلەن بىر شەرتنامە تۈزۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەن. ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىدا بۇ ئىشلارنى تەسۋىرلىگەن. تېمۇر شەرتنامە تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ يەردىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەمەشقتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سەنئەتچى ۋە ئالىملارنى يىراقتىكى سەمەرقەندكە بېرىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شۇ پايتەخت شەھىرىنى بېزەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. شۇنداق قىلىپ، سۈرىيەنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن مەھرۇم قىلغان، پەن ۋە مەدەنىيەت دىيارى بولغان باشقا بىرمۇنچە شەھەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلگەن. موڭغۇللارنىڭ قاباھەتلىك ئىشلىرى تاتارلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلغان.

**سىپرۇسنىڭ ئىستىلا قىلىنىشى (1424 — 1426)** شۇنداقتىمۇ بۇرجى مەملۇكىيلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا بىرەر قېتىم زەربە بېرىشكىمۇ قادىر ئىدى. ئەھلىسەلىپ سۈرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇلار سىپرۇسنى قورغان قىلىۋالدى. بۇ قورغانغا دەسلەپتە مۇقەددەس ئىبادەتخانا چەۋەندازلىرى ئىگىدارلىق قىلغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن لۇسىگنانلىق گۇئىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىگىدارلىق قىلدى. بۇ فىرانكلار بۇرجى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەملۇكىيلەرنى ئەدەپلەپ قويۇشقا بەل باغلاشتىن ئىلگىرى ئالللىقاچان دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئايلىنىپ بولغان ھەمدە سۈرىيەنىڭ دېڭىز ساھىللىرىغا بېسىپ كىرگەنىدى. بابۇر فىلوتىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ فىلوت بىر قېتىملىق قارا بوراندا گۇم بولغان. كېيىن سۇلتان بارسلاي بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى ئىستېلا يۈرۈشى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، سىپرۇس پادىشاھى جانۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىندى ۋە پادىشاھ ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇنى 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازلىرى بىلەن بىللە قاھىرەگە يالاپ ئاپىرىپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى. پادىشاھ جانۇ بىر مەزگىل قاماپ قويۇلۇپ، 200 مىڭ دىنار پۇل بەدىلىگە قويۇپ بېرىلدى؛ ئۇ يەنە ھەر يىلى 20 مىڭ دىنار ئولپان تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى. پادىشاھنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى — رودېس ئارىلىنى ئىگىلەپ تۇرغان سېنت جون چەۋەندازلار تەشكىلاتىمۇ سۇلتان بارسلاي بىلەن ئايرىم شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

## بەھرى مەملۇكىيلىرىنىڭ ئىمارەتلىرى كىشىنى

ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ مەزگىللەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىرەر نەتىجە يارىتىلغانلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بەھرىلەر قاھىرەگە ۋە باشقا جايلاردا ئورغۇنلىغان كۆركەم مەسچىتلەرنى بىنا قىلغان. ھەتتا بەھرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر سۇلتانى ناسىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردىمۇ گۈزەل باغچە ۋە باشقا جامائەت ئەسلىھەلىرى بەرپا قىلىنغان. ئۇ بىر قانال قازدۇرۇپ، نىل دەرياسى بىلەن ئالېكساندرىيەنى تۇتاشتۇرغان، ئۇ يەنە بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى قاھىرە شەھىرىگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇ يەنە مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋىشخانا، مۇنچا سالدۇرغان ۋە قۇدۇق قازدۇرغان. ئۇ 1304 -

يىلى ئۆز نامىغا ئاتاپ سالدۇرغان ناسىر تەتقىقات ئاكادېمىيەسى مۇسۇلمانلارنىڭ مىسىر ئۇسلۇبىدىكى ھەشەمەتلىك كاتتا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.

**بۇرجىلارنىڭ خاتىرە ئابىدىلىرى** بۇ خىل قۇرۇلۇش پائالىيىتى بۇرجىلار ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە زادىلا توختاپ قالمىغان. سۇلتان بارقۇت، قائىت، بېي ۋە غەۋرىلەر سالدۇرغان كۆركەم مەسچىتلەر، مەدرىسەلەر ۋە تەتقىقات ئاكادېمىيەلىرى تا ھازىرغا قەدەر ئوبدان ساقلىنىپ كەلمەكتە، ئۇلار شۇ زاماندىكى ئىسىل ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ روشەن شاھىتى. مىسىرلىقلار راۋاجلاندۇرغان گۈمبەز قۇرۇلۇشى يېڭى ھەم ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ يۇمىلاق شەكىللىك گۈمبەزلىرىگە ئوخشىمايدۇ، پېرسىيەنىڭ ئۇستى كەڭ گۈمبەزلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا موڭغۇللارنىڭ يۇمىلاق ھەم يوغان گۈمبەزلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىر خىل يېنىك تىپتىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، ئومۇمىي تۈزۈلۈشى ناھايىتى چىرايلىق، كۆركەملىكتە تەڭدىشى يوق. تامچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ھەر خىل رەڭدىكى تاشلار ئىشلىتىلگەن. شۇ چاغدىكى ئۇستىلار بىناكارلىقتا ئەرەب ئۇسلۇبىنى كەڭ تۈردە قوللانغان بولۇپ، گۈمبەز قۇرۇلمىسىنى كۆپىنچە ئۈچ بۇرجەك ئىستالاكتىت بىلەن ياساپ چىققان، بۇلارنى بىز ئالدىنقى بابتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق.

**ئىسلام ئالىمى ئىبنى تەيمىيە (1263 — 1326)** بۇ مەزگىللەردە ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە قامۇس تۈزۈش ئىشلىرىغا قارىتا خېلى قىزىقىش بولغانىدى. قامۇس تۈزگۈچىلەر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەردىن ئەھمەد نۇۋەيرى (1332 ـ يىلى) ۋە ئەھمەد قەلقەشەندىن ئىبارەت ئىككى مۇئەللىپ بولۇپ، بۇلار تۈزۈپ چىققان قامۇس ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە،

www.uyghurkitap.com

كاتىباتچىلىق ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلامىيەت ئىلمى جەھەتتە، ئەينى زاماندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇتەپەككۇر — تەقىئەلدىن ئەھمەد ئىبنى تەيمىيە مەيدانغا چىققان، ئۇ كىشى دەمەشقتە ياشىغان. ئۇ 20 يېشىدىلا دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەنبەلى فىقھى ئىلمىي ئېقىمىنىڭ پىروفېسسورى بولغان. ئۇ كاتتا ئالىم، كۆچلۈك مۇنازىرىچى ۋە قەيسەر جەڭچى ئىدى. ئۇ بىر پاك مۇخلىس بولۇپ، «(قۇرئان)نىڭ ئۆزىگە قايتايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىمام ھەنبەلىگە قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە «تەقلىد» (دىنىي باشلىقلارغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش) ۋە «ئىجمە» (كۆپچىلىك قارار قىلىش پرىنسىپى)نى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. گەرچە ئۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭدىكى تەلىماتلارغا ئىزچىل تۈردە ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «قىياس پرىنسىپى»نى قوللىنىشنى غەيرىي يول تۇتۇش دەپ ھېسابلىمايتتى، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ئۇسۇلنى دەل ئىمام ھەنىفە ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىبنى تەيمىيە بىلەن شۇ چاغدىكى كاتتا فىقھى ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ بولۇپ، بىرمۇنچە ئىلاھىيەتچىلەر ۋە ئالىملار ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى توغرىسىدا شۈبھىلىك سوئاللارنى قويۇشقان. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ئەنئەنىچىلىكىدىن گۇمانلانغان. چۈنكى، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى سۈرە ـ ئايەتلىرىنى زاھىرىي جەھەتتىن ئىزاھلىغان، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ پەزىلەتلىرىگە ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىن باھا بەرگەنىدى. لېكىن، تا ھازىرغىچە يەنە بەزى ئالىملار، جۈملىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مىسىرلىق مۇھەممەد ئابدۇل ئۇنىڭغا ئىزچىل تۈردە يۇكسەك باھا بېرىپ كەلمەكتە. ئۇ ئىسلامىيەتتە بۆسۈپ چىققان، گويا بۇتپەرەسلىككە ئوخشاپ

كېتىدىغان مۇراسىم شەكىللىرىگە، بولۇپمۇ ئەۋلىيالارغا بېغىشلىنىدىغان مۇراسىم شەكىللىرىگە، بولۇپمۇ ئەۋلىيالارغا بېغىشلانغان مازار ـ
ماشايىخلارغا تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىغا كۆچلۈك ۋەزىرلىرى ۋە
ئەسەرلىرى ئارقىلىق قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن
زاماندىش مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى تەسىرى زور ئىدى، 18 ـ
ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىدىيەسى يەنە ئابدۇل ۋەھھاب
تەرىپىدىن تىرىلدۈرۈلدى، ئابدۇل ۋەھھاب ئەرەبىستان ۋە باشقا
ئىسلام ئەللىرىدە دىنىي ئىدىيە ۋە ئىسلام دىنىنى جانلاندۇرۇش
ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

**تارىخشۇناس ــ ئىبنى ھەللىكان (1211 ــ 1282)** ئىسلام
تارىخىنى يېزىش جەھەتتە ئەڭ ئاتاقلىق ئەرباب شۇ دەۋردە
يېتىشىپ چىققان ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەللىكان
بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئابباسىيلار خاندانلىقىدىكى
بەرمەق جەمەتىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇنىڭ «ۋاپات بولغان ئاتاقلىق
ئەربابلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق
ئەربابلارنىڭ تەزكىرىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تارىخىي
تەزكىرە ۋە تارىخىي ئەدەبىيات جەھەتتىكى قالتىس مۆجىزە بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرگە 865 نەپەر ئاتاقلىق مۇسۇلمان ئەرباب
كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور ماتېرىياللارنى نەقىل ئېلىشتا ئىنتايىن
ئەستايىدىل بولۇپ، خېلى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ،
پاكىتلارنى، ۋاقىت ـ چېسلالىرىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ
ئىسىملىرىنىڭ ھەرقانداق يېزىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق
سېلىشتۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ كىتاب ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ
يازغان ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەقەلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى، ھەتتا
شېئىر ـ نەزمىلىرى ۋە رەسمىي تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن ۋەقەلەر
ئۇنىڭ ئىلىمگە كامىل ئىكەنلىكىنى، پاكىتلارنىڭ توغرىلىقى ۋە
كۆزقارىشىنىڭ پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ
ياخشى دەلىلدۇر. پىروفېسسور نىكولسۇن ئۆزىنىڭ «ئەرەب

ئەدەبىيات تارىخى»ناملىق كىتابىدا، ئىبنى ھەللىكاننىڭ بۇ ئەسىرىنى ئادەتتىكى تەزكىرىلەر ئىچىدە بوگۈنگىچە ئەڭ ياخشى يېزىلغان تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ»[1] دېگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر ئەدىب ئىبنى ئەسىر بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئابباسىيلار خانىدانلىقى (1160 ــ 1243)دا پائال ھەرىكەت قىلغان، ئۇمۇ بىر قىسقىچە تەزكىرە يازغان. بىراق ئۇ بىلىم سەۋىيەسى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتى جەھەتتە ھەللىكانغا يېتەلمەيتتى. ئۇ «ئورمانلىقتىكى ئەركەك شىر» ناملىق بىر تەزكىرە يازغان بولۇپ، بۇنىڭغا 7500 نەپەر ئاتاقلىق زاتلار كىرگۈزۈلگەن، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ساھابىلەر ئىدى. ئىبنى ئەسىر گەرچە كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچى ۋە تەزكىرىچى بولسىمۇ، لېكىن ھەللىكانغا ئوخشاش ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يازغۇچى ئەمەس ئىدى.

**ئەبۇل پىدا ۋە مەقرىزى** بۇ چاغدىكى باشقا تارىخچىلاردىن ئەبۇل پىدا، ئىبنى تەغرى بىردى ۋە ئىبنى مەقرىزىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملۇكىيلەر دەۋرىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. ئەبۇل پىدا (1273 ــ 1332) يەنە جۇغراپىيەشۇناس بولۇپ، ئەييۇب سۇلتاننىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدار بولۇپ، بىر شەھەرنى باشقۇرغان. بەھرى مەملۇك شاھى سۇلتان ناسىرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردىمىدە، ئۇ يەنە باشقا يازغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئەبۇل پىدا «ئىنسانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»ناملىق كىتابىنى يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب ئىبنى ئەسىرنىڭ زور ھەجىملىك ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى. ئۇ ئىبنى ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل»ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامىنى يازغان، بۇمۇ بىر قىسقارتىلغان نۇسخا بولۇپ، ئۇنى تاكى ئۆزى ياشىغان

---

[1] نىكولسون: «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى»، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 452 ـ بەت ــ ئاپتوردىن.

دەۋرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ يازغان. يەنە بىر تارىخچى ئىبنى تەغرى بىردى مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كۆپلىگەن بۇرجى سۇلتانلىرىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىدى. ئۇ «مىسىر تارىخى»ناملىق كىتابنى يازغان، ئۇنىڭدا مىسىر تارىخى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تاكى 1453 ـ يىلىغا قەدەر يېزىلغان بولۇپ، قاھىرە سۇلتانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇچىنچى بىر ئەدىب جالالىددىن سۇيۇتى (1445 ـــ 1505) بولۇپ، ئۇ ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمىگە ئېلىنمىغان تېمىلار ئىنتايىن ئاز، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»، قانۇن، پەلسەپە، تارىخ ۋە فونېتىكا قاتارلىق جەھەتلەرگىچە بېرىپ تاقالغان. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قولىدا يېزىلىپ چىققان چوڭ ـ كىچىك ئەسەرلەر 560 پارچىدىن ئاشىدۇ. روشەنكى، بىر ئادەم شۇنچە نۇرغۇن ئەسەرنى يازغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك توپتوغرا بولۇپ كېتەلىشى، شۇنىڭدەك پاكىتلارنى ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا خېلى زور شۆھرەتكە سازاۋەر بولغانىدى. تارىخشۇناس دېگەندە، ئەقئەلدىن ئەھمەد ئىبنى مەقرىزى (1364 ـــ 1442) نى ئەڭ مۇنەۋۋەر تارىخشۇناس دېيىشكە لايىق. ئۇ مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىدىكى يەنە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدار ئىدى، ھەتتا ئۇ قازى ھەم مۇئەللىممۇ بولغان. ئۇ مىسىرنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، «مىسىر تەزكىرىسى»ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماتېرىياللاردىن ئۆز ئارا پايدىلانغان ياكى ئىلگىرى ئۆتكەن پېشۋالارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان. بۇ شۇ چاغدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئورتاق ئىللىتى ئىدى. روشەنكى، تارىخشۇناس سۈپىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئابباسىيلار

سۇلالىسىدىكى ياكى ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئىلىم ـ پەن — تېبىبىي ئىلىم** ئىلىم ـ پەنىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تارىخشۇناسلىرى بولىدۇ. تارىخىي كىتابلارنى يېزىش جەھەتتە مۇسۇلمانلار ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ شۇ قەدەر يۈكسەك تالانتىنى ئىپادىلىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تېبىبىي ئىلىم تارىخشۇناسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ كىشى ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئۇسەيبىييە (1203 — 1270) بولۇپ، ئۇ دەمەشقتە تۇغۇلغان، مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پائال ھەرىكەت قىلغان. ئۇنىڭ ئۆزى دوختۇر بولۇپ، قاھىرەدە بايتال دېگەن مەشھۇر كىشىدىن بوتانىكا ئۆگەنگەن. ئۇ «تېبىبىي ئۆلىمالار تەزكىرىسى»ناملىق كىتابىنى يازغان، كىتابقا 400 نەپەر ئەرەب ۋە يۇنان تېۋىپلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى كىرگۈزگەن. ئەرەبلەر ھۈنەر ـ سەنئەتكە باي مىللەت بولغاچقا، ئەرەب پەلسەپىسى جەھەتتىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاتاقلىق تېۋىپ ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمىي نۇجۇمچى (ئاسترونوم) ھەم ماتېماتىك ئىدى. شۇڭا، ئۇسەيبىييەنىڭ ئەسىرى ئەرەب پەنلىرى لۇغىتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر شۇ چاغدىكى ئوخشاش تىپتىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى يېزىلغان ئەسەر ئىدى، كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەنلىرى ناھايىتى كەم بولىدۇ. بۇ ئەسەردە پەن ئالىملىرىنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى پەن تارماقلىرىدا تۇتقان ئورنى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ قىممەتلىك بىر پايدىلىنىش كىتابى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئىلىم ـ پەن تارىخشۇناسلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تارىخ كىتابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**پەن ئالىملىرى** مەملۇكىيلەر خانىدانلىقىدا تىببىي پەن ئالىملىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئۆپكىدە قاننىڭ ئايلىنىشىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغان ۋە بۇ ھەقتە كىتاب يازغان كىشى قالاۋۇن چوڭ شىپاخانىسىدىكى ئەلى ئىبنى نافىز بولۇپ، بۇ كەشپىيات ياۋروپانىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تۇنجى كەشپىياتىدىن 300 يىل بۇرۇن مەيدانغا چىققان. ئوتتۇرا ئەسىردە چارۋا دوختۇرلۇق ئىلمى جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى ئەسەر يازغان كىشى ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇفزىر بولۇپ، ئۇ بەھرى مەملۇكىيلىرىنىڭ سۇلتانى ناسىرنىڭ ئوردىسىدا ئاتخانىنىڭ باش مەسئۇلى ئىدى. ھەتتا پىسخىكىلىق داۋالاش ئىلمىنىمۇ شۇ چاغدا تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن كىشىلەر بولغان، ھازىر بۇ ئىلىم 20 ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان دەپ قارالماقتا. سۇلتان سالاھىددىنىنىڭ قول ئاستىدىكى ھىباتۇللاھ ئىبنى جۇماي ئىسمىلىك بىر تېۋىپ بۇ جەھەتتە قىزىقارلىق بىر كىتاب يازغان، ئۇ بۇ كىتابقا «جىسمانىي ۋە روھىي مەنپەئەت قىبلىنەمالىرى» دەپ نام قويغان. كىتابتا روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى بايان قىلىنىپ، بۈگۈنكى پىسخىكىلىق داۋالاشتىن بېشارەت بەرگەن. شۇ مەزگىللەردە مىسلىسىز سەۋىيەگە يەتكەن يەنە بىر پەن كۆز دوختۇرلۇق ئىلمى ھېسابلىنىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قاھىرە شىپاخانىسى بىلەن دەمەشق شىپاخانىسى كۆز دوختۇرلۇقى جەھەتتە نۇرغۇن تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتە تۇنجى قېتىم ئەسەر يازغان كۆز دوختۇرى ئەبۇلفادل ئىبنى نەقى (1188 ـ يىلى) بولۇپ، «تەجرىبىۋى داۋالاش»ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە باشقا ئىزدەنگۈچىلەرمۇ بولغان. ھەلەبلىك ئىبنى ئەبى ماھاسىن ئۆزىنىڭ «كۆز دورىلىرى

www.uyghurkitap.com

قامۇسى» ناملىق ئەسىرى، سالاھىددىن ئىبنى يۇسۇپ ئۆزىنىڭ «قارىچۇق نۇرى ۋە كۆز دوختۇرلۇقى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى مۇشۇ پەنگە دائىر ئىككى پارچە ئۆلچەملىك ئەسەر بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ئىككى پارچە ئەسەر دەرسلىك سۈپىتىدە نەچچە يۈز يىلغىچە قوللىنىلغان، شۇڭا، ئىسلامىيەت تارىخىدا مۇناسىپ ساندا پەن ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلمىگەن بىرمۇ مەزگىل يوق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەھلىسەلىپ **دەۋرىدىكى سانائەت** بۇ دەۋر ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنى ئىككى ئەسىرلىك ئەھلىسەلىپ باسقۇچى ۋە ئۈچ ئەسىرلىك مەملۇكىيلەر خاندانلىقى باسقۇچى دېگەن ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى باسقۇچ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت، سودا ۋە سانائەت جەھەتتە شۇنداق. بىرىنچى باسقۇچتا ئەھلىسەلىپ كۆپ تەرەپتىن مەنپەئەتدار بولغان، چۈنكى ئۇلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ۋە سۇغىرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تاپقان. مەسىلەن، 1180 ـ يىلى ياۋروپالىقلار تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن شامال كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان چاقپەلەك ئەسلىي سۈرىيەدىن چىققان. ئەھلىسەلىپ يەنە ئىسلاھ قىلىنغان سۇ چىغرىقىنىمۇ ئەكېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئىبنى ھەللىكاننىڭ ئەسىرىدە بىر نەپەر مىسىر ئىنژېنېرىنىڭ سۈرىيەنىڭ كونا شەكلىدىكى سۇ چىغرىقىنى ئىسلاھ قىلغان تۆھپىسى تىلغا ئېلىنغان. سۈرىيە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەھلىسەلىپچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرچۇق (يىگ) ئىشلىتىش، بوياقچىلىق ۋە رەخت توقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي فىرانسىيەنىڭ ئاراس دېگەن يېرىدە ياۋروپانىڭ تۇنجى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بارلىققا كېلىپ، شەرقنىڭ گۈل

نۇسخىلىرى بېسىلغان يۇڭ ئەديال ۋە باشقا يىپەك توقۇلمىلار، يۇڭ توقۇلمىلار ئىشلەپچىقىرىلغان، ئەينەكچىلىك سانائىتى، ساپالچىلىق سانائىتى، كۈمۈش بۇيۇملار سانائىتى ۋە سىرلىق قاچا ـ قۇچىلار سانائىتى ئېكسپورت تاۋارلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياۋروپالىقلار ئىزچىل تۈردە ھەسەلنى ئۆزىنىڭ تاتلىق يېمەكلىكى قىلىپ كەلگەنىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار شۇنداق بىر نەرسىنى بىلىۋالدىكى، ھەتتا يېزىدىكى كىچىك بالىلارمۇ شېكەر قومۇشىنى شۈمىدىغان بولدى. ئۇلار بۇنى بىلگەندىن كېيىن قەنت ياسىماقچى بولسا، شېكەر قومۇشى تېرىسىلا كۇپايە ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ يېتىپ ئاشاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار بۇ خىل ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە ئېلىپ كىرىشتى.

**سودا** بۇ چاغدا ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ سودا پائالىيىتى ئازىيىپ قالمىغان. ئەگەر ئۆزگىرىش بولدى دېگەندە، سودا ئىشلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، خالاس. فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مارسېل پورتى بۇ چاغدا چوڭ پورتقا ھەم سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ، بىر مەھەل ئىتالىيەنىڭ سودا شەھىرى گېنويە، ۋېنېتسىيە، پىسالاردىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە ياۋروپانىڭ بىرمۇنچە سودا شەھەرلىرىدە سودا سارايلىرى بارلىققا كېلىپ، سۈرىيە سودىگەرلىرى بىلەن ياۋروپا سودىگەرلىرى ئۆزئارا ئىناۋەتلىك قەرز چەكلىرى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى، بۇ ئىلگىرى ئابباسىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدىكى چوڭ سودا سارايلىرىنىڭ بىر خىل سودا پائالىيىتى ئىدى. دەل ئەنە شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ سودا كەشپىياتلىرى ياۋروپاغا ئېلىپ كىرىلگەن، بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن

دەلىللەشكە بولىدۇ، يەنى: ئىتالىيەلىكلەر بىلەن غەربلىكلەرنىڭ تۆنجى قېتىم ئىشلەتكەن تىللاسى «ۋېنزانتىيە ساراسىن تىللاسى»[①] دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تىللانى فىرانكلارغا تەۋە سۈرىيە كىنەزلىكىدە تۇرۇۋاتقان ۋېنېتسىيەلىكلەر قۇيغان، تىللاغا ئەرەب يېزىقى ئويۇلغان. سودا ئالاقىسى تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، گېنويە بىلەن ۋېنېتسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ سودا دۆلىتى سۈرىيەگە ھازىرقى كۈندىكى ئەلچىخانىلارنىڭ سودا ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەمەلدار ئەۋەتىپ تۇرغۇزغان. تۇنجى قېتىم بارغان ئەمەلدار گېنويەلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئاككادا تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىش ھەتتا 3 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپتىنمۇ بۇرۇنراق بولغان.

**مەملۇكىيلەر دەۋرىدىكى سودا ئىشلىرى** ئەييۇبىيلار خانىدانلىقى بىلەن مەملۇكىيلەر خانىدانلىقى ئەھلىسەلىپ دەۋرىدە باشلانغان سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئادىل، كامىل، بابۇر ۋە قالاۋۇنلار كەڭ تۈردە دىپلوماتىيە ۋە سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىپ، دوستانىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ھەمدە خەلقئارالىق سودا، بولۇپمۇ مىسىر پورتى ئارقىلىق ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ياۋروپا بىلەن بولىدىغان سودا ئىشلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىسىرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيە ۋە مارسېلنىڭ دوكا سودىگەرلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەھلىسەلىپكە مالىيە جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. چۈنكى، مىسىر ئەھلىسەلىپنىڭ قولىغا چۈشسە، ياۋروپا سودىگەرلىرى توپتوغرا ھىندىستان، شەرقىي ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولىغا ئىگە بولاتتى. بۇ سودا يولى مۇشۇ چاغدا ناھايىتى مۇھىم

① ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپالىقلار ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنى «راسىن» دەپ ئاتىغان ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىغۇچىدىن.



www.uyghurkitap.com

ئىدى. چۈنكى، ئەھلىسەلىپ مىسلىسىز زور كۆلەمدە يىراق شەرقتىن كەلگەن ئېسىل بۇيۇملارنى، مەسىلەن، يۇراقلىق ماتېرىياللار، يىپەك توقۇلمىلار ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى ياۋروپا بازىرىغا ئېلىپ كىرگەنىدى. يۇقىرىقى مەقسەت ئەييۇبىيلار بىلەن مەملۇكىيلەر تۈپەيلىدىن بىرمەھەل زىيانغا ئۇچرىدى. لېكىن، پورتۇگالىيەلىكلەر ئاخىر ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ھىندى ئوكيانغا بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى تېپىپ، ئەرەب دېڭىزىدا ئالىي ھوقۇقنى ئىگە بولۇۋالغان مەملۇكىيلەرگە مۇسابىقە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستاندىكى گۇجرات سۇلتانى بىلەن مىسىردىكى مەملۇك سۇلتانى بىرلىشىپ، پورتۇگالىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدى، بىراق پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ دېڭىز يولى تېخنىكىسىغا تېخىمۇ ماھىر ئىكەنلىكى ھەمدە ئېغىر زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان چوڭ تىپتىكى ئۇرۇش فىلوتلىرىغا ئىگە بولغانلىقى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىسىر بىلەن گۇجراتنىڭ بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيەسىمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىدى. پورتۇگالىيەلىكلەر 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى ئوكيانىنى تىزگىنلىۋالدى، ئۇلار ئارقىلىق ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا بارىدىغان دېڭىز سودىسىنى كونترول قىلىۋالدى. ھەتتا ئىمپېراتور قەيسەر دەۋرىدىلا ياۋروپالىقلار بۇ دېڭىز يولىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغانىدى، ئىمپېراتور قەيسەر ھەممىدىن ئاۋۋال يەمەننى ئىستېلا قىلماقچى ھەمدە ئەدەن ـــ ئۇ غەرب بىلەن شەرقنىڭ دېڭىز سودىسىدىكى كىرىش ئېغىزى ئىدى ـــ نى ئىشغال قىلماقچى بولدى. مىسىر مۇشۇ سودا يولىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياۋروپا ۋە يىراق شەرق بىلەن بولىدىغان سودىدىكى مۇھىم ئالاقىچى بولۇش ئورنىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، مىسىر بىلەن سۈرىيە بۇرۇنقىدەك ئاۋات بولالمىدى. 1870 ـ يىلى سۇۋەيش قانىلى قېزىلغاندىن كېيىنلا مىسىر ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى.

www.uyghurkitap.com

**جەمئىيەتنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى** ھۆكۈمران سىنىپ، يەنى مەملۇكىيلەر جەمەتى شۇ چاغدا ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۇسۇلغا ئوخشاشلا، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن سۇيۇرغاللىق يەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇنداق يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىنمايتتى، چۈنكى پەۋقۇلئاددە قانۇنغا ئاساسەن بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئۆلگەندىن كېيىن، يەر دۆلەت ئىگىدارلىقىغا قايتۇرۇلاتتى. ھەتتا باج تاپشۇرغۇچىلار باج تاپشۇرۇلىدىغان يېڭى قەرەل يېتىپ كەلگۈچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شۇنداقلا يەر بۆلۈپ بېرىلگەن ھەربىي سەردار مائاشىنى ئېلىپ بولغان بولسا، يەر يەنىلا دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن دېھقانلار (يەرگە ئىگە بولغۇچىلار) نىڭ تېرىلغۇ يەردىن ئۆمۈرۋايەت قانداق قىلىپ ئىمكانقەدەر ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەملۇكىيلەر خاندانلىقىدا يۈرگۈزۈلگەن يەنە بىر تۈزۈم كەمبەغەللەر ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتتى، ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا سالىدىغان ۋاقىتلىق باج ـ سېلىقلىرى ئىدى. قازىلار بۇنداق ئادەتلەرگە قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى، ئۇلار بۇ ئىشلارغا شەرىئەتنىڭ يول قويمايدىغانلىقىنى دەلىل قىلىشتى، بۇنداق باج ـ سېلىق بەزىدە كېمەيتىلسىمۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنسىمۇ، بىراق بۇ يامان ئادەتلەر يەنىلا داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. بەزىدە ھۆكۈمەت كۆپ قىسىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بەلگىلەنگەن باھا بىلەن پارچە ساتقۇچىلارغا سېتىپ بەردى. بۇ زەربە يەنىلا ئىستېمالچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بىراق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، دېڭىز يولى سودىسى ــ مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم دەۋرىدە سودا ئىشلىرى ئىنتايىن گۈللەنگەنىدى، ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. قىلچە

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، گۈللەنگەن بۇ دەۋردە يەنە زور كۆلەمدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلدى. بىناكارلىق ئىنژېنېرلىرى ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى خاتىرە مۇنارلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملۇكىيلەر دەۋرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ھۈنەر - سەنئەت بىلىملىرىنى نامايان قىلدى.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# تۈركلەر ۋە پاتانلار ھىندىستاندا — دېھلى سۇلتانلىقى

مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئەمدى تارىخ كۆرۈنۈشنى شىمالىي ھىندىستانغا يۆتكەيلى. 13 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى. بىز ئۈچىنچى بابتا ياش مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ قانداق قىلىپ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بىر قوشۇنغا باشلاپ سىندقا بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرمۇنچە كىمىسىنى ۋەيران قىلغان ۋەقەگە قارىتا ئۈچ ئالغانلىقىدىن ۋاقىپلانغاندۇق. بۇ ئىش دىبال ۋە ئۇنىڭغا يېقىن دېڭىز ياقىسىدىكى قاراقچىلار تەرىپىدىن قىلىنغانىدى، ئېھتىمال سىند شاھىنىڭ قوللىشى بىلەن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر قېتىملىق يەككە - يېگانە تەۋەككۇلچىلىك ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمان تەۋەككۇلچىلىرى ئىلگىرى خەلىپە ئۆمەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدىلا ھىندىستاننىڭ دېڭىز ياقىلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ خىل بۇلاڭچىلىق ھەرىكەت ھەزرىتى ئۆمەر[1] نىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پېرسىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كىرمان، سىجىستان ۋە مۇكران قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئىستېلا قىلغان چاغلىرىدا، ھازىر بېلوجىستان (بەلۇجىستان دەپ ئاتىلىدىغان جايدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئۇرۇشقاق قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش

① ئۆمەر — ئىككىنچى خەلىپە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتى 634 - ، 644 - يىللار ئىدى — تەرجىماندىن.

قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە مۇئاۋىيەلەر خەلىپە بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرلەرگە يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتىشكەنىدى. بۇ يەرلەردە تاغ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ قارشىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، غەلىبە قىلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇڭا، يەقەت ئابدۇلمەلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردىلا كۆپ قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مۇكران ۋە ھازىرقى كۇندە لاسپلار، كالات دەپ ئاتىلىدىغان جايلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق شەھەرلەر، مەسىلەن، تىز، كىز، فاننازپۇر، كۇزدار ۋە قەندەبىل قاتارلىق جايلارنى ئىستىلا قىلدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمان دۆلىتى ىىراخمان ئىمپېرىيەسى بىلەن چېگراداش بولۇپ قالغانىدى. ىىراخمان دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى داھىر سىندىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ھىندى دەرياسى ۋادىسىنى يۇتۇۋېلىش ۋەزىپىسى مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئۈچ يىلدا، ئۇنىڭ كەشمىر تاغ ئېتەكلىرىگە يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەتتا كانائۇجكىچە ئىستىلا قىلغان. ئۇ ئىستىلا قىلغان جايلار كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ مەڭگۈلۈك تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

**ئەرەبلەرنىڭ غەربىي ھىندىستانغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى**

ئەرەبلەر ھىندى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ۋادىلارنى ئىشغال قىلىش بىلەن قانائەتلەنمىدى. ئۇلار تەۋەككۈلچىلىككە خۇشتار بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ئۈستۈن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دەۋردە — بەلكىم ئەزەلدىن شۇنداقتۇر — زېمىن ھامان باتۇرلارغا مەنسۇپ ئىدى. شۇڭا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە شەرقىي قىسىمدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. كېيىنكى چاغلاردا سىند بىلەن

مۇلتان ۋالىيسى جۇنەيد ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردە غەربىي راجپۇتنىڭ مارۋار، دەھىناج، ئۇججائىن ۋە مالۋا دېگەن جايلىرىغا يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتىلگەن ھەمدە گۇجرات رايونىغىمۇ كىرگەندى. ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ھۆكۈمرانى ــ خەلىپە ھاشىمنىڭ ئوغلى سۇلايمان يەنە شۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن باش ۋالىيلارنىڭ بىرسى ئىدى. مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىلا مۇسۇلمانلار گانگ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ۋادىسىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئۇلار پەقەت دىككاننى ئىستىيلا قىلغان چاغدىلا، ئاندىن جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆچلۈك چالوكيا ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن توسۇپ چېكىندۈرۈلدى. لېكىن، ئۇلار 776 ـ يىلى دىككاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى مايتراكا خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. كاناۇجدىكى ھىندىستان شاھلىرىمۇ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ، ئۇلارمۇ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ قوشۇننىڭ ھىندىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ، بۇ قوشۇننىڭ ھىندىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توستى. ئەرەبلەرنىڭ سىند ۋە باشقا رايونلارنى ئىستىيلا قىلىشى ئىسلام دىنىغا شۇنداق تەسىر كۆرسەتتىكى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇسۇلمانلار ھىندى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەرەبلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولدى.

**دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت** ئەرەبلەر باشقىلار بىلەن دوست بولۇشقا ماھىر. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن چاپسانلا دوستانە قوشنا بولۇپ چىقىشىپ قالىدۇ. ئەرەبلەر ھىندىلار بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپ، ھىندىستان خەلق چۆچەكلىرىنى، ھىندىستان پەلسەپىسىنى، ھىندىستاننىڭ تېبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)

ئىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرەبلەر ئۆگىنىشكە خۇشتار خەلق ئىدى. ئۇلار نۇرغۇن مىللەتلەردىن ئۆگەندى، ئۆگەنگەنلا نەرسىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللاندى. ئوخشاشلا ئۇلار ھىندىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت مېۋىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلار تەشنالىق بىلەن بىلىم ئىزدەيتتى، ئاتاقلىق شائىر ھەم دىپلومات ئەمىر خۇسراۋنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەرەب ئاسترونومى ئەبۇ ماشار ھىندىستاننىڭ ئىلمىي نۇجۇم ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىنارىسقا كېلىپ، ئۇ يەردە ئون يىل تۇرغان.

**ئەرەبلەر سىند ۋە تۆۋەنكى پەنجاپتا (712 ــ 1051)** سىند ئۆلكىسى بىلەن پەنجاپ ئۆلكىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇمەييەلەر ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولغانىدى. 870 ـ يىلى بۇ رايونلارنى شۇ چاغدىكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇتەمىد سەففەرىيە خانىدانلىقىدىكى يەقۇپ ئىبنى لەيسقا ھەدىيە قىلىپ بەرگەندى. يەقۇب 879 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئۆلكە مۇستەقىل بولدى (گەرچە بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ يەر قەرمەتىيلەر تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن بولسىمۇ)؛ قەرمەتىيلەر ئەرەبىستان، پەلەستىن ۋە تۆۋەنكى ئىراقتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، سىند بىلەن تۆۋەنكى پەنجاپتا ئۆز ماكانلىرىنى قۇرۇۋالدى. بۈيۈك تارىخشۇناس مەسئۇد ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يايلاقلار»ناملىق ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن، 915 ـ يىلىدىن 916 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندا زىيارەتتە بولغاندا، مۇلتان ئەمىرىنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن چىققان ئەرەب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇل دەلھەت مۇنەببا ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، مۇلتان ئەمىر دۆلىتى دەسلەپتە ۋارىسلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان، مۇنەببا جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىرنەچچە ئەۋلادقىچە داۋام قىلغان. تۆۋەنكى سىندقا جايلاشقان ئەل ـ مەنسۇرە خانلىقىغىمۇ قۇرەيش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغما تورى
www.uyghurkitap.com

قەبىلىسىدىن بولغان ئەبۇل مۇئىدار ئۇمەر ئىبنى ئابدۇللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەل ـ مەنسۇرە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى ئەرەب دېڭىزىدىن تاكى مۇلتان چېگراسىغىچە سوزۇلغان، 951 ـ يىلىدىن 952 ـ يىلىغىچە بۇ يەرگە ساياھەت قىلىپ كەلگەن ئىبنى ھەۋقەلنىڭ خاتىرىلىشىچە، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەرەب تىلى بىلەن سىند تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئۇ يەنە بۇ يەردە ئىستەخرى بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلار ئۆزئارا تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرغان. ئۇ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: كاسىياۋار دېڭىز ياقىسى، كەمەي قولتۇقى بىلەن سەيمۇر ئارىلىقىدىكى رايونلاردىمۇ مۇسۇلمان ئاھالىلەر رايونى بار ئىكەن. بۇ دۆلەت ئىنتايىن ئاۋات بولۇپ، يىللىق دارامىتى 11 مىليون 500 مىڭ دەرھەم ۋە 150 قاداق ئۇدى ھىندىغا يېتىدىكەن. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى ئىچىدە دارامىتى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغان بىردىنبىر ئۆلكە پارس ئۆلكىسى بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى خەلىپىلىككە 27 مىليون دەرھەم دارامەت تاپشۇرىدىكەن، ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە 30 مىڭ شىشە قىزىلگۈل ئەتىرى ۋە 20 مىڭ شىشە كاشتان گۈلابى تاپشۇرىدىكەن.

**غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى (998 ــ 1030)** لېكىن ھىندىستاننىڭ ئۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەرلەردە كۆرسەتكەن ئەمەلىي تەسىرى پەقەت قۇدرەتلىك غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقىدىنلا باشلانغان. سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ كابۇلدىكى باش ۋالىيسى ئالىپ تېگىننىڭ قاندىق قىلىپ غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە بولغاندۇق. ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم كۈيئوغلى سۇبۇق تېگىن ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى شەرقىي قىسمىغا كېڭەيتىشكە كىرىشكەن، بۇ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى ئۇچۇن پەنجاپ خانى

جاپپال بەدەل تۆلىگەن. بۇ كىشى يەمەنلىكلەر (غەزنەۋىيلىكلەرنى يەمەنلىكلەر دەپمۇ ئاتايدۇ) نىڭ كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇبۇق تېگىننىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن. جاپپال مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك بىرلەشمە قوشۇن ئۇيۇشتۇرغان. بۇ بىرلەشمە قوشۇن كانائۇج، گۇجرات ۋە پىراتمارا شاھلىرىنى ھەمدە ھانگانىڭ راجاسى (شاھى) چاندېلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن سۇبۇق تېگىن بۇ بىرلەشمە قوشۇننى تارمار قىلىۋەتكەن ھەمدە جايپال شاھنى بىرنەچچە يىل ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. سۇبۇق تېگىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى — ئۇلۇغ مەھمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مەھمۇد داڭلىق پادىشاھ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ھەربىي قوماندان ھەم قەيسەر ئىسلام جەڭچىسى ئىدى. ئۇ خۇراسان شاھى ھىلاكۇخاننى مەغلۇپ قىلىپ، سەففەرىيلەرنىڭ قولىدىن پۈتۈن پېرسىيەنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ دۆلەت زېمىنىنى غەربىي قىسمىغىچە كېڭەيتتى. جايپالنىڭ ئوغلى ھەم ۋارىسى ئاناندپال ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان بىر تىكەن بولۇپ، ئۇ ئولپان تۆلەشنى رەت قىلغانلىقتىن، مەھمۇد ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. روشەنكى، بۇ بۇتپەرەسلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە مۇنبەت زېمىن بولغان ھىندى تۈزلەڭلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ تېخى شاھزادە چېغىدىلا ھىندىلارنى مەغلۇپ قىلغان بولۇپ، غەلىبىگە ئىشەنچى كامىل ئىدى. شۇڭا، ئاناندپول مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، مەھمۇد پەنجاپنى ئۇزۇل - كېسىل يۇتۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. دەرۋەقە، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھىندىستاندىكى ھەرقايسى خانلىقلارغا ھۇجۇم قىلىشتا كابۇل بازا قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن بەك يىراقلىق قىلاتتى. ئەگەر پەنجاپ ئىشغال قىلىۋېلىنسا، بۇ جاي مەھمۇد ئۈچۈن تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۇرۇش بازىسى بولالايتتى، ئېگىز تاغ ۋە قۇملۇقلارمۇ ئۇنىڭ ئالغا

ئىلگىرىلىشىنى توسۇيالمايتتى. ئۇ كانگرا ئارقىلىق كانائۇج ۋە سومناسقا يۈرۈش قىلىپ، بارغانلا يېرىدە شانلىق جەڭ غەلىبىلىرىنى قالدۇردى. بىرلەشمە قوشۇننىڭ بىرمۇنچە تارماقلىرى تەشكىللىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلغان، بىرمۇنچە شاھ ــ بەگلەر بىرلىشىپ، بۇ ئىنسانىيەت زەربىچىسىگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى. ئۇ بۇ يەردىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى كەينى ــ كەينىدىن بىتچىت قىلدى. بىر مەزگىل ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوماندان ــ جەڭچىلىرى ھىندىستاننى ئىستىپلا قىلىشنى ھەتتا يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئۇزۇن يوللۇق ساياھەت دەپ قاراشتى.

**سومناسقا قىلىنغان ھۇجۇم** مەھمۇد ئالدى بىلەن 1011 ــ يىلى قەيسەرانە قارشى تۇرۇپ كەلگەن جايپالنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا 1009 ــ يىلى كانگىرانى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، (1018 ــ 1019) ماسۇرا بىلەن كانائۇجنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى ھەمدە 1022 ــ يىلى گۋالىيورنى ئىشغال قىلدى، لېكىن ئەڭ مەشھۇر بېسىپ كىرىش يەنىلا (1024 ــ 1026) سومناسقا قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئىبارەت بولدى. سومناس بولسا كاسىياۋاردىكى مەشھۇر بۇتخانا بولۇپ، تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇتخانىدا نۇرغۇن بايلىق ساقلانغانىكەن. بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن، مەھمۇد ئالدى بىلەن ئۆزىگە قارشى بولغان راجپۇتلارنىڭ زېمىنىدىن بىر يول ئېچىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ بىر يېرىم يىللىق ۋاقىتنى سەرپ قىلدى. لېكىن، ئۇ چېكىنىش يولىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەسكەر قالدۇرۇپ، ئاندىن ئاخىر سومناسقا يېتىپ باردى، بۇ چاغدا ئون نەچچە دۆلەتنىڭ پادىشاھلىرى بۇ يەردە قاتتىق تەييارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇلار مەھمۇدنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار



www.uyghurkitap.com

مەھمۇدنىڭ بۇ قېتىم بەكمۇ ئىچكىرىلەپ كەتكەنلىكى، يەنى ئۇز بازىسىدىن ئايرىلىپ، 1000 ئىنگلىز مىلدىن كۆپرەك يىراقلىقتىكى دۈشمەن ئەلىنىڭ كەڭ زېمىنىغا بېسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بىر قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن بىلەنلا ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىش مۇمكىن دەپ ئىشىنەتتى.

سومناتىكى جەڭ (1026 ـ يىلى) جەڭ باشلىنىپ كەتتى. قەيسەر مۇسۇلمانلار بىلەن جەسۇر ھىندىلار توپتوغرا ئۈچ كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. مەھمۇد ئۆزىنىڭ ۋە قوماندان ـ جەڭچىلىرىنىڭ چېكىنىش يولى قالمىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ جەڭچىلەرگە: «ئەگەر سىلەر مەغلۇپ بولساڭلار، ئۆز يۇرت ـ ماكانىڭلارنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسىلەر. سىلەر چوقۇم غەلىبە قىلىشىڭلار كېرەك ياكى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈشۈڭلار كېرەك» دېگەن. ئۇلار ئۆز قەسىمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماستىن قەتئىيلىك بىلەن جەڭ قىلدى. ھىندىلار بولسا ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمدا ھىندىلارنى مەغلۇپ قىلدى، سومنات مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ھەقتىكى بىر ھېكايىدە سومنات بۇتخانىسىدىكى راھىبلارنىڭ مەھمۇدقا نۇرغۇن پۇل ـ مال تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇتلارنى ساقلاپ قېلىش توغرۇلۇق ئىلتىجا قىلغانلىقى، مەھمۇد بولسا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ: «مەن بۇتنى چېقىپ تاشلايمەن، پۇلغا سېتىلمايمەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بىر ئەدىب مىنھاجۇل سىراجمۇ بۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ، قوشۇنىنى باشلاپ نەھرۋالا بىلەن گۇجراتقا يېتىپ كېلىپ، سومنات بۇتخانىسىدىكى ئاي ئىلاھىنىڭ بۇتىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى تۆت پارچە قىلىپ بۆلگەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى غەزنىدىكى جامە مەسچىتىگە ئاپىرىپ قويغان، بىر پارچىسىنى ئوردىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قويۇپ قويغان، بىر پارچىسىنى مەككىگە، بىر پارچىسىنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بەرگەن» دەپ يازغان. مەشھۇر شائىر ئۇنسۇرى بۇ قېتىمقى غەلىبىگە بېغىشلاپ داستان يازغان. مەھمۇد سىند ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا، يولدا كېتىۋېتىپ قەرمەتىيلەرنىڭ شۇ جايدىكى ھەم تۆۋەن پەنجاپتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغان.

**ھىندىستانغا بولغان تەسىر** مەھمۇد باشقا ئەللەرنى ئىستېلا قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن بايلىقلار بىلەن ئۆز پايتەختىنى ياخشىلىغان، ئۇ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بىر ئىمپېرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى دېھلىدىن تاكى باغدادقىچە سوزۇلغانىدى. ئىلگىرى بەزىلەر مەھمۇدنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ھىندىستاننىڭ سىياسىي ھاياتىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن، دەپ قارىغانىدى، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى پەنجاپقا 150 يىل، سىندقا 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. سىندىدا، غەزنەۋىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سومرا خانىدانلىقى ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى دېيىشكەنىدى. مەھمۇد پەنجاپنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى زادى قولدىن بەرمىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇنىڭ بازغان كەبى زەربىسى ئاستىدا ھىندى ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي كەيپىياتى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. دېھلى بىلەن ئەجمېرنىڭ شاھى چاۋخان ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، شاھابىددىن مۇھەممەد غەۋرى ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى پۈتۈن ھىندىستاننى ئۇخايلا ئاياغ ئاستى قىلىۋەتكەنىدى.

**مەھمۇدنىڭ ۋارىسلىرى** مەھمۇد 1030 - يىلى ئالەمدىن

ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد تەختكە چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى مەسئۇد تېخىمۇ قابىل ـ قۇدرەتلىك ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر مۇنچە ئاقسۆڭەكلەرمۇ مۇھەممەدنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. كېيىن يۇز بەرگەن توقۇنۇشتا مەسئۇد غەلىبە قىلىپ، تەڭداشسىز پادىشاھ بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ پەقەت 11 يىللا ھۆكۈم سۈرەلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا قىرغىن قىلىدىغان ئىچكى ئۇرۇش ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ، غەزنەۋىيلەر خانىدانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلەشتى. بۇ چاغدا يەنە بىر قىسىم تۈرك، گورىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن جەنۇب تەرەپكە كۆچتى. بىز ئۇلارنىڭ غەزنەۋىيلەر ئىمپېرىيەسىنى قانداق بېسىۋالغانلىقىنى ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردىكى غەزنەۋىيلەر ھۆكۈمرانلىرىنى كېيىنكى چاغلاردا ئافغانىستان دەپ ئاتالغان بۇ جايدىن ئاخىر قوغلاپ چىقارغانلىقىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن گورىلار كابۇلدا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا باشلىدى.

**گورىيە خانىدانلىقى (1173 ـ يىلى)** بۇ گورىلار ئۆچمەنلىكنى قانداق قوزغاشنى ئوبدان بىلەتتى، ئەلۋەتتە. ئۇلار غەزنەۋىيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىككى سەردارى — قۇتبۇددىن بىلەن سەيفۇددىننى غەزنەۋىيلەر ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئىنىسى ئالاۋۇددىن بىر چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ غەزنە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. بۇ كاتتا شەھەر ھەم ئۇنىڭدىكى ئوردا، كۇتۇپخانا، باغچە، مەكتەپلەر ۋە مۇنار شەكىللىك ئىمارەتلەر توپتوغرا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز كۆيدى. ئالاۋۇددىننىڭ بۇ رەزىل قىلمىشى توپتوغرا بىر ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ نەتىجىنى بىراقلا نابۇت قىلىۋەتتى. 1173 ـ يىلى ئالاۋۇددىننىڭ بىر جىيەن ئوغلى غىياسىددىن گورىلارنىڭ شاھى بولدى. ئۇ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆز ئىنىسى شاھابۇددىن مۇھەممەدنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىدى، شاھابۇددىن ھىندىستان تارىخىدا مۇھەممەد غەۋرى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

**مۇھەممەد غەۋرى (1175 ــ 1206)** مۇھەممەد غەۋرى ئالدى بىلەن 1175 ـ يىلى ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ئىستىبلا ئەمەلىيەتتە مۇلتاندىكى ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارىتىلغانىدى. مۇھەممەد ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە يۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇچ قەلئەسى ۋە ھازىرقى غەربىي پاكىستاننىڭ باھاۋالپۇر رايونىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ئۇچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ گۇجرات رايونىغا بېسىپ كىردى. بىراق، ئۇ دۈشمەننىڭ كۈچىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكتىن، گۇجرات شاھىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدى. كېيىنكى يىلى ئۇ بۇ يەرگە قايتا يۈرۈش قىلىپ، پېشاۋۇردا بىر بازا قۇردى. 1181 ـ يىلى ئۇ يەنە داۋاملىق ئىچكىرىلەپ، پەنجاپنىڭ سىيالكوت دېگەن يېرىدە بىر قەلئە بىنا قىلدى. مەھمۇد جەمەتىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى خۇسراۋ شاھ بۇ چاغدا لاھور رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردىن ناھايىتى كىچىك بىر جايلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خانلىق ئوردىسى، بىر ھەربىي قوشۇنى ۋە بىر كىچىك بەگلىكى بار ئىدى. مۇھەممەد غەۋرى جاممۇ دېگەن جاينىڭ ھىندى دىنىدىكى پادىشاھى بىلەن بىرلىشىپ، بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان خۇسراۋ شاھنى مەغلۇپ قىلدى. 1186 ـ يىلى خۇسراۋ شاھنى ئەسىرگە ئېلىپ، غەزنىگە يالاپ ئەۋەتتۈەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، مەھمۇد جەمەتى پەنجاپنى 180 يىلدىن كۆپرەك بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، قايتا مەۋجۇت بولمىدى.

**مۇھەممەد غەۋرىنىڭ تارائىندا مەغلۇپ بولۇشى (1191 ـ يىلى)** ئەمدى غەۋرى جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغانىدى. بۇ چاغدا ھىندىستان بىرمۇنچە خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر، ئەڭ كۈچلۈك ئىككى پادىشاھ ـــ ئەجمىر ۋە دېھلىنىڭ پادىشاھى پېرىسۋى بىلەن كانائۇجنىڭ پادىشاھى جايچاندلار ئىدى. پىرسىۋى تەۋەككۈلچىلىككە ماھىر پادىشاھ ھەم تالانتلىق ھەربىي قوماندان بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا قۇدرەتلىك بىر ھەربىي قوشۇن بار ئىدى. جايچاند بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىك يالغۇز سىياسىي جەھەتتىكى رىقابەت تۇپەيلىدىنلا كېلىپ چىققان ئەمەس. جايچاند ئۇنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى، چۈنكى پىرسىۋى شاھ خەلقئالەم ئالدىدىلا ئۇنىڭ قىزى ـــ ساھىبجامال سانجۇكتا مەلىكىنى ئاپئاشكارا بۇلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا، جايچاند پىرسىۋى شاھ بىلەن ئىنتىپاق تۈزۈشنى خالىمايتتى. غەۋرى ئاخىر بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پىرسىۋى ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. پىرسىۋى قۇدرەتلىك پادىشاھ بولۇپ، جەڭگە باتۇر، تاكتىكىغا ماھىر ئىدى. ئۇ سانپسارغا يېقىن تارائىن دېگەن جايدا غەۋرىنىڭ قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بەردى. ئۇنىڭ ھۇجۇمى ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن غەۋرى قوشۇنىنىڭ سېپىنى ئاخىر بۆسۈپ تاشلىدى. غەۋرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمان قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، غەۋرىنىڭ ئۆزىمۇ يارىدار بولۇپ، ئۇنى قول ئاستىدىكى ئادەملىرى كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىدىن ئاچىقىپ كەتتى.

**تاراۋورىدا بولغان جەڭ (1192 ـ يىلى)** مۇھەممەد غەۋرى باغرى قاتتىق ئادەم ئىدى. ئۇ تارائىندىكى جەڭدە قېچىپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلىرىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ساۋاق ئېلىپ، ئۆز رەقىبلىرىنىڭ كۈچىنى تۆۋەن چاغلىمايدىغان بولدى. 1192 ـ يىلى ئۇ تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر قوشۇننى باشلاپ ئۇ يەرگە قايتا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ پىلانىنى تېخىمۇ پۇختا تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بولغان تاراۋورى جېڭىدە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسى پىرسىۋى، پادىشاھى ئۇستىدىن غەلىبە قىلدى ھەمدە ياردەم ئۈچۈن كەلگەن راجپۇت بىرلەشمە قوشۇنىنى يەڭدى. كابۇل تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىن ئۇچقاندەك چۈشكەن ئوقياچىلار ھىندىستاننىڭ ئېغىر ساۋۇت كىيگەن پىللىق قوشۇنى ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ بەك چاققان ئىدى. تېخىمۇ پايدىسىز بولغىنى شۇ بولدىكى، ھىندى قوشۇنلىرىدا قوماندانلار بەك كۆپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنىدا بولسا قوماندانلىق بىرتۇتاش ئىدى. نەتىجىدە ھىندى قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، پىرسىۋى ئەسىرگە چۈشتى ۋە كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئىلگىرى ئېيتىپ كېلىنىۋاتقان: پىرسىۋى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ساداق تارتسىمۇ، ئاتقان ئوقى بىر تال زايە بولماي تېگىدۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ تامامەن ساختا ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. غەۋرىنىڭ غەلىبىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبە ئىدى. كېيىن ئۇ غەزنىگە قايتىپ كېتىپ، بۇ يەرگە پەقەت ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان قۇتبۇددىن ئايبەكنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قالدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن قايتا چېكىنمىدى.

**قۇتبۇددىننىڭ ئىستېلاسى** قۇتبۇددىن ناھايىتى قابىلىيەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش، ئاندىن ئىستېلا ئورۇشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. غەۋرىنىڭ يەنە تاجىدىن ئىلدىزى، ئىلتۇماش ۋە نەسىرىددىن قۇتبۇددىن دېگەن ئۈچ نەپەر قابىلىيەتلىك

سەركەردىسى بار ئىدى. تاجىددىننىڭ قىزىنى قوتبۇددىن ئەمرىگە ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى نەسرىددىنگە ياتلىق قىلىپ بېرىشكە قوشۇلدى ھەمدە ئىلتۇماشنى كۈيئوغۇل قىلماقچى بولدى. ئۇ بۇ قۇدىچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ھەمدە 1192 - يىلى ھەنسى، مېرۇت، دېھلى ۋە رامسامبۇر چوڭ قورغانلىرىنى بېسىۋالدى. ئىككى يىلدىن كېيىن شاھابۇددىن مۇھەممەد غەزنىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى كانائوج بىلەن بېنارېسنىڭ پادىشاھى چايچانكىدىنى مەغلۇپ قىلدى. 1197 - يىلى مۇھەممەد غەۋرى زور قوشۇنغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ كاسىياۋاردىكى راجپۇتنىڭ پادىشاھى بىمدېۋغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتتى. 1202 - يىلى بۇندېل خاندىنىكى كالىنجار قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشتى ۋە نەچچە مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدى، ئارقىدىن ئۇ شىمالدىكى ئىككى شەھەر — ماھوبا بىلەن بادائۇننى تارتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بادائۇن شەھىرى ئىنتايىن باي شەھەر ئىدى. بۇ ئارىلىقتا غەۋرىنىڭ يەنە بىر سەركەردىسى بەختىيارنىڭ ئوغلى ئىختىياردىن بىمار بىلەن بېنگالنى ئىستېلا قىلدى.

**شاھبۇددىن مۇھەممەدنىڭ ئۆلىمى (1206 - يىلى)** 1203 - يىلى غىياسىددىن ئالەمدىن ئۆتتى. شاھبۇددىن مۇھەممەد غەۋرىلەر خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەتتا ئاكىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدىلا، خانلىقنىڭ بارلىق رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئەمەلىي ھۆكۈمران بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، كېيىنچە ئۇ 1203 - يىلى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى، يەنى خۇراساندا ئالاۋۇددىن خارەزمشاھ قولىدا مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى بىر قىسىم باش ۋالىيلىرىنىڭ قوشۇن باشلاپ ئاسىيلىق قىلىشىغا

www.uyghurkitap.com

تۆرتكە بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى غەزنىلىك بىر سەركەردە مۇلتاننى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ كونا رەقىبى خوخارلار پەنجاپتا ئىسيان كۆتۈردى. شاھبۇددىن 1205 - يىلى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خوخارلارغا قاتتىق زەربە بەردى، ئەمما بىرنەچچە ئايدىن كېيىنكى غەزنىگە قايتىش سەپىرىدە، ئۇ بىر كېچىدە سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر كىشى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلەر بۇ ۋەقەنى خوخارلارنىڭ قىلمىشى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئىسمائىلىيەلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قىلمىشى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇناندىكى ھاكىمىيىتىنى شاھبۇددىن ئاغدۇرۇۋەتكەنىدى دەپ قارىدى، لېكىن ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلۇغ بىر قوماندان مۇشۇنداق نائېنىق ئۆلۈم بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

**قۇتبۇددىن ئايبەك (1206 — 1210)** مۇھەممەد ئەۋلاد قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىنى بۆلۈشۈۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەڭ ئاتاقلىق سەركەردە قۇتبۇددىن بولۇپ، ئۇ دېھلىنىڭ سۇلتانى بولدى. بۇ ئەھۋال باشقا سەركەردىلەرنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى، گەرچە ئۇلار قۇتبۇددىن بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان بولسىمۇ، ئەمما بىرلىشىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. تاجىدىن كابۇلدا ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى، نەسرىددىن بولسا مۇلتان بىلەن سىندىنى ئىگىلىۋالدى. قۇتبۇددىن شىمالدا تاجىدىننى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاغلىق رايوننى كونترول قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ دېھلىگە قايتىپ كېتىشى زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىر بۇ يەرنى تاجىدىنغا قالدۇرۇپ كېتىشكە توغرا كەلدى. كېيىن ئۇ بۇ سۇلتانلىقتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دىققەت - ئېتىبارىنى دېھلى پادىشاھلىقىغا مەركەزلەشتۈردى. قۇتبۇددىن

ئۇلۇغ بىر سەركەردە بولۇپ، جەڭدە ناھايىتى ئاز مەغلۇپ بولغانىدى، شۇنداقلا ئۇ بىر پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆت يىللا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، «100 مىڭ رۇپىيە سەدىقە بەرگۈچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى. ئۇ ئېتىقادى مۇستەھكەم بىر مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ دېھلى ئەترابىدا مېھرائۇل جامەسىنى ياساتتى. بۇ جامەنىڭ مۇنارى ۋە بەزى گۈمبەزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالدى. ئۇ لاھوردا ئات توپى ئويناۋاتقان چاغدا ئۆلدى ھەمدە شۇ جايغا دەپنە قىلىندى.

**ئىلتۇماش (1211 ـــ 1136)** ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى ـــ ئارام بەقىش ۋارىسلىق قىلدى، بەزىلەر ئارام بەقىشنى ھەرگىز قۇتبۇددىننىڭ ئوغلى ئەمەس دەپ تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يۆلەپ تەختكە چىقىرىلدى. قىسقىسى، ئۇ خاتا تاللانغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئىقتىدارسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھلى ئاقسۆڭەكلىرى دەرھال بادائۇننىڭ باش ۋالىيسى ئىلتۇماشنى كېلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئىلتۇماش قابىل ھاكىمدار ئىدى، ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئەسلىدە قۇتبۇددىنغا قۇل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ۋە سەمىمىيلىكىگە تايىنىپ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ ئۆسكەنىدى. ھەتتا مۇھەممەد غەۋرىنىڭ دەۋرىدىلا ئۇنىڭ قابىلىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان ھەمدە «ئەقىللىك ئەمىر» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغانىدى.

**ئىلتۇماشنىڭ ئىستېلاسى** ئىلتۇماش ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا تاجىدىن ئىلدىزى غەزنىدە پادىشاھ بولىۋۇالغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقانىدى؛ نەسرىددىن سىندىدا پادىشاھ بولۇۋاتقانىدى؛ بېنگالىنىڭ باش ۋالىيسى ئەلى مەردانمۇ بۇ رايوندا مۇستەقىللىق جاكارلىغانىدى؛ راجپۇتىيلار ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە ھېساببۇر قورغىنى ۋە گۋالىيورنى تارتىۋالغانىدى. شۇڭا، ئىلتۇماش ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندا، كەلگۈسى مەنزىرە ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ باشقا كەلگەننى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە قەتئىي تەۋرەنمەستىن زەربە بەردى. بۇ چاغدا تاجىدىن لاھورغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى ھەمدە بۇ شەھەرنى تارتىۋالدى، لېكىن 1214 ـ يىلى ئۇ خارەزىم شاھ تەرىپىدىن ئافغانىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ئۇلار لاھورنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى غالىب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ دېھلىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ 1216 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تارائىندا ئىلتۇماشنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ جەڭ قىلدى، بۇ جەڭدە ئىلتۇماش ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى. نەسرىددىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالدا لاھورغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلتۇماش يەنە جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىپ، 1217 ـ يىلى ئۇنى لاھوردىن قوغلاپ چىقاردى ھەمدە 1228 ـ يىلى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى. 1226 ـ يىلى ئۇ رامسامبۇر قورغىنىنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى، 1230 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىلتۇماش بېنگالدىكى قىرغىزلارنى ئىستېلا قىلدى، 1234 ـ يىلى مەرۋىگە بېسىپ كىرىپ، بۇ شەھەرنى ئىستېلا قىلدى، ئارقىدىن ئۇ مەشھۇر شەھەر — ئۇججائىنغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەشھۇر شەھەرمۇ قولدىن كەتتى.

**ئىلتۇماشنىڭ خەلىپە بەرگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىشى** بۇ چاغدا ئىلتۇماش تازا قۇدرەت تاپقانىدى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئەينى چاغدىكى ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا

«سۇلتان ھەزەم» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن زور شان ـ شەرەپ ھېس قىلدى. چۈنكى، باغداد خەلىپىسى گەرچە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

**جالالىددىن** خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، موڭغۇللارنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانى چىڭگىزخانغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قارشى تۇرغان خارەزىمنىڭ ھېلىقى شاھزادىسى جالالىددىن دەل ئىلتۇماش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ قېشىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدى. جالالىددىن ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە تەۋەككۈلچى بىر شاھزادە ئىدى. ئەمما، ئىلتۇماش مېڭىسى سەگەك بولغاچقا، ئۇ مۇنازىرە قىلىپ، ئەگەر جالالىددىنغا ياردەم بەرسەك، چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى خۇددى چېكەتكىگە ئوخشاش ھىندىستانغا بېسىپ كېلىدۇ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، جالالىددىن يەككە ـ يېگانە ۋە ياردەمسىز قالىدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇرۇشخۇمار خوخارلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ھەمدە نەسىرىددىننىڭ پايتەختى مۇلتانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشتا نەسىرىددىننى مەغلۇپ قىلىپ، سىندى ۋە شىمالىي راجپۇتتىكى كاسىياۋارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇ جايلاردا قىسقىغىنا بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن پېرسىيەگە قايتتى. دەرۋەقە، ئىلتۇماش بۇ ئۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچبولمىغاندا ھىندىستاننى قۇتقۇزۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، ھىندىستاننىڭ پادىشاھى بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىش ئىدى.

**پادىشاھ ئىلتۇماش** تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىلتۇماش

ئۇلۇغ سەركەردە، ئەقىللىق پادىشاھ ۋە مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئىدى. ئۇ بۆشۈك ھالىتىدە تەۋرەپ تۇرۇۋاتقان ھىندىستان مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى تارمار بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، قۇتبۇددىن ئۆلگەندىن كېيىن قولدىن كەتكەن بارلىق زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە سۇلتانلىقنىڭ تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ ئىلھام بەردى، ئۇ مۇنار قۇپۇردى ھەمدە ئۇ جايغا بىر جامە سالدۇردى. بۇ جامەنىڭ مۇستەھكەم گۈمبەزلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**سۇلتان رازىيە (1236 — 1240)** ئىلتۇماش ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك، زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزى رازىيەنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىدى، تاللانغان بۇ ۋارىس نۇرغۇن تۈرك سەردارلىرىغا ياقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 40 ئاقسۆڭەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك بىر گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار ئايال كىشىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، رازىيەنىڭ ئىنىسى رۇكنۇددىننى خانلىق تەختىگە چىقاردى. ئەمما، ئۇ جىگەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئۆلكىلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن رازىيە يەنە قايتىدىن خانلىق تەختىگە چىقىرىلدى ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ پادىشاھقا خاس نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ ئەرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىنتايىن ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئۆز رەقىبىنى بېسىپ چۈشتى. گەرچە نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى قەستلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەزىيەتنى ناھايىتى تېزلىكتە كونترول قىلدى. ئۇنىڭ جالالىددىن ياقۇت ئىسىملىك بىر ئىشەنچلىك



www.uyghurkitap.com

نىگىر قۇلى بولۇپ، ئۇ ھەم قابىلىيەتلىك، ھەم ساداقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىنىڭ ئات - ئۇلاغ ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. بۇ بىر خىل شەپقەتنىڭ بەلگىسى بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەر بۇ ئىش تۈپەيلىدىن رازىيەدىن نارازى بولدى. ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆتمەي پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. شەرقىي پەنجاپتىكى سىرھىندىنىڭ باش ۋالىيسى ئالتۇنىيە ئالدى بىلەن ئىسيان كۆتۈردى. ئايال پادىشاھ جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇپ بولدى، ياقۇت جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتتى. رازىيە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئالتۇنىيە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى. رازىيە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەسكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ دېھلىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەر بۇ چاغدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. رازىيەنىڭ ئىنىسى مۇئىززۇددىن بەھرام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى رازىيەنىڭ كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشەتتى. كېيىنكى ئۇرۇشلاردا ئالتۇنىيە بىلەن رازىيەنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى. دەۋر ئەگەر رازىيەگە يار بەرگەن بولسا، ئۇ ئەسلىدە ئەقىللىك، ئادىل ۋە كەڭ قوللۇق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بىر ئايال پادىشاھ بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدا ئاياللاردا بولىدىغان قورقۇنچاقلىق يوق ئىدى. ئۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ياسىنىپ جەڭلەردە سەپنىڭ ئالدىدا بولاتتى ھەمدە ئوردا ئىشلىرىنى ۋە قانۇننى ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزەتتى. لېكىن، ئاياللار ھاكىمىيەت باشقۇرىدىغان دەۋر تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، شارائىت ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئالماي قويدى.

**نەسىرىددىن مەھمۇد (1246 — 1266)** تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رازىيەنىڭ ۋارىسى ئىقتىدارسىز بولغانلىقى

ئـۇچۇن، ئۇزاق ئۆتـمەي بـىر بـاسقۇچلـۇق قالايمـىقان مەزگىـل بارلىققا كەلدى. موڭغۇللار پەنجابقا بېسـىپ كـىردى، لاھور بـۇلاڭ ـ تالاڭ قىلـىندى. ئـالـتە يىلـلىق نـامـۇۋاپىـق ھـۆكـۈمرانلـىق ئاقسۆڭەكلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار ھـەر تەرەپتىـن ئويلىـنىش ئارقـىلىق، ئـاخىر ئـىلتۇمـاشنىڭ كـەنجى ئوغلـى نەسرىددىن مەھمۇدنـى ئۇنىڭ ئـورنىغا تـاللىدى. ئـۇ رەھىمدىـل، چىقىشقاق، ئەسلىـدىنلا ھـۆرمەتكـە سـازاۋەر ۋە ئەدەبـىيـات ئىشلىرىغا مەدەت بېرىدىغان كىشى ئـىدى. شۇنداقتـىمۇ، پەقـەت مۇشۇ پەزىلەتلەرگىلا تايىنىـپ پادىشـاھ بولغـىلى بولمـايتتى. ئـۇ ئەگەر ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ۋەزىـرى غىياسىـددىن بەلـبانىنىڭ قوللىشىغا تايانمىغان بولسا، ئۇزاققىچە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغان بولاتتى. ئەمما، بەلبانىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇقراق ھـۆكـۈمرانلـىق قىلـدى. ئۇ ئاددىـي ـ سـاددا ياشاشـقا نـاھايىتـى ئادەتلەنـگەن بولـۇپ، بـوش ۋاقتى بـولـسىلا «قـۇرئـان كەرىم»نى كۆچۈرەتتى. ئۇ ئـىلىم ـ بىلـىمگە مەدەتـكار ئىدى. ئـۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، دېھلىنىڭ يېنىدا تـاسىرىيـە تەتقىقات ئاكادېمىيەسـى قۇرۇلدى، «ناسىـرى يىلـنامە» دېگـەن مەشھۇر كىتاب مۇشۇ مەزگىلـدە يېزىلـدى. نەسرىددىـن 1266 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىـن، ئورنىغا بەلبان ۋارىسلىق قىلدى.

**بەلبان (1266 ـــ 1290)** بەلبان دېھلىغا بارغان چېغىدا ئىبخـى قۇل ئىدى. لېكىن، ئۇ خۇددى ئىلتۇماش ۋە قۇتبۇددىنغا ئوخشاش پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىـپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ نەسرىددىنـدىن تاپشـۇرۇۋالغىنى ھـەرگىز يەڭگىل ۋەزىـپە ئەمەس ئـىدى. چۈنكـى، ئـىلـتـۇمـاش ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ياخشى بـاشقۇرۇلمـاي كەلگەنىدى، بـۇ چاغدا دۆلەت خـەزىنىسـى قۇرۇقدىلىـپ قالغان، تۈرك ئاقسـۆڭەكلـىرى كۈچىيىـپ ھاكاۋۇرلـىشىپ كـەتكەنىدى. موڭغۇللارمۇ دائىم بـۇ دۆلەتنى بـۇلاڭ ـ تالاڭ قىلـىپ تۇراتتـى،

ئەمما بەلبان پولاتتەك ئىرادىگە ۋە مول ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىدى. ئۇ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ئۈستىدە نۇقتىلىق باش قاتۇردى. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان قوشۇن سەردارلىرىنى تاللىدى، ئەينى دەۋرلەردىكى ئاساسىي كۈچ بولغان ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى كۈچەيتتى. قوشۇن ئىنتىزامىنى كۈچەيتىپ، دائىم ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى بىر قۇدرەتلىك، ھەرىكەتچان كۈچ بولۇپ قالدى.

**باندىتلارنى تارمار قىلىش** شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى مۇۋاتتىكى راجپۇتلارنى باستۇرۇشقا قاراتتى. چۈنكى، ئۇلار بىر توپ قاراقچىلار ئىدى. بۇ قاراقچىلار دېھلى ئەتراپىدىكى قويۇق ئورمانزارلىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپى يول توسۇپ كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. بىر كىشى يالغۇز يىراق يولغا ماڭسا، ئۇنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بەلبان مۇۋاتتىكى راجپۇتلارنىڭ كۈچىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى ئورمانلىقلاردىن قوغلاپ چىقاردى، ئارقىدىن دۆئابدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ جاي جۇمنا دەرياسى بىلەن گانگېس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. بەلبان ئۇلارنىڭ كامپىل ۋە بوجپۇرغا سالغان قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرگە مۇھاپىزەتچى قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ئەقىل - پاراسىتى ۋە كەسكىن ھەرىكىتىگە تايىنىپ پۈتكۈل دۆلەتتە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ يەرلەرنى تېخىمۇ تەڭپۇڭلۇق ئاساسىدا ئاقسۆڭەكلەرگە قايتىدىن تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە چېگرا رايونلارنىڭ مۇداپىئەسىنى ھەرگىز بوشاشتۇرمىدى.

www.uyghurkitap.com

**بەلبان ۋە موڭغۇللار** بەلبان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشتىن سەككىز يىل ئاۋۋال موڭغۇللار باغدادنى بېسىۋالغانىدى، شۇنداقلا ئافغانىستاننى ئىستېلا قىلىپ بولۇپ، پەنجاپقا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار تۆۋەنكى پەنجاپ بىلەن سىندىغا كىردى. بەلبان بۇ خىل خەتەرنى تولۇق چۈشىنىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش قارارىغا كەلدى، ئۇ ئالدى بىلەن لاھۇردىكى قورغانلارنى قايتىدىن ياساتتى. ئۇ چاغدا بەلباننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شىرخان سۇنقار تۆۋەنكى پەنجاپنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا موڭغۇللارنى زادى كىرگۈزمىگەنىدى. لېكىن، كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن بەلبان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بەلبان بۇ نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جاسارەتلىك ئوغلى مۇھەممەد شاھزادىنى مۇلتاننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. مۇھەممەد شاھزادە ــ قابىلىيەتلىك، سالماق، باتۇر ۋە مېھرىبان كىشى ئىدى. ئۇ قەتئىي ئىرادىلىك مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، كىشىلەرنى ناھايىتى رازى قىلدى. بەلباننىڭ يەنە بىر ئوغلى بۇغراخان مۇلتاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سامانا بىلەن سۇنامنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم موڭغۇللار بېسىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى بىلەن چېكىندۈرۈلۈپ كەلدى.

**بېنگالدىكى ئاۋارىچىلىك** بەلبان ئوتتۇرا قىسىم ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىدىن ئەمدىلا خاتىرجەم بولۇشىغا، شەرقىي تەرەپتىكى ئاۋارىچىلىك يەنە تازا ئەۋجگە چىقتى. بېنگالنىڭ باش ۋالىيسى توغرۇلخان قابىلىيەتلىك، باتۇر، قولىدىن ئىش

كېلىدىغان باش ۋالىي بولغاچقا، سۇلتاننى مەنسىتمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇ چاغدا بەلبان ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بېنگالغا ئەمىرخان قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما، ئەمىرخانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توغرۇلنىڭ كۈچى ھەقىقەتەن بەك كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ئەمىرخاننىڭ قوشۇنىنى توغرۇلخان ئاسانلا مەغلۇپ قىلدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بەلبان ئەمىرخانغا قاتتىق جازا بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ ئوغلى بۇغراخاننى چاقىرتىپ كەلدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە چوڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، بېنگالنىڭ پايتەختى لاناخانتقا قاراپ ئاتلاندى. سۇلتان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال توغرۇل قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بەلبان ئۇنى تاكى ئورمانلىققىچە قوغلاپ بېرىپ تىرىك قولغا چۈشۈردى ھەمدە ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇغراخاننى بېنگالنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئوردىغا سادىق بولۇشىنى قاتتىق جېكىلىدى.

**مۇھەممەد شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى** بۇ چاغدا بەلباننىڭ بېشىغا چوڭ ئاپەت كەلدى، تامارنىڭ قوماندانلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر تارماق قوشۇنى قايتىدىن بېسىپ كەلگەچكە، مۇھەممەد شاھزادە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ لاھورغا باردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ جايدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا موڭغۇللارنىڭ بىر ئەترىتىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، يېنىدا ئازلا مەھرەملىرى بولغان. مۇھەممەد شاھزادە مانا مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتكەن. خەلق ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «خانى شەھىد» («شېھىد خان») دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەلبان ئۈچۈن قورقۇنچلۇق زەربە بولۇپ، 80 ياشلىق بۇ بوۋاينىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتتى.

**بەلباننىڭ نەتىجىلىرى** بەلبان دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قۇدرىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئىززەت ــ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل ئاسىياغا ئۇنىڭ داڭقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئوردىسى ئىنتايىن كۆركەم، ھەشەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇللاردىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا پادىشاھلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن بۇ جايغا كېلىپ پاناھلاندى. بەلبان بىر مەزگىل 15 سەرگەردان شاھزادىنى ھىماتىغا ئالدى. ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ھوقۇقى تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىپ، ئىزچىل تۇردە ھەققانىيەتتە چىڭ تۇردى ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ھەم كەسكىن بولالىدى. ئۇ ئىلىم ــ پەننىڭ ئۇلۇغ ھىمايىچىسى بولدى. چوڭ شائىر ئەمىر خۇسراۋ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى، دوستى ۋە مىرزىسى ئىدى.

قۇل پادىشاھلارنىڭ **نەتىجىلىرى** بۇ خانلىقنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى قۇللاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپلا ئالىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى شۇ بولدىكى، بىنگالدىن كابۇلغىچە بولغان پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى، ئۇلار بىر خىل يېڭى جەمئىيەت تەرتىپىنىمۇ ئېلىپ كەلدى، بۇ خىل جەمئىيەت تەرتىپى ــــ باراۋەرلىك پۈرسىتى ۋە ئورنىنى ئاساس قىلاتتى. پەس تەبىقىدىن كېلىپ چىقىش ئالىي مەنسەپنى ئۈستىگە ئېلىشىغا ھەرگىز توسقۇن بولمايدىغانلىقىنى كىشىلەر بۇ دۆلەتتە تۇنجى قېتىم كۆردى. كىمكى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشسا ھەمدە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلسىلا، چوقۇم ئۆسۈش پۈرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. باشتىن تارتىپلا مۇسۇلمانلار قوشۇن ئىچىدە ھىندىستانلىق ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئۆستۈردى، ھىندىستانلىق ۋاكالەتچىلەرنى ياللاپ ئىشلەتتى ۋە ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بەردى، لېكىن توپىلاڭچىلار ــــ مەيلى ھىندى

دىنىدىكىلەر ياكى مۇسۇلمانلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قاتتىق باستۇرۇلاتتى. مۇسۇلمانلار مەكتەپ ئېچىپ، چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپلەرگە كېلىپ دەرس ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇلار يەنە بىر مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ھاۋا ياخشى ئۆتۈشىدىغان كەڭ ـ كۇشادە ھەم چىرايلىق ئىدى. ئەگمە شەكىللىك ۋە گۈمبەز شەكىللىك بىناكارلىق قۇرۇلمىسى تۇنجى قېتىم ھىندىستاندا قوللىنىلدى، بۇنداق قۇرۇلما بىناكارلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە يېڭى بىر ئىنقىلاب بولدى. نەقىش ئىشلەش جەھەتتە ھىندىستان بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئارتۇقچىلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ زىننەتلەپ كېتىش رىغبەتلەندۈرۈلمىدى. دەرۋەقە، دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر قىسىم مەسچىتلەرنى سېلىشتا ئىبادەتخانىلارنىڭ ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ ئىبادەتخانىلار دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن غەرەزلىك تۈردە ئىبادەتخانىلارنى چېقىپ ئورنىغا مەسچىت سېلىش ئەھۋالى بولمىغان. قىسقىسى، ئۇلار ھىندىستان ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ پارلاق دەۋر ئېلىپ كەلدى. بۇ يېڭى يول ئاچقۇچىلار ئوچۇقچىلىقتا ناماز ئۆتەپ، كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلدى، روھىي جەھەتتىكى تەبىقىچىلىك تۈزۈمىگە ئىشەنمەي، ئادەمنىڭ تەبىئىي خاسلىقىغا زوقمەن بولدى.

**خالجىيلەر خانلىقى (1290 ــ 1320)** بەلبانىنىڭ ئىزباسارلىرى ئىنتايىن قابىلىيەتسىز بولغاچقا، قۇل پادىشاھلار ئۇزاق ئۆتمەي جىمىقىپ كەتتى، بوۋاقلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ھىندىستان مۇسۇلمان دۆلىتىنى باشقا بىر جەمەتتىكىلەر ئۆتكۈزۈۋالدى. بەلبانىنىڭ ئۆلمىدىن كېيىن مەزھەپ كۈرىشى بولدى، خالجى تۈركلىرىنىڭ سەردارى جالالىدىن خالجى باشقىلارنى يېڭىپ، سۇلتانلىق ھوقۇقى ۋە نامىنى قولغا كەلتۈردى، خالجى

ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغدا يېشى 70 تىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زەئىپ پادىشاھ ئەمەس ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، موڭغۇللار ھىلاكۇخانىنىڭ بىر نەۋرىسىنىڭ باشچىلىقىدا ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. سۇلتان موڭغۇللارنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىغا قارشى ئاتلىنىپ، ئۇلارغا تارمار خاراكتېرلىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ھىندىستان چېگراسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بىر مەزگىلگىچە موڭغۇللار بۇ سۇلتانلىقنى بوزەك قىلىشقا قايتا جۈرئەت قىلالمىدى.

**شاھزادە ئالاۋۇددىن** جالالىددىن خالجىنىڭ ئالاۋۇددىن شاھزادە ئىسىملىك قابىلىيەتلىك بىر جىيەنى ۋە كۈيئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھابات رايونىدىن نۇرغۇن سۇيۇرغاللىق يەر (جياگىر) ئىنئام قىلىنغانىدى. ئالاۋۇددىن غايىلىك كىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا كۆپلىگەن قانۇنسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئالاۋۇددىننى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىزىقتۇراتتى. ئۇلار قېيىنئانىسى مەلىكە جاھانىمۇ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيتتى، ئۇنىڭ ئايالى بولسا ئانىسى تەرەپتە ئىدى. ئۇلار ئالاۋۇددىننىڭ خان بولۇشنى كۈتۈشەتتى. مۇشۇنداق بىر چاغدا ئالاۋۇددىن مەرۋىگە بېسىپ كىردى ۋە بىلسا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ تاغىسى بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، يەنە ئۇنىڭغا بىر پارچە سۇيۇرغاللىق يەر تەقسىم قىلىپ بەردى، ئالاۋۇددىننىڭ بايلىقى كۆپەيگەنچە، قارا نىيىتىمۇ چوڭايدى، ئۇ دېككانىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېۋاگىرىيلار خانلىقىنىڭ زور بايلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ خانلىققا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. ئۇ نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، ۋاندىياسقا يۈرۈش قىلدى، تاغلىق رايونلارنى تېزلىكتە كېسىپ ئۆتۈپ، دېۋاگىرى شەھىرى يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بۇ

يەردىكى كىشىلەر بىز مۇشۇ بابنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى، ئۇلارغا ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىدىغان مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق ئىدى، پادىشاھ راما چاندارنىڭ قىلچە تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالاۋۇددىن ئۇنى ئاسانلا مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن مىقداردا تۆلەم پۇل تاپشۇرسىلا، ئۇنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ بۇ شەرتكە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تۆلەم پۇل تاپشۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئوغلى سانكاردېۋا قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دەرھال بۇ شەرتنى ئورۇنلاشنى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشتا ئالاۋۇددىن سانكاردېۋانىمۇ مەغلۇپ قىلدى، نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ تۆلەم پۇل ئالدى. ئالاۋۇددىن زور مىقداردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئولجا ئېلىپ قانائەتلەنگەن ھالدا قايتىپ كەتتى، ئۇنىڭ تاغىسى جالالىددىن ئۇنىڭ يېڭى غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قېشىغا كېلىپ كۆرۈشتى. ئالاۋۇددىننىڭ ئاقىلدارلىرى جالالىددىنغا سادىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالاۋۇددىننى ھەر كۈنى دېگۈدەك تاغىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە قىلغان نومۇسسىزلىقى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى تىڭشىدى. زىياۋۇددىن بارنى بىر باسقۇچلۇق تارىخ ئۈستىدە توختىلىپ، ئىززەت بىلەن: ئاللاھتائالا كېيىن ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاش جازا بەردى، دەپ يازدى. بۇ پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. خۇددى ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆزى تاغىسىدىن يۈز ئۆرۈگىنىگە ئوخشاش، كېيىنچە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىسى مالىك كافۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

**ئالاۋۇددىن (1296 ـ 1316)** بۇ چاغدا ئالاۋۇددىن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەسلەپتە ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئۇ ھىندىستاندا ئەڭ قۇدرەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بارلىق قارشىلىقلارنى تۈگىتىش ئىدى. بۇ جەھەتتە موڭغۇللار بىلەن راجىپۇتلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ قىيىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ۋاھالەنكى، ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇ پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە كىشى بولۇپ، ئەزەلدىن مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەيدىغان ئېگىلمەس ـ سۇنماس جەڭچى ئىدى. شىمالىي قىسىمدا ئۇنىڭ ئىنىسى زەفەرخان موڭغۇللارنى كۆپ قېتىم چېكىندۈردى. لېكىن، 1299 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ قۇدرەتلىك رەھبىرى قۇتلۇقخان زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ دېھلىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، بىرمەھەل ئالاقزەدىلىك كۆتۈرۈلدى. سۇلتاننىڭ تىز پۇكمەس ئىنىسى زەفەرخان دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، لېكىن بىر قېتىملىق كەسكىن ھۇجۇمدا ئۇ ئېغىر يارىلاندى، گەرچە ئۇ ئۇرۇشنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قەيسەرلىكى تۈپەيلىدىن موڭغۇللار چېكىندى. بەش يىلدىن كېيىن ئۇلار قايتا بېسىپ كەلگەندە، يەنە زەربە بىلەن چېكىندۈرۈلدى. 1308 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرگەن يەنە بىر تارماق قوشۇنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالاۋۇددىننىڭ دۆلەت زېمىنىغا قايتا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

**دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىستېلا** ئالاۋۇددىن بۇ چاغدا ئۆز قوشۇنىنى كۈچەيتىپ يېڭى قورغانلارنى ياساتتى، قابىلىيەتلىك سەركەردىلەرنى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا تاللاپ ئۆستۈردى. ئۇ غازى مالىكنى پەنجابنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ موڭغۇللارنى 25 يىلغا يېقىن توسۇپ تۇردى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئالاۋۇددىن ئىنتايىن كۈچەيگەنلىكى، جەڭلەردە ئۇدا غەلىبە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ئىستېلا

قىلىش خىيالىدا بولدى، ھەتتا بىر خىل يېڭى دىنىي تەلىمات يارىتىش كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ قەدىناس دوستى قازى ئاتا ئۇل مۈلك ئۇنىڭغا ئۆز زېھنىي كۈچىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىغا سەرپ قىلىشنى، دىنىي ئىشلاردا غەيرىي ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلماسلىقنى نەسىھەت قىلدى. ئالاۋۇددىن ئۆز ئىنىسى ئۇلۇغخاننى قۇدرەتلىك بىر قوشۇنغا باش قىلىپ گۇجرات بىلەن شىمالىي دېككاننى ئىستېلا قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلۇغخان گۇجرات خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ گۈزەل ئايال خانى كامالدېۋىنى ئەسىر ئالدى ۋە ھېسابسىز غەنىيمەت ئېلىپ قايتتى. ئۇلار يەنە كافۇر ئىسىملىك بىر نېگىر ئاغۋاتنى ئېلىپ كەلدى، بۇ كىشى ئىنتايىن تالانتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق قالماي مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلدى. كامالدېۋى كېيىنچە ئالاۋۇددىننىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئايالى بولۇپ قالدى.

**ئالاۋۇددىننىڭ ئىستېلاسى** ئالاۋۇددىننىڭ ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ مەشھۇر قورغان — رامسامبۇل قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. كېيىن راجپۇتلار ئۆزلىرىنىڭ قېچىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېنىنى تىكىپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن، ئاياللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سېرىق پەرىجە يېپىنچاقلاپ، قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە سېپىلدىن ئېتىلىپ چىقتى. بۇ خىل مەردلەرچە قىلىنغان قەھرىمانلىق ئالاۋۇددىننى كەينىگە چېكىندۈرەلمىدى، راجپۇتلار ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭ مەيدانىدا يىقىلدى. ئارقىدىنلا ئالاۋۇددىن يەنە قوشۇن باشلاپ مېۋەر خانلىقىنى ئىستېلا قىلىپ، چىتتا قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. ئېيتىلىشىچە، ئالاۋۇددىن داڭقى چىققان پادمىنىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىشنى ئويلىغانىمىش. بۇنداق رومانتىك ھېكايىلەر يېتەرلىك تارىخىي ئاساسقا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشەنچلىك ئەمەس. راجپۇتلار ئۆزلىرىنىڭ سەردارى رانا راتان سىنگنىڭ باشچىلىقىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى رامسامبۇل قورغىنىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىغا ئوخشاش، ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالاۋۇددىن يەنە ئۇججائىن، ماندۇ، دار، چاندېرى قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىستىپلا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىمالىي ھىندىستان مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

**مالىك كافۇر** لېكىن ئالاۋۇددىن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. 1307 ـ يىلى ئۇ بىر قوشۇنغا نېگىر سەركەردە مالىكنى قوماندان قىلىپ، ئۇنى دىككاننى ئىستىپلا قىلىشقا ئەۋەتتى. كافۇر پۈتكۈل دىككاننى ئېلىپ، دېۋاگىرنى ئىشغال قىلىپ، زور مىقداردا ئولجا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن ۋارانگال خانلىقىنى ئىستىپلا قىلىشقا ئاتلاندى. بۇ خانلىقنىڭ پادىشاھى بارلىق كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بويسۇندۇرۇلدى، مالىك كافۇر نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەمىر خۇسراۋنىڭ خاتىرىلىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ غەنىيمەتلەر 1000 تۆگىگە ئارتىپ توشۇپ كېلىنگەن.

**دىككاننى ئىستىپلا قىلىش (1310 — 1311)** 1310 ـ يىلى كافۇر يەنە قوشۇن باشلاپ، بۇيرۇق بويىچە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ھويسالا خانلىقىنى ئىستىپلا قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھىنى دېھلىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ پادىشاھ بىلەن يەنە نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى بىللە ماڭدۇردى. بۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىي رايونىدا ھېلىمۇ ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ جاي پاندىياس خانلىقى ئىدى. خانلىق ئورنىنى تەلەپ قىلغۇچى بىرسى بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۇلتاندىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى.

شۇڭا، 1310 ـ يىلى كافۇر ئۇ جايغا ياردەم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ مادۇراغا يېتىپ كەلگەندە، نائىب شاھ رانى شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. كافۇر بۇ شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ تۇرغۇن بايلىقلىقنى ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، 1311 ـ يىلى جەنۇبىي رايوندىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر شەھەر — رامىشۋارامغا يېتىپ باردى. ئۇ يول بويى ھېسابسىز بايلىقلارنى ئولجا ئالدى، دېھلىغا بارغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ قانچىلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەرگىلى بولمايتتى. تارىخشۇناسلار بۇ بايلىقنى «سان ـ ساناقسىز» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلىدى. دىككان ئىستېلا قىلىندى ھەمدە ئۇ تاكى تۇغلۇق خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئۇزاق مۇددەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى، كېيىن ئۇنىڭغا بەھمەنىيلەر نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**ھىندىستان پادىشاھى ئالاۋۇددىن** ئالاۋۇددىن بۇ چاغدا پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ پادىشاھى بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەقىقەتەن تەڭداشسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپقانىدى. ئۇ ھاكىممۇتلەقلىق ئۇسۇل بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ گەرچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما قازىلارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا يول قويمايتتى. زوراۋر تېپىلغاندا ئىنتايىن قاتتىق بولاتتى ۋە مادارا چىلىق ۋاستىلەرگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ مەمۇرىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، ھاراق ـ شاراب ئىچىشنى چەكلىدى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەخپىي يىغىلىشىنى مەنئى قىلدى؛ ئۇ يەنە مەخپىي ساقچى قىسىم قۇردى. جان سانىغا ئاشلىق تورمىسى بەلگىلەش تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويدى. يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى، قوشۇنلارغا مائاش ۋە تەمىنات بېرىش تۈزۈمىنى رەسمىي ئورناتتى ھەمدە يەر بېجىنى ئېنىق بەلگىلىدى. خۇسۇسىي بېسىمدارلىق قىلىشنى قانۇن ئارقىلىق مەنئى قىلىپ، قاراڭغۇ بازارچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قىلغۇچىلارنى ياكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق جازالىدى. ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخچىلار بۇنىڭغا ئوخشاش پادىشاھلار ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى كۆڭۈللۈك ئۆتمىدى. مالىك كافۇر ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خان جەمەتى ئىچىدىكى سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئالاۋۇددىن پادىشاھ ياشىنىپ قالغان چاغدا، كافۇر ھوقۇقنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا كىرىشتى. ئالاۋۇددىن 1316 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھنىڭ ئۆلۈشى بىلەن كافۇرنىڭ مۇناسىۋىتى يوق ئەمەس ئىكەن. ئەگەر بىز كافۇرنىڭ كېيىنكى قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ خىل گۇمانلىنىشنىڭ ناھايىتى ئاساسى بارلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئالاۋۇددىننىڭ ئۆلمى دۆلەتنى ئۇلۇغ بىر ھۆكۈمراندىن، ئۇلۇغ بىر ھەربىي باشلىقتىن ۋە ئاتاقلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىدىن ئايرىدى.

**ئالاۋۇددىننىڭ ۋارىسلىرى** ئالاۋۇددىننىڭ ۋارىسلىرى بىچارە پادىشاھلار بولۇپ، ئۇلار پەقەت مالىك كافۇرنىڭ قولىدىكى قورچاق بولدى. كافۇر خانىشنى نەزەربەند قىلغاندىن كېيىن، ئالاۋۇددىننىڭ ئوغۇللىرىنى بىر - بىرلەپ كور قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. لېكىن، ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق، ۋەھشىيلىك قىلمىشى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ھەمدە كېچىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن ۋارىس ئىزدەپ، ئاخىر ئالاۋۇددىننىڭ نەزەربەند ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئوغلىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى. 17 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنىڭ

ئىسمى قۇتبۇددىن مۇبارەك بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئاجىز تەبىئەتلىك ئىدى. لېكىن، بىرسىنى ۋارىس قىلىپ تاللىماي بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سۇلتانلىق تەختىگە چىقىرىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇۋاپىق نامزات ئەمەس ئىدى. بۇ ياش سۇلتان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، باشقا بىر خىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاتىسىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى.

**مۇبارەك (1316 — 1320)** ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئاتىسى ئورناتقان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى يىمىرىلىشكە باشلىدى. ئۇ زاتى پەسلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەن تائىپەدىن كېلىپ چىققان گۇجراتلىق بىر ھىندى بار بولۇپ، ئۇ يالغاندىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇۋېلىپ، ئۆزىگە خۇسراۋخان دەپ ئات قويدى. خۇسراۋنىڭ تەسىرى بىلەن سۇلتاننىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئىزىدىن چىققىلى تۇردى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بارغانسېرى پەسكەشلىشىپ كەتتى. ئۇ ئاشكارا ھالدا پاھىشە ئاياللار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈردى، ھەتتا ئۇلارنى ئوردا ئىچىگىمۇ ئېلىپ كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باغداد خەلىپىسىگە بولغان ئازغىنا ساداقىتىنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئۈزۈۋەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھىندىستاندىكى بارلىق سۇلتانلار باغداد خەلىپىسىگە بولغان ساداقىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەنىدى. مۇبارەكنىڭ بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇ جەڭدە باتۇرلۇق، ھەتتا قاراملىق قىلاتتى، دېۋاگىردىكى ھارپالادېۋانى تىنچىتىش ئۇرۇشىدا ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسىغا ئوخشاش ھەربىي تالانت بارلىقى ئىسپاتلاندى. لېكىن، بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇ ئۇرۇش قىلىشنى خۇسراۋغا قالدۇرۇپ قويدى؛ خۇسراۋ بويسۇنۇشنى رەت قىلغان ۋارانگا پادىشاھىنى

ئوڭايلا بويسۇندۇردى؛ ئۇ بۇ يەردىن نۇرغۇن ئولپان ـ سېلىق ئېلىپ دېھلىغا قايتتى. بۇ مەزگىلدە سۇلتان ئۆزىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ھەمدە بۇ سۇيىقەستچىلەردىن رەھىمسىز تۈردە ئۆچ ئالدى. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىلىرى، ھەتتا گۇۋالىيورىيەدىكى ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان ئاغا ـ ئىنىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئامان قالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىچىملىك ـ بېسىقلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە قاراتماي، كەيپ ـ ساپا تۇرمۇشقا قاراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي پايتەختتە قانۇن ـ تەرتىپنى مەنسىتمەيدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپىلاڭ ئەۋج ئالدى. روشەنكى، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئاخىر خۇسراۋخان گۇجىراتتىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ دېھلىغا قىستاپ كەلدى، 1320 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۇلتان ئۆلتۈرۈلدى.

**خۇسراۋ (1320 ـ يىلى)** خۇسراۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن، نەسرىددىن دەپ ئاتالدى، ئۇ مۇيارەكتىنىمۇ بەتتەر زوراۋانلىق قىلدى. ئۇ خىزىرخاننىڭ تول قالغان ئايالى، گۈزەل دىۋالدېۋىنى ئەمرىگە ئالدى ھەمدە خان جەمەتىدىن بولغان قىزلارنى تۆۋەن تائىپىدىن چىققان ئەگەشكۈچىلىرىگە ياتلىق قىلىپ بەردى. ئۇ ھىندى دىنىدىكى پادىشاھ بولۇشنى كۆزلەپ، ئىسلام قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئاشكارا سۆكتى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم»گە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، مەسچىت ئىچىگە ئاشكارىدىن ـ ئاشكارا بۇت ئورناتتى. ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشىدىن ھەتتا ھىندى دىنىدىكىلەرمۇ ھەيران قالدى، مۇسۇلمانلار قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇلار پەنجاپتىكى دىپالپۇرنىڭ باش ۋالىيسى غازى مالىك (زىياۋۇددىن مالىك)تىن بۇ سۇلتانلىقنى قۇتقۇزۇپ قىلىشنى

تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە ئۇ قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، تەسىرىدىن خۇسراۋنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئاقسۆڭەكلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى شاھزادىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشنى خالايدىغانلىقىنى سورىدى. راستىلا بىرمۇ شاھزادە قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۇنجى تۇغلۇق سۇلتان بولدى.

**تۇغلۇق خانلىقى (1320 — 1413)** ۋە غىياسىددىن **(1320 — 1325)** تۇغلۇق خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى غىياسىددىن ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياخشى رېكورتنى ساقلاپ قالدى. ئۇ دائىم: موڭغۇللار بىلەن جەڭ قىلىش جەھەتتە، ئېسىمدە قالغان ھەرقانداق كىشىدىن كۆپ غەلىبە قىلدىم، دەيتتى، بۇ توغرا ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى يەنىلا جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دىككاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋارانگالنى ئىستېلا قىلدى ھەمدە 1324 ـ يىلى شەرقىي بېنگالنى ئىستېلا قىلدى. ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بەردى، قالايمىقان باج ـ سېلىق يىغىشتەك ناچار قىلمىشلارنى تۈزەتتى، پوچتا تۈزۈمىنى ياخشىلىدى، پوچتا ئاتلىرى ھەر كۈنى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ياساتتى. ئۇ مۇلتاندا ئۇزاق مەزگىل باش ۋالىي بولغان بولۇپ، ئەۋلىيا رۇكنى ئالەم ئۈچۈن پارس بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سەككىز قىرلىق مەقبەرە ياساتقانىدى. ئۇ تۇرمۇشنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزەتتى، ئۇنى كىشىلەر ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ بىر قېتىملىق سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلدى. كىشىلەر سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇنانى بۇ قېتىمقى سۇيىقەست بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ گۇمان قىلىشتى.

**مۇھەممەد تۇغلۇق (1325 — 1351)** شاھزادە جۇنا ئاتىسىنىڭ

تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇھەممەد تۇغلۇق دەپ ئاتالدى. بۇ پادىشاھ ئاز ئۇچرايدىغان شەخس ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخلىرىدا ئەڭ ئاتاقلىق ئەرباب دەپ تەسۋىرلەندى. بەزىلەر ئۇنى ئۇلۇغ سەركەردە ۋە ئاتاقلىق تالانت ئىگىسى، دەپ ئاتىدى. دەرۋەقە، ئۇ ناھايىتى بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشىلەر بىلەن پەلسەپە ياكى لوگىكا، مېتافىزىكا ياكى دىن، ماتېماتىكا، ياكى ئاسترونومىيە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيتتى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ھەقىقەتەن 20 پادىشاھنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تەڭ كېلەتتى. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئىنتايىن كەمتەر، مېھرىبان ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. يەنە كېلىپ بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تولۇق ئاساسى بار ئىدى. لېكىن، بىرسىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇنىڭغا گەرچە ئۇنىڭ شەيئىلەر ئۈستىدە نەزەرىيەۋى بىلىمى مول بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ساۋاتى كەمچىل بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەخسۇس تەربىيە ئالغان، ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان كۆزەتكۈچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئوردىسىدا نەچچە يىل تۇرغان ئۇلۇغ شەخسلەردىن ئىبنى بەتتۇتە ۋە ھىندىستاندا تۇغۇلغان زىياۋۇددىن بارنىڭ خاتىرىسىدە، بۇ پادىشاھقا نىسبەتەن بىر خىل چۈشەنمەسلىك، ئەجەبلىنىش كۆزقارىشى ئىپادىلەنگەن. ھەتتا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە دوستلىرىمۇ ئۇنى چۈشىنەلمەي قايمۇقۇپ قالغان. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئالدىراڭغۇ، پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، گەرچە بەزىدە كەمتەرلىك بىلەن ئىش بېجىرىشنى بىلسىمۇ، ئەمما قارشى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلمايتتى. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شانلىق پىلانلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ مىجەزى

بارغانسېرى تۇراقسىز بولۇپ كەتكەن، جازا بېرىشمۇ بارغانسېرى قاتتىقلاشقان. ئۇ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەنگەن.

**تۇغلۇقنىڭ ئىسلاھاتى** ئۇنىڭ بىر ئىسلاھاتى دۇئابە رايونىدىن ئېلىنغان باجنى قايتىدىن بەلگىلەش بولدى. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۆلچەمدىن ئارتۇق يىغىۋېلىنىدىغان باجدىن بىزار بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا دەسلەپتە ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە باجنى تۆگىتىش بۇيرۇقى بېرىلدى. كېيىن ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇلار باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. باجگىرلاردىمۇ قىلچە ئىچ ئاغرىتىش بولمىدى. شۇڭا، پۇقرالار ئىنتايىن جاپا چەكتى. سۇلتان بۇ خىل ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ قۇدۇق كولىشى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقاتتى ھەمدە ئۇنۇمسىز يەرلەرنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. لېكىن، بۇزغۇنچىلىق بۇرۇندىن تارتىپلا بولغانلىقى، دېھقانلاردا ھېچ ئىشەنچ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشتى. بۇ ئىشقا سۇلتان ناھايىتى خاپا بولۇپ، مۇشۇ ئاچچىقىدا ئۇلارغا قاتتىق جازا بەردى.

**پايتەختنى يۆتكەش** موڭغۇللار ئۇنىڭ چوڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپلا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سۇلتان پايتەختنى مەركىزىي رايونغا كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇ دېۋاگىرىدىكى كونا شەھەر دۆلەتئابادنى يېڭى پايتەخت قىلىپ تاللىدى ۋە بۇ جايغا چىرايلىق قۇرۇلۇشلارنى ۋە كۆپلىگەن ئۆي ـ جايلارنى سالدۇردى ھەمدە دېھلىغا بارىدىغان كەڭ بىر تاشيول ياساتتى. پۇقرالارنىڭ يېڭى پايتەختكە كۆچۈپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. كۆچۈپ بېرىشنى بەزىلەر رەت قىلدى، بەزىلەر كۆچۈش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى، بەزىلەر خالىمىغان ھالدا كۆچتى، ئاخىر ئۇلارنى

بېسىم بىلەن كۆچۈردى. ئۇلار تۇغۇلغان يۇرتتىن ئايرىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۆتكىلىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدە دەرد تۆكۈشتى. سۇلتان بولسا ئۇلارنى ئاقلاپ، دۆلەتئابادنىڭ پايتەخت قىلىنىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، پۇقرالار بۇ ئىشقا سۇلتاندەك ئۇتداق قىزغىن مۇئامىلە قىلمايتتى. سۇلتان كۆچكۈچىلەرگە كۆپ مىقداردا كۆچۈش خىراجىتى بەردى، ئۇ گەرچە بۇ جەھەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەڭ قوللۇق قىلغان بولسىمۇ، بۇ پىلان ئاخىر ئەمەلگە ئاشمىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن پايتەختنى قايتا يۆتكەپ كېتىشكە توغرا كەلدى. بۇ ھال غايەت زور ئىسراپچىلىق پەيدا قىلدى ۋە كىشىلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن نارازىلىق قوزغالدى. دەل مۇشۇنداق تەدبىرلەر يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدالدى.

**سىمۇۋوللۇق پۇل** ئالتۇن پۇل يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان سىمۇۋوللۇق پۇل تارقىتىشقا باشلىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن ياسالغان پۇلنىڭ قىممىتىگە ئىگە بولغان مىس پۇلمۇ ئۆتىدىغان بولدى. ھازىر بىزدە قەغەز پۇل بار، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايدۇ. ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر پارچە قەغەز نۇرغۇن رۇپىيە ھېسابىدا ئۆتىدۇ. لېكىن، تۇغلۇق قوللانغان تەدبىر بەك بالدۇر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى چۈشىنەلمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۇ تەدبىرمۇ ئاقمىدى.

**موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى** موڭغۇللار ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاش پەنجاپنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ بولۇپ، دېھلىغا بېسىپ كېلىشكىمۇ تاس قالدى. يەزى

تارىخچىلار سۇلتان موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلدى دەپ قارىسا، يەنە بەزى تارىخچىلار سۇلتان ئۇلارنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قايتۇردى دەپ ھېسابلىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئاساسىي ئەمەلىيەت شۇكى، موڭغۇللار مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان ئازراقلا ئىناۋەتكە ئېرىشتى ياكى ھېچقانداق ئىناۋەتكە ئېرىشەلمىدى.

دۇنيانى ئىستېلا قىلىش سۇلتانمۇ ئالاۋۇددىنغا ئوخشاش دۇنيانى ئىستېلا قىلىش كويىدا بولدى. ئۇ زور قوشۇن توپلاپ ئافغانىستان ۋە خوراساننى، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، بىر تۈركۈم ھىندى قوشۇنىنى سوغۇق تاغلىق رايونلاردىن ئۆتكۈزۈپ يىراق شىمالىي تەرەپكە ئەۋەتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ دۈشمەنلەشكۈچى موڭغۇللار پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. سۇلتان ئېھتىمال كىشىلەردە ئۇنى قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ ئىكەن دەيدىغان تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ خىل خىيالدىن ۋاز كېچىشكە قايىل بولدى. بىراق، ئۇ ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن زور مىقداردا ئالتۇن سەرپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي گارۋال رايونىدىكى ھىمالايا قەبىلىلىرى ــ ئېھتىمال ھازىرقى نېپاللىقلارنىڭ ئەجدادلىرى بولسا كېرەك ــ ئىسيان كۆتۈردى. 1337 ـ يىلى سۇلتان يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بىر قوشۇننى سوغۇق ۋە ئادەم ئۆلتۈرمايدىغان ئۇ رايونغا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن دەسلەپتە بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، كېيىن پۈتكۈل قوشۇن بىتچىت بولدى. ئەسكەرلەر سوغۇق، قارلىق شىۋىرغان ۋە ئاچلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. بەزىلەر، ئەسەبىيلەشكەن سۇلتان شىزاڭنى ۋە پۈتكۈل جۇڭگونى ئىستېلا قىلماقچى بولغان، دەپ قاراشتى، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بۇ پەقەت جازالاش خاراكتېرلىك بىر قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى. كىشىلەر بۇلاردىن قاتتىق نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىمپېرىيەدە پاراكەندىچىلىك باشلاندى.

**مەملىكەت ئىچىدىكى داۋالغۇش** بۇ پاراكەندىچىلىك ئۇزاققا قالماي تەشكىللىك توپىلاڭغا ئايلاندى. سۇلتان بىلەن سىندىنىڭ باش ۋالىيسى كىشلۇخان ئالدى بىلەن ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردى، مۇھەممەد تۇغلۇق شەخسەن ئۆزى دۆلەتئابادنىڭ شىمالىدىن ئاتلىنىپ، بۇ توپىلاڭنى تىنچىتتى. لېكىن، باشقا جايدىكى توپىلاڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. 1335 ـ يىلى لابارنىڭ باش ۋالىيسى جالالىددىن مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بۇ چاغدا پەنجاپتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان سۇلتان دەرھال ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى، لېكىن سەپەر ئۈستىدە تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەل ئۇنىڭ يۈرۈشىنى توسۇپ قويدى. جالالىددىن ئۇزاق مەزگىل مۇستەقىللىقنى ساقلىدى. ئۇنىڭ خان جەمەتى مادورادا تا 1378 ـ يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. كەشمىردە شاھ مىرزا مۇسۇلمان خانلىقىنى قۇرۇپ، 1346 ـ يىلىدىن 1589 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. 1338 ـ يىلى بېنگال مەركەزدىن ئايرىلىپ، پەخرىدىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر مۇستەقىل ئۆلكە بولدى. سۇلتان دۆلەتئابادتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، دىككاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، 1347 ـ يىلى بەھمەنىيلەر خانلىقىنى قۇرۇپ، دۆلەتئابادنى پايتەخت قىلدى ۋە ئالاۋۇددىن بەھمەنشاھ تۇنجى پادىشاھ بولدى. بۇ مەشھۇر پادىشاھ دىككان تارىخىدا زور رول ئوينىدى، ئۇ ۋىجاياناگاردىكى ھىندى دىنىدىكى قۇدرەتلىك پادىشاھلىق بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. ۋىجاياناگار پادىشاھلىقى 1335 ـ يىلى مىسىردا قۇرۇلغانىدى. بەھمەنىيلەر

پادىشاھلىقى كېيىنچە گولكوندا، بىجايپۇرەبىدار قاتارلىق بەش كىچىك خانلىققا پارچىلىنىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئەۋرەڭزەپ دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولدى.

**فىرۇز تۇغلۇق (1351 ــ 1388)** مۇھەممەد تۇغلۇق 1351 ـ يىلى ئۆلدى، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى فىرۇزنىڭ تەختكە چىقىشىنى مۇراجىئەت قىلىشتى. فىرۇز بۇ خىل تەكلىپتىن ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى، چۈنكى تۇغلۇقنىڭ كانۇيى مەرھۇم سۇلتاننىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ نامى بىلەن خانلىق ھوقۇقىنى تالىشىۋاتاتتى. فىرۇز نامزاتلىققا ئىنتايىن باب كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇ ئىشنى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە قازىلاردىن تەركىب تاپقان كېڭەش يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى. يىغىن فىرۇزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، چۈنكى ئۇلار دۆلەت مۇشۇ چاغدا فىرۇزغا ئوخشاش تەمكىن ۋە تەجرىبىگە باي رەھبەرگە موھتاج، دەپ قارايتتى. دەرۋەقە، مۇسۇلمانلار ھىندىستانى ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك بىر پادىشاھقا ئېھتىياجلىق ئىدى. مۇھەممەد تۇغلۇق ئوردىسىنىڭ خىيالىي ھەشەمەتلىرى دۆلەتنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىلا يەرنى قالايمىقانچىلىق قاپلىغانىدى. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ مۇسۇلمان پادىشاھلىقىدىكى مەڭگۈلۈك يامان خاھىشلار ۋە قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا چىققان پاجىئەلىك ھېكايىلەر ئايان بولغانىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى مۇستەقىل بولۇۋالغان، مەركەزمۇ ئۇزاق مەزگىلگىچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى.

**تەرتىپنىڭ ئەسلىگە كېلىشى** فىرۇز تۇغلۇق قابىلىيەتلىك ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتتە مۇقىملىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭ زامانداشلىرى فىرۇزغا ئوخشاش مۇكەممەل ئىقتىدارغا ئىگە ئاددىي پادىشاھقا موھتاج ئىدىكى، ھەرگىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى تارىمىسى

مۇھەممەد تۇغلۇقتا ئوخشاش تالانتى بار، ئەمما تۇراقسىز پادىشاھقا موھتاج ئەمەس ئىدى. فىرۇز دىككاندىكى بەھمەنىيلەر پادىشاھلىقى ۋە ۋارانگال بەگلىكىگە چېقىلمىدى. غەربىي ھىندىستاندىكى قەندىش خانلىرىنىمۇ پۇتۇنلەي ئۆز ئىختىيارىغا قويىۋەتتى. لېكىن، بېنگالنىڭ ھۆكۈمرانى ھاجى ئىلىياس سۇلتانلىقتىكى پاراكەندىچىلىكتىن پەيدىنپەي ئىلھاملىنىپ، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. شۇڭا، فىرۇز تۇغلۇق ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ پەندۇئا يېنىدا دۈشمەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، لېكىن ئۇلارغا غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرەلمىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا دېھلىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەرگىزمۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، فىرۇز يەنە ئىككىنچى قېتىم سىناق ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ نۆۋەتمۇ يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئەمەلىي ئەھۋال ئېھتىمال مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: فىرۇز گەرچە قابىلىيەتلىك ھۆكۈمران، ياخشى تەشكىلاتچى ۋە سالماق ئادەم بولسىمۇ، ھەربىي قوماندان ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتىكى بىر ۋەقەگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 1359 - يىلى ئۇ بېنگالغا قىلغان سەپىرى ئۈستىدە زەفەرئابادتا توختىدى ھەمدە بۇ جايغا بىر شەھەر بەرپا قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەۋرە ئىنىسى جۇنانى چوڭقۇر ئەسلەش يۈزىسىدىن، بۇ شەھەرگە جۇناپۇل دەپ نام بەردى. بۇ شەھەر كېيىن كىچىك بىر پادىشاھلىق پايتەختىگە ھەمدە ئىلىم مەركىزىگە ئايلاندى.

**ئورىسا ۋە سىندىدىكى ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشى** فىرۇز ئىككىنچى قېتىملىق بېنگالغا قىلىنغان يۈرۈشتىن قايتىش سەپىرىدە، ئورىسا پادىشاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا قېچىپ كەتتى

ھەمدە فىرۇزغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن سوۋغات ۋە ئولپان ئەۋەتتى. فىرۇز ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ناگاركوت قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى، بۇ يەردە ئۇ سانسكرىت يېزىقىدىكى 300 پارچە كىلاسسىك كىتابلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى پارسچىگە تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى سىندىنى قايتا ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم چېكىنىشكە توغرا كەلدى، لېكىن دېھلى تەرەپتىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ئۇ خانى جاھان مەقبۇل دېگەن ئىقتىدارلىق بىر ۋەزىرىنى قالدۇرۇپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ سىندىلىقلارغا نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

**فىرۇز تۇغلۇقنىڭ خاراكتېرى** فىرۇز نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلارنى، مەسچىتلەرنى، مۇنچىلارنى، ئۆستەڭ ـ كۆلچەكلەرنى، قانالىلارنى ۋە كۆۋرۈكلەرنى بەرپا قىلدۇردى. ئۇ يەنە نۇرغۇن شىپاخانا ۋە مەكتەپلەرنى ئاچتى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ دېھلىدىكى ئائىلىلىكلەر رايونى ئەتراپىغا 1200 گە يېقىن گۈللۈك ياساتقان. ئۇ ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنى قوغدىغان، ئۇ ئىنتايىن ھۆرمەتكە لايىق ئادەم ئىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، لېكىن زورلۇق ۋاستىسىنى قوللانمىدى. ئۇ باج ـ سېلىقنى يېنىكلىتىپ، كىشىلەرنى دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، چىقىم قىلىش ئىقتىدارى كۈچەيدى. 1388 ـ يىلى ئۇ ئۆلگەن چاغدا، سۇلتانلىق خېلىلا قۇدرەتلىك ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تولىمۇ بوشاڭلىقى تۈپەيلىدىنلا مەركەزنىڭ ئىناۋىتى ۋە ھوقۇقىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**كېيىنكى تۇغلۇق خانلىقى** كېيىنكى تۇغلۇق خانلىقىغا ئائىت بايان قىلىشقا ئەرزىگۇدەك نەرسە يوق. لېكىن، مۇسۇلمانلار ھىندىستاندىكى باشقا بەزى ۋەقەلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بەھمەنىيلەر پادىشاھلىرى قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللىدى ھەمدە ئۇرۇشتا تۇنجى قېتىم زەمبىرەك ئىشلەتتى. 1367 ـ يىلى ئۇلار تۇنجى قېتىم ۋىگاياناگار پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ قېتىمقى چوڭ غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، گۈلبەرگە جامەسى سېلىندى.

1401 ـ يىلى مالۋا رەسمىي مۇستەقىل بولدى. غەۋرى ۋە خالجىنىڭ بىر جەمەتى ئۇ جايدا تاكى 1531 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، بۇ جەمەتنىڭ مەشھۇر پادىشاھى ۋۇشاڭ شاھ (1405 — 1531) ماندۇ شەھىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇ جايدا ئاتاقلىق ھىندى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ۋە جامەلەرنى سالدۇردى. ماندۇ شەھىرىدىكى قۇرۇلۇشلار تا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ.

جۇناپۇل شەرقتىكى بىر خانلىقنىڭ ھىمايىسى بىلەن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى. بۇ خانلىقنى ئاغۋات مالىك سەرۋار ۋە ئۇنىڭ ئۆگەي ئوغۇللىرى قۇرغانىدى. بۇ نەسەبتىكىلەرنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمرانى ئىبراھىم شاھ (1402 — 1436) مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. جۇناپۇل جامەسى بۇ مەزگىلدە ئۇ رايوننىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ شاھىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گۇجراتتىمۇ كىچىك، ئەمما مۇستەقىل بىر پادىشاھلىق قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ 1396 ـ يىلدىن 1572 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بۇ پادىشاھلىق ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

**تېمۇرنىڭ بېسىپ كىرىشى (1398 ـ يىلى)** تۇغلۇق خانلىقىنىڭ

ئاخىرقى دەۋرىدىكى سۇلتانى مەھمۇد ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا، تېمۇر تۇيۇقسىز ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇ خۇددى قارا بورانغا ئوخشاش پەنجاپنى قاپلاپ دېھلى بىلەن مېروتنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوننى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بىر يولنى بويلاپ قايتتى. تېمۇر ئىستېلا قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، بارغانلا يەردە خانىۋەيرانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، جەسەتلەر ھەممە جايدا دالالارغا تاشلىنىپ قالغانلىقتىن، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۇ گەرچە كەسپىي ئالىملارنى خارلىمىغان بولسىمۇ، كەڭچىلىك ۋە كەچۈرۈم قىلىش دېگەنلەرگە ئانچە ئىشەنمەيتتى. كىمكى ئۇنىڭغا قارشى چىقسا، ئۇ ھىندى دىنى ئېتىقادچىسى ياكى مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇقەررەر ھالدا يوقىتىلاتتى، ياكى دەپسەندە قىلىناتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ دېھلى ئەتراپىدىلا بۇيرۇق بىلەن 100 مىڭ ئەسىرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىندى دىنىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى راست دەپ بىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇش بولغاندا ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە قوشۇن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى سەزگەنىدى، ئۇ قايتىش سەپىرىدە ھاردۇاردا ئىككى تۈركۈم ھىندى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. كانگرانى ئىشغال قىلىپ، جامۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۇ تەرجىمىھالىدا دېھلىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنىڭ ھەققانىيلىقىنى چۈشەندۈرگەن، گەرچە مەلۇم دەرىجىدە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قالايمىقانچىلىقنى ھىندى ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قىسىم تۈرك ئەسكەرلىرى دېھلى كوچىلىرىدا تاماشا قىلىشىپ ياكى نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشىپ، ياكى سەيلە قىلىشىپ يۈرگەندە، ھىندىلار ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. تېمۇر مۇلتان بىلەن لاھورنىڭ باش ۋالىيسى قىدىرخان سەئىدىگە چېقىلمىدى.

**سەئىدىيە خانلىقى (1414 — 1451)** قىدىرخان ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خاندانلىقمۇ سەئىد①يە خانلىقى دەپ ئاتالدى. قىدىرخان دېھلىدا تەختكە چىققاندا، ئۇنىڭ سۇلتانلىقى تارىيىپ كىچىك كىنەزلىك بولۇپ قالغانىدى. قىدىرخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇشخۇمار ۋەزىرىگە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دائىم ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. قىدىرخان 1421 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇبارەك شاھ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، 1434 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە چوڭ ۋەقە يۈز بەرمىدى، ئەمما «تارىخىي مۇبارەك شاھى» («مۇبارەك شاھ خانلىقىنىڭ تارىخى»)ناملىق كىتابنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ تارىخىي كىتاب ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورى يەھيا ئىبنى ئەھمەد سىر ھىندى ئىدى. مۇبارەكتىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر ئۇنى ئۈنۈملۈك تۈردە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلمەس قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىي ھوقۇق لاھور بىلەن سىندىنىڭ باش ۋالىيسى بەھلۇل لودىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاخىر 1451 - يىلى ۋەزىيەت بەھلۇلنى مۇۋەققەت ھاكىملىق قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى.

**لودىيلەر خانلىقى** بەھلۇل لودى سەئىد ئەۋلادى ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك شەخس ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە دۇئابدىكى

---

① سەئىد — ئەسلىدە ئەرەب قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، بۇ يەردە پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ ئەۋلادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى ھەمدە ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكىلەرنى بىر - بىرلەپ قايتۇرۇۋالدى. ئۇ جائۇنپۇرنى قايتىدىن قوشۇۋالدى، راجپۇتلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى ھەمدە گۋالىيۇرنىڭ ھۆكۈمرانىنى مەغلۇپ قىلدى. بەھلۇل لودى باتۇر سەركەردە بولۇپ، زېھنىي قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، تەدبىرلىك ۋە رەھىمدىل ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئىلھام بەردى. ئۇ 38 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ دېھلىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۇنجى ئافغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەر ئىدى.

**ئىسكەندەر لودى** ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى نىزامخان ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى ئىسكەندەر شاھ ئىدى. ئۇ بۇ خانلىقتىكى ئۈچ پادىشاھ ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونى تاكى بېنگالغىچە كېڭەيدى. ئۇ دەرياخاننى بىھارغا باش ۋالىي قىلدى، تىرھۇت، دولپۇر ۋە چاندېرىدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھىنى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىتاۋا، بىيانا، كوئىل ۋە گۇلىيۇرلار دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۆمۈر بويى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمىنىگە باتۇرلارچە تاقابىل تۇرۇپ، ھەرقانداق كىرىزىسقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. ئۇ قەتئىي ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ، كۆپلىگەن ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتكە يار - يۆلەك بولدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر شائىر ئىدى. ئۇ ھەققانىي ئىش كۆرۈش بىلەن داڭ چىقارغان، ھەتتا مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ نامرات كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆز نارازىلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلالاتتى. ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى ئۈنۈملۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل تىنچلىق ۋە گۈللىنىش بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خاراكتېرلەندى. ئۇ تەقۋادار ئەنئەنىچى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ خېلى مۇستەھكەم نۇقتىئىنەزىرىنى ساقلاپ كەلدى.

**ئىبراھىم لودى (1517 — 1526)** ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئىبراھىم لودى ۋارىسلىق قىلدى. ئىبراھىم ئاتاقلىق ھەربىي قوماندان بولسىمۇ، سىياسىي بىلىمى كەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىنتايىن مۇستەبىت ئادەم ئىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئافغانىستان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆڭدىن - كۆڭگە ئۆسىۋاتقان ھوقۇقىنى چەكلىمەكچى بولدى، ئۇلار دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىدىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ نوپۇزىنى مەنسىتمەسلىككە باشلىدى. بۇ ئىش سۇلتاننى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاقىلانىلىك قىلمىغان يېرى ئۇ باستۇرۇش ۋاستىسىنى كۆچەيتكەنلىكى بولسا كېرەك. بۇ ھەرىكەت مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولدى. دەرياخان بىھاردا مەركەزدىن ئايرىلىپ كەتتى، سۇلتاننىڭ تۇغقانلىرىدىن دۆلەتخان لودى بىلەن ئالەمخان لودى بولسا بابۇرنىڭ كابۇلدىن بۇ يەرگە كېلىشىنى ئۆتۈندى. بابۇر 1526 - يىلى بۇ يەرگە كېلىش بىلەن پانىپاتتا بولغان تۇنجى جەڭدە ئىبراھىم لودىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ھىندىستاندا موڭغۇلىستان خانلىقىنى قۇردى، بۇ خانلىق ھەققىدە بىز كېيىنكى بابتا توختىلىپ ئۆتىمىز.

**دېھلى سۇلتانلىقى — خەلىپە دۆلىتىنىڭ شەرقتىكى بىر قىسمى** ئىنقىلىۋېلىش زۆرۈرلۈكىنى ھەتتا ھازىرقى تارىخشۇناسلارمۇ ئېتىراپ قىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، دېھلى سۇلتانلىقى ئەمەلىيەتتە خەلىپە دۆلىتىنىڭ شەرقتىكى بىر قىسمى ئىدى. بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ پۈتكۈل باسقۇچتا، دېھلى

سۇلتانلىقى ئاۋۋال باغدادتىكى ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسىگە، كېيىن قاھىرەدىكى ئىككىنچى بىر نەسەبتىكى ئاببasiيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى سەممىي تۈردە ئېتىراپ قىلغانىدى. مەھمۇد غەزنەۋى دەۋرىدىن باشلاپلا سۇلتانلار خەلىپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ئىزچىل تۈردە تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ خىل ئېتىراپ قىلىشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ھەتتا مەھمۇد تۇغلۇقمۇ بۇ خىل ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان، فىرۇز تۇغلۇق دەۋرىدە بولسا يالغۇز سۇلتان فىرۇزلا ئەمەس، بەلكى بەھمەنىيلەر خانلىقىنىڭ پادىشاھىمۇ قاھىرەدىكى ئابباسىيلار خانلىقى خەلىپىسىنىڭ مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىنى قوبۇل قىلدى، بۇ پەقەت نامدىلا بەيئەت قىلىش بولۇپ، بەزىدە سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش ئارقىلىق ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى. لېكىن، مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدەك ئەمەلىيەت ئەينى چاغدا پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىدا دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ھىندىستاننى مۇسۇلمان دۆلىتى دەپ قارايتتى. سەيياھلار، ئىلاھىيەتشۇناسلار، شائىرلار، پەيلاسوپلار ۋە تەۋەككۇلچىلەر خۇددى 500 يىل ئاۋۋالقى ئىسپانىيە ياكى ئوتتۇرا شەرقتىكىگە ئوخشاش، تەبىئىي ھالدا ھىندىستانغا كېلىپ پاناھلاندى ياكى ئۆز تەلىيىنى سىناپ كۆردى. بۇ يەردە يۈرگۈزۈلىدىغان قانۇن — دىنىي قانۇن (شەرىئەت)، يەنى ئىسلام قانۇنى ئىدى، يولغا قويۇلغان تىل — پارس تىلى ئىدى. بۇ تىل — ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ قىسىم غەيرىي ئەرەب ئەللىرىدە ھازىرغا قەدەر قوللىنىلىۋاتقان تىلدۇر.

**ھۆكۈمەت** ھۆكۈمەت — مەركىزىي ھۆكۈمەت بولۇپ، بارلىق ھوقۇق سۇلتانغا مەنسۇپ ئىدى. شۇڭا، ئوردا — دۆلەت سىياسىي تۈرمۇشىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدا باش ۋەزىر

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇئاۋىن ئەمەل تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى سۇلتاننىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. ئەگەر سۇلتاننىڭ زېھنىي كۈچى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ ئىشلىرىنى شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزى قارار چىقىرىپ، ئۆزى قانۇن تۈزۈپ ھەم قوشۇنغا ئۆزى بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ كېتەلىسە، باش ۋەزىر پەقەت ئۇنىڭ بۇيرۇقىنىلا ئىجرا قىلاتتى. سۇلتان ئىقتىدارسىز بولسا، ئەمەلىي ھوقۇق، بەزىدە خەۋپ سېلىش ھوقۇقى باش ۋەزىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتى. پادىشاھنىڭ ئادەتتە قۇللاردىن تەشكىللەنگەن بىر مۇھاپىزەتچى ئەترىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈرك قۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلق بىلەن مۇئامىلىسى يوق ئىدى. بۇ قۇللار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇپ، سۇلتاننى مۇھاپىزەت قىلاتتى.

**ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇش** ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بىر ۋەزىر باشچىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ھەقىقىي خىزمەت ھوقۇق دائىرىسى — خەزىنە ۋە باج يىغىشنى باشقۇرۇش ئىدى. بۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى يۇقىرى بولۇپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلكى بولاتتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئادەتتە مۇشەررەف (باش ئىستاتىستىكىچى ئەمەلدارلار) ۋە مۇستەۋفا (باش نازارەتچى ئەمەلدار) دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى مۇئاۋىنى بولاتتى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى. باش سوتچى «قازى مەمەلىك» دەپ ئاتىلىپ، دىنىي ئىشلارنى، مەسىلەن، دىنىي ئىشلار فوندى ۋە سوۋغا ـ ھەدىيە تۈزۈمى قاتارلىقلارنىمۇ قوشۇمچە باشقۇراتتى. ھەربىي سەردار «ئارىدى مەمەلىك» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئەسكەر ئېلىش، ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش، ھەربىي مائاش ۋە قوشۇننىڭ

تۈزۈلمىسىگە مەسئۇل بولۇش ئىدى.

**كىرىم** كىرىم ئىككى مەنبەدىن كېلەتتى. يەنى، مۇسۇلمان دۆلىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە زاكات ۋە خەرەج (يەر بېجى) تاپشۇراتتى. ئەسكەر بولۇشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ جىزيە (جان بېجى) تۆلىشى كېرەك ئىدى. بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلاتتى. كانلار ۋە ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتلار دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى. دۆلەت خەزىنىسىدە يەنە زاپاس قالدۇرۇلاتتى. بۇ تارىختىن بۇيانقى سۇلتانلاردىن قېلىپ قالغان بىر خىل قائىدە ئىدى. مۇھەممەد تۇغلۇق ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق پۇل تارقىتىش پىلانى مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تارقاتقان بارلىق مىس پۇللارنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى دۆلەت خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇلغا ئالماشتۇرۇپ قويغانىدى.

**قوشۇن** قوشۇنلار ئادەتتە پىيادە ئەسكەر ۋە ئاتلىق ئەسكەردىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار يەنە ئۇرۇشتا پىل ئىشلەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ مىلتىق ـ دورىلارنى ئىشلىتىشى بىرقەدەر كېيىن بولۇپ، ئۇنى بابۇردىن ئۆگىنىۋالغانىدى. بابۇر 1526 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىپ، پانىپاتتىكى تۇنجى جەڭدە زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىبراھىم لودىنىڭ ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان قوشۇنىنى يوقاتقانىدى. قوشۇن ھەر خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركلەر، پارسلار، پاتانلار، ھىندىلار، ھەتتا ھىندى دىنىنىڭ مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى. قوشۇن ئىچىدە ئونلۇق تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر باشلىقى 10 ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلاتتى. ئەڭ خىل قوشۇن ــ ئالاۋۇددىننىڭ قوشۇنى ئىدى؛ ئەڭ چىچىلاڭغۇ قوشۇن لودىنىڭ قوشۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى ھەرقانداق كىشىنىڭ كونترول قىلىپ كېتىشى قىيىن ئىدى، چۈنكى، ئەسكەرلەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، فېئوداللىق سىستېما بويىچە تەشكىللەنگەنىدى.

## مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھىندى دىنىدىكىلەر

ئەپسۇسكى، ئەينى دەۋردىكى تارىخچىلار، مەسىلەن، مىنھەجۇل ساراج، ھەسەن نىزامى ياكى ئۇتبى قاتارلىقلار مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ ئىستېلاسىنى پۈتۈنلەي ئىشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانى ئاڭلىغۇسىز دەرىجىگە يەتكۈزۈۋېتىلدى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار گويا بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان چىلبۆرىلەر بولۇپ، ھىندى دىنىدىكىلەرنى قىرغىن قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تاماشىسى قىلىۋالغان كىشىلەردەك كۆرۈندى. بۇ ھازىرقى زامان تەتقىقاتى چۆرۈپ تاشلىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەردۇر. بۇنىڭغا پەقەت بىرلا مىسال كۇپايە قىلىدۇ. قۇبۇددىن ئايبەك بىلەن زاماندash بولغان ھەسەن نىزامى ئەجمىرنىڭ ئىستېلا قىلىنىشىنى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەجمىرنىڭ پادىشاھى ــ ئۇنىڭ باتۇرلۇقى يىراق ــ يېقىنغا مەلۇم ئىدى ــ غالىب قوشۇن ۋە نىجاتلىق توغى (مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي بايرىقىنى كۆرسىتىدۇ) يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، جەڭ كىيىمى ۋە ساۋۇت ــ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى، ياخشى قورال لانغان قوشۇنىنى باشلاپ، تاغ جىلغىلىرىدىن ۋە چۆللۈكلەردىن ئۆتتى، بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانىنى گۈزەل سەنئەت سارىيىدىكى رەسىملەردىن تەسەۋۋۇر قىلىپ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. پىلغا مىنىشۋالغان، چىرايى قارا قاغىلارغا

ئوخشايدىغان ھىندىلار ئاپپاق سەدەپ قاپلىرىنى ئۆرۈپ چىلىشقا باشلىغان چاغدا، سىز دەريانى پاسىل قىلىغان بىر مەيدان چوڭ ئۆرۈش يېشىل تاغ باغرىدا باشلىنىپ كەتتى دەپ قالىسىز.»
ئاپتور ئارقىدىن بۇ قېتىمقى ئۆرۈشتا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىپ «100 مىڭ ھىندى دىندارى شۇنىڭ بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا پانىي دۇنيادىن ئايرىلىپ جەھەننەمگە ئۆزىدى» دەپ يازدى، ئۇ ھەرگىزمۇ ۋەقەنى بايان قىلغانلىق ئەمەس، بۇ جەھەتتە ھەسەن نىزامى ئەڭ يامان تىپ بولۇپ قالدى، يەنە بىر قىسىم تارىخشۇناسلارنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بىرقەدەر سالماق، بىمەنە سۆزلىرىمۇ ئازراق بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئوقۇرمەنلەرگە مۇنداق بىر خىل تەسىراتنى، يەنى مۇسۇلمانلار بىر خىل ئالىي غايىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كاپىرلار (غەيرىي دىندىكىلەر)نى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرەلمەي قالسا، ئۇلارنى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە قوغلاپ بېرىپ تاكى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈرگەنگە قەدەر توختىمايدۇ دېگەن تەسىراتنى قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. بەختكە يارىشا بۇنداق خەۋەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىشى ئىنتايىن ئاز بولدى.

## ھىندى دىندىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

مەھمۇدنىڭ غەزنەۋىيلەر خانلىقىدىكى غورۇرلۇق چوڭ ئالىم ئەل بىرۇنى پەنجاپتا بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ دىن، ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى بۇ مەدەنىيەتلىك، مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ۋە ئىنتايىن سەمىمىي كىشىنىڭ تەتقىقاتى ئىدى. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ھىندى دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەبىئىي ھالدا غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا ئىنتايىن دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. لېكىن، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئوق ـ دورا ھىدى بارا ـ بارا تارقىلىپ تۈگەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەيئەت قىلغان خەلقلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ياكى مال ـ مۈلكىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالمايدىغانلىقىنى، دىنىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ھەتتا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، تىللاننىڭ ئارقىسىغا يەرلىك يېزىق ۋە ھىندى دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان بەلگىنىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىرتتىن كەلگەن ھۆكۈمرانلىقنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا خېلىلا چۈشىنىش ھاسىل قىلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەبىئىي ھالدا ئاز ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قول ـ دېدەك ۋە چاكارلىرى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئېلىنغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا يەرلىك خەلق بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشقا توغرا كەلدى ھەمدە يېڭى بىر خىل يەرلىك تىل دىيالېكتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. مۇسۇلمان ئىسلامىيەتشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئارقىلىق ئاممىغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. سوپىزم مۇرىتلىرى بىلەن ھىندى ئەۋلىيالىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىشىش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش بارلىققا كەلدى. ئىسلام دىنىغا ۋە ھىندىلارنىڭ ئىدىيەسىگە خېلى تەسىر كۆرسەتتى. بۇ كېيىنكى بابتا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت** ناھايىتى ئىلگىرىلا پارس ئەدەبىياتى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بۇ قىسمىدا ئىلھاملاندۇرۇلدى. كىشىلەر ئەگەر پەنجاپتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان مەھمۇد غەزنىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئۇلۇغ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتسە، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنەرلىك ھېس قىلمايدۇ. مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ماتېماتىكا ئالىمى بىرۇنى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ يەرگە

كەلگەن ئەسىر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ لاھوردا تۇرۇپ، شۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈردى. سەئىد ئېلى ھوجىۋەيرى — ئۇ، داتاگەنج بۇخش دېگەن نام بىلەن كىشىلەرگە تونۇش — مۇشۇ مەزگىلدە لاھوردا دىنىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغان ئەرباب ئىدى. دېھلى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، تەتقىقات مەركىزى يەنە ئۇ جايغا يۆتكەلدى. قۇتبۇددىن ئايبەك ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەھمۇدقا ئوخشاش شائىر ۋە ئالىملارغا ئىنتايىن كەڭ قوللۇق قىلدى، ئۇلارغا 100مىڭ رۇپىيە ئىئانە قىلغانلىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى. ھەمدۇللا مۇستەۋفىنىڭ خاتىرىلىشىچە، مەھمۇد ھەر يىلى ئەينى چاغدىكى شائىر ۋە ئالىملار ئۈچۈن 400 مىڭ دىنار پۇل ئاجراتقان. مەشھۇر شائىر، ئۆلىما ئالىم ۋە پەيلاسوپ ئۇنسۇرى غەزنە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئىدى. مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. موغۇل خانلىقىنىڭ تارىخچىسى فىرشتانىڭ خاتىرىلىشىچە، ھەتتا ھېلىقى خەت تونۇمايدىغان زوراۋان پادىشاھ ئالاۋۇددىن خالجى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىمۇ ئوردا، مەسچىت، ئالىي مەكتەپ، مۇنچا، قەبرە، قورغان ھەمدە ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ئامىمۋى قۇرۇلۇش ۋە خۇسۇسىي قۇرۇلۇشلار مۆجىزە ھالىتىدە بەرپا قىلىنىدى. ھەرقايسى جايلاردىن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېھلىغا توپلاندى، بۇنداق ئەھۋال — تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىلىم ـ پەننى پىششىق ئىگىلىگەن 45 ئالىم يىغىلدى. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەنلىكتىن، بىلىملىك نۇرغۇن مەشھۇر زاتلار ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى دېھلىغا كەلدى. «تۇتئى ھىندى» («ھىندىستاننىڭ بۇلبۇلى») دەپ نام ئالغان شېئىرىيەت ئەۋلىياسى ئەمىر خۇسراۋ دەل بەلبان ۋە ئالاۋۇددىن خالجى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئۆز ئىجادىيىتىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جانلاندۇردى ۋە زىياۋۇددىن تۇغلۇق مەزگىلىدە ۋاپات بولدى. يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىم — دېھلىدىكى شەيخ نىزامۇددىن ھەسەن دېھلىدىكى نىزامۇددىن ئەۋلىيانىڭ شاگىرتى بولۇپ، مەشھۇر شائىر ۋە ئوچېرىك يازغۇچىسى ئىدى.

**تارىخشۇناس بىرۇنى (970 — 1038)** نۇرغۇن مەشھۇر تارىخشۇناسلار بىزگە بۇ دەۋردە ئۆزى بىلەن زاماندا ئۆتكەن كىشىلەر ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «دۇنيا تارىخى» يازغان بولۇپ، گەپنى ئادەمنىڭ كېلىپچىقىشىدىن باشلىدى. كېيىنرەك ئۆتكەن تارىخشۇناس فىرىشتا ھەتتا ئىراندىن ئاۋۋالقى ھىندىستان تارىخىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەسىرى يېنىكلىك ۋە مول تەسەۋۋۇر ئاساسىدا يېزىلغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ تارىخىي جەھەتتىن توغرىلىقى يېتەرسىز ئىدى. لېكىن، بەزى مەشھۇر تارىخشۇناسلار، مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەشھۇر ئەبۇرەيھان بىرۇنىغا ئوخشاشلارمۇ بار ئىدى. بىرۇنى ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئۆلىما بولۇپ، پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەسەر يازغانىدى. ئۇ يەنە سانسكرىت يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. ھىندىستاننىڭ ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلغان. سانسكرىتچە ئۆلچەملىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە ھىندىستانغا خاس ئىدىيە ۋە تىل بىلەن پارس تىلىنى بېيىتقانىدى. بىرۇنى ئاسترونوم، گېئومېترىيەچى، فىزىك، تارىخشۇناس ۋە لوگىكىچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «سىندى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ھىندىستاننىڭ ئەدەبىيات ۋە ئىلىم - پېننىنى تەتقىق قىلدى. بۇ كىتاب 11 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەزنەۋىيلەر دەۋرىدە يېزىلغانىدى.

**بەيھەقى** يەنە بىر تارىخچى مۇھەممەد جەببەرۇل ئۆتبى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخ - ئۇل - رامىنى» ناملىق كىتابىدا سۇبۇق

تېگىن ۋە مەھمۇد مەزگىلىدىكى ئەھۋاللارنى يازدى. ئۇنىڭ ئەسىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخچىلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ مەشھۇر فىرىشتانىڭ مەھمۇدنىڭ ئىستېلا قىلىش تارىخىنى يېزىشى ئۈچۈن كەڭ تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى بولدى. چۈنكى، ئۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ مىرزىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەرقايسى جايلارنى ساياھەت قىلغانىدى. بۇ مەزگىلدە ئۆتكەن ئۈچىنچى بىر تارىخچى — ئابدۇل فەزلى بەيھەقى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخىي بەيھەقى»ناملىق ئەسىرىدە بۇ بىر مەزگىلدىكى ئەھۋاللارنى يازغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسىم قول يازمىسى يوقىلىپ كەتكەن، بەيھەقى ئۆزىدىن ۋە باشقا تارىخچىلاردىن پەزىلەت جەھەتتە كۈتكەن ئۈمىدى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ: «پەقەت قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ ياكى زىيارەت چېكىپ دۇنيانى ئايلانغاندىلا، ياكى قىممەتلىك كىلاسسىك كىتابلارنى تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلىۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار مەنبەسى ئېنىق، ئىشەنچلىك بولۇشى ۋە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. تەھلىل ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىققاندىلا ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاڭلىغۇچىلار باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، بەلكى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ يەكۈنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلار ئەڭ ئەقەللىي شەرتتۇر. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ھالدا ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارغا قارىتا خۇددى راست ئەھۋالدەك قارايدۇ. مەن بۇ تارىخنى يېزىپ چىقىشتا، نېمىنى يازسام ئۆتى ئۆزۈم كۆزىتىپ چىقىشقا ياكى مەن ئېرىشكەن ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشتىم» دەپ يازدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئۇفى** بۇ مەزگىلدىكى يەنە بىر تارىخچى داموللا نۇرىددىن مۇھەممەد ئۇفى بولۇپ، ئۇ ئىلتۇتمىش ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ياشىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نادىر ئەسەر ــ «ھېكايىلەر توپلىمى ۋە تارىختا ئىزاھات»نى يازدى. بۇ كىتاب قىزىقارلىق بىر توپلام بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ رايونلاردىكى ئەھۋاللارغا چېتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئەسەر خاراكتېر جەھەتتە بىر رومانتىك تارىختا تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئاساسەن بىر قاتار ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسىرى ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت ئىنتايىن قىزىقارلىق خەۋەرلەرنى بەردى. مەسىلەن، كىتابتا مەھمۇدنىڭ ئۆز دوستى ئاياز نىڭ سىڭلىسى بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە ئائىت بىر ئابزاس رومانتىك ۋەقەلىك بار. مەھمۇد بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز بىر قۇلنىڭ سىڭلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشنا دۆلەتتىكى پادىشاھلارنىڭ بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن تاپا ـ تەنە قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆز ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، روھىي كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەبۇ ناسىر مىسكانى بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىدۇ، مىسكانى زېرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئۆتمۈشتە ئۆرغۈن پادىشاھلارنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان قىزلار بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا نۇشىرۋاننى ۋە بەھرام گورنىڭ ئاتىسى قۇباتنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇدنىڭ ئەندىشىسى ئاخىر توگەپ، ئۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. بۇ كىتابتا يەنە مەھمۇدنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ۋە باشقا مۇسۇلمان پادىشاھلىرىغا ئائىت قىزىقارلىق ھېكايىلەر بار.

**مىنھەجۇل سىراج** ئەڭ ئاخىرىدا بىز تارىخچى مىنھەجۇل سىراج، يەنى ئەبۇ ئۆمەر مىنھاجۇلدىن ئوسمان ئىبنى سىراجۇددىن جۇرجانى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئۇ 1227 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىپ، ئۇچ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولدى، ئۇچ بىر مەزگىل كاتتا ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى بولغان بولۇپ، ھازىرقى پاكىستاننىڭ باھاۋالپۇر رايونىدىكى بىر كەنتكە توغرا كېلىدۇ. مىنھەجۇل سىراج ئىلتۇتمىش، رازىيە ۋە بەھرامنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، كېيىن نەسرىددىن مەھمۇد سۇلتان ئوردىسىنىڭ قارىمىقىدىن خىزمەت تېپىپ، ناسىرىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ ئىنستىتۇت سۇلتاننىڭ ياردىمى بىلەن دېھلىدا قۇرۇلغانىدى. بەلبان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، ئاپتور يەنە بىر شان ـ شەرەپ قازىنىپ، ئۇنىڭغا بىر كەنت ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ ئاخىر سادىرى جاھان دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشتى ھەمدە قازىلىققا ۋە دېھلىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخىي ناسىرى» دېگەن كىتابىنى سۇلتان ناسىرغا ھەدىيە قىلىش نىيىتىدە يازغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەر سۇلتاننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى. بۇ بىر دۇنيا تارىخى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمدىن تارتىپ نەسرىددىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەرگىچە بولغان ئەھۋاللار سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدا بارلىق پەيغەمبەرلەر، جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، بارلىق مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ياكى خانلىقلارغا ئائىت ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ھىندىستان ۋە ياۋروپادىكى يازغۇچىلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. فىرىشتا، ئېلفىنىستون، ستېۋارت، پېررون ۋە باشقا نوپۇزلۇق چوڭ يازغۇچىلار بۇ ئەسەرنى «يۈكسەك شان ـ شۆھرەت قازانغان مۇنەۋۋەر ئەسەر» دەپ ماختاشتى. بۇ خىل ماختاش مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى، ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي، تىلى راۋان، بايانلىرى

www.uyghurkitap.com

يېقىملىق، سەممىي، پاكىتلىرى تولۇق ئىدى. يازغۇچى ئەسەرنىڭ ئۇزۇن، چۇۋالچاق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغان بولۇپ، ئىنتايىن ئەستايىدىل يازغانىدى. بۇ ئەسەر 23 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، مەزمۇنى كەڭ ساھەلەر بىلەن چېتىلىدۇ. بۇ ئەسەر تا ھازىرغىچە يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر بولۇشتەك ئورنىنى يوقاتقىنى يوق.

**ئىقتىسادىي ئەھۋال** ھىندىستان قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيەنىڭ بۈيۈك ئىمپېراتورى دارىيۇس ۋاقتىدىن قالغان مەڭگۈتاشتىكى مەزمۇنلارمۇ بۈيۈك دارىيۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى بىر ئۆلكىسى بولغان سىندىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەتتا 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندىمۇ، سىندى يەنىلا باياشات رايون ئىدى. 14 ـ ئەسىردە بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەن ئىبنى بەتتۇتەمۇ ئۇنى گۈل ـ گۈلىستان ۋە بوستانلىققا تولغان بىر مەملىكەت دېگەنىدى. كېيىن ئۇنىڭ يەرلىرى تەدرىجىي قاغجىراپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ بابتا تۈرك ـ ئافغانلار مەزگىلىدە، راجپۇتتىن باشقا پۈتكۈل يۇقىرى ھىندىستان چوڭ ئاشلىق ئامبىرى ئىدى. دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاساسىي ئىقتىسادىي پائالىيەت ھېسابلىناتتى، ئاشلىق مەملىكەتنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت مەھسۇلاتىدىن بىرسى ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا تېخى بىز ھازىر دەۋاتقان سانائەت يوق ئىدى، دېھلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يىپەك توقۇلمىلار ۋە پاختىدىن چىرايلىق رەخت توقۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان پادىشاھلىق كارخانىلىرى بولغاندىن سىرت، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دۇكان سانائىتى بار ئىدى. غەربىي قىسمىدىكى گۇجرات ۋە شەرقىي قىسمىدىكى بېنگال پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش بىلەن داڭ چىقارغانىدى. سودىگەرلەر بۇ

جايلاردىن ئوتتۇرا شەرققە، مالاياغا ۋە جۇڭگوغا باراتتى. ھىندىستاندا يەنە يۇڭ يىپ، ئاق شېكەر، مېتال بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم ۋە ساپال قاچا ـ قۇچا قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. قەغەز، خەنجەر، ئوقيا، يا ئوقى قاتارلىق مەھسۇلاتلارمۇ ئىراق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىناتتى. ھەتتا شاراب، ئەتىر قاتارلىق ھەۋەس بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەملىكەت ئىچىدە سېتىلاتتى ۋە ئېكسپورت قىلىناتتى. 10 ـ ۋە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىككى يازغۇچى ـــ ئىبنى خۇردابا بىلەن بۈزۈرگ ئىبنى شاھرىيار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ دۆلەتتىكى ئاجايىباتلار ۋە باياشاتلىق ئۈستىدە توختالغاندا، دورا ماتېرىياللىرى، كاۋچۇك ۋە ئاشلىقنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە تۇز، مايمۇن، قۇل قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلغانىدى. دۆلەت ھەقىقەتەن باياشات ئىدى، لېكىن بايلىقنىڭ ئاھالىلەرگە تەقسىم قىلىنىشى، ھەتتا ھازىرقى ھىندىستان ـ پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىدىنمۇ بەك تەكشىسىز ئىدى. بەلبانىنىڭ ئەقىلدارى ۋە ۋەزىرى ئەمىر خۇسراۋ ماختاشقا ئەرزىگۈدەك مۇنداق بىر ئابزاس سۆز قىلغانىدى: «خاننىڭ تاجىدىكى ھەربىر ئۈنچە نامرات دېھقانلارنىڭ قان ۋە ياشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان.» يەنە بىر تەرەپتىن، بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، كۆپ ساندىكى كەنتلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيتتى. دېھقانلار ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەينى چاغدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنداق بەك جاپالىق ئەمەس ئىدى.

**جەمئىيەت ئەھۋالى** ھىندىستان قەدىمدىن تارتىپلا ئەمگەك تەقسىماتى يولغا قويۇلغان دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا تەبىقە دەرىجىسى مەيدانغا كەلگەن، ھۆكۈمرانلار (راجالار) بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار (پارجالار)

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرا ئېنىق ئايرىلغانىدى. لېكىن، دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي تەبىقە دەرىجىسى روشەنلەشكەنسېرى دېموكراتىك جەمئىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى شۇنچە تەسكە چۈشتى. ھەتتا غەزنەۋىيلەر خانلىقى مەزگىلىدىلا ھىندى دىنىدىكىلەر ئالىي مەنسەپلەرنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ھازىر بولسا ئىستېلاچىلار بىلەن ئىستېلا قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ ئىستېلاچىلار بىلەن ئاللىقاچان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تۈگەشكە باشلىدى. ئاقسۆڭەكلەر سۇيۇرغاللىق يەر (جاگىر) گە ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ قۇللىرى ھەرقايسى مىللەتتىن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ھىندى دىنىدىكىلەردىن ئىدى. قۇللارنى ئازاد قىلىۋېتىش بىر خىل ساۋابلىق ئىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئىچىدىكى قابىلىيەتلىكلىرى مۇھىم ئەمەل ـ مەنسەپكە تەيىنلىنەتتى. ئاياللار مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى ھىندى دىنىدا بولسۇن، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇلمايتتى. لېكىن، ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئورنىدىن بەھرىمەن بولاتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتلىكى ۋە جان پىدالىق روھى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. مائارىپ ئەرلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ شەھەرلەردە رىغبەتلەندۈرۈلدى. لېكىن، ئاياللار ئۇچۇن بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارالدى. چۈنكى، ئۇلار پەقەت ئائىلە ئىشلىرى بىلەنلا ئالدىراش بولۇپ، ئۇلارنىڭ باردى ـ كەلدى دائىرىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تار ماكانى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەپ ھېسابلىناتتى. قۇل ساقلاش تۈزۈمى يەنىلا داۋاملاشتى. ئايال قۇللار ئالىي تەبىقىدىكىلەر تۇرمۇشىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. ھىندى دىنىدىكىلەر ئارىسىدا يەنىلا قەدىمكى ئەنئەنە ساقلىنىپ تۇردى.

**مالايا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت** ئىسلام دىنى بۇ مەزگىلدە

شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئاراللاردا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىندىستان بىلەن شەرقىي ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئاراللارغا بىرىنچى تۇركۇم ھىندى ئاھالىلىرى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە بارغان. لېكىن، مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ۋە تارىخلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۇناسىۋەت تارىخى ئاسوكا تۆۋەن بىرمىغا ۋە مالايىغا بۇددا راھىبلىرى ئۆمىكىنى ئەۋەتكەندىن تارتىپ باشلانغان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ھىندىستان سودىگەرلىرى ئارقىلىق تارقالغان. بۇ سودىگەرلەر بۇ چاغدا دەل ھىندىستان، بېنگال ۋە شەرقىي ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بىز بىرىنچى بابتا مىسىر، ھىندىستان، شەرقىي ھىندىستان ۋە جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى دېڭىز سودىسى ئۇستىدە توختالغانىدۇق. گىرېتسىيە، رىم ئاسترونومى ۋە جۇغراپىيە ئالىمى پىتولېمى بىزنى ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا شەرقىي مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ خەرىتىسى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە ئۇنى «ئالتۇن رەڭلىك يېرىم ئارال» دەپ ئاتىدى. بۇ نام ياماياتا ئېيتقان «ئالتۇن رەڭلىك زېمىن» دېگەن نام بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مىلادىيەدىن كېيىنكى دەسلەپكى 300 يىل ئىچىدە ھىندىستاننىڭ سودا پائالىيىتى بارغانسېرى جانلاندى، ھىندىستاننىڭ ئاھالە رايونلىرى بارغانسېرى مۇھىم، باي سودا مەركىزى بولۇپ قالدى. 200 يىلدىن كېيىن ئۇلار ھەرقايسى جايلارغا ھىندىستان مەدەنىيىتىنى تارقاتتى. پۈتكۈل رايوندىكى دىن ۋە سەنئەتنىڭ ھەممىسى ھىندى دىنىدىن كەلگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ جايدا بىراخمان دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. ۋىشنو مەزھىپىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئۇنىۋېرسال بىر دىن شەكىللەندى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي سۇماترادىكى يەمپەننىي پايتەخت قىلغان سىرىۋىجايا

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى سىياسىي ۋە سودا ئىشلىرىدا قۇدرەت تاپقان دۆلەت بولۇپ قالدى. ئۇ تازا كۈچەيگەن مەزگىل (1180 ـ يىلى) دە، پۈتكۈل سۇماترا، مالايا ۋە غەربىي ياۋا رايونلىرىنى كونترول قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق نوپۇزى يىراق شەرقىي قىسمىدىكى تەيۋەن ۋە سىرى لانكىلاردا ئېتىراپ قىلىندى. سىرىۋىجايادىكى سلېندرا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار دىنىي سەنئەتنى قوغدىدى، ئوتتۇرا ياۋادىكى بورابۇدىر ئۇلۇغ زەپەر ئابىدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. 11 ـ ئەسىردە سلېندرا خانلىقى جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت ـــ چولاسنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە ئۇچرىدى. چولاس پادىشاھلىقى سىرىۋىجايانىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. لېكىن، سىرىۋىجايا ئىمپېرىيەسى شەرقىي ياۋادىكى ماتارارام پادىشاھلىقى (ئۇ 1050 ـ يىلى خان جەمەتى ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش تۈپەيلىدىن ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى بولغان كادىرى دۆلىتى تەرەققىي قىلىپ دېڭىزدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بولغان) دەۋرىدە، ھەقىقىي زەئىپلىشىشكە باشلىغان ۋە سىنغاسارىنى مەركەز قىلغان يېڭى خانلىق تەرىپىدىن يوقىتىلغان. دەل بۇ يېڭى خانلىقتىن ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشى قىلىشقا ماھىر پادىشاھ ـــ كارتاناگارا ئوتتۇرىغا چىقتى. كارتاناگارا (1268 ـــ 1292) تەخمىنەن 1286 ـ يىلى سۇماتراغا بېسىپ كىرىپ، بۇ ئارالنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستېلا قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى بۇ جايدا 17 يىل تۇردى. ئۇ سۇماترانىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا مالايا قورچاق ھاكىمىيىتى قۇردى. سىرىۋىجايا ئىمپېرىيەسى دېڭىز سىرتىدىكى بارلىق زېمىنلىرىدىن ئايرىلدى. سىنغاسارى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى، جۇڭگودىكى يۈەن سۇلالىسى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتىپ، كارتاناگارانىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى جازالىدى. چۈنكى، كارتاناگارا يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەۋەتكەن

ئەلچىلىرىنى قولغا ئالغان ۋە ئۇنى قوغلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئارىلىقتا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن مەھرۇم قىلىنغان كادىرى پادشاھ جەمەتى بىر قېتىم يەرلىك ئىسيان كۆتۈرۈپ، كارتاناگرا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتتى ۋە بۇ قەيسەر خاننى ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوغلى يەن سۆلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن كادىرى شاھزادىسىنى قوغلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز قوشۇنىنى توپلاپ، جۇڭگولۇقلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە ماجاپاھىتنى قۇدرەتلىك پادشاھلىققا ئايلاندۇردى. 14 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ پادشاھلىق بورنېيو، سۇماترا، فىلىپپىننىڭ بىر قىسمى ۋە مالاي يېرىم ئارىلىنى كونترول قىلىپ، چوڭ بىر سودا ئىمپېرىيەسىگە ئايلاندى. بۇ خانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك پادشاھى ھەيام ۋۇرۇك بولۇپ، ئۇ 1389 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ماجاپاھىت ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈزلەندى.

**ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي ھىندىستانغا كىرىشى** پېرلاك پورتى ماجاپاھىت دۆلىتى سۇماترادا مېتروپولىيەلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان شىمالىي پورتلارنىڭ بىرسى. ئىتالىيەلىك سودىگەر ماركو پولو 1292 - يىلى جۇڭگودىن دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە بۇ جاينى زىيارەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دە، يىراق شەرقتىكى سودا يوللىرىدا چەددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى، پېرلاك پورتىدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغانىدى. بۇ يەردىكى يەنە بىر پورت — پېسەي پورتى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى 1297 - يىلى ئۆلدى. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى ئاساسەن مۇشۇ پورتلاردىكى شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سودىگەرلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر

www.uyghurkitap.com

ئۆزئارا نىكاھلىنىش ئارقىلىق تارقالدى. بۇ سودىگەرلەردىن تېخىمۇ بايلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، بەزىلىرى يەرلىك ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. پېسەينىڭ تۇنجى سۇلتانىنىڭ پېرلاكتىكى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقى ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى. چۈنكى، بۇ توي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شۆھرىتى ۋە ئابرۇيىنى كۈچەيتتى. سۇماترانىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئەمەلىيەتتە گۇجرات ۋە بېنگال سودىگەرلىرىنىڭ تۆھپىسى ئىدى، بۇ سودىگەرلەر ھىندىستان بىلەن شەرقىي ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا قاتناپ دېڭىز سودىسى قىلاتتى. ھەتتا باي ئاھالىلەرنىڭ قەبرە تېشىمۇ گۇجراتتىكى كەمبەي پورتىدا ئويۇلۇپ، ئاندىن دېڭىز ئارقىلىق پېرلاككا توشۇلاتتى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانىڭ دەرۋازىسى مۇسۇلمانلارغا ئېچىلىشى بىلەن، ئىسلام دىنى ناھايىتى تېزلىكتە تارقالدى. ئۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى 600 يىل ئىچىدە پۈتكۈل ھىندى ئوكياندىكى سودا پائالىيىتىنى مۇسۇلمانلار ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەرەبىستان، پېرسىيە ۋە ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ياۋروپانىڭ ماللىرىنى يىراق شەرققە ئەكېلىپ، ئۇ يەردىن يىپەك ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتاتتى. مالاي يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋۋال 16 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلدى. ئەڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان مۇسۇلمان دۆلىتى ــ مالاككا دۆلىتى بولدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە مۇسۇلمانلار سودىسىنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنى بۇ يەردىن تەدرىجىي پۈتكۈل يېرىم ئارالغا تارقالدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە 20 نەچچە دۆلەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى.

# توققۇزىنچى باب

# پارسلار، ئىلخانىيلار[1]، تىمۇرىيلار، سەفەۋىيلەر، ئافشارىيلار، زەندىيلەر

**ئىلخانىيلار** بىر مەملۇكىيلەر خانلىقى ئۇستىدە توختالغىنىمىزدا، موڭغۇللارنىمۇ تىلغا ئالغانىدۇق. بۇ چاغلارغا كەلگەندە ئۇلار ئابباسىيلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى زېمىنلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. بىز يەنە ھىلاكۇخاننىڭ قانداق قىلىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق زېمىنلارنى بۆلۈپ بەرگەنلىكى ئۇستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى پېرسىيە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان رايونلارغا بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇڭا، ئىلخانىيلار دەپ ئاتالغان ھىلاكۇ خانلىقىنىڭ تارىخى ئىسلام تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىسلام دۇنياسى (1260 ـ يىلى)** ئەمما، ئالدى بىلەن بۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسى ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتسەك ئېھتىمال زىيىنى بولماس. بۇ چاغدا مەغرىب[2]تە مۇۋاھھىدىيلەر

② ئىلخانىيلار ـــ موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇنىڭ ئەۋلادلىرى. 1258 ـ يىلى باغداد ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، تەبرىز پايتەخت قىلىنغان. ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى پېرسىيە ۋە كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلىپ، شەرقتە ئامۇ دەرياسىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، شىمالدا كافكازدىن جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە سوزۇلغان.

① مەغرىب ـــ ئەرەبچە «غەرب تەرەپ» دېگەن مەنىدە، ھازىرقى تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيەسى ئۈچ كىچىك خانلىققا، يەنى 1269 ـ يىلى قۇرۇلغان ماراكەشتىكى مارىندىيلەر خانلىقىغا، 1236 ـ يىلى قۇرۇلغان ئالجىرىيەدىكى زىيانىدىيلەر خانلىقىغا، 1230 ـ يىلى قۇرۇلغان تۇنىستىكى ھەفسىدىيلەر خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۈچ خانلىق ئارىسىدا ئەھمىيەتسىز ئۇرۇشلار ئۈزۈلمەستىن داۋاملىشىپ تۇردى. 1250 ـ يىلىغا كەلگەندە، بەھرى مەملۇكىيلىرى ئەييۇبىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىن سىرىنەيكا، مىسىر ۋە سۈرىيەنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىمۇ بەھرى مەملۇكىيلىرىگە تەۋە دۆلەت بولۇپ قالدى. مەملۇكىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان بۇرقى مەملۇكىيلىرى (يەتتىنچى بابقا قارالسۇن) بۇ رايونغا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلدى. رۇم سەلجۇقىيلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، كىچىك ئاسىيا نۇرغۇنلىغان كىچىك خانلىقلار ۋە ئەمىرلىكلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. ۋىزانتىيەلىكلەر پەقەت تېبىزانتىن ئەتراپىنىڭ شىمالىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاسما شەكىللىك زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇممان ئەمىرلىكى بىلەن سىۋاس ئەمىرلىكىدىكى سەلجۇقىيلار قايتىدىن كۈچەيگەنىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، تەدرىجي تۈردە ئوسمانىيلار دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان خەلقلەر كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىسىنىيە رايونىدىن ئۆزلىرىگە مۇستەھكەم تايانچ بازا تاپتى. ھىندىستاندا بالبان مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىۋاتاتتى. باغدادتا ئاببىاسىيلار خانلىقىنىڭ قارا بايرىقى نەچچە ئەسىر جەۋلان قىلغان بولسا، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى ھىلاكۇنىڭ ئات قۇيرۇقلۇق بايرىقى ئىگىلىدى.

**ئىلخانىيلار دۆلىتى (1249 ــ 1258)** يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلايخان 1260 ـ يىلى ھىلاكۇغا ئىلخان دېگەن نامنى بېرىپ،

ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئايرىپ بەردى. ئىلخان دېگەن سۆز پېرسىيە ھۆكۈمرانى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ھىلاكۇ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تارىختا ئىلخان دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بۇ قېتىمقى نام بېرىشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ھىلاكۇ دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ بىلىملىك ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ پېرسىيە خانلىرى مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلالىغانىدى. موڭغۇللارنىڭ قورقۇنچلۇق جازالاش تەدبىرلىرى بىلەن داڭ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدا ئۇلارغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى تېخى كۆرۈلمىگەنىدى. ھالبۇكى، موڭغۇللار بۇ رايوندا ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى تېخى ئورناتمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، ئىلخانىنىڭ ئەڭ ئالىي بۇيرۇقى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار قايتىدىن ئىشقا قويۇلدى. ئىلخانىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىن بەش يىل كېيىن، يەنى 1265 - يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئوغلى ئاباگاغا قالدى.

**ئىلخانىيلار دۆلىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلى**

موڭغۇللار ئادەتتە كۇپپارلار (غەيرىي دىنىدىكىلەر) دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما «كۇپپار» دېگەن بۇ ئىسىم دائىم قالايمىقان قوللىنىلىپ كەلدى. گەرچە ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇكەممەل دىنىي مۇراسىمى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ھىندىستانغا بارغاندا، ھىندى دىنىدىكىلەرنى كۇپپارلار دەپ ئاتىغان. خىرىستىيان دىنىدىكىلەردە دەسلەپكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلمىغانلىقى، شۇنداقلا ئېھتىمال ئۇلار يېسسوس خىرىستوستىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر بار دېگەن كۆزقاراشقا سەۋر قىلالمايدىغانلىقى، يېسسوسنى خۇدانىڭ ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارنى كۆپپارلار دەپ ئاتىغان. ئەمما، ئەگەر موڭغۇللارنى دىنغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدۇ دېيىلسە، بۇ ھەقىقەتەن راست ئېيتىلغان بولىدۇ. ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا بەك ئۆچمەنلىك قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلاردىن ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپكە مايىل ئىدى. ئۇلاردا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان مۇنداق بىر نەرسە، يەنى باشقىلارنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش ماھىرلىقى بار ئىدى. ئىلخانىيلار دۆلىتىدىكى مەشھۇر سىياسەتچى ۋە تارىخشۇناس رەشىدۇددىن ئېيتقاندەك، ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىمۇ بالىچاقىلىرىنى مۇسۇلمان ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا ئوقۇتقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئىش باشقۇرغۇچىلىرى مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا ئېھتىمال مۇسۇلمانلار ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەربىيە كۆرگەن بىردىنبىر مىللەت بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. ئىلخانىيلار دەسلەپكى يىللاردىلا پارسلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، كۆپلىگەن شائىرلار، تارىخشۇناسلار ۋە بىلىملىك زاتلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى 90 يىلدا پېرسىيەدە كۆپلىگەن يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئىلگىرىكى بەش ئەسىردىكىگە ئوخشاش ئەقىل - پاراسەت گۈلى تەكشى ئېچىلىشتەك ۋەزىيەت قايتا مەيدانغا كەلمىدى. ئىلخانىيلارمۇ ۋەھشىي ھۆكۈمرانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خانلىق پاراكەندىچىلىكتە ئەمەس، بەلكى تىنچلىقتا ئۆتكەن. ئىلخانىيلار دۆلىتىدە ۋەزىيە ئۆتىگەن جۇۋەينى بىلەن رەشىددىندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخچى بۈنىڭغا ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى بولالايدۇ.

## هىلاكۇخانىنىڭ ۋارىسى ــ ئاباگا (1265 ــ 1281)

ھىلاكۇخانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم ۋارىسلىرى خىرىستىيان دىنىغا مايىل بولۇشقا يۈزلەندى ھەمدە خىرىستىيان دىنىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش كويىدا مىسىر ۋە سۈرىيەلەردىكى مەملۇكىيلەرگە ھەممىدىن بەك قارشى تۇردى. چۈنكى، بۇ مەملۇكىيلەر ئۇلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قارشىلاشقانىدى. ھىلاكۇنىڭ ئوغلى ئاباگا كونىستانتىنوپولنىڭ پادىشاھى مىخايىل پالىبولوگوسنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزى بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ ياۋروپادىكى خىرىستىيان دىنىدىكى خان ـ پادىشاھلار بىلەن تېخىمۇ ئىناق ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىكى خىرىستىيان دىنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلەشكەن خەت ـ چەكلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ خەت ـ چەكلەر ئاشۇ دەۋردىكى خەلقئارا لاگېرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ دەۋردىكى ھوقۇقنى كۈچەيتىش سىياستى ۋە دىپلوماتىك بېسىمنى بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بولىدۇ. بىز تۆۋەندە ئەنگلىيەلىك ئېدۋارد I نىڭ 1274 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاباگاغا يازغان جاۋاب خېتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ باقايلى. چۈنكى، بۇ خەت شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا ئەڭ ياخشى دەلىل بولالايدۇ.

قېرىنداشىمىز داۋۇت ئوردىمىزغا يېتىپ كەلدى ھەمدە ئەلچىلەر ئارقىلىق يوللىغان خېتىڭلارنى ئېپىسكوپقا ۋە خىرىستىيان دىنىدىكى پادىشاھلارغا تاپشۇردۇق. بىز سىلەرنىڭ خېتىڭلاردا بىلدۈرگەن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش قىزغىنلىقىڭلارغا ھەمدە خىرىستىيان دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى قولىدىن خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنى ۋە مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزۇش ئىرادەڭلەرگە دىققەت قىلدۇق. بىز سىلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار

www.uyghurkitap.com

ئىرادەڭلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. ھازىر رىم پاپاسى ھېچقانداق ئىشتا قارار چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىز سىلەرگە قايسى چاغدا مۇقەددەس جايغا بارىدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ھەقىقىي خەۋەرنى دەپ بېرىشكە ئامالسىزمىز...

**ترانسوكسىيانانىڭ (ماۋەرائۇننەھر) ۋەيران قىلىنىشى** پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ساقلىنىپ قالغان ئەرەب مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، ئاباگانىڭ يەنە بىر شەرمەندىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم شەھەرلەر، مەسىلەن، بۇخاراغا ئوخشاش شەھەرلەرگە گەرچە چىڭگىزخانىنىڭ قويۇن كەبى تۈيۈقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا چىڭگىزخانىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرسى بولغان چاغاتاي خانغا ئىنئام قىلىپ بېرىلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۆگتاي (چىڭگىزخانىنىڭ يەنە بىر ئوغلى)نىڭ قايدۇ دېگەن نەۋرىسى قۇبىلاينى ئۆزىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. بۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ زېمىنلىرى قۇبلاينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، قۇبلاي ترانسوكسىيانانى چاغاتاي خانىنىڭ نەۋرىسى بوراققا ئىنئام قىلىپ بەردى. بوراق ئىلخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ئۆلكىلىرىگە بېسىپ كىرىپ، خۇراسانغىچە يېتىپ باردى ۋە نىشاپۇرغا قىستاپ كەلدى. ئاباگا ھىرات يېنىدا بوراقنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. بوراق ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشقا تاس قېلىپ، بۇخاراغا قېچىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئاباگا ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى بولغاچقا، بوراق ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي (1272 ـ يىلى)، بىر قوشۇننى خارەزىم بىلەن ترانسوكسىياناغا ئەۋەتىپ، ئۇ جايلارنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەتتا پارلاق بۇخارامۇ بۇ قېتىمقى يېڭى بۇلاڭچىلىقتىن ئامان قالمىدى.

**ئابۇلۇستېيىن ئۇرۇشى (1277 ـ يىلى) ۋە ھىمس ئۇرۇشى (1281 ـ يىلى)** بۇراقنى بويسۇندۇرغان ئاباگا ئۆزىنىڭ قۇدرەت تېپىپ سۇلتان بابۇرغا ھۇجۇم قىلغۇدەك يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. بابۇر 1260 ـ يىلىدىكى ئايىن ـ جالۇتتا ھىلاكۇنى مەغلۇپ قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۈركلەر، جورجىيلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن بىر زور قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئابۇلۇستېيىندا مەملۇك قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، موڭغۇللار بابۇرنىڭ ئوتتۇرا قانات قوشۇنلىرىنى يىمىرىۋېتىشكە تاس قالدى، ئەمما بابۇر قەيسەر ئىرادىلىك ئادەم بولغاچقا، ئۆز قوشۇنلىرىنى توپلاپ موڭغۇللارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن موڭغۇللار ئاخىر ھەر تەرەپلەرگە پىتىراپ قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى زەربە ئاباگا ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئاھانەت بولغاچقا، ئۇنىڭ مەملۇكىيلەردىن ئۆچ ئېلىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆت يىل ئۆتتى. 1281 ـ يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ سۈرىيەدىكى ھىمىش شەھىرىگە يېتىپ باردى. بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كەڭ جاي ــ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قەبرىسى يېنىدا باشلاندى. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى. موڭغۇللارنىڭ سول قانات قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوڭ قانات قوشۇنىنى يىمىرىپ تاشلىدى. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا قانات قوشۇنى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا قانات قوشۇنىنى تارمار قىلدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ ئوتتۇرا قانات قوشۇنىغا ئاباگانىڭ ئىنىسى مانگۇ تېمۇر باشچىلىق قىلغانىدى. مانگۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇننىڭ ئۇرۇش سېپى قالايمىقانلىشىپ جەڭ مەيدانىدىن قاچتى. موڭغۇللار يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاباگانىڭ ھاكاۋۇرلۇقى يەرگە ئۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى ئاباگا ئۆلدى.

www.uyghurkitap.com

**ماركو پولونىڭ ساياھىتى** ئاباگا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىل ماركو پولونىڭ ساياھىتى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ساياھەت ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ماركو پولو ئىلخانىيلار دۆلەت زېمىنىدىن ئۆتكەن. ماركو پولو تەبرىزگە يېقىن جايدىن پېرسىيەگە كىرىپ، شارا ۋە كاشان ئارقىلىق شەرقىي جەنۇبقا بۇرالغان. ئۇ يەردە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەزد ۋە كىرمان شەھەرلىرىدىن ئۆتكەن. ماركو پولو ئۇ جايلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ئۇ يەرنىڭ مول مەھسۇلاتلىرىنى، شەھەردە سېتىلىدىغان تاۋار بۇيۇملىرىنى بايان قىلغان ھەمدە كاشاننىڭ يىپەكلىرىنى ۋە مەخمەللىرىنى، كىرماننىڭ بېرىل ۋە تۆمۈر ئەسۋابلىرىنى ماختىغان. ئۇ يەنە كۇھىستان ئۆلكىسىنى زىيارەت قىلغان، ئۇ جايدىكى چىرايلىق ئاياللار بۇ ئىتالىيانىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتلىشىگە سازاۋەر بولغان. ماركو پولو تەمىنلىگەن بۇ دۆلەتنىڭ جۇغراپىيەسىگە ئائىت تەپسىلىي ئەھۋاللار كۆرۈش ۋە ئاڭلاشلارغا ئاساسەن يېزىلغاندى. يېزىلغان بۇ ئەھۋاللار غەربلىكلەرنىڭ شەرقنى چۈشىنىشىدە ئەھلىسەلىپچىلەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ماركو پولو شەرق بىلەن غەربنى ئۆزئارا تۇتاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يۇقىرىقى رايونلاردا تۇرغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىگىلىگەن تۇنجى ياۋروپالىق كۆزەتكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېرسىيەنىڭ ئىلخانى — ئارغۇن ماركو پولودىن ئۆزىنىڭ خان جەمەتىدىن بىر مەلىكە بىلەن توي قىلىش تەلىپى توغرىسىدا موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۆتۈندى. قۇبىلايخان خەتكە جاۋاب تەرىقىسىدە ماركو پولو 1299 - يىلى پېرسىيەگە قايتقان ۋاقتىدا مەلىكە

كوكايچىننى بىللە ئەۋەتتى. ماركو پولو دېڭىز ئۈستىدە ساياھەت قىلىپ، پېرسىيە قولتۇقىدىكى خورمۇز پورتىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. دېڭىزدىكى نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ سەپىرىگە ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەنىدى. ئۇ 1294 ـ يىلى خورمۇزغا يېتىپ بارغان چاغدا، ئارغۇننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ چاغدىكى ئىلخان گايخاتۇغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. گايخاتۇ ئۇنىڭدىن مەلىكىنى قازانغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قازان ئۇ چاغدا شىمالىي قىسىمدىكى بىر ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ ۋەقە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنىڭ، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر يازغۇچىسى ئېۋگىن ئونېلنىڭمۇ ئىجادىيەت تېمىسى بولدى.

**ئەھمەد (1281 ـ 1284)** ئاباگانىڭ ئورنىغا ئىنىسى تاگۇدار ۋارىسلىق قىلىپ، ئاباگانىڭ چوڭ ئوغلى ئارغۇننىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. تاگۇدار بالىلىق ۋاقتىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ چوقۇندۇرۇشىدىن ئۆتۈپ خىرىستىيان مۇخلىسى بولغان. كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ ئەھمەد دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئىلخان ئۇزاق ئۆتمەيلا مەملۇكىيلەر خانلىقىنىڭ قاھىرەدىكى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا بولغان دوستلۇقى ۋە ئېتىقادىنى ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ ئەلچىسى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئەمما، ئۇ بۇ چاغدا ئارغۇن ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ، تاغىسىغا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەھمەد بىر ئامال قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. ئارغۇن گەرچە يەنىلا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما نەزەربەند ئاستىغا ئېلىندى. كېيىن ئەھمەدنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان سەركەردىلەر بىرلىشىپ ئارغۇننى قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلگەن ئومۇمىي قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە ئەھمەد

ئاغدۇرۇۋېتىلدى ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئۆز ئېتىقادىنى قوغداش ئۈچۈن شېھىت بولدى دېيىشكە بولىدۇ، بۇنى ھىلاكۇنىڭ بىر ئوغلى ئۈچۈن ئېيتقاندا مەسخىرىلىك ئاقىۋەت دېمەي بولمايدۇ.

**ئارغۇن ۋە گايخاتۇ** ئەھمەد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئارغۇن ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە چوڭ ۋەقەلەر سادىر بولمىدى. ئۇمۇ خرىستىيانلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن، ئۇ خرىستىيانلارنى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، 1289 ـ ۋە 1291 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، چۈنكى شۇ چاغلاردا خرىستىيانلار يەنە بىر قېتىم سۈرىيە بىلەن پەلەستىننىڭ غوجايىنىغا ئايلانغانىدى. ياۋروپالىقلاردىمۇ، پېرسىيەلىكلەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش بولمىسىمۇ، ئەمما 1291 ـ يىلى خرىستىيانلارنىڭ پەلەستىندىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى كىرىپ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ بەرباد بولغانلىقى جاكارلاندى. شۇ يىلى ئارغۇننىڭ ئوغلى گايخاتۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ بىپەرۋا، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلگەن لاياقەتسىز ئادەم بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي دۆلەت خەزىنىسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئۇ ھەتتا قۇبلاينىڭ جۇڭگودا زايوم تارقاتقىنىغا ئوخشاش، زايوم تارقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىلانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان ھەرىكىتى سەركەردىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى بايدۇ ئەسكەر باشلاپ ئاسيلىق قىلدى. ناۋادا شۇ چاغدا سەركەردىلەر گايخاتۇ تەرەپتە تۇرغان بولسا، بايدۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى. ئەمما، سەركەردىلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بايدۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىر يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم

سۇرەلـمىدى. ئاخـىر سەركەردىـلەر ئارغۇنـىڭ ئوغـلى قازانـنى پادىشاھ بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. چۈنكى، قازان خوراساننىڭ باش ۋالىيسى بولغان چېغىدىلا ئۆز تالانتىنى نامـايان قىلـغانىدى. ئـۇ 1295 ـ يىلى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

قازان (1295 ــ 1304) شـۇنداق قىلـىپ، قازان يـەتتـىنچـى ئەۋلاد ئىلخـان بولدى، ئەمـما ئۇ پەقـەت ئىسلام دىـنىغا ئېتىقـاد قىلغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئىلخان ئىدى. ئۇنـىڭ شىئـە مەزھىپـى تەلىماتىغا مايىل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىـدى. چۈنكـى، سەلجۇقىيلاردىن باشقا، پارسلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بـۇ يەردىكـى بـارلىق ھـۆكـۈمرانلار بـۇ مـەزھەپكـە مـايىلـلىقـىنـى بىلدۈرۈشكەنىدى. تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىـدى. چۈنكى، قـاچانلا بولـمىسۇن يـېڭى بـىر مىلـلـەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلسىلا، ئىسـلام دۇنياسى ئۈچۈن ھامان پايدىلىق بولاتتى. كـۆپلىگـەن موڭغۇلـلار ئۇنىڭ ئىسلام دىنـىغا ئېـتىقاد قـىلغانـلىقـىدىن غەزەپلـىنەتتـى، ئەمما ئۇمۇ خۇددى بارلىق موڭـغۇل ھۆكۈمـرانلىرىـغا ئوخشـاش، ئۇلارنىڭ مەنىسىز تاپا ـ تەنىلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتـى. نارازى بـولۇپ يۈرگەن مـوڭغۇلـلار ئـىسيـان كـۆتۈرگەن چـاغـدا، يېڭىدىن دىنىنى ئۆزگەرتكەن بۇ ھۆكـۈمران ئۇلارنى رەھـىمسـىز باستۇرۇش جـەھەتتە ئـوخشاشلا ھـىلاكۇخـانـدىن قېلـىشمـىـدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن چىڭگىزخان بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە ۋە ئىراقلاردىكى مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلىرىنـى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئـىپادىلـىگەنىـدى. بۇ چاغدا ئـۆز ئىسمـىنى قازان مـەھمۇدقا ئـۆزگەرتكەن قـازان ئۆزىدىن ئـاۋۋال ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇسۇلمان ھۆكۈمـرانلىرىـغا ئوخشـاش، ئۆزىنـىڭ ئـىنتايـىن قەتئىـي ئىرادىـسى بىلـەن ئـىسلام ئـاۋاتـكارتلـىرى سېپىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قازاننىڭ مەملۇكىيلەرنى مەغلۇپ قىلىشى (1299 ـ يىلى)** قازان بۇ چاغدا ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ مىسىر ۋە مەملۇكىيلەر خانلىقى بىلەن بولغان كونا ئاداۋىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بۇ چاغدا مەملۇكىيلەر خانلىقى ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن زەئىپلەشكەنىدى. شۇڭا، قازان 1299 ـ يىلى 90 مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلغان پەيت قازان ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ھۇجۇم نىشانىسى ھەلەب شەھىرى بولدى. ئەمما، مىسىر قوشۇنى ئۇلار بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇ ھەلەبنى تاشلاپ، ھىمس يېنىدىكى جەڭ مەيدانىغا مەملۇكىيلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. مەملۇكىيلەر قازاننىڭ ئوتتۇرا قانات قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئەمما، قازان ئۆزىنىڭ چەۋەنداز ئوقياچىلىرىغا ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆزىنى ئاتنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئوقيا ئېتىشقا ماھىر موڭغۇل ئوقياچىلىرى مەملۇكىيلەرگە توختىماي يامغۇردەك ئوق ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سېپى قالايمىقانلىشىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، قازان مەملۇكىيلەر ئۈستىدىن تۇنجى قېتىم غەلىبە قىلدى.

**دەمەشقنىڭ قولدىن كېتىشى** موڭغۇللار شان ـ شەرەپتىن قانائەتلەندى. قازان ھازىر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىستىبلا قىلغان شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشقا قارشى ھېسسىياتتا بولدى. شۇڭا، ئۇ دەمەشققە يۈرۈش قىلغاندا، شەھەردىكى ئاقسۆڭەكلەر شەھەردىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، قازان ئۆزىنىڭ موڭغۇل بوۋىلىرىغىمۇ، كېيىنكى تاتار ئىستىلاچى تېمۇرغىمۇ

ئوخشىمىدى، بەلكى بويسۇنغۇچىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى ھەمدە «قۇرئان كەرىم» ئايىتى بىلەن باشلانغان جاكارنامە ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇ ئەسكەرلىرىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرغۇزدى ھەمدە ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىقىقا، ھەتتا گۈللۈكلەرنى نابۇت قىلىۋېتىشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. چۈنكى، دەمەشق ئۆزىنىڭ گۈللۈكلىرى بىلەن داڭلىق ئىدى. قازان ئۇ يەردىكى خەلقلەردىن بىر قىسىم ئولپان ـ سېلىق يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئاز بىر قىسىم قوشۇننى قالدۇرۇپ دۆلىتىگە قايتتى. ئۇ تېزلىكتە قايتمىسا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ زور بىر تۈركۈم تاجاۋۇزچىلارنىڭ شىمالدىكى چېگرادىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقانلىقى ۋە بېسىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. تەھدىت بۇنچىلىك زور بولغاچقا، قازان ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ۋاقتىنى دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەرپ قىلماي بولمىدى.

**سۇرىيەگە ئىككىنچى قېتىم بېسىپ كىرىش (1301 ـــ 1303)** بۇ ھال مىسىرلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ سۇرىيەدىكى كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇڭا، قازان 1301 ـ يىلى سۇرىيەگە يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. ئەمما، ھاۋا رايىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نۇرغۇن مىقداردىكى لازىمەتلىكلەر ۋە توشۇش قوراللىرىنى تاشلىۋېتىپ چېكىنىشىگە توغرا كەلدى. ئۇ 1303 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا توختاپ تۇرغاندا، قۇتلۇغ شاھ باشچىلىقىدىكى 50مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يېتىپ كەلدى. مەملۇكىيلەر قاتتىق مۇداپىئە قۇرغان بولۇپ، ئۇلار مارج ـ ئەل سۇففاردا جەڭ مەيدانىنى ئاچتى. بىرىنچى كۈنى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولمىدى. ئەمما، ئىككىنچى كۈنىدىكى ئۇرۇشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەملۇكىيلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ موڭغۇللارنىڭ سېپىنى يىمىرىپ تاشلىغاچقا، موڭغۇللار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى - دە، تارمار بولدى. مەملۇكىيلەر 1600 موڭغۇل ئەسىرنى ئېلىپ قايتتى ۋە ئۇلارنى ھەربىر بىنىڭ دۇمبىسىگە ئۆلگەن بىر شېرىكىنىڭ كاللىسى ئارتىلغان ھالدا قاھىرە شەھەر رايونىدا سازايى قىلدى. بۇ قېتىمقى پالاكەت قازان ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق نومۇس ۋە ئەلەم بولغاچقا، ئۇ ئاشۇ زەربىدىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ 1304 - يىلى ئۆلدى.

**غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەت** قازان غەرب بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مىسىردىكى مۇسۇلمان خانلىقلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياۋروپادىكى زامانداشلىرى يۈرىكىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا خىرىستىيان دىنىغا يەنىلا ئېتىقادى بولسا كېرەك دەپ ئىشىنەتتى. ياۋروپادىكى كۆپلىگەن پادىشاھلار مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ شۇ چاغدا ياۋروپادا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئوسمانىي تۈركلىرى ۋە مىسىردىكى مەملۇكىيلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش نىيىتىدە، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن شېرىك بولۇشقا كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. كۆپلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىكى خەت - چەكلەردە بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر ھېلىمۇ بار. ۋېزانتىيەنىڭ ياشانغان پادىشاھى ئاندېرونىكوس ھەتتا ئەگەر ئۇ ئوسمانىيلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە ھەمدە ئۇلاردىن شەرقىي جەنۇبى ياۋروپادىكى ۋىزانتىيە زېمىنىغا قايتا بېسىپ كىرمەسلىكنى تەلەپ قىلىشقا ماقۇل بولسىلا، ئۇنىڭغا بىر گىرېك مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. قازان بۇ تەكلىپنى تەبىئىي ھالدا رەت قىلىۋەتتى.

**ھۆكۈمدار قازان** بەزى ئەھۋاللار قارىماققا بىر ئاز غەلىتىدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، قازاننىڭ بوۋىسى ھىلاكۇ ئابباسىيلار

سۇلالىسىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان ھەمدە ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى ھەرقايسى خانلىقلارنى دەپسەندە قىلغان بولسا، قازان پۈتۈن ئۆمرىدە ئىسلامىيەت تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشتى. دەل قازان يىراقتىكى بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ خاننىڭ ئاتاقتىكى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، «ئاللاھنىڭ شاپائىتى»نى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىستىلى قىلىشقا باشلىدى. بۇزۇش بىلەن قۇرۇشنىڭ بۇ خىل دەۋر قىلىشى باشقا تەرەپلەردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. قازان ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەندى. بۇنىڭغا يەر بېجى مىسال بولالايدۇ. ئىلگىرى بۇ خىل باج موڭغۇل باش ۋالىيلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە خالىغانچە چېچىپ ئېلىنغان بولسا، ئەمدىلىكتە قازان يەر بېجىنىڭ مۇقىم بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە پەرمان چىقاردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ياغاچ تاختا ياكى تاشلارغا ئويۇپ، مەسچىت، چېركاۋ ۋە يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئورناتتى. چارۋىچىلار بىلەن يېزا ئاھالىلىرىگە چىقىرىلغان ئېلانلار مەيدانلارغا ئورنىتىلغانىدى. ھازىر ئاشۇنداق ئويما ئابىدە تاشتىن ئىككىسى تېپىلدى. قازان موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان يەرلەردە ھەر خىل قەبىلىلەرنى بەرپا قىلدى ھەمدە يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇلارنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى جۇڭگولۇقلارغا تەقلىد قىلىپ مەملىكەت ئىچىدە قەغەز پۇل ئىشلەتكەن بولسا، قازان قايتىدىن ئالتۇن پۇل (تىللا) ئىشلەتتى. بۇ تەدبىر سودىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى، قازان يەنە ئىسلام شەرىئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتتى. پايتەخت تەبرىزدە نۇرغۇنلىغان چىرايلىق ئىمارەتلەرنى سالدۇردى ھەمدە يەرلىكتىكى مەسچىتلەرگە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدرىسەلەرگە نۇرغۇن ئىئانە بەردى. ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلىدىغان بىر مەكتەپ ۋە رەسەتخانا سالدۇردى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۇنىڭ ئوردا تېۋىپى ۋە قۇدرەتلىك ۋەزىرى راشىددىن موڭغۇللارنىڭ پېرسىيەدىكى تارىخىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەر قازاننىڭ ئىسمى بىلەن «تارىخىي قازانى» دەپ ئاتالدى.

**ئۆلجايتۇ خۇداۋەندە (1305 ـ يىلى)** قازاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆلجايتۇ خۇداۋەندە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ مۇسۇلمان خوتۇنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز ئېتىقادىنى خىرىستىيان دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۆلجايتۇ پېرسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گىلان ۋە ھىرات ئۆلكىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتتى. ئۇمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش مىسىردىكى مەملۇكىيلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا كىرىشىپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەتتا ياۋروپادىكى خىرىستىيان دىنىدىكى پادىشاھلاردىن مەملۇكىيلەرنىڭ كۈچىنى تىزگىنلەشكە ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنگەن. ئۇنىڭ ئېدۋارد II، رىم پاپاسى ۋە فىرانسىيە خانى فىلىپلار بىلەن ئالماشتۇرغان دىپلوماتىك خەت ـ چەكلىرى تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئىش شۇكى، ئەينى چاغدىكى ياۋروپا پادىشاھلىرى ئىلخانىيلارنى يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئېدۋارد II بىر پارچە خېتىدە، ھەتتا «قۇدرەتلىك مۇھەممەد مەزھىپىنى يوقىتىشقا بارلىق كۈچۈمنى چىقىرىشقا رازىمەن» دەپ ئۆلجايتۇغا كاپالەت بەرگەن، دەل قازان ۋە ئۆلجايتۇ ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە، پارس تىلى بىلەن تۈرك تىلى يىراق جۇڭگوغىچە بولغان خانلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قالدى. قەدىمكى سام مىللىتىنىڭ يېزىقى — سۇرىيە يېزىقىنىڭ ئۆيگىنم شەكلى قوللىنىلغانلىقتىن، تۈرك يېزىقى تېزلىكتە تەرەققىي قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. تۈرك تىلىنى تېخى مول ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە

ۋاستىچى قورال سۈپىتىدە جانلىق ئىشلىتىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما مەمۇرىي باشقۇرۇش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە كەڭتاشا يەتتى ھەمدە كەڭ خەلق تەرىپىدىن قوللىنىلدى.

**ئەبۇسەئىدە (1316 ـــ 1335)** ئولجايتۇ خۇداۋەندىنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەبۇسەئىد ۋارىسلىق قىلدى. ئولجايتۇ ئىراقنىڭ شىمالىدىكى سۇلتانىيە شەھىرىنى ئۆزى ئۈچۈن يېڭى پايتەخت قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. ئەبۇسەئىد بۇ شەھەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىدى. لېكىن، ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۆكۈمران بولالمىدى. چۈنكى، كۈچلۈك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ماجىرالىرى بۇ دۆلەتنى داۋالغۇش ئىچىگە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەمىرغۇھان ئىسىملىك بىر سەردارى ئولجايتۇنىڭ بىر قىزى بىلەن توي قىلغان بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل نائىب پادىشاھ بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سەئىد يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەمىرنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى، ياتلىق بولۇپ بولغان بۇ قىزغا ئەبۇ سەئىد كۆيۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قىزنىڭ ئاتىسىغا كۈيۇ ئوغۇل بولۇش توغرىسىدا قويغان تەلىپى رەت قىلىندى. ئەمما، ئەبۇسەئىد بۇ چاغدا قىزغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىرغۇھانغا بېسىم ئىشلىتىشى، ئەمىرنى ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، ئەمىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى، لېكىن بۇ قېتىمقى توپىلاڭ ئىناقسىزلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بىر مەزگىللىك قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى. 1335 ـ يىلى ئەبۇسەئىد ئۆلگەندىن كېيىن باشلانغان بىر مەزگىللىك قالايمىقانچىلىق مۇقەررەر ھالدا ئىلخانىيلار دۆلىتى دائىرىسىدە كۆپلىگەن كىچىك خانلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ئاخىرقى دەۋردىكى ئىلخان ـــ نۇشىرۋان 1344 ـ يىلىدىن 1349 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، خېلىلا ئاجىز بىر خانلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ھەرقايسى كىچىك خانلىقلار** 1336 ـ يىلى ئەبۇسەئىد ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ نوپۇزى مېسوپوتامىيەدە يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر خانلىقنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە دۇچ كەلدى، بۇ يېڭى خانلىق ئىراقلىق جالايىر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خانلىق مېسوپوتامىيەگە 60 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. پېرسىيەدە زەففەرىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە چاتاق چىققانلىقى ئۈچۈن، مۇزەففەرىيلەر ئىراقنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى فارس ئۆلكىسىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. شەرقىي پېرسىيەدە كېرمانلىق قارا خىتايخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. خۇراساندىكى سابزاۋارىيلار ئۆز رەھبىرىنىڭ باشچىلىقىدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلار ساربادارىيلار خانلىقى دەپ ئاتالدى. سابزاۋىيلار 1337 ـ يىلدىن 1381 ـ يىلغىچە ئۇ جايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. پېرسىيەدىكى بۇ بىر قىسىم كىچىك خانلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**جالايىرىيلار خانلىقى (1336 ــ 1411)** جالايىرىيلار خانلىقى ئەمىر ھۈسەيىن جالايىر جەمەتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. جالايىر بولسا ئارغۇننىڭ كۈيۈ ئوغلى ئىدى. خانلىقنىڭ ئاساسچىسى شەيخ ھەسەن بۈزۈرگ بولسا ئاخىرقى دەۋردىكى ئىلخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق شەخس ئىدى. ئەبۇسەئىد ئۆلۈش بىلەنلا ئۇ مۇستەقىللىق جاكارلاپ ئىراقنى ئىگىلىۋالدى ۋە باغدادنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. ئۇ 1356 ـ يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۇۋەيس ۋارىسلىق قىلدى. ئۇۋەيس ئەزەربەيجان، مۇسۇل ۋە دىياربەكرىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تېررىتورىيەسىنى ھەسسىلەپ كېڭەيتتى. ئىككىنچى ئەۋلاد جالايىر قابىلىيەتلىك ھۆكۈمران بولغانلىقى

ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ شۆھرەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا باغداد يەنە بىر قېتىم ئاساسلىق شەھەر بولدى.

ئۇۋەيسىنىڭ ئورنىغا ئەمىر ھۇسەيىن ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك ئىككى قوشنا دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدا «قارا قويۇنلۇق تۈركمەنلەر» جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا مۇزەففەرىيلەر خانلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى كۆپ ۋاقتىنى يۇقىرىقى ئىككى خانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد سۇلتان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە شارائىت تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئۇ تىمۇرنىڭ بېسىپ كىرىشىگە دۇچ كەلدى. دەرۋەقە، ئۇ ھەممىنى ئىستېلا قىلغان تاتارلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، مىسىرغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. 1410 ـ يىلى تىمۇر ئۆلۈپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ باغدادنى قايتۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇ ئاتا مىراس زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەزەربەيجانغا تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ بېسىپ كىرگەندە، ئۇنى «قارا قويۇنلۇق تۈركمەنلەر» مەغلۇپ قىلىپ مىراسلىرىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جالايرىيلار خانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكى جاكارلاندى. جالايرىيلار خانلىقى گەرچە باشتىن ـ ئاخىر شۆھرەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن 60 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

**باشقا كىچىك خانلىقلار ــ پارستىكى سەلجۇقىيلار ۋە شىرازلىق سەئىد** 1148 ـ يىللار سەلجۇقىيلارنىڭ بىر سەردارى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پارس ئۆلكىسىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ جايدا بىر خانلىق قۇرغانىدى. بۇ خانلىق 130 يىل داۋاملاشتى. بۇ

www.uyghurkitap.com

خانلىق دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىراقتىكى سەلجۇقىيلارنىڭ، كېيىنرەك خارەزىمى شاھىنىڭ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىلخانىيلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشتى. شىرازلىق ئاتاقلىق يازغۇچى مۇسلىھۇددىن مۇشۇ خانلىقنىڭ بىر ھۆكۈمرانى سەئىد ئىبنى زەڭگى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (1256 ــ 1291)دە ياشىدى ئۇ ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھامىيسى، يەنى شىرازنىڭ ھۆكۈمرانى سەئىدنىڭ نامىنى قوللانغانىدى. سەئىد بىر مەزگىل ئۆز ھاياتىنى ساياھەت، تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش جەريانىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۇ باغدادتىكى داڭلىق نىزامىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، ھەتتا ھىندىستاندىكى سومناس ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلغان. پەلەستىندە ئۇ ئەھلىسەلىپلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان، كېيىن بىر دوستى ئۇنى سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ 15 قېتىم پىيادە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. ئۇ ئەڭ ئاخىر شىرازدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چاغ ئىنتايىن مول يېزىقچىلىق ماتېرىيالى توپلىۋالغان چاغ ئىدى. ئۇنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ناملىق ئىككى ئەسىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان شېئىر ـ داستانلىرى بار، ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر كۆزقاراش ۋە كەڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىپادىلەنگەنىدى. ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ ئىككى ئەسەر ئىنچىل تۈردە پېرسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلدى. «گۈلىستان» ئوچېرىك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ پېرسىيە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭغا بىر قاتار ۋەقەلەر كىرگۈزۈلگەن. ئارىلىقتا شېئىر ـ قوشاقلار قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ئېسىل قىممىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «بوستان» پۈتۈنلەي شېئىر ـ قوشاقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ئاقارتىش

خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادالەت، باراۋەرلىك، كەمتەرلىك، ئاددىي - ساددىلىق، تەلىم - تەربىيە ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلىشنىڭ قەدىر - قىممىتى تەكىتلەنگەن، بۇ ئىككى كىتابتا مۇۋاپىقلىشىش ۋە قانائەتلىنىش ئىدىيەسى تارقىتىلغان. «گۇلىستان» ۋە «بوستان»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەسەر ھازىر ئانچە كەڭ تارالمايۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ 600 يىلغا سوزۇلغان ئىسلام مەدەنىيىتىدە تۇتقان سالمىقى بىلەن بارلىق ئىسلام مائارىپى ئۈچۈن ئارقا كۆرۈنۈش يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنى بىر خىل ئەخلاق مىزانى بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، ئۇنىڭ غايىسى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەپۇچانلىق ۋە چېكىدىن ئېشىشتىن ساقلىنىش ئىدى. شەھۋانىي ھەۋەسكە قارشى تۇرمايتتى، شەھۋانىي ھەۋەس بىلەن شەيتاننى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى خىل سۇبستانسىيە دەپ قارايتتى. ئۇ ئۇزاق بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، 1291 - يىلى ۋاپات بولدى.

**مۇزەففەرىيلەر خانلىقى** بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى رەفۇددىن مۇزەففەر بولۇپ، ئۇ غەربىي شىمالدىكى يەزدىيە شەھىرىنىڭ باش ۋالىيسى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇبارىزۇددىن ئىلخان ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن يەزد ۋە پارسقا باش ۋالىيلىققا تەيىنلىنگەنىدى. مۇبارىزۇددىن كىرمان خاقانى شاھ جاھاننىڭ يالغۇز قىزى قۇتلۇق تۇركخان بىلەن نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. 1340 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئايالىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن كىرماندىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر قاتار ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ پارسنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە 1343 - يىلى ئىسفاھاننى ئىستېلا قىلدى، ئارقىدىن ئۇ قوشۇن باشلاپ شىمالدىكى تەبرىز شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يىراقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى، ئۇنىڭ خانلىقى تازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچەيگەن مەزگىلدە، ئۇ شەپقەتسىز ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلدى.

**شاھ شۇجاھ ۋە ھافىز شىرازى (1300 ــ 1389)** شاھ شۇجاھ مۇزەففەر ۋارىسلىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئۇلۇغ قوللىغۇچىسى ئىدى. ئۇ مۇزەففەرىيلەر خانلىقىنىڭ پايتەختى شىرازدا بىر تەتقىقات ئاكادېمىيەسى قۇردى. ئۇ پېرسىيەلىك ئۇلۇغ شائىر شەمسىدىن مۇھەممەدنىڭ ھامىيىسى بولغانلىقى بىلەن شۆھرەت قازاندى. شەمسىدىن بولسا ھافىز شىرازى نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىدى. ھافىز شىرازى تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدە «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ئۆلىماسى بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى تاكى 1389 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇردى. ھاپىز ئۆزىنىڭ «دىۋان»ىنى 1368 ـ يىلى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ شائىر ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ ئازابى، ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۈيلىدى، ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقنى مەسخىرە قىلىپ، ئاق كۆڭۈللۈك ئىدىيەسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر بولۇش پوزىتسىيەسى ئۈستىدە توختالدى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى سىرلىقلاشتۇرغۇچىلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈردى، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئۇلۇغ سوپىزمچى دەپ مەدھىيەلەيدۇ. ئۇ ئۇزاق مەزگىل «لىسان ئەل ـ غايىب» («غايىبلارنىڭ ساداچىسى») دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاممىباب، ئىخچام، بەزى شېئىر مىسرالىرى ئىنتايىن ئەجىبانە ۋە راۋان بولۇپ، خۇددى ئوتتەك قىزغىنلىققا ئىگە ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدىن ھازىرقىدەك كامالەتكە يەتكەن دەۋرىمىزدىمۇ ئاسانلىقچە مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. ھافىز جەمئىيەتكە ئارىلاشمايدىغان كىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە زادىلا بىرنەرسە يېزىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىنسان تەبىئەتلىك، بەلكى ئېشىپ كەتكەن ئىنسان تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. ئەمما، ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى

ئەھۋاللارنى تېما قىلىپ يازغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق ئىدى.

**كېيىنكى مۇزەففەرىيلەر خانلىقى ۋە شاھ مەنسۇر** بۇ نەسەبتىكى يەنە بىر ھۆكۈمران سۇلتان ئەھمەد ئىمامۇددىن بولۇپ، ئۇ كىرماندا چىرايلىق پامىنار مەسچىتىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن خانلىق تەختى قابىلىيەتسىز ۋارىسلارنىڭ قولىغا قالغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش تاكى تېمۇر تارىخ سەھنىسىگە چىققانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمران ـ قەھرىمان شاھ مەنسۇر بولۇپ، ئۇ شىرازلىقلار ئىزا ـ ئاھانەتكە ئۇچرىغاندا غەزەپلىنىپ ئەڭ ئاخىرقى جاسارىتىنى كۆرسەتتى. تېمۇر 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىرازغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، مەنسۇر 5000 سەرخىل چەۋەنداز بىلەنلا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەھۋالىنى تېمۇرنىڭ يىلنامە تارىخچىسى شەرەفۇددىننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«شاھ مەنسۇر خۇددى دەرغەزەپكە كەلگەن شىرغا ئوخشاش ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئىدى. ئۇ ئاقىلانىلىكنى ساقلاش ئورنىغا، ئۆزى چوقۇم دۇچ كېلىدىغان بۇ شەخس ئۇستىدە ھېچقانداق ئويلىنىشلاردا بولمىدى. بىر جۈمە كۈنىدىكى ناماز ۋاقتىدا ئۇ پاتىلا دېگەن جايدا بىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئاساسىي قوشۇن ئەينى چاغدا ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانغان تۈرك ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەنىدى. ئۇ ئاتلىق قوشۇننى تاشلاپ قويۇپ، سەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنى ئارىسىغا كىرىش بىلەن قوشۇنىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر پارچە ئەڭ پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. ئارقىدىن ئۇ خۇددى جېنىدىن تويغان يىرتقۇچ ئەجدىھاغا ئوخشاش جەڭگە ئاتلاندى. تېمۇر ئويلىنىپ قالدى، ئۇ ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن، بۇ

www.uyghurkitap.com

شاهزادىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان باتۇرلۇقى، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، قارامىلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى. تىمۇر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇدۇل ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن نەيزىسى ئارقىلىق مۇداپىئەلەنمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەيزىسىنى كۆتۈرىدىغان پۇلاد چۇرا ئۇنچىلىك شىددەتلىك ھۇجۇم ئالدىدا نەيزە بىلەنلا قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن نەيزىسىنى تاپالماي قالدى. تىمۇر ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئۆز يېنىدا ئاران 15 — 16 چە چەۋەنداز قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدىغا شاھ مەنسۇرنىڭ يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ قارام بۇ پادىشاھنىڭ بېشىغا ئىككى قېتىم قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، ئەمما قىلىچىنىڭ بىسى دۇبۇلغىدىن سىيرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمىدى. ئۇ گويا ئۇيۇل تاشتەك قىلچە تەۋرەنمەستىن مەزمۇت تۇردى.»

ئەڭ ئاخىر تىمۇرنىڭ شاھرۇخ دېگەن مەشھۇر ئوغلى شاھزادە مەنسۇرنى چېپىپ يىقىتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چەۋەندازلىرى بۇ قېتىمقى باتۇرلارچە ئېلىشىشتا ئۇنىڭغا ياردەملىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. بۇ نەسەبتىكىلەرنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى مانا مۇشۇنداق ئۇن - تىنسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مۇزەففەرىيلەر خانلىقىمۇ يوقالدى. ئەمدى تىمۇرگە كەلسەك، ئۇ بۇ «قارام»نىڭ جەمەتىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇرۇقىنى قۇرۇتتى.

**ماۋارەئۇننەھر ۋە چاغاتاي** ئەمدى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ يەنە بىر قىسمى — ماۋارەئۇننەھر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چىڭگىزخان 1227 - يىلى ئۆلگەندە، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا (بۇرۇن تىرانسوكسىيانا دەپ ئاتالغان ھازىرقى ماۋارەئۇننەھر)نى ئوغلى چاغاتايخانغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ

رايونغا 130 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئاتاق قازانغۇدەك ھېچقانداق ئۇلۇغ تۆھپىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئاقساق تېمۇرنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە تېمۇرنىڭ خان جەمەتى ئىچىدىن ھىندىستاندىكى موڭغۇل پادىشاھلىرى چىقتى.

**ئىستىلاچى تېمۇر (1336 ـــ 1405)** تېمۇر چاغاتاينىڭ ئەۋلادى بولۇپ، 1336 ـ يىلى تۇغۇلدى. ياشلىق دەۋرىدە ماۋرائۇننەھردىكى بىر رايوندا باش ۋالىي بولدى. ئۇنىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى ئۆسۈپ، ئىككى ئەۋلاد چاغاتاي خانلىقىدا ۋەزىر بولدى. 1369 ـ يىلى تېمۇر باشقا ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، چاغاتايخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇردى ۋە ئۆزى سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. لېكىن، ئۇ سەمەرقەند ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلار بىلەن ھەرگىز قانائەتلەنمەيتتى. ئۇنىڭ قارا نىيىتى تېشىپ تۇرغان بولۇپ، ھوقۇققا بەكمۇ ئىنتىلەتتى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئىقتىدار ۋە ھەربىي قابىلىيەت بولۇپ، ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايتتى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا تۇتۇش قىلىش قىزغىنلىقى ۋە ھەممىنى بىر يولىلا دوغا تىكىدىغان باتۇرلۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان نىشانىغا ئىنتىلەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھىنىڭ كۈچ مەنبەسى ئىدى، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ قۇربانلىرىنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە قالدۇرغانىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىستىلاسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا بىر سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ھۇجۇمى تېز، ھەرىكىتى ۋەھىمىلىك بولۇپ، جاننى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىستىلا قىلىشنىڭ ئۆزى مەقسەت ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئىخلاسمەن

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان بىلەن كۆپپار چىڭگىزخان ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بارلىقىنى كۆرەلمىدى. بۇنداق سېلىشتۇرۇش ھەرگىز بەك غەلىتە ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تېمۇر ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئەجدادى بولغان ھېلىقى قورقۇنچلۇق موڭغۇل چىڭگىزخاندىن ئېشىپ چۈشۈشنى ئويلايتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

**ئىستېلانىڭ باشلىنىشى** ئۇنىڭ 20 يىلدىن ئارتۇقراق ھاياتى ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى يىلدا بىر قېتىم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ ئالدى بىلەن بىرمەھەل قۇدرەت تاپقان چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خۇراسان، پېرسىيە ۋە ئافغانىستانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىستېلا قىلدى. ئۇنىڭ 1398 ـ يىلى ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ۋە ئۇ دۆلەتتە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ھەر يىلى يازدا ئىستېلا قىلىشقا ئاتلىنىپ، قىشتا پايتەختىگە قايتىپ كېلەتتى، ئۇ ھەتتا رۇسىيەگىمۇ بېسىپ كىردى، موسكۋانى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇ يەردە توپتوغرا بىر يىل تۇرغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋال بار: ئۇ چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئادەمنىڭ جېنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشىدىكى ئىنتايىن ئادەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن بىناكارلىق ئۇستىلىرى، لايىھەلىگۈچىلەر، سەنئەتكارلار ۋە تېخنىكلارنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەندتە مەسچىت، مەكتەپ، كۇتۇپخانا، كۆرگەزمىخانا، گۈللۈك ۋە ئوردا ـ قەسىرلەرنى سالدۇرۇپ، بۇ

شەھەرنى بىر مەزگىل دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شەھەرگە ئايلاندۇرغانىدى.

**تېمۇر ۋە بايازىد** بىر شان ـ شەرەپ تېمۇرگە مەنسۇپ بولۇش كېرەك. ئۇ بولىسىمۇ ئوسمانىي تۈركلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنى ئۇ قوزغىغان ئەمەس. ئوسمانىي تۈركلىرى تەخمىنەن 1340 ـ يىلى كىچىك ئاسىيانىڭ چوڭ غەربىي قىسىم ئۆلكىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەنىدى. ئەمدى بولسا ئۇلار بۇ رايوندىكى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالدى. ئوسمانىيلار سۇلتانى بايازىد ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق سۇلتانلارغا ئوخشاش ئەينى چاغدا ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە، پىدائىيلار ھەرقايسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كېلىپ، ئوسمانىيلار بايرىقى ئاستىدا بولۇۋاتقان ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىۋاتاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ مەزگىلدە سۇلتان بايازىد باتۇرلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ باش كۆتۈرۈپ چىقمۇۋاتقان تېمۇرنىڭ پات ئارىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر خىل تەھدىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتتى. ئۆزىنىڭ خانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ شەرقىي قىسىمغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلاپ، 1391 ـ يىلى ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كىچىك خانلىق كارامانىنىڭ پايتەختى كونيانى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە سەلجۇقىيلار ۋە تۈركمەنلەرنىڭ كىچىك خانلىقلىرى كايسېرى، توكات ۋە سىۋاسنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 1393 ـ يىلى كاستامۇنىنىڭ ئەمىرىنى مەغلۇپ قىلدى. مەغلۇپ قىلىنغان بۇ ھۆكۈمرانلار كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاجىز راق پادىشاھلار بولۇپ، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن تېمۇرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بايازىدنىڭ ئالغا

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئەرمېنىيە ئەمىرى ئېرزىنجاننىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. تېمۇر ئەرمېنىيەلىك بۇ ئەمىرنى ئۆزىگە بېقىندى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بايازىدىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. 1400 ـ يىلى ئۇ شىۋاسنى ئىستېلا قىلدى. ئۇ چاغدا بۇ يەرگە بايازىدنىڭ چوڭ ئوغلى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تېمۇر ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارغا زادى رەھىم قىلمايتتى. شۇڭا، ئېرتوغرۇل ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەندە رەھىم قىلماي، ئۇنى بارلىق قوشۇنى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**تېمۇرنىڭ كىچىك ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشى** بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، تېمۇر خاتىرجەم ھالدا سەمەرقەندكە قايتىپ بېرىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. 1402 ـ يىلى كۈزدە ئۇ كىچىك ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلدى. سۇلتان بايازىد ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز رەقىبىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشتەك ئېغىر خاتالىق سادىر قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا خىرىستىيان ئەسكەرلىرى ۋە ياۋروپادىكى ئىشغال قىلىنغان زېمىنلاردىن كەلتۈرۈلگەن بۇلغارلار بار ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان شېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى، تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ تېمۇرنىڭ مۇسۇلمان تاتارلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ھەرگىز شەرقىي ياۋروپا خىرىستىيانلىرى بىلەن جەڭ قىلغاندەك ئۈنچىلىك قەيسەرلىك كۆرسەتمەيدىغانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايازىد يېڭىدىن ئىستېلا قىلغان سەلجۇقىيلار دۆلىتىدىكى كارامان، سىۋاس قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنغان سەلجۇقىي ئەسكەرلىرى ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ ئۆز رەقىبى تېمۇرنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەتىجىدە ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا، ئوسمانىيلار ئەنقەرەنىڭ يېنىدىكى چىبۇكابد

جەڭ مەيدانىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بايازىد ئەسىرگە چۈشۈپ زىنداندا ئۆلدى. تىمۇر ئۆزىنىڭ شاھىنشاھلىق ئورنىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەن، ھەرقايسى سەلجۇقىي پادىشاھلىرىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوسمانىيلارنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ 1403 ـ يىلى سەمەرقەندكە قايتىپ بېرىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى شەرقتە دېھلىدىن غەربتە سېمىرتاغىچە، شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن تاكى سۈرىيەگىچە كېڭەيدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن موڭغۇللار بىلەن سەلجۇقىيلارغا ئوخشاشلا مىسىرنى ئىستېلا قىلالمىدى. تىمۇر ھەتتا جۇڭگونى ئىستېلا قىلىشنىمۇ خىيال قىلغانىدى. ئۇ چاغدا گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا 20 تۈمەن سەرخىل ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ شىمالغا ئاتلاندى. ئۇ ھەتتا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. ئەمما، بەختكە قارشى ئۇ جايدا كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى.

**تىمۇرنىڭ خاراكتېرى ۋە نەتىجىسى** تىمۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە تېررورلۇقى ھەققىدە كىشىلەر نۇرغۇن باھالارنى بېرىشكەنىدى. ئەمما، ئۇ ئېلىپ بارغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە نەتىجىسىگە كەسكىن باھا بېرىش قىيىن. ئادەتتىكى پرىنسىپلار بويىچە، تىمۇرغا يەنىلا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىستېلاچى دەپ باھا بېرىلسە خاتا بولمايدۇ. پېرسى سەيكىس ئۆزىنىڭ «پېرسىيە تارىخى»ناملىق كىتابىدا تىمۇر ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغانىدى: «بىر كىچىك سەردارنىڭ بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ يالغۇز ئەڭ باتۇرلاردىن بىرسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنتايىن ئەقىللىك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تەجرىبىسى مول ۋە قەتئىي ھەم چىدامىلىق كىشىلەردىن بىرسى ئىدى. ئۇ بۇ

www.uyghurkitap.com

خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بىسىپ چۈشكىلى بولمايدىغان داھىيغا ۋە جەڭ ئىلاھىغا ئايلىنىپ، ھەر خىل كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. مالكوم ئۇنىڭ دېھلىدا ئۆرۈش ئەسىرلىرىگە يۈرگۈزگەن چوڭ قىرغىنچىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ ئىش دەرۋەقە قورقۇنچلۇق بولغانىدى. ئەمما، بۇنداق قىلىش ھەربىي ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق ئىدى. ئەجەبا، ناپولېئونمۇ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەت قوللانغان ئەمەسمىدى؟! تېمۇر ئۆزىنىڭ «ھەربىي ئىشلار مىزانى» دا تەسلىم بولغان ھەربىر ئەسكەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىشنى بەلگىلىگەنىدى. بۇ بەلگىلىمە شۇ چاغدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئادەتلەرگە روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئازغىنا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ»①.

تېمۇر ئۇرۇش قىلىشقا بەك بېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى چىرايلىق مەسچىتلەر، ئوردا ـ قەسىرلەر ۋە مەكتەپلەر بىلەن زىننەتلەپ، ئۇنى تەڭداشسىز پارلاق شەھەرگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە بىلىملىكلەرنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلدى. ئۇ مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ، ئەسلىمە يازغانىدى. ئۇ بىر ھۆكۈمران ۋە قالتىس سەركەردە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوردىدىكى قارارلارنى خۇددى جەڭگاھتىكىگە ئوخشاش چىقىراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ زېھنىي كۈچى، ئىستېلاسى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە زېرەكلىكىگە قاراپ، ھەتتا ئۇنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم دەپ ھېسابلىغانىدى. شەرقنىڭ تارىخچىلىرى ئۇنى «قوشۇلما يۇلتۇز» دەپ ئاتاشتى. ئۇ ھەقىقەتەن غايەت زور كۈچكە

---

① پېرسى سەيكىس: «پېرسىيە تارىخى» 2 ـ توم 134 ـ بەت ـــ ئاپتور.

ئىگە ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن بىر قېتىممۇ مەغلۇبىيەتلىك جەڭ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ۋەھىمىسى ۋە ھەيۋىسى شەرقىي يېرىم شاردىكى ئۈچ چوڭ قىتئەگە تارالدى.

**خەلىل سۇلتان** تېمۇر ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى جاھانگىرنىڭ پىرمۇھەممەد دېگەن ئوغلىنى ئۆزىگە ئاساسلىق ۋارىس قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئەمما، ئۇ پايتەختتىن يىراق بىر جايدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھوقۇقنى ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىگە باشقىلار قول تىقتى. پىرمۇھەممەدنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى تېمۇرنىڭ يەنە بىر ئوغلى مىران شاھنىڭ ئوغلى خەلىل سۇلتان بىر قىسىم كۆچلۈك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشىدا سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىۋالدى. تېمۇرنىڭ يەنە بىر ھايات ئوغلى، خۇراسان ۋە مازاندارانىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان شاھرۇخ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆلكىسىدە قېلىپ، ئۆز ئورنىنى ئۇزۇكسىز مۇستەھكەملىمىدى. خەلىل سۇلتان ئۇزاققىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئوردىدىكى بايلىقلارنى «پادىشاھلىقنىڭ خۇشاللىقى» — ئۆزىنىڭ گۈزەل كىچىك خانىشى شادئۇل — مۇلكىنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، چىرىك تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان كەيپ ـ ساپالىقى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى، نەتىجىدە ئۇ ئاغدۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن شاخرۇخ (شاھرۇق)قا پۇرسەت چىقتى. ئۇ قوشۇن باشلاپ ترانسوكسىياناغا كىرىپ، ئۇ يەرنى ئىستېلا قىلدى. ئۇ ئوغلى ئۇلۇغبەك شاھزادىنى سەمەرقەنتتە ماۋارەئۇننەھرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۆزى پايتەخت ھىراتقا قايتتى.

**شاھرۇخ (1404 — 1447)** شاھرۇخ ئۆزىنىڭ تېمۇرنىڭ ۋارىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ ئەقىللىك ھۆكۈمران ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن سەركەردە ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 40 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ھەل قىلغۇچ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاتىسىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئۇرۇش قىلىش تۈپەيلىدىن پىرسىيەدە كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقىنى ئوڭشىدى. ئۇ ھەمشىرە شەھەر ھىرات بىلەن مەرۋىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئۈچ قېتىملىق كەسكىن جەڭ ئارقىلىق، قارا قويۇنلۇ خانلىقى (قارا قويۇنلۇق تۈركمەنلەر) دىكى قارا يۈسۈفنى مەغلۇپ قىلدى ۋە قارا يۈسۈف ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قارا ئىسكەندەرنىمۇ ئۆزىنىڭ مېتروپولىيەلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. دەرۋەقە، كىشىلەر ئۇنى تارىختا ئۆتكەن بىر ۋاپادار پادىشاھ سۈپىتىدە چوڭقۇر ئەسلىشىدۇ. ئۇ چىرايلىق مەسچىتلەرنى سالدۇردى. ھەتتا ئۇنىڭ ئايالى گۆھەرشادمۇ گۈزەللىكنى سۆيگۈچى ئۇلۇغ زات ۋە شىئە مەزھىپىگە ئىخلاسمەن خانزادە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەشھەدتە چوڭ بىر جامەنى ۋە باشقا ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇردى. شاھرۇخنىڭ ئوردىسى ھەشەمەتلىك بولۇشى بىلەن داڭ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى شاھرۇخنى زىيارەت قىلىشقا كېلەتتى. ئۇ جۇڭگودىكى يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ خانىغا ئۆز قولى بىلەن خەت يازغانىدى. بۇ خەت - چەكلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. شاھرۇخ قۇدرەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋە تىنچلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىشكىمۇ ۋاقىت ئاجراتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگ پارس ئەدەبىياتى ۋە تۈرك ئەدەبىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

**ئۇلۇغبەگ** شاھرۇخنىڭ ۋارىسى ئۇلۇغبەگ ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، يېرىم مۇستەقىل ھالدا 38 يىل باش ۋالىي بولغانىدى. ئۇلۇغبەگ تالانتلىق، تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ بولغاچقا، ئۇنىڭ پادىشاھ بولغان دەۋرى سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا

بەرگەن ئىلھامى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى. ئۇ سەمەرقەنتتە بىر رەسەتخانا قۇرغان بولۇپ، بۇ رەسەتخانا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نامىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىلمىي نۇجۇم كالېندارىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ كالېندار شەرقنىڭ غەربنى تەمىنلىگەن ئەڭ توغرا بىر كالېندار دەپ ھېسابلاندى. لېكىن، ئۇلۇغبەك پادىشاھ بولغان بىلەن ئىنتايىن بەختسىز چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالائۇل دەۋلە ھىراتتا توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ قوشۇن باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتىۋاتقاندا، ئۆزبېكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەمەرقەندكە جەنۇبتىن بېسىپ كىرىپ بۇ شەھەرنى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلۇغبەك ئوردىدا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

**ئەبۇ سەئىد (1452 ــ 1469)، ئۇزۇن ھەسەن (1453 ـ 1478) ۋە ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر** ئۇلۇغبەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى زەئىپلىشىشكە باشلىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد قۇدرەتلىك ئادەم ۋە تېمۇرنىڭ قابىلىيەتلىك ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى 15 يىلدا، ھىندى دەرياسىدىن ئېفرات دەرياسىغىچە بولغان جايلارغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن ئورناتتى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندىلا، ئاندىن يەنە بىر تۈركمەن كۈچلىرىنىڭ قولىدا ئاپەتكە يولۇقتى، تۈركمەنلەر توساتتىن باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. بۇ ھاكىمىيەت ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر خانلىقى بولۇپ، ئۇلار دەجلە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى دىياربەكىردە ئۆز ئورنىنى تىكلىگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەردارى ئەمىر ئۇزۇن ھەسەننىڭ باشچىلىقىدا كۇردىستان بىلەن ئەرمېنىيەنى ئىستېلا قىلدى. ئەمما، ئۇلار 1461 ـ يىلى ئوسمانىي تۈركلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

ھەسەن ئۇزۇن دىققىتىنى تېمۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىنى تەرەپكە بۇرىدى، ئۇ ئالدى بىلەن قارا قويۇنلۇ تۈركمەنلەر خانلىقىنى ئاغدۇردى، ئارقىدىنلا پېرسىيەنى دەپسەندە قىلدى. تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇزۇن ھەسەن قارا قويۇنلۇ تۈركمەنلەر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئالغاچان ئۆزىگە قوشۇۋالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە پېرسىيەنىمۇ قوشۇۋالدى. ئۇ ئوسمانىيلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ھەتتا ۋېنېتسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. بۇ چاغدا ئوسمانىيلار خانلىقى كىچىك ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ۋېنېتسىيەلىكلەر بۇ ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بىر پۇرسەت دەپ قاراپ، ئۇزۇن ھەسەنگە كۆپ مىقداردا زەمبىرەك ھەدىيە قىلىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بۇ زەمبىرەكلەر ئۇلارنىڭ قولىغا يېتىپ بارمىدى. ئۇ 1473 - يىلى ئوسمانىيلارنىڭ دۆلەت زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئوسمانىيلارنىڭ ئۇلۇغ سۇلتانى مۇھەممەد II ئېرزىنجان جەڭ مەيدانىدا ئۇنىڭغا ھالاكەتلىك زەربە بەردى. ئۇزۇن ھەسەن بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانىيلارنىڭ چېگراسىدىن مۇستەقىل ھالدا ئۆتۈپ باقمىدى.

**يەقۇب (1478 — 1490)** ئۇزۇن ھەسەن 1478 - يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى يەقۇب شاھ ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ قارا نىيەتلىك پىلاندىن زېرەكلىك بىلەن ۋاز كېچىپ، دۆلەتكە مۇقىملىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە رۇستەم شاھ ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ بىر قېتىملىق كەسكىن ئوردا توپىلىڭىدا ھوقۇق ئىگىلىگەن بولۇپ، پەقەت بەش يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ۋەزىيەتتىكى

قالايمىقانچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خائىلىق ھوقۇقىنى يېڭىدىن تەلەپ قىلغۇچى ئىسمائىل سەفەۋى بولۇپ، ئۇ شىمالىي قىسمىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ بارلىق زېمىنىنى كونترول قىلدى.

**15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پېرسىيە** تېمۇر موڭغۇللىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇسۇلمان زېمىنلىرى كىچىك ئاسىيا، مېسوپوتامىيە، پېرسىيە ۋە خۇراسانغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى توپتوغرا بىر ئەسىردىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىندى. شۇڭا، ئۇ دۆلەتلەردىكى تەخت ۋارىسلىرى بىرەر مەزگىللىك ئازادە تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىدى. بولۇپمۇ تۈركمەنلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى ئۇلار ئۈچۈن باش ئاغرىقى بولدى. قارا قويۇنلۇ تۈركمەنلەر بىلەن ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ پېرسىيەدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئارقا ـ ئارقىدىن خىرىس قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمى داۋالغۇش مەزگىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق قۇرۇلۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمىدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ دېيىشكە بولىدىغان بۇ بىر مەزگىلدە ئىلىم ساھەسىدە بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بىردىنبىر تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئالىملارنى پەقەت شىمالىي ئافرىقا، مىسىر ياكى سۈرىيەگە بېرىپ تېپىشقا بولاتتى. چۈنكى، ئۇ جايلار تېمۇر بوران ـ چاپقۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغانىدى. تارىخچى ئىبنى ھەلدۇن، ساياھەتنامە يازغۇچىسى ئىبنى بەتتۇتە ۋە ئېنسىكلوپېدىيە ئالىمى ئەل ـ نۇۋەيرىلەر تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ سىرتىدا ياشىغانىدى.

**جالالىددىن رۇمى (1207 ـــ 1273)** تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ مەزگىلدە پېرسىيەلىك بىرمۇنچە ئۇلۇغ شائىرلار ۋە ئۇلۇغ يازغۇچىلار باشقا جايلاردا جانلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەندى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى موللا جالالىددىن رۇمى بولۇپ، ئۇ پارسچە ئەسەر يازاتتى. دەرۋەقە، ئۇ پېرسىيەدە تۇغۇلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى باھاۋۇددۇن ۋەلەد خارەزىمى دۆلىتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولسىمۇ، ئەمما، مۇھەممەد خارەزىمى شاھنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق مەزگىللىك سەرگەردانلىقتىن كېيىن، رۇم سەلجۇقىيلىرىنىڭ ئوردىسىدا پاناھلاندى. 1226 ـ يىلى كىچىك ئاسىيانىڭ كونيادىكى سەلجۇقىيلار ھۆكۈمرانى ئالاۋۇددىن كەيقۇباد ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قىلدى. ئۇنىڭ 1207 ـ يىلى بەلختە تۇغۇلغان ئوغلى جالالىددىن 19 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئاتىسى بىلەن بىللە ئىدى. باھاۋۇددۇن 1230 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىگە ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ياش ئوقۇتقۇچى ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپچى شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، بۇ قېتىمقى ئاقارتىش تەجرىبىسىدىن كېيىن، ئۇ «مەسنەۋى» دېگەن داڭلىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ چوڭ ھەجىملىك داستانلار توپلىمى چۆچەك، ھېكايە ۋە تەرمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رۇمىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىقى ۋە بىلىمى يەتكەنلىكى ساھەلەر ئەكس ئەتكۈزۈلگەنىدى. كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىرلەردە رۇمى ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى»سى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، شائىرلار ۋە ئالىملار، مەسىلەن، ئىپلىمىزنىڭ[1] ئۇلۇغ شائىرى ئىقبالغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئەسەرگە يۇكسەك باھا بەردى. بۇ ئەسەر تەربىيەۋى قىممەت ۋە چوڭقۇر دىنىي ھەقىقەتكە باي بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا ئۇنى پەقەت «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس»تىن كېيىنكىلا ئورۇنغا قويىدى. ئىقبال ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا، بۇ

① پاكىستاننى دېمەكچى ـــ مۇھەررىردىن.

ئەسەرنى تەسەۋۋۇردىكى جەننەت سەپىرىنىڭ يول باشلىغۇچىسى، دەپ مەدھىيەلىدى. «مەسنەۋى» نۇرغۇن ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ تا ھازىرغىچە كىشىلەر كۆڭلىگە ئىلھام بېرىدىغان مەڭگۈلۈك بۇلاق بولۇپ كەلمەكتە.

**جامى (1414 ــ 1492)** يەنە بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىسمى نۇرىدىن ئابدۇراخمان جامى بولۇپ، ئۇ خۇراساندا تۇغۇلۇپ، 1492 ـ يىلى ھىراتتا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ مەشھۇر ئالىم، چوڭ شائىر ۋە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تەسەۋۋۇپچى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 46 پارچە مۇھىم ئەسىرى بولۇپ، ئۇلار لىرىكا، رومانتىزم ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق خاراكتېرىدىكى نەزمىلەر، ئەرەب گىراماتىكىسى، ۋەزىنشۇناسلىق، ئۇچېرىك، مۇزىكا، پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ھەتتا «قۇرئان كەرىم» تەپسىرىسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن، ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ نوپۇزى ھەر تەرەپلەرگە تارالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا يىراق ئەللەر پادىشاھلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ نەزملىرى توپلىنىپ ئۈچ توملۇق «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ نادىر ئەسەر ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئېھتىمال «يۇسۇف ـ زىلەيخا» بولسا كېرەك. ئۇ دەۋردە ھېچقانداق يازغۇچى ئۇنداق كەڭ ساھە بويىچە يۇقىرى ئابرۇيدىن بەھرىمەن بولالمىغان.

**تارىخچى ئالاۋۇددىن جۇۋەينى** ئۇ مەزگىلدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تارىخچىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ھىلاكۇخانىنىڭ مىرزىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان ۋە ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ نامى «تارىخىي جاھان كۇشاي» بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە موڭغۇللارنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە ھىلاكۇنىڭ ئاساسىنىلار (يوشۇرۇن قەستچىلەر)نى باستۇرغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈرگۈزگەن. دەسلەپكى مەزگىللىدىكى يەنە بىر ئەسەرنىڭ ئىسمى «جامىئۇ ئاۋارىخ» (پېرسىيەنىڭ ئومۇمىي تارىخى) بولۇپ، بۇ ئەسەرنى قازان مۇھەممەدنىڭ باش ۋەزىرى راشىدۇددىن فەزلۇللاھ يازغان، ئۇمۇ موڭغۇللاردىن ئاۋۋالقى پېرسىيە تارىخىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئەستايىدىل ۋە تۇراقلىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ پارسچە يېزىلغان ئەڭ ياخشى بىر تارىخىي ئەسەر دەپ ھېسابلاندى. يەنە بىر قىزىقارلىق كىتاب — «جالالىددىن خارەزىمىنىڭ ھېكايىسى» بولۇپ، ئۇنى شاھابۇددىن مۇھەممەد يازغان. ئۇ بۇ باتۇر پادىشاھنىڭ مىرزىسى ئىدى. ئۇ جالالىددىننىڭ قارامىلىقى، قەيسەرلىكى، كەسكىنلىكى ۋە بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان پولاتتەك ئىرادىسىنى جانلىق بايان قىلىپ بەردى. ئۇ جالالىددىنغا ھەمراھ بولغانلىقى ۋە دادىل، ھايات ـ ماماتلىق قارام پىلانىغا ئەمەلىي قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، كىتابىتىكى ۋەقەلەر كىشىلەردە شاھابۇددىننىڭ بايانلىرى رېئال يېزىلىپتۇ دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدى. كېيىنكى مەزگىلدىكى تارىخچىلار ئىچىدە مىرخاند ئەڭ ئاتاقلىق بولۇپ، ئۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، مىرخۇند ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. ئۇنىڭ «رەۋزە تۇس ـ سەفا» («پاكلىق بېغى»)ناملىق ئەسىرى پېرسىيەگە مەدھىيە ئوقۇلغان يەتتە توملۇق تارىخىي مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پادىشاھ ۋە ئەقىلدارلار ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى قىزىقارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغان. بۇ نادىر ئەسەر جانلىق، شوخ يېزىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەندىمۇ ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ دەۋردە ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى ئالىم ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىرسى، جۇغراپىيە ئالىمى يەقۇت بولۇپ، ئۇنىڭ «مەجامىئۇل ـ بەلەدان»، («دۆلەتلەر ھەققىدە»)ناملىق ئەسىرى بار. يەنە بىرسى، شىئە

مەزھىپى ئالىمى ئەسىرىدىن تۇس بولۇپ، ئۇ پەيلاسوپ، ماتېماتىك، ئاسترونوم ۋە فىزىك ئىدى. ئۇ ھىلاكۇخان ئۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر ماراغە رەسەتخانىسىنى ياسىتىپ بەرگەنىدى. بىز بەشىنچى بابتا بۇ ئىككىيلەن ھەققىدە توختالغانىدۇق.

**بىناكارلىق ۋە خۇداۋەندە مەقبەرەسى** ئۇلجايتۇ خۇداۋەندە سۇلتانىيە شەھىرىدە سالدۇرغان چىرايلىق قۇرۇلۇشلارنى يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانىدۇق. ئۇ شەھەر 1305 - يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئىلخانىيلار دەۋرىدە پادىشاھلىقتىكى ئەڭ مۇھىم جاي بولغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خۇداۋەندە نەجەفتىكى ھەزرىتى ئەلى قەبرىسى بىلەن كەربالادىكى ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنى سۇلتانىيە شەھىرىگە قايتىدىن دەپنە قىلماقچى بولغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەتتا چىرايلىق بىر قەبرىستانلىق ياساتقانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى ئاشۇ جايغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ مەقبەرەسى ھەقىقەتەن موڭغۇللارنىڭ ئەڭ چىرايلىق بىناكارلىقى ھېسابلىناتتى. مەقبەرەنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزنىڭ دىيامېتىرى 84 فۇت بولۇپ، ئىراندا ھازىرمۇ ئەڭ چوڭ گۈمبەز ھېسابلىنىدۇ.

**ئىمام رىزا مەقبەرەسى** مەشھەدتىكى ئىمام رىزا مەقبەرەسى يەنە بىر داڭلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. رەشىدۇددىن ئۈچۈن مەئمۇن تەرىپىدىن ياسىتىلغان بۇ ھەيۋەتلىك مەقبەرەگە ئىمام رىزا ئۆلگەندىن كېيىن دەپنە قىلىنغانىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غەزنىلىك مەھمۇد ئۆز چۈشىدە ئىمام رىزا مەقبەرەسىنىڭ چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى كۈنىلا نىشاپۇرنىڭ باش ۋالىيسىغا ئۇنى رېمونت قىلىش ۋە ئەتراپىغا تام قوپۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن. ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلغان يەنە بىر سۇلتان — سەنجەر

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ سەلجۇقىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سۇلتانى ئىدى. بۇ مەقبەرە موڭغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇشلار ئىچىدىكى مەرۋايىتلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ كەتتى.

**گەۋھەر شاد مەسچىتى** شاھرۇخنىڭ ھەر تەرەپلىمە تالانتلىق ئايالى گەۋھەر شاد توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغانىدۇق. ئۇ ئۆزى ياساتقان مەشھۇر ۋە گۈزەل جامە مەسچىتى بىلەن مەشھۇر. ئىمام رىزا قەبرىسى بىلەن يانداش سېلىنغان بۇ جامە تېمۇر دەۋرىدىكى ئەڭ ئېسىل قۇرۇلۇش بولۇپ، ھازىرغىچە ئەتراپقا نۇر چېچىپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى خىش، كاھىش بىلەن ھاك لايدا ئىنتايىن سىپتا ۋە ماھىرلىق بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق مەسچىت دەپ ئاتالغانىدى. مەسچىتنىڭ ئۇدۇل ئىشىكىدىكى بېغىشلىما شاھرۇخ بىلەن گەۋھەر شادنىڭ ئوغلى بايسۇنغۇرنىڭ يارلىقى بىلەن ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ كۆلىمى زور قۇرۇلۇشنىڭ گەۋھەر شادنىڭ خۇسۇسىي مەبلىغى بىلەن ياسالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

**مەھۇن مەقبەرەسى** كىرمانغا يېقىن جايدا مەھۇن دېگەن بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، تېمۇر ۋە شاھرۇخ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە، ئۇ جايدا سەئىد نۇرۇددىن ئىسىملىك بىر ئەۋلىيا ئۆتكەن، ئۇ ئەۋلىيا مەقبەرەسىنىڭ ئۈستىگە بىر مېيىت ئۆيى ياسالغان، ئۇنىڭ ئىشىك پېشايۋىنىنىڭ ئىككى يېنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىردىن ئۇچلۇق مۇنار بىلەن تىرەلگەن بولۇپ، بۇ مۇنارنىڭ خىش ۋە باشقا ماتېرىياللىرى ئاچ يېشىل رەڭلىك ئىدى، ئىشىك پېشايۋىنى ئىنتايىن ماس ۋە كۆركەم ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، ئۇ ئەتراپىدىكى تاشلار بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ قۇرۇلۇشقا بىر خىل سۈرلۈك دىنىي تۈس بەرگەن. ئەمما،

ناھايىتى قىزىق بولغىنى شۇكى، گۈمبەز ئاستىدىكى ئەۋلىيا قەبرىسىنى 1437 ـ يىلى دىككان سۇلتانى ئەھمەد شاھ بەھمەنى ياساتقانىدى. قەبرە ئالدىغا ئورنىتىلغان خاتىرە تاشتا بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈش بار، ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغان مەدەنىيەت رىشتىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

**1500 ـ يىلدىكى ئىسلام دىنى** بىز ئەمدى ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. 1500 ـ يىلىغا كەلگەندە تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى يوقالغان بولغاچقا، دۇنيادا چوڭراق مۇسۇلمان دۆلىتى قالمىدى. مورلار ئىسپانىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، بۇرجى مەملۇكىيلىرىمۇ ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتتى. ھىندىستاندا لودى خانلىقى خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى ئاران ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا رايونلار بەزى كىچىك پادىشاھلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر مۇسۇلمان ھاكىمىيىتى — ئوسمانىي تۈركلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى، ئۇلار 1453 ـ يىلى كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلدى ۋە تېزلىكتە كېڭىيىپ شەرقىي ياۋروپادا كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالدى. ئاسىيادا بىرەر ھەقىقىي ئىقتىدارلىق پادىشاھ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قارىماققا بىر ئۇزۇكلۈك مەزگىلى بارلىققا كېلىدىغاندەك ئەھۋال شەكىللەندى.

**شەيخ سەفى ئەلدىن** ئەمما ئىسلام دىنى ھەر قېتىملىق بالا ـ قازا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن جانلانغانىدى. ئەمدىلىكتە پېرسىيەدىكى سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ خارابىسىدىن بۇ قېتىممۇ يەنە بىر ئۆلمەس قۇش بارلىققا كەلدى. سەفەۋىيلەر پېرسىيەدە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلىدى. سەفەۋىيلەر پېرسىيەدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ بىر جەمەتىدىن چىققان بولۇپ، ئۇلار 14 ـ ئەسىردە ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا بولغان ساداقىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غايەت زور شۆھرەتكە ئېرىشتى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخس شەيخ سەفى ئەلدىن (1252 — 1334) بولۇپ، تۈركلەر ئارىسىدا دەرۋىش سۇلۇكىنى قۇردى، ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتى — سوپىزم تەلىماتى بىلەن شىئە تەلىماتىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شەيخ ئىنتايىن زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇنىڭ سۇلۇكىنىڭ تەسىرى پېرسىيەنىڭ غەربىي شىمالى ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا تارالدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ شەيخ جۇنەيد دېگەن باشقۇرۇشقا ماھىر باشلىقى بولۇپ، ئۇ (1448 — 1460) ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە باشچىلىق قىلغانىدى. ئۇ «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ سەردارى ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش نىيىتىدە ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھەيدەر بولسا ھەسەننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ غەيرەت ـ شىجائەتلىك ۋە ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ دىنىي سۇلۇكىنى ھەربىي سىستېما بويىچە قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. ئۇ سۇلۇكتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ قىزىل تەلپەك كىيىشىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بارا ـ بارا «قىزىل تەلپەكلىكلەر» ياكى «قىزىل باشلار» دەپ ئاتالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەيدەر قۇدرەتلىك مۇستەقىل باشلىق بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ باشلىقى يەقۇب بىلەن بولغان توقۇنۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالدى. ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا سادىق بولدى. «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك سەردارى رۇستەم شاھ 1497 ـ يىلى ئۆلدى. ئارىلىقتا ئىككى نۆۋەتلىك ۋاقىتلىق ھاكىمىيەتتىن كېيىن، 1499 ـ يىلى ئالۋاند ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ قابىلىيەتسىز ۋە زەئىپ بىر ھۆكۈمران بولۇپ، (1499 — 1500) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئىسمائىل

هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پۇرستىنىڭ ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال بۇ پەيتنى چىڭ تۇتتى.

**شۇرۇر ئۇرۇشى (1502 - يىلى)** بۇ چاغدا ئىسمائىل پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈش ھالىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلىدى، ئۇلار «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر» بىلەن دەرھال توقۇنۇشۇپ قالدى. توقۇنۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان شۇرۇر ئۇرۇشىدا ئۇلار «ئاق قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانى مۇرادنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ ئالۋاندنىڭ ئالدىدا ئىككى يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. ئىسمائىل تۈركمەنلەرنىڭ پايتەختى تەبرىزنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى پېرسىيە پادىشاھى دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن ئىراندا بىر يېڭى دەۋر باشلاندى. شىئە مەزھىپى ئەقىدىلىرى پېرسىيەدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئېتىقادىغا ئايلاندى.

**ئىسمائىل (1500 — 1524)** ئىسمائىل I قۇدرەتلىك پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار پېرسىيەنىڭ يېرىمى ۋە پۈتكۈل مېسوپوتامىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي باغداد، مۇسۇل ۋە دىياربەكرىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە تېز كۆچىيىپ، ئۇزاق ئۆتمەي باكۇدىن سۈرىيەگىچە كېڭەيگەن «قارا قويۇنلۇ تۈركمەنلەر»نىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئۆزبېكلەر ئىگىلىۋالغان خۇراسانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئالدى بىلەن ئۇ ئۆزبېكلەرنىڭ سەردارى شەيبانىخانغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئۆز زېمىنىغا ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، شەيبانىخان بۇ خەتكە پىسەنت قىلماسلىق تەلەپپۇزى بىلەن جاۋاب قايتۇردى ھەمدە بىر تىلەمچىلىك تايىقى بىلەن بىر تىلەمچىلىك تاۋىقىنى ئەۋەتتى، بۇنىڭ مەنىسى: ئىسمائىل، سەن دەرۋىش ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۆزبېكلەر بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلسالىڭ، ئاشۇ ئىككى نەرسىگە تايىنىپ كۆن كەچۈرىدىغان ئاقىۋەتكە قالىسەن، دېگەنلىك ئىدى. ئىسمائىلنىڭ ھەرىكىتى ئەزەلدىن چاقچاق ئىدى. ئۇ دەرھال 17 مىڭ پېرسىيە ئاتلىق ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئاتلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى مەرۋىگە يېقىن بىر جايدا توقۇنۇشتى. ئۇ، شەيبانىخان قوشۇنىنىڭ سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ھال ئۇنىڭدىن بارلىق تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، شەيبانىخان ئۆلتۈرۈلدى. ئىسمائىل تاكى بەلخقىچە بولغان بارلىق زېمىنلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، غەلىبە بىلەن ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. مەرۋىدە ئىسمايىل بىر ھامىلىدار ئايالنى ئەسىر ئالغان بولۇپ، ئۇ كابۇل سۇلتانىنىڭ، يەنى ھىندىستاندا كەلگۈسىدە موغۇل دۆلىتىنى قۇرغۇچى پادىشاھ زاھىرۇددىن باتۇرنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئىسمائىل بۇ ئېسىلزادە ئايالغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇ، كېيىن ئۇنىڭ بابۇر بىلەن ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتۈشىگە سەۋەب بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنىڭ باشقا خىزمەتلىرىنى بابۇر زىممىسىگە ئالدى. بۇ چاغدا بابۇر ئۆزبېكلەرگە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ ئۆزبېكلەرگە تاكى ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھردىن ھەيدەپ چىقارغانغا قەدەر رەھىمسىزلەرچە قوغلاپ زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن سەمەرقەنتكە غالىبلارچە كىردى (13 ـ بابقا قارالسۇن.)

سەلىم I نىڭ تاجاۋۇزى ھەيۋىسىنى كۆرسىتىۋاتقان پادىشاھ ئىسمائىلنىڭ رەھبەرلىكىدە، پېرسىيەدە يېڭىدىن بىر قۇدرەتلىك دۆلەت باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ئىدى. بۇ پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى ئىسلام تارىخىدا كىشىلەرنى تۇنجى قېتىم بىر خىل ئېتىقاد (سۈننىي تەلىماتى) تىن ۋاز كېچىپ، ئىككىنچى بىر

خىل ئېتىقاد (شىئە تەلىماتى)نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوسمانىيلار سۇلتانى سەلىم I پېرسىيەلىكلەر بىلەن مەنمەنلىك تالىشىش ئارزۇسىنى بېسىقتۇرالىشقا چارىسىز قالدى. ئېھتىمال ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئورۇشخۇمار شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلىتى بارلىقىنى، ئۆزى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ماۋارەئۇننەھر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جەزمەن ئۈزۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى، ئوسمانىيلار بولسا ئۇ يەردىن ئىزچىل تۇردە سەرگەردان تۈركلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى يېڭى قان بىلەن تولۇقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك. شۈبھىسىزكى، ئۇمۇ پادىشاھ ئىسمائىلنىڭ تەپ تارتماستىن ئۆزگە يات بولغانلارنى سىغدۇرمايدىغان سىياسىتىدىن بىزار بولغانىدى. بارلىق ئوسمانىيلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئۆزىمۇ سۈننىي مەزھىپىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى ئىدى. لېكىن، شۇ چاغقا كەلگەندە ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسىدە زىيانكەشلىك قىلىش ياكى مەجبۇرلاش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ۋەقەلىرى سادىر بولۇپ باقمىغانىدى. كەسكىن تەبىئەتلىك سەلىم I ئىنتىقام ئېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل ئوتتۇرىسىدا بىرمۇنچە خەت ـ چەك ئالماشتۇرۇلدى. ئىسمائىل I ھاكاۋۇرلۇق پوزىتسىيەسىنى قوللاندى. مەسىلەن، ئۇ تۈرك سۇلتانىنىڭ سۆزىنى ئەپيۇنكەشنىڭ چۈشەكىشىگە ئوخشاتتى ھەمدە سۇلتان سەلىمگە بىر ساندۇق ئەپيۇن ئەۋەتتى. دەرۋەقە، سۇلتان سەلىم بەزى چاغلاردا ھەقىقەتەن ئەپيۇن چېكىپ زېھنىنى ئاچاتتى. ئىسمائىلنىڭ ئىغۋاگەرچى ئەلچىسى دۆلىتىگە قايتتى، ئەمما سۇلتان ئۆز غەزىپىنى بېسىۋالالماي قالدى. ئۇ زور بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. بۇ قوشۇن مىلتىقلىق، پىيادە ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا بىر قىسىم زەمبىرەكمۇ بار ئىدى. ئىسمائىلنىڭ پەقەت ئاتلىق ئەسكەرلىرىلا بولۇپ، ئوت ئالغۇچ قوراللىرى يوق ئىدى،

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇ ئىنتايىن باتۇر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، تۈرك قوشۇنىغا ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇ ئۆزى باشلىغان بىر قىسىم قوشۇن تۈركلەرنىڭ ئىستىھكامىنى بۆسۈپ تاشلىدى، ئەمما، تۈركلەرنىڭ زەمبىرەكلىرى پارسلارغا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇرۇش يەنىلا كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. پادىشاھ تاكى يارىلىنىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنگە قەدەر ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئۇ قايتىدىن ئاتقا مىنگەن چاغدا، ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن قېلىپ قالغان قوشۇنىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1514 - يىلىدىكى چالدىران ئۇرۇشى تۈرك قوشۇنىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەلىم تەبرىزگە كىردى، ئەمما ئۇ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشنى رەت قىلدى، شۇڭا ئۇ تەبرىزنى پارسلارغا قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كۇردىستان بىلەن دىياربەكرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

**تۈركلەر بىلەن پارسلارنىڭ توقۇنۇشى** بۇ قېتىمقى توقۇنۇش تۈركلەر بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا بولغان كۆپ قېتىملىق توقۇنۇشلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ توقۇنۇشلارنى ئۇلار ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. سۈننىي مەزھەپتىكى تۈركلەر بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئۇلار بىلەن سۈننىي ئەقىدىسىنىڭ يەنە بىر ماكانى — ئوتتۇرا ئاسىيانى زور بىر پارچە ئىسلام دۇنياسى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك تەرىپى شۇكى، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىر بۆلۈكىدىن يەنە بىر بۆلۈكىگىچە ئىختىيارىي بولۇۋاتقان ئىدىيە ئالماشتۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئۇزاقتىن بۇيان بىر دۇنيا بولۇپ كېلىۋاتقان

ئوتتۇرا قىسىمغا پېرسىيە جۇغراپىيەلىك جايلىشىش جەھەتتە خۇددى شىناغا ئوخشاش ئۈزۈپ كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما پارس ئىدىيەسى ۋە پارسلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى پەقەت ئۆز زېمىنى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇ خىل كۈرەش 200 يىلدىن ئارتۇقراق داۋاملاشتى. كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە ھەتتا ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوردىسىدىمۇ دائىم ئىككى گۇرۇھ، يەنى ئىران گۇرۇھى بىلەن تۈركىيە گۇرۇھى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى. ئىككى تەرەپ ئۇزاق مەزگىلگىچە يارىشالمىدى، ھېچقايسى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. بۇ خىل ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ كەمچىل بولۇشىنىڭ ئىسلامىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**ئىسمائىلنىڭ خاراكتېرى** پارسلار ئىسمائىلنى ئىنچىل تۈردە ھۆرمەتلەپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ ئىراندا ھەقىقىي پارس دۆلىتىنى قۇردى ۋە ئۇ يەردە شىئە ئەقىدىسىنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورنىنى تىكلىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا ئۇنى ئەۋلىيا قاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بىر ئىتالىيە ساياھەتچىسى ئۇنى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، جۇغى كىچىك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئىككى مۈرىسى كەڭ، سولخاي ئادەم دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ ئىنتايىن باتۇر، قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىز جەڭ قىلىپ، ئۆزىگە بولغان ساداقەت ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭدا كۈچلۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئېڭى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق پىلانلانغانىدى. ئۇ 1524 ـ يىلى ئاردابىلدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن ئوغلى تەھمەسپ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

**پادىشاھ تەھمەسپ (1524 — 1576)** تەھمەسپ خېلى ئۇزاق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئەمما، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل، شەرقىي قىسمىدىكى ئۆزبېكلەر ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئوسمانىي تۈركلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئۆزبېكلەر كۆپ قېتىم ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردى. ئۇلار 1524 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم بېسىپ كەلگەندە، تەھمەسپنىڭ سەركەردىلىرى ئۇلارنى تورباتقا يېقىن جايدا مەغلۇپ قىلدى. ئەمما، بۇ ئۇلارنى ئۇزاققىچە توسۇپ قالالمىدى. 1530 ـ يىلى ئۇلار ئۆزلىرىنى پېرسىيە زېمىنىغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىرىشكە يېتەرلىك قۇدرەتكە ئىگە بولدۇق دەپ ھېس قىلىشتى، بۇ قېتىم ئۇلار ھىراتقىچە قاراملىق بىلەن بېسىپ كىرىپ، بۇ داڭلىق شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قوشۇن ئۇلارغا قارشى 18 ئاي جەڭ قىلدى. ئاخىر ياش پادىشاھ شەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزبېكلەر ئالدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، ئۇرۇشتىن چېكىندى.

**سۈلايماننىڭ تاجاۋۇزى** تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، تۈرك سۇلتانى سۈلايمان ئالىيلىرى پېرسىيەگە بېسىپ كىردى. سۈلايمان بىر ئەزىمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، گەرچە سەلىم I گە ئوخشاش باتۇر بولمىسىمۇ، ئەمما تۈركلەرنىڭ بەخت يۇلتۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمانىيلارمۇ بۇ ۋاقىتتا ئىستېلا قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغانىدى. سىياسىي ئېھتىياجمۇ ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ دەۋرلەردە مۇنداق بىر خىل قائىدە، يەنى ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردىكى يەرلەرنى سەركەردە ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەنلىك ھەققى ھېسابىدا ھەدىيە قىلىپ بېرىدىغان قائىدە يولغا قويۇلغانىدى. سۈلايمان تەھمەسپكە بىرمۇنچە خەت ئەۋەتتى، دەرۋەقە، ئۇ بۇ خەتلەر ئارقىلىق دوستلۇق ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلمايتتى. تەھمەسپ بولسا

ئاۋسترىيە پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىش شەكلى بىلەن ئىنتىقام ئالدى، ئۇ ئاۋسترىيە بىلەن تۈركلەرگە قارشى ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما، ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇكى، شەرق پادىشاھلىرى ھەر قېتىم ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاشۇنداق ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولغاندا، سۆھبەت ھامان بۇزۇلۇپ كەلدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. بۇ دىپلوماتىك تەۋەككۇلچىلىكتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئەكسىچە، سۇلايمان قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مېسوپوتامىيەنى بىر ئېلىپ، شىرۋان ۋە گىلاننىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە تەبرىزنى ئىشغال قىلدى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئۇ يەنە سۇلتانىيە شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. سەپەر ئۇستىدە ئۇ بىر قىسىم زەمبىرەكلەردىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلماي، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ داۋاملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، باغدادنى ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردە بىر قىسىم قوشۇننى قالدۇرغاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتتى. تۆت يىلدىن كېيىن ئۇ قايتا بېسىپ كېلىپ، تەبرىز شەھىرىنى يەنە ئىشغال قىلدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا قورغانلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنغان ۋان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى ۋە يەنە قايتىپ كەتتى، تەھمەسىپ ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ كۈچ سىنىششقا جۈرئەت قىلالماي، پەقەت تاجاۋۇزچىنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. سۇلايمان ئالغا ئىلگىرىلىسە، ئۇ دەرھال چېكىنىدى. بۇ خىل «فايىئان تاكتىكىسى» ئۇنىڭغا كۆتكەندەك جەڭ نەتىجىسى كەلتۈرۈپ بەرمىدى. ئۇنىڭ پەقەت پاراكەندىچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىلا بولدى. ھېچبولمىغاندا ئۇ سۇلايماننى ئۇرۇش غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشكە چارىسىز قالدۇردى.

**قاچقۇن ھۇمايۇن** تەھمەسىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەزگىلدە، موغۇل پادىشاھى ھۇمايۇن پېرسىيە ئوردىسىغا پاناھلىق تىلەپ كەلدى. ئىسمائىل بىلەن باتۇر دوستانە ئۆتكەندى. تەھمەسىپمۇ ئوخشاشلا باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ھۇمايۇن مېھمان قاتارىدا ئوردىدا بىر مەزگىل تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ ئۆز خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، تەھمەسىپ ئۇنىڭغا ئارىيەتكە قوشۇن بەردى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار كېيىنكى بابتا بايان قىلىنىدۇ.

**تۈركلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالاش** بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، سۇلايمان بىلەن تەھمەسىپنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزئارا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ ھېچقايسى بىر دۆلەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى. سەلىم ۋە سۇلايمانلارنىڭ قىلغان ئۇرۇشى غەلىبە قىلغۇچىغا پەقەت قۇرۇق شۆھرەتلا ئېلىپ كەلگەندى. شۇڭا، ھەر ئىككى تەرەپتە جىددىي ۋەزىيەتتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى تۇغۇلغانىدى. تەھمەسىپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ باشلىقىنى ئىرزۇمغا بېرىپ ئۇرۇش ئوتىنى توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ 1554 ـ يىلى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى جاكارلىدى. ئىككىنچى يىلى ئىستانبۇلدا شەرتنامىگە ئىمزا قويۇلدى. سۇلايمان بۇ شەرتنامىدە تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە پادىشاھقا كاپالەت بەردى. شەرتنامىدە يەنە ئىككى دۆلەتتىكى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسىغىلا بولسۇن، مۇقەددەس جايلارغا تاۋاپ قىلىشقا بېرىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**تەھمەسىپنىڭ ۋاپاسىزلىقى** تەھمەسىپنىڭ نامىدا يۇيۇپ

بولمايدىغان داغلار بار. سۇلايماننىڭ ئوغلى بايازىد سۇلايماننىڭ گىرىتسىيەدە تۇغۇلغان باش ۋەزىرى ئىبراھىمنىڭ ھوقۇقىغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. كېيىن پېرسىيەگە بېرىپ پاناھلاندى. تەھمەسىپ ئۇنى دوستانە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا پاناھلىنىش شارائىتى بەردى. ئەمما، بۇ شاھزادىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى. سۇلايمان تەھمەسىپكە خەت يېزىپ، بايازىدنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەھمەسىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 400 مىڭ تىللا قىممىتىدىكى ئالتۇنغا ئىگە بولدى. ئۇ بايازىد ۋە ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنى سۇلايماننىڭ جاسۇسلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ خىل ۋاپاسىزلىق قىلمىش ساتقۇنلۇق قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

**تەھمەسىپ ئوردىسىدىكى ياۋروپالىقلار** بۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىسىدا ئىككى ياۋروپالىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرسى، ئەنگلىيەلىك ئانتونى جېنكىنسون بولۇپ، ئۇ بىرىتانىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق شىركەت ۋاكالەتخانىسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن رۇسىيە ئارقىلىق ئەنگلىيە كورولىۋاسى ئېلىزابېتنىڭ دىپلوماتىيە خېتىنى ئەكەلگەنىدى. قورقۇنچلۇق چار پادىشاھ ئىۋان 1559 ـ يىلى ئۇنى ئۆز ئەلچىسى سۈپىتىدە بۇخاراغا ئەۋەتكەن. ئۇ يەردە ئۇ ئۆزبېكلەرنىڭ سەردارى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرغان. 1561 ـ يىلى ئۇ پېرسىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن پېرسىيەگە ئەۋەتىلگەن. بۇ نۆۋەت جېنكىنسون پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەمما، پادىشاھ ئانچە بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى، تەھمەسىپ ئىمانسىز ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭغا بەزى

www.uyghurkitap.com

ئىمتىيازلارنى بەردى. موسكۋا شىركىتى پېرسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئەمما، بۇ سودا ئۇزاققىچە داۋام قىلالماي 1581 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدى. يەنە بىر ياۋروپالىق ۋېنىتسىيە ئەلچىسى ۋىنسېنتىئو. ئالېكساندىر بولۇپ، ئۇ تۈركلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىنى تەھمەسىپ بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەنىدى. چۈنكى، سۇلايمان رودىس ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ۋېنىتسىيەلىكلەر ئۇلاردىن تۈركلەرنىڭ ئارقا سېپىگە بىر قوشۇن ئەۋەتىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ۋەزىپىمۇ ئىشقا ئاشماي قالدى. د. ئالېكساندىر پېرسىيە پايتەختىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. سەلىم تەبرىزگە تەھدىت سالغاندىن كېيىن، پېرسىيە ئۆز پايتەختىنى قەزۋىنگە كۆچۈرگەنىدى. ۋېنىتسىيەلىك بۇ ئادەمنىڭ تەھمەسىپنى تەسۋىرلىشى ماختاش خاراكتېرىدە بولمىغان، ئۇ تەھمەسىپنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئۆزى سەپەر قىلغان جايلاردا بىخەتەر دېيىشكە بولىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكى، چىرىكلىك تۈپەيلىدىن ھەتتا قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقى يېزىلغان. بۇ خىل بايان قىلىشقا نىسبەتەن كىشىلەر ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشتى. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە، تەھمەسىپ دەۋرىدە، پېرسىيەنى ۋە پېرسىيە مەدەنىيىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش باشلىنىپ كەتكەنىدى. دۆلەتتە قۇرۇلۇش قىلىش قىزغىنلىقى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، خېلى كۆپ قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. پېرسىيە ئاستا، ئەمما پۇختا قەدەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇۋاتماقتا ئىدى. گەرچە

ئەڭ مول مېۋە تەھمەسپتىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە قولغا كەلگەن بولسىمۇ، تەھمەسپنىڭ تىرىشچانلىقى چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋاتاتتى.

**پادىشاھ ئابباس** I **(1578 ــ 1629)** تەھمەسپنىڭ تەختىگە دەسلەپتە ئاتىسىغا ئوخشىمايدىغان ئىككى ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلاردىن كېيىن، بۈيۈك ئىمپېراتور ئاببىاس I دەپ ئاتالغان پادىشاھ ئابباس ۋارىس بولدى. ئۇ ئەينى چاغدا ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق پادىشاھ دەپ مەدھىيەلەندى. رەھىمسىزلىككە كەلگەندە، دەرۋەقە، ئۇمۇ پاك ئەمەس ئىدى. ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم ئىدى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۆرسەتتى. قىزىلباشتىكى كونا ئاقسۆڭەكلەر تەدرىجىي توپىلاڭ قوزغاپ خاتىرجەمسىزلىك تۇغدۇرغان چاغدا، ئۇ بىر يېڭى تەبىقىنى تەشكىللىدى. ئۇلار «پادىشاھنىڭ دوستلىرى» دەپ ئاتالدى. شۇ ۋاقىتقىچە تۈركلەر پېرسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئىزچىل ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەندى. شۇڭا، ئۇ ئانتونى ۋە روبېرت شېرلېيىدىن ئىبارەت ئىككى ئەنگلىيەلىكنى يالLاپ ئىشلەتتى. ئۇلار تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى بىلەن ئاران 26 ھەمراھىنى ئېلىپ، 1578 ـ يىلى پېرسىيەگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە، ئۇ بىر مىلتىقلىق ئەترەت ۋە بىر زەمبىرەكچى ئەترەت قۇردى. لېكىن، ئۇ بۇ يېڭى قوشۇننى ئىشقا سالالماي تۇرۇپلا تۈركلەر فاھاد پاشانىڭ باشچىلىقىدا پېرسىيەگە يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. 1587 ـ يىلى باغداد ئەتراپىدا بىر قېتىم جەڭ بولدى. پارسلار ئۈچ كۈن قاتتىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركلەر تەبرىزنى قايتا ئىشغال قىلىپ، شىمالدا جورجىيەدىن تارتىپ، جەنۇبتا لورىستانغىچە بولغان غەربىي قىسىمدىكى يەرلەرنى ئىگىلىدى.

www.uyghurkitap.com

**ئۆزبېكلەر** بۇ پادىشاھ ئابباسنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق ئېغىر زەربە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنتىقام ئالغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ شىمالدا ئەشەددىي ئۆزبېكلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. ئۆزبېكلەر دائىم شىمالدىكى چېگراغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن تەبرىز، شىرۋان، جورجىيە ۋە لۇرىستاننى بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدا تۈركلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن دىققەت - ئېتىبارىنى شىمالىي چېگراغا يۆتكىدى. ئۆزبېكلەر ئۆزىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا II نىڭ رەھبەرلىكىدە ماۋارەئۇننەھر رايونىدىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ قالغانىدى. بۇ پادىشاھ پەرغانە، قەشقەر، خوتەن، بەلخ، بەدەخشان ۋە توخارىستان قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسىنى شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپكە قاراپ كېڭەيتتى. غەربىي تەرەپتە ئۇ ئاستىرابادنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن يىراقتىكى گىلانغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇ يېتىپ بارغۇچە قېچىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ جەنۇبتىكى ھىراتقا قاراپ ئاتلاندى. توققۇز ئايلىق ھۇجۇمدىن كېيىن بۇ شەھەرنىمۇ ئىگىلىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا يەنە مەشھەدكە ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ ئابباس ئالدىنقى سەپكە بېرىپ شەھەرنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىغان بولسىمۇ، ئەمما كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىدى. بۇ مۇقەددەس شەھەرمۇ ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى ھەمدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. ئاندىن كېيىن نىشاپۇر، سابزۋار، ئىسفاھان ۋە خۇراسان قاتارلىق شەھەرلەر كەينى - كەينىدىن قولدىن كېتىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن يامانلاشتى. ئەڭ ئاخىرى پادىشاھ ئابباس ئۆز قوشۇنىنى توپلاپ، 1597 - يىلى ھىرات ئەتراپىدا ئۆزبېكلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ كۈچىنى يىتچىت قىلدى. ئۇرغۇنلىغان ئۆزبېكلەر مۇھاسىرىگە

ئېلىندى ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ خىل كىشىنى قايىل قىلارلىق كۈچ كۆرسىتىش ئۆزبېكلەرنى خۇراسان چېگراسىدىن كۆپ يىللار ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

**تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش** بۇ چاغدا پادىشاھ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى تۈركلەر بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقماقچى بولدى. ئۇ ھەتتا ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسىنى ياۋروپاغا ئەۋەتتى. بۇ ئىش بىر ئاز غەلىتە ئاڭلانسىمۇ، ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھوقۇق پادىشاھلارنى دوستلۇقنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ ئۇرۇشىدا يەنە مۇنداق بىر بەختسىز ئىش بار ئىدى. يەنى، ئۇلار دائىم دېگۈدەك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ ھېسداشلىق ۋە ساداقەتنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇ تۆۋەت ياۋروپا پادىشاھى ئاببانىڭ مۇراجىئىتىگە ئاۋاز قوشمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەسىلە مۇسۇلمانلاردىكى ئىككى تەرەپكە چېتىشلىق بولغان چاغدا، ياۋروپا ئەزەلدىن مەلۇم بىر تەرەپكە ياردەم بېرىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، 1603 ـ يىلى پادىشاھ ئابباس ئۆز قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، تەبرىزنى، ئارقىدىن ئېرىۋان، شىرۋان ۋە كارس شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر بىلەن ئۇرمىيە كۆلى ئەتراپىدا يەنە بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدا ئاببا I قورال ـ ياراغلىرى سەرخىل بىر قوشۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، مېسوپوتامىيە، موسۇ ۋە دىياربەكرىلەرنى قايتىدىن ئىشغال قىلدى. 1612 ـ يىلى ئىككى تەرەپ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمما، تۆت يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇرۇش بولدى. 1616 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇنى يەنە بىر قېتىم ئېرىۋان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پارسلار ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن

www.uyghurkitap.com

جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك قوشۇنلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى يىلدىن كېيىن تۈرك قوشۇنلىرى تەبرىزگە ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر قېتىم شەرمەندە بولۇپ چېكىنىپ قايتتى. دەرۋەقە، نەچچە يىلدىن كېيىن، تۈرك قوشۇنلىرى باغدادقا قەدەر ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىشمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىدى. شۇڭا، تۈركلەر پادىشاھ ئابباسقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاز دېگەندە بىر مەزگىل ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىشىشنى تۈگىتىپ، تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئەمما، بۇ شەرتنامە مەنىۋى جەھەتتە يەنىلا تۈركلەرگە پايدىلىق بولدى. چۈنكى، شەرتنامىگە ئاساسەن، پادىشاھ ئابباس ھەر يىلى سۇلتانغا 100 دەن يىپەك تاپشۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كېيىنكى بەزى ۋارىسلىرى تۈرك سۇلتانىغا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئولپان تاپشۇردى.

**مەمۇرىي باشقۇرغۇچى پادىشاھى ئاببا** ئاببا I نىڭ نام - ئاتىقى يالغۇز ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتە تۈركلەر ياكى ئۆزبېكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى بىلەنلا چىققان ئەمەس. ئۇنىڭدا يەنە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارى بار ئىدى. بۇ خىل ئىقتىدار ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت I ، فىرانسىيە پادىشاھى ھېنرى IV ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى سۇلايمان ئالىيلىرى ۋە ھىندىستاندىكى ئەكبەرلەرنىڭ بولۇشى بىلەن پەخىرلىنىشكە بولىدىغان ئاشۇ دەۋرلەردىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى ياخشىلاپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆۋرۈك ۋە ساراي - ئۆتەڭلەرنى ياساتتى. ئۇ ياساتقان بەزى تاشيوللار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى شۇكى، پايتەخت ئىسفاھاننى قايتىدىن ياسىتىپ، ئۇنى قوش تاشيوللۇق يېڭى شەھەرگە ئايلاندۇردى. ئۇ

چىرايلىق بىنالار بىلەن بۇ شەھەرنى زىننەتلەپ، ئۇنى شۇ دەۋردىكى ئاجايىپ كۆركەم شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ياۋروپالىق نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر پېرسىيە ۋە سەفەۋىيلەر خانلىقىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى جانلىق خاتىرىلەپ بايان قىلغان. بۇ شەھەردە 600 مىڭ ئاھالە، 162 مەسچىت، 48 دىنىي مەكتەپ، 182 ساراي ـ ئۆتەڭ ۋە 173 ئاممىۋى سەرراپ بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كوچا ناھايىتى تار بولسىمۇ، ئەمما ھەممىلا ئائىلىنىڭ دېگۈدەك گۈللۈكى بولغان. پادىشاھ غەيرىي مۇسۇلمانلارغىمۇ ناھايىتى كەڭ قورساقلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىگە يول قويغان. ئۇ پېرسىيەدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىر مىللەت قىلىپ قوشۇۋېتىپ، ئۇلارغا ئوخشاش نۇقتىئىنەزەردىكى بىر خىل ئەدەبىياتنى، بىر خىل مەدەنىيەتنى ۋە بىر خىل دىنىي سىگدۇرۇش كويىدا بولغان. ئۇ مەشھەد بىلەن ئىمام رىزا قەبرىستانلىقىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مەشھۇر مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇقەددەس جايلارنى قەرەللىك تۇردە تاۋاپ قىلىپ تۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر قېتىم 800 ئىنگلىز لىسى كېلىدىغان يولنى پىيادە يۈرۈپ، مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىشقا بارغان. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى ھەمدە پارسلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇ يەنىلا تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ ئىدى. ئۇ نەزەر دائىرىسى كەڭ، سالماق ئادەم ئىدى. فىرانسىيە ساياھەتچىسى چاردىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ شۇنداق بىر داھىي ئىدىكى، كىشىلەر «بۇ ئۇلۇغ پادىشاھ ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، پېرسىيەمۇ قايتا گۈللىنەلمەيدۇ» دەپ ئىشىنەتتى.

**پادىشاھ شاقى** ئابباس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شافى پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىچكى رەزىللىك ئىچىگە قاپسىلىپ قالدى. بۇ خىل رەزىللىك مۇسۇلمان خانلىقىنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە قايسىلىيەتلىك پادىشاھلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىقنى ئازابلاشقا باشلىغانىدى. ئاببا سىيلار خانلىقى ۋە ئىسپانىيەدە قۇرۇلغان كېيىنكى ئۇمەييەلەر خانلىقىنى ھەمدە چىڭگىزانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوسمانىي تۈركلىرىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ رەزىللىك سەفەۋىيلەر خانلىقىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل رەزىللىكنى «ھەرەمخانا ھۆكۈمرانلىقى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. خانىشلارنىڭ شاھزادىلەر ۋە ھوقۇق تەلەپ قىلغۇۋاتقانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى بىر قاتار ئاشكارا ـ يوشۇرۇن كۈرەشلەرگە سەۋەبچى بولدى. پادىشاھ شافى مۇنداق ئەھۋاللار ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەلنى كۆرگەن تۈركلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت زېمىنىغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. نەتىجىدە تۈركلەر سۇلتانى مۇراد Ⅳ 1630 ـ يىلى پېرسىيە زېمىنىغا ئۇدۇل ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھەمەدانىنى ئىشغال قىلدى. بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈركلەر ئېرىۋان بىلەن تەبرىزنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋالدى. ئاخىر 1636 ـ يىلى باغدادنى ئىشغال قىلىپ، پارسلارنى سۈلھىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ سۈلھىگە ئاساسەن، پارسلار دەرۋەقە شىمالدىكى ئېرىۋان شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما باغداد شەھىرى تۈركلەرگە مەڭگۈ تەۋە بولۇپ قالدى.

**شافىنىڭ ۋارىسلىرى** پادىشاھ شافىدىن كېيىنكى ۋارىسلارمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىكتە قالدۇردى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارغا قەتئىي، كۈچلۈك قارشى تۇرالمىغانلىقتىن

شەرقىي ياكى شىمالىي تەرەپتىكى زېمىنلارنى ئايرىپ بەردى. پادىشاھ ئابباس II (1642 — 1667) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئەمما ئۇ تەختكە چىققان چاغدا ئاران 10 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭدا قابىلىيەت بولمىغاچقا، دۆلەت بارغانسېرى زەئىپلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى پادىشاھ سۇلايمان (1667 — 1694) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇ راھەت ـ پاراغەت، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئوردىدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى دوراپ، خانلىقنىڭ گۇمران بولۇشقا قاراپ مېڭىشىغا سۈكۈت قىلدى. لېكىن، خۇددى بەزى چاغلاردا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنىغا ھېلىمۇ ياخشى بىر ھۆرمەتلىك كىشى چىقتى. يېڭى پادىشاھ ھۈسەيىن (1694 — 1712) ئالدىنقى ھۆكۈمرانلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. ئەمما، ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ تەۋرەنمەس مۇرىتى ئىدى. ئۇنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتى ۋە ئادىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ كەتكەنلىكى، قوشنا دۆلەتنىڭ سەفەۋىيلەر زېمىنىغا قايتىدىن بېسىپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىگە قارشى ئەسكەر باشلايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قارشى تۇرۇشقا جەلپ قىلدى.

**سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى** ئۇزاق ئۆتمەي سەفەۋىيلەر بىلەن ئافغانلار توقۇنۇشۇپ قالدى. گەرچە بىر مەزگىلدىن كېيىن سەفەۋىيلەر خانلىقى يەنە بىر مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پېرسىيە تارىخىدا بۇنداق پارلاق باسقۇچ ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئاياغلاشقانىدى. بىراق، كېيىنكى نەسەبتىكى پېرسىيە پادىشاھلىرى ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن ئىككى ئىشنى، يەنى سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بىلەن دىنىي ئىدىيەسىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشكە

www.uyghurkitap.com

توغرا كېلىدۇ. سەفەۋىيلەر خانلىقىدىن باشلاپلا پېرسىيە شىئە مەزھىپى تەلىماتىدىكى دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ بابتا ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى ۋە پادىشاھى** سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلى ئاللىبۇرۇنلا پادىشاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كەلدى. دەرۋەقە، پادىشاھنىڭ ئۆزى دۆلەتنىڭ مۇتلەق باشلىقى ئىدى. پادىشاھ باش سوتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى دېلولارنى ئۆزى رەسمىي سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىراتتى. بۇ ئەھۋال موغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان بىلەن ياكى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى باشقا جايلار بىلەن، ياكى چېگرانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشاش ئىدى. پادىشاھ قوشۇنلارنىڭ باش قوماندانى ئىدى. پادىشاھلار پەقەت ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولسىلا، ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى.

**ۋەزىر** بارلىق مۇسۇلمان پادىشاھلىرىغا ئوخشاشلا، پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىرلەر مەجلىسى تەسىس قىلىنغانىدى. پادىشاھتىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئەمەلدار «باش ۋەزىر» دەپ ئاتىلىپ، كۆپلىگەن سورۇنلاردا پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلاتتى. باش ۋەزىر شاھزادىلەردىن ياكى ئاقسۆڭەكلەردىن بولاتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا «ئەمىرۇل ئۇمەرا» بولۇپ، ئاساسەن باش مىنىستىرغا تەڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلدار «سەدرۇس سۇدۇر» بولۇپ، ئۇ پادىشاھ ئىرادىسىنىڭ ھىمايىچىسى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە مالىيە ۋەزىرى ۋە باشقا تارماقلارنىڭ

ۋەزىرلىرى بولاتتى. يۇقىرىقى مەنسەپلەرنى راستچىل، سادىق، چىنىققان ھەمدە سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تەجرىبىسى بارلىقى ئىسپاتلانغان كىشىلەرلا ئۆز ئۈستىگە ئالالايتتى. بۇلاردىن ئالدىنقى تۆتى كىچىك بىر ئىچكى كابىنېتنى تەشكىل قىلاتتى. مۇراسىم ئاقساقىلى ۋە پادىشاھلىقنىڭ مۆھۈردارى قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت ئۇردا ئەمەلدارى بولۇپ، مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى.

**ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت** ھەرقايسى جايلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئاساسەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەربىي باشلىق بولسىلا، باش ۋالىيلىققا تەيىنلىنەتتى. گەرچە ئۇلاردىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، ئەمما مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەكىل تەيىنلىشىگە رۇخسەت قىلىناتتى. باش ۋالىي ئۆلكىنىڭ كىرىمىگە تايىنىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قامدايتتى. ئەمما، ئومۇمىي كىرىمدىن بەلگىلىك نىسبەتتە دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. باش ۋالىي ئۆز قوشۇنىنى ئۆزى تەمىنلەيتتى. قوشۇننىڭ سانى، سۈپىتى ۋە تۈرى باج ـ سېلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. قوشۇن بۇيرۇقىقا بىنائەن جەڭگە ئاتلانغاندا ياكى چاقىرىققا ئاساسەن پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىدا جەڭگە قاتناشقاندا، قوشۇنلارغا باش ۋالىينىڭ ئۆزى جەزمەن يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا باش ۋالىي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش سوتچىلىقىنىمۇ ئۆتەيتتى. چوڭ مەمۇرىي ئۆلكىلەردە باش ۋالىي ئۆزىگە بىر ياردەمچى تەيىنلەپ، بىر قىسىم جايلارنى ئىدارە قىلدۇرسىمۇ بولاتتى. ھەربىر مۇھىم بازارلاردا قورغان تەسىس قىلىنىپ، بىر قىسىم قوشۇن تۇرغۇزۇلاتتى. ئۇلارغا شەھەر قوغداش ئەمەلدارى قوماندانلىق قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

**باج** باج كىرىمى ئاساسەن يەر بېجى، سودا بېجى سۇيۇرغاللىقتا ئىگە بولغان شاھزادىلەر تاپشۇرىدىغان ئولپان، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى، تاموژنا بېجى، چېگرادىن ئۆتۈش بېجى ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن ئېلىنىدىغان باج قاتارلىقلاردىن كېلەتتى. مالىيە مەھكىمىسى قارىمىقىدا بىرسى باج يىغىشقا مەسئۇل بولىدىغان، يەنە بىرسى ھېسابات ئېنىقلاش نەق چوتىقا مەسئۇل بولىدىغان ئىككى تارماق ئورگان تەسىس قىلىناتتى. بۇ ئابباسىيلار سۇلالىسى ياكى كېيىنكى ئابباسىيلار خەلىپىلىك ئىمپېرىيەسى قارىمىقىدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان پادىشاھلىقلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

**ئىماملار ھەققىدىكى دىنىي ئەقىدە** پېرسىيەنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭ دىنىي ئەھۋالى ئۈستىدە بىر قېتىم مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش زۆرۈر. ئۇنىڭ ئىمام ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شىئەلەر خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلاپلا ھەزرىتى ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى دەپ ئىشىنىپ كەلگەن. بۇ خىل ئىشىنىش تەدرىجىي ھالدا ئەقىدىگە، كېيىنچە بولسا مۇكەممەل دىنىي ئەقىدىسى ۋە دىنىي تەلىماتى بولغان بىر خىل ئېتىقادقا تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىمامەت (ئىمام ھەققىدىكى دىنىي تەلىمات) ۋە مەزھەپ بارلىققا كەلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىماملىق — مۇقەددەس، ئاللاھتائاللا قىلغان، دەپ قارالدى. ئۇنىڭ رادىكال شەكىللىرى چۈشەنچە جەھەتتە بەزى غەلىتە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىماملارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇلار پەقەت ئاللاھ روھىنىڭ ھەر خىل گەۋدىدە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەقىدىنى ئىزاھلايدىغان ئەڭ ئومۇمىي فورمۇلا: بىزنىڭ ئارىمىزدىكى

بىرىنچى كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئاخىرقى بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار يەنە ئىمام يورۇقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بارلىق پاك، سىرلىق بىلىملىرى بارلىق روھى بەخت ئىماملار ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ھەتتا ئىمام باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ رادىكال شەكىللىرى ھەزرىتى ئەلى ئاللاھنىڭ سىمۋولى، شۇڭا، ئىماملارنىڭ ئۆزىدە كۆپلەپ ئىلاھىي خىسلەت بار، دەيدىغان چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**12 ئىمام** جەمئىي 12 ئىمام بار، ئۇلارنىڭ ئەلىدىن باشلانغان رەت ـ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: (1) ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ؛ (2) ھەسەن ئىبنى ئەلى؛ (3) ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى؛ (4) ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن؛ (5) مۇھەممەد باقىر؛ (6) جەفەر سادىق؛ (7) مۇساكا زىم؛ (8) ئەلى رىزا؛ (9) مۇھەممەد تەقى؛ (10) ئەلى نەقى؛ (11) ھەسەن ئەسقەرى؛ (12) ئىمام مەھدى. ئۇلار ئارىسىدىكى جەفەر سادىق (700 ــ 765) ئۇمەييەلەر سۇلالىسى يىمىرىلىۋاتقان مەزگىلدە ياشىغان بولۇپ، ئالاھىدە ئورۇندىن بەھرىمەن بولغان. ئۇ شىئە مەزھىپىنى مۇستەھكەملىگەن ھەمدە نۇقتىئىنەزىرى بىلەن شىئە تەلىماتىنى بېيىتقان، ئىمام ئەلى رىزانىڭ مەئمۇننىڭ كۈيۈ ئوغلى ئىكەنلىكى ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىندى. ئۇ ئىماملار ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەشھەدتىكى قەبرىستانلىقى شىئە مەزھىپىدىكىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مەركەز بولۇپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاخىرقى ئىمام تېخى ياش تۇرۇپلا غايىب بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ ھېلىمۇ ھايات ئىكەن. كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا تازا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇ ئاخىر يەر يۈزىگە قايتىدۇ، ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا، ئۇ ئېتىقادنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتا جانلاندۇرىدۇ، ئىسلام دىنىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. قۇتقۇزغۇچى ئىگەم ئوتتۇرىغا قايتا چىقىدۇ دېيىدىغان بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ مەنبەسى ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن دىنلار ئۈچۈن ئورتاق. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئىمام مەھدى (ئۈمىد قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى خۇدا) نىڭ قايتا ئايان بولۇشى دەپ ئاتىۋالغانىدى. كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللى تېپىشىنى ئىزدىگەنلىكى نەتىجىسىدە، ئۇنداق كىشىلەر ئۆز ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى توپلىۋېلىشتى. فاتىمەمۇ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىرىشتى. چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئايالى، ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، 632 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى، ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئىككى ئوغلىدىن ئىبارەت بەش كىشى شىئە مەزھىپىدە «بەش ئەۋلىيا» دەپ ئاتالدى.

**ھەدىسلەر ھەققىدىكى تۆت كىلاسسىك كىتاب** شىئە مەزھىپىنىڭ ھەدىسلىرى سامانىيلار خانلىقى①دا شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئەمما بۇۋەيھىدىيلەر خانلىقى② دەۋرىدە رەسمىي كىتاب بولۇپ چىقتى. ھەدىسنى تەتقىق قىلىش ۋە تاللاش خىزمىتى تەدرىجىي باشلاندى. بۇ جەھەتتە ئۈچ نەپەر ئۇلۇغ مۇھەددىس (ھەدىس ئالىمى) تۆت پارچە ھەدىسلەر توپلىمى يازدى:

(1) مۇھەممەد ئىبنى يەقۇب كۇلەينى (939 ـ يىلى ۋاپات بولغان.) ئۇنىڭ «دىنىي ئىلىم توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» («كافى ئىلمۇددىن»)ناملىق ئەسىرى بار. بۇ كىتابقا شىئە مەزھىپىنىڭ

① سامانىيلار خانلىقى (874 ـــ 999) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بەشىنچى بابقا قارالسۇن.

② بۇۋەيھىدىيلەر خانلىقى (945 ـــ 1055) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

16 مىڭدىن ئارتۇق ھەدىسى كىرگۈزۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 20 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققانىكەن. بۇ ئەسەر «ئىسلام دىنىدا قىممىتى ئەڭ زور ئەسەر» دەپ مەدھىيەلىنىدۇ.

(2) ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ھۈسەيىن ئىبنى مۇسا ئىبنى بەبۇۋەيھى بولۇپ، ئۇ ئىبنى بەبۇيە (991 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ شىئە مەزھىپى تارىخىدا ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. بەبۇۋەيھى بۇۋەيھىدىيلەر سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى زۇخ دەۋلەنىڭ يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا ئېرىشكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ باغدادتا 30 يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇنىڭ «ھەممە كىشى ئۆزىگە قانۇنچى» («مەنلا رازۇرۇھۇل فەقىھ»)ناملىق ئەسىرى بار.

(3) ئۈچىنچى ئۇلۇغ مۇھەممەددىس مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن تۇسى بولۇپ، ئۇمۇ باغدادقا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى نەتىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۈننىي ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۇنى ئۇلۇغ ئۇستاز دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ 1022 ـ يىلى ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا بۇۋەيھىدىيلەر خاتىلىقى ئاللىقاچان گۇمران بولغانىدى. ئۇ ھەر خىل تېمىلاردا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانىدى. ئەمما، ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ «ھۆكۈمنىڭ توغرىلىنىشى» («تەھزىبە ـ ئەل ئەھكام») ۋە «ھەدىسلەرنى پەرق ئېتىش» («ئىستىبسارفىماختۇلىفەمىنەل ئەخبا»)ناملىق ئىككى شىئە ھەدىس كىتابى ئەڭ داڭلىق.

**شىئە مەزھىپى** مۇقەددەس كىتابىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە، شىئە مەزھىپىدە ئاساسەن ئۈچ گۇرۇھ، يەنى سۈننىيلەرگە ئەڭ يېقىنلار، ئەڭ يىراقلار ۋە ئوتتۇرىدىكىلەر دېيىلىدىغان گۇرۇھلار بار. ئۇلارنى كونسېرۋاتىپلار، مۆتىدىللەر ۋە رادىكاللار دەپ

www.uyghurkitap.com

ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى ئىمام ئۇقۇمىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. كونسېرۋاتىپلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى زەئىدىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىمامنىڭ ئۆزىدىكى ئىلاھىيلىق چەكلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنى ئاتا قىلغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئۇلار «ئىلاھىي نۇر» ئالدىنقى ئىمام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاجايىپ سىرلىق ھالدا كېيىنكى ئىمامنىڭ تېنىگە ئۆتىدۇ دېگەنگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئىمامنىڭ قۇربان بولۇشى، پەقەت ئەلدىن قالغان مىراسقا «ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلىق دەپ قارايدۇ. رادىكاللار بولسا يەنە بىر قوتۇپقا مېڭىپ، «ئىلاھىي نۇر»نىڭ مۇتلەق يۆتكىلىدىغانلىقىغا، يەنى ئالدىنقى ئىمام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، «ئىلاھىي نۇر» ئۆزلۈكىدىن كېيىنكى ئىمامنىڭ تېنىگە يۆتكىلىدىغانلىقىغا، شۇ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ئادەم تېنىدە تاكى شۇ ئادەم ئاللاھ بولغۇچە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئىمامىيە گۇرۇھىدىكىلەر مۇتىدىللەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار «ئىلاھىي نۇر تولۇق كۆچمەيدۇ» غانلىقىغا ئىشىنىدۇ، يەنى ئىمام بەربىر ئادەم. ئەمما، ئۇنىڭدا ئىلاھىي نۇر مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. بۇ گۇرۇھ ئىچىدىن دۇرۇز گۇرۇھىنى رادىكاللار دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئىسلامىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ رادىكال شەكىلدىكىلەر قەرمەتىيلەر گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىدىن بولغان باتىنىيە گۇرۇھى بىلەن نۇسەيرىيە گۇرۇھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈش ياكى جان پىدا قىلىش ئەڭ قىممەتلىك ئىش. «ئۆلۈش» جىن ـ شاياتۇنلارغا تىز پۈككەنلىك ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېقىنلىشىشنى ئىزدىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىسمائىلىيلار مەزھىپىدە ساتىرلىغان پىدائىيلارنىڭ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي

داھىيسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، قىلچە ئارىسالدى بولماي ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا ئىزدىگەن.

**ئىمامنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى** (ۋەكىل) باشقا مەزھەپ ۋە ئېتىقادتىكىلەرگە ئوخشاشلا، شىئە مەزھىپى ئالىملىرى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئارىسىدىمۇ بىلىمى ئىنتايىن مول، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان مەشھۇر ئۇلۇغ زاتلار ئۆتكەن. بىز بۇ يەردە ئۇلاردىن بىرىنەچچىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. ئالدى بىلەن بىز ئىماملارنىڭ، مەسىلەن، جەفەر سادىق ياكى ئەلى رىزالارنىڭمۇ «ۋەكىل» دەپ ئاتىلىدىغان پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى بارلىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئىمام بولماي قالسا، ۋەكىلىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. بەزى ۋەكىللەر ھەتتا ئۆزىنى «غايىب ئىمام» ھېسابلايدۇ. شىئە مەزھىپىنىڭ تارىخىدا مۇشۇنداق ئىماملاردىن تۆتى ئۆتكەنىدى. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاخىرقى ئىمام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلاھىيەتشۇناسلاردىن بىر ئېسىلزادە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ «غايىب ئىمام» بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى «ۋاستىچى» بولدى، تاكى سەفەۋىيلەر خانلىقىدا مۇشۇ ئەمەل تەسىس قىلىنغانغا قەدەر ۋەكىل دېگەن نام داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئەمەل «شەيخۇلئىسلام» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ئوردا ئىچىدە ئىنتايىن ھۆرمەتكە ئىگە ئەمەلدار ئىدى. ئۇ شىئە شەرىئىتىدە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇفتى ھېسابلىناتتى.

**شىئە ئېتىقادىنىڭ مۇجەددىدى** شىئە ئېتىقادىنىڭ يەنە ئۆز «مۇجەددىدى» (گۈللەندۈرگۈچىسى) بولىدۇ. شىئە مەزھىپى ئېتىقادچىلىرى ئىسلام دىنىدىكى ھەربىر دەۋردە بىر مۇجەددىد بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بىرىنچى مۇجەددىدىن ئىمام مۇھەممەد باقىر، ئىككىنچى مۇجەددىد ئىمام ئەلى رىزا ئىدى. رازىلىق مۇھەممەد ئىبنى يەقۇب بىلەن شەرىف مۇتەزالار بولسا ئايرىم –

www.uyghurkitap.com

ئايرىم ھالدا ئۇنىڭدىن 300 يىل ۋە 400 يىل كېيىنكى مۇجەددىدلەردۇر. شىئە مەزھەپىدىكىلەر ئىمام غەززالىنى بەشىنچى مۇجەددىد دەپ ئىشىنىدۇ، ھەتتا ئۇ تېخىمۇ ئۇلۇغ مۇجەددىد دەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلاھىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ مول بىلىمى، چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە ئاجايىپ دىنىي كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن نام چىقارغانىدى. مۇھەممەدىس ئىبنى بابۇيە بۇۋەيھىدىيلەر دەۋرىدىلا ناھايىتى ئاتاق قازانغانىدى. ئىمام مۇسا كازىمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى شەرىف مۇرتەزا ئاشۇ دەۋردىكى ئەلچىلەرنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ۋەكىلى ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ ناتىق، مۇنازىرىچى ۋە تەشكىلاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەشكىللىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسى شەرىف رازى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «نەھجەل بالاغەت» (ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۆز توپلىمى)نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئەسەر شىئە مەزھەپىدىكىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە.

**سەفەۋىيلەر ئىلاھىيىتى** شىئە مەزھەپىدىكىلەر سۈننىيلەرگە قارىغاندا ئىجتىھات پىرىنسىپىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. سۈننىي مەزھەپىدىكى مۆپتىلار ئادەتتە ئىلگىرىكى نوپۇزغا ئاساسەن مۇقەددەس شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ، ئەمما پېرسىيەدىكى مۇجتەھىدلار (دىنىي ئالىملار) بولسا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»كە ئاساسەن قارار چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىياس پىرىنسىپىنىمۇ قوللىنىدۇ ھەمدە ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ قىياس، ئىجتىھاد، راي ۋە ئىجمە قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلىش ھەر خىل - ھەر ياڭزا پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا

كېلىشكەنمۇ سەۋەب بولغان. شۇڭا، شىئەلەرنىڭ شەرىئەت مەزھەپلىرى سۈننىيلەرنىڭ شەرىئەت مەزھەپلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ، ئۇنىڭدىكى ئوخشىماسلىقلار تېخىمۇ گەۋدىلىك. نۇرغۇنلىغان ئىلاھىيەتشۇناسلار، مەسىلەن، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ھىللى ئىجلى ھەتتا «ھەدىس»نىڭ نوپۇزىنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت ئىجمە پىرىنسىپىنىلا ئاساس قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، موللا ئەمىن ئەستەرە بادى (1626 ـ يىلى ۋاپات بولغان)غا ئوخشاش بىر قىسىم ئىلاھىيەتشۇناسلار «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا، پەقەت «ھەدىس» نىلا قوللىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ قىياس ئۇسۇلىنى قوللىنىش پەقەت ئۆز مەيلىچە بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىجمە پىرىنسىپى بولسا قىلچە ئەھمىيىتى يوق نەرسە، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ئىلاھىيەتشۇناسلار ئىچىدە ئەڭ قىزىقارلىق شەخس ـــ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ «ئاردابىل ئەۋلىياسى» دەپ ئاتالدى. ئۇ بۈيۈك پادىشاھ ئابباس دەۋرىدە ئۆتكەن كىشى ئىدى. ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، دائىم ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ ھەمىشە بېشىغا سەللە ئورىۋالاتتى. ھەر قېتىم يالاڭ تۆش كەمبەغەللەرگە يولۇققاندا، سەللىنىڭ بىر ئۇچىدىن بىر ـ ئىككى گەز يىرتىپ ئۇلارغا بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، دائىم تېخى ئۇ ئۆيىگە يېتىپ بارمايلا، سەللە تۈگەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئىلاھىيەتشۇناسلار، مەسىلەن، نۇرىددىن ئەلى ئابدال ئەلى، مۇھەممەد باھائىددىن ئاملى قاتارلىقلارمۇ بار. ئەمما، شىئە مەزھىپىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىلاھىيەتشۇناس بولۇپ، ئۇ شىئە مەزھىپىدىكى ئۇلۇغ بىر پەيلاسوپ دەپ تونۇلدى. ئۇنىڭ ئىسمى موللا سەدرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم بولۇپ، ئادەتتە موللا سەدرا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ باھائىددىن ئاملى بىلەن بىر دامادىن ئىبارەت ئىككى شەيخنىڭ

www.uyghurkitap.com

شاگىرتى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە قەتئىي ئىشەندى ۋە ئىككى شەيخنىڭ ئىلمىي ئىقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلىدى. ئەمما، ئۇ شىئە ئەنئەنىچىلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ «شاۋاھىدۇررۇبۇبىيە» («ئىلاھىيلىقنىڭ دەلىللىرى») دېگەن ۋەكىللىك ئەسىرى بار. ئۇ 1649 ـ يىلى ۋاپات بولدى. كىشىلەر ئۇنى شەخسىي نەتىجىسى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى تۈپەيلىدىن سېغىنىدۇ.

**شەيخىيە** شەيخىيە دېگەن نام شەيخ ئەھمەد (1741 ـــ 1826) تىن كەلگەن. ئەھمەد دەسلەپكى چاغلاردا ئۆز يۇرتىدا ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپىدىن دەرس ئۆتكەن ۋە كېيىن يەزدىيە شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ قەزۋىنلىك ھاجى موللا رازى بىلەن تونۇشقان، ھاجى موللا رازى شۇ چاغدا ئەنئەنىچىلەرنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئەمما نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىكىلەرگە تەئەللۇق ئەمەس ئىدى، مەسىلەن، ئۇ ئىماملارنى ياراتقۇچى كۈچ دەپ قاراپ، ئەگەر بۇ ياراتقۇچى كۈچ بولمىسا، ئاللاھ ھېچنېمىنى يارىتالمايدۇ، دېدى. ئۇ يەنە «پەقەت ئىمامدىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر ۋاستىچى ئارقىلىقلا، ئاندىن ئاللاھنى چۈشەنگىلى بولىدۇ» دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭ: «بىز قۇرئاندىكى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ، بىز ساڭىلا چوقۇنىمىز، سەندىن ياردەم تىلەيمىز، دېگەن چېغىمىزدا، بىز پەقەت ئەلىنىلا ئويلايمىز» دېگەن مەشھۇر بىر سۆزى بار. شۇڭا، شىئەلەر ئارىسىدا ئۇنىڭمۇ بىدئەت دەپ قارىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بابى ۋە بەھائى مەزھەپلىرىدىمۇ ئىنتايىن زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىكەن.

**ئافغانلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى** سەفەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ

پادىشاھى ھۈسەيىن پېرسىيە خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىۋاتقان ھەمدە ئۇلارنى تېخىمۇ مۇتەئەسسىپ بولغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاۋاتقان چاغدا، قەتئىي سۈننىي ئېتىقادچىسى بولغان پاتانلارنىڭ مىر ۋائىس ئىسىملىك رەھبىرى ئافغانىستاندىكى قەندەھاردا ئىسيان كۆتۈردى. پادىشاھ ھۈسەيىن ئۇلارنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ قوشۇن كەسكىن ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى قەيسەر يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. مىر ۋائىس بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن ئاشكارا ھالدا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى پادىشاھ ھۈسەيىن بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، پېرسىيە پادىشاھىنىڭ مېتروپولوگىيەلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار بۇنى بىزگە قىلىنغان ساتقۇنلۇق دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار بىز پۈتۈنلەي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردۇق، دېيىشتى، شۇنداق قىلىپ، 1717 ـ يىلى ئۇنى ئاغدۇرۇپ، مىر مەھمۇدنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. شۇ يىلى ئابدالىلارنىڭ رەھبىرى ھىراتتا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. پېرسىيە پادىشاھى قانداق تەدبىر كۆرۈشنى بىلەلمەي قالدى. بولۇپمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، قەندەھارنىڭ ھۆكۈمرانى مىر مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1722 ـ يىلى پاتانلارغا باشچىلىق قىلىپ، پېرسىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا پېرسىيە قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ روھى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوشاڭ، قورال ـ ياراغلىرى ناچار بولۇپ، شارائىت ئۇلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. ئۇلار زورمۇزور ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، پەقەت ئاران ـ ئارانلا قارشىلىق كۆرسىتەلىدى. مىر مەھمۇد گۇلنابادتىكى ئۇرۇشتا سىمۋول خاراكتېرلىك غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قوشۇن باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسفاھانغا يۈرۈش قىلدى. پادىشاھ ھۆسەيىن ئورنىنى بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىر مەھمۇد پېرسىيەنىڭ پادىشاھى بولدى. ھۆسەيىننىڭ ئوغلى تەھمەسىپ مازاندارانغا قېچىپ بېرىپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى.

**ئىمپېراتور پېتىر ۋە پېرسىيە** بۇ چاغدا ئىمپېراتور پېتىر رۇسىيەنىڭ چار پادىشاھى بولۇپ، ئۇ پېرسىيەدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلاندى. ئۇ پېرسىيە سۇلالىسىنىڭ قانۇنىي ۋارىسىنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، 1772 ـ يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئېگەي دېڭىزىدىكى پېرسىيە پورتى — دارباند پورتىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىككىنچى يىلى لىست ۋە باكۇنى ئىشغال قىلدى. تەھمەسىپ شىرۋان، داغىستان، گىلان، مازانداران ۋە ئەستەرەبادلارنى رۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭ شەرتى سۈپىتىدە ئىمپېراتور پېتىر ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بەرمەكچى بولدى. تۈركىيەلىكلەرمۇ رۇسىيەلىكلەردىن قېلىشمىدى. ئۇلار 1723 ـ يىلى تىفلىسنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، رۇسىيەلىكلەر بىلەن تۈركىيەلىكلەر ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، پېرسىيەنى ئورتاق بۆلۈۋېلىشقا قوشۇلدى. تۈركىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبرىز، ھەمەدان ۋە كىرمانشاھلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە (1724 — 1725) ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى.

**مىر مەھمۇد** بىر تەرەپتە مىر مەھمۇد پېرسىيەنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسىدەك بولمىدى. ئۇ غەربىي شىمالى چېگرادا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئەھۋاللاردىن ئەندىشە قىلدى، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىك

بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سىتىۋېتىلگەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭدا تەشۋىشلىنىش ۋە ئۆچ ئېلىش خىيالى ئۆسۈپ قالدى. ئىسفاھاندىكى تەربىيە كۆرگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ پەقەت ياۋايى بىر ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ سالاھىيەت جەھەتتە پادىشاھ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنى مەنسىتمەيدىغانلىقىنى يوشۇرمىدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن مىر مەھمۇد ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىغا ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتقان سەفەۋىيلەردىكى بەگ ـ تۆرە ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن زورلۇق ۋاستىلەر بىلەن ئىنتىقام ئېلىشنى قارار قىلدى. ئۇ ساختا جىنايەت پاكىتى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بىر مەيدان چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بەگ ـ تۆرىلەر، ئاقسۆڭەكلەر، ئەسكەرلەر، ھەتتا ئادەتتىكى خەلقلەرنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئامان قېلىشى تەس بولدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىرنەچچە يىلدا پېرسىيە ھەقىقەتەن تېررورلۇق كەيپىياتىغا تولدى.

**ئەشرەف شاھ (1725 — 1730)** مىر مەھمۇد ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇھ دەپ خېلىلا يەڭگىللىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋارىسى ئەشرەف شاھ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان كىشى بولغاچقا، خەلققە خېلى ياخشىلىق قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئەمما، يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ قىرغىنچىلىق خەلقنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەكلا تۇرغاچقا، خەلق يەنە يېڭى قىرغىنچىلىق يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشەنمەسلىك ۋە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى. ئۇ، ئۆز يۇرتى قەندەھاردىنمۇ ھېچقانچە ياردەم ئالالمىدى. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشى بولۇپ، ئاسانلىقچە ئوڭۇشسىزلىققا تەن بەرمەيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش 1727 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا تۈركلەر ئىسفاھانغا قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ تۈركلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى. ئۇ پايدىلىق سودا بولدى. ئۇ ئىستېلا قىلىنىۋېلىنغان زېمىنلارنى تۈرك سۇلتانىغا بېرىش بەدىلىگە، ئۆزىنىڭ پېرسىيە پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېتىراپ قىلدۇردى. ئەمما، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانچە ياردىمى بولمىدى، چۈنكى شۇ يىلى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن پېرسىيە پادىشاھى تەھمەسپ خۇراساندىكى قۇدرەتلىك ئافشار تەبىقىسىنىڭ ئاقساقىلى نادىر قۇلى بىلەن بىرلىشىپ دۆلىتىگە يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلدى. بىرلەشمە قوشۇن مەشھەد بىلەن ھىراتنى ئىگىلەپ، ناھايىتى تېزلا ئىسفاھانغا يېقىنلاپ كەلدى. ئافغانىستانلىق ھاكىمىيەت تارتىۋالغۇچى ئەشرەف شاھ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى (1728 ـ يىلى)، ئۇ قېلىپ قالغان قىسمىنى باشلاپ قاچتى ۋە 1730 ـ يىلى جەنۇبىي قىسىمدىكى شىرازغا يېقىن جايدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئافغانلىرى بىلەن بىللە قەيسەرانە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى، ئەشرەف جەڭگاھتىن قېچىپ چىقتى ۋە قەندەھارغا قايتىش سەپىرىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تارقىلىپ كېتىپ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ئافغانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇنداق بولدى. ئۇ دۆلەتنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

**پادىشاھ تەھمەسپ II (1730 ـــ 1732)** بۇ چاغدا تەھمەسپ يەنە بىر قېتىم پېرسىيە پادىشاھى بولدى، ئەمما ئۇ نامدىلا پادىشاھ ئىدى، ھەقىقىي ھۆكۈمران نادىر قۇلى بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ سىڭلىسى بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. نادىر قابىلىيەتلىك سەركەردە ئىدى. ئۇ ئەشرەف شاھنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تۈركلەرگە قارىتىپ، ئۇلارنى ھەمەدان، كىرمان ۋە تەبرىزدىن قوغلاپ

چىقاردى. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ئاۋۋال تۈركلەر بۇنداق رەقىبكە ئىنتايىن ئاز يولۇققانىدى. ئارقىدىنلا ئۇ ھىراتتىكى ئابدالىس قەبىلىسىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، تۈركلەرگە ئۇ ئارقا تەرەپتىن يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدا، تەھمەسىپ نادىرنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتىكى غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشنى خىيال قىلىپ، ئۆزى بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ بىر ئەخمىقانە پىلان ئىدى، چۈنكى تەھمەسىپ ئۇرۇش قىلىشنى زادىلا بىلمەيتتى. نەتىجىدە تۈركلەر ئۇنى ئاسانلا مەغلۇپ قىلدى ھەمدە قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. نادىر بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كېلىپ، تېزلىكتە ئىسفاھانغا قايتىپ كەلدى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدى. ئۇنىڭ تەھمەسىپنى تەختتىن چۈشۈپ، ئاران سەككىز ئايلىق بولغان ئوغلىنى خان قىلىپ، ئۇنى ئاببas Ⅲ دەپ ئاتىدى. ئاببas Ⅲ بۇ جەمەتنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ، ئۇ پەقەت قارانچۇق ھۆكۈمران ئىدى.

**نائىب شاھ نادىر (1731 — 1736)** نادىر كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب بولۇپ، زېھنىي قابىلىيىتى ئىنتايىن ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئېيتقاندا، ھەربىي كەتتىنىڭ مۇھىملىقى خۇددى ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ناھايىتى تېزلىكتە رۇسىيەلىكلەرگە بۇراپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق بولمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ 1732 - يىلىدىكى لىست شەرتنامىسىگە ئاساسەن، مازاندىران، ئەستەرەباد ۋە گىلانلارنى قايتۇرۇۋالدى. نادىر رۇسىيەلىكلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئالدىراۋاتقان چاغدا، تۈركلەر ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ پېرسىيەگە بېسىپ كىردى. نادىر ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، كىركۇكتا تۈرك قوشۇنلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قوشۇنلىرىنى توپلاپ يەنە بىر قېتىم باغدادقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. دەل شۇ چاغدا شىمالىي رايوندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ نائىلاج مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تېزلىكتە شىمالدىكى ماۋارەئۇننەھرگە قايتىپ بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى. ئەمما، نادىر كىركۈكتىكى ئىزا ـ ئاھانەتنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ رۇسىيەلىكلەر بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، ئىمپېراتور پېتىر كافكازدا ئىگىلىۋالغان بارلىق زېمىندىن، جۈملىدىن باكۇ بىلەن دارباندتىن ۋاز كەچتى. بۇنىڭغا جاۋابەن رۇسىيە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تۈركلەرگە قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە 1735 ـ يىلى نادىر باغۋەند ئۇرۇشىدا تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تىفلىسنى ئىشغال قىلدى.

**پېرسىيە پادىشاھى نادىر شاھ (1736 ـــ 1747)** بالا پادىشاھ ئاbباس III 1736 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق ئورنى رەسمىي نادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ خانلىق ئورنىنى قوبۇل قىلىشتا، دۆلەت دىنىنى ئۆزگەرتىشنى شەرت قىلىپ قويغانىدى. ئۇ پېرسىيەدە سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما پارسلارنىڭ ئىدىيەسىنى بۇراش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە خۇددى داۋالغىلى بولمايدىغان ئۆسمىگە ئايلىنىپ قالدى. 1737 ـ يىلى نادىر ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى شىمالىي قىسمىدىكى بەلخ بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى بېلۇجىستاننى ئىستېلا قىلدى، 1738 ـ يىلى قەندەھارنى ئىشغال قىلىپ، ئارقىدىنلا ھىندىستانغا بېسىپ كىردى. ئاران بىر يىل سەرپ قىلىپلا كابۇل، پېشاۋەر ۋە لاھورلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە جەنۇبىي قىسىمغا يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد شاھ زور بىر قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن

ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كارنال ئۇرۇشىدا نادىر شاھ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئارقىدىنلا نادىر دېھلىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بىر مەيدان چوڭ قىرغىنچىلىق بولدى. مۇھەممەد شاھ غايەت زور ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەندىن كېيىن، نادىر ئاندىن پېرسىيەگە قايتتى. ئۇ يەنە مەشھۇر مائۇريا خانىدانلىقىنىڭ تەختىراۋىنىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 50 مىليون فوند ستېرلىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ھازىرقى پۇلغا سۇندۇرغاندىمۇ غايەت كۆپ پۇلغا تەڭ كېلەتتى.

ئۇ ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلىق زېمىنلارنى مەڭگۈلۈككە قوشۇۋالدى، ئۇ جايدا زەئىپلەشكەن بىر ھاكىمىيەتلا ساقلىنىپ قالدى.

**سىندىنى ئىستېلا قىلىش (1739 ـ يىلى)** نادىر ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئافغانىستاندا بىر يىل دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىندى. ئىككىنچى يىلى قىش پەسلىدە ئۇ يەنە بىر قېتىم جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم نىشانى سىندى ئىدى. بۇ ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانى خۇدايارخان تۈزۈكرەك قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. ئەمەلىيەتتە، پېرسىيە قوشۇنلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئاللىقاچان ئاماركوتقا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا پېرسىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېنىقلىغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئەشرەف شاھ خانلىقى ئىسفاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. نادىر بۇ بىر پارچە زېمىننى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، مەمۇرىي باشقۇرۇشنى بەزى جەھەتلەردە ئۆزگەرتتى. ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى بېلۇجىستان ئارقىلىق ئافغانىستانغا قايتىپ كەلدى. نادىرنىڭ قوشۇنى ھىراتتا بىر مەزگىل دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن

كېيىن، ئۇ دېھلى بىلەن سىندىدىن ئەكەلگەن بارلىق نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ نەرسىلەر كۆرگەزمە قىلىنغان چاغدا، مائورىيا خانلىقىنىڭ تەختىراۋۇنى ھەممە كىشىنى جەلپ قىلدى، دېھلىدىن ئەكېلىنگەن خان چېدىرىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى قىزىقتۇردى. ئافشارىيلار خانلىقىنىڭ يىلنامە تارىخچىسى ئابدۇل كەرىم ئۇ چېدىرنى مۇنداق تەسۋىرلىگەندى: «خان چېدىرىنىڭ پەس تەرىپى بىنەپشە رەڭ كىمخابتىن توقۇلغان، ئۈستىگە ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل رەسىمى، مەنزىرىلىك گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ رەسىملىرى كەشتىلەنگەن، بۇ كەشتىلەر رەڭگارەڭ ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىت ۋە ئاز ئۇچرايدىغان تاشلار بىلەن چېكىپ ئىشلەنگەن.» مانا بۇ دېھلىدىن ئەكېلىنگەن بىباھا گۆھەرلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، نادىر بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، دېھلى ئوردىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**ئىستىلاچى نادىر** 1740 ـ يىلى نادىر بۇخارا بىلەن خىۋا (خارەزىم) نى ئىستىلا قىلىپ، ئۆز ئۇتۇقىغا ھۇسن قوشتى. بۇ چاغدا ئۇ چوڭ بىر ئىمپېرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە دەجلە دەرياسىغىچە، شىمالدا بۇخارادىن جەنۇبتا پارس قولتۇقىغىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ خىۋادىن تەنتەنە بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىن ئەكەلگەن بىباھا گۆھەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن، ھەشەمەتلىك بىر ئوردا ۋە بىر گۆھەر سارىيى سېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، ئۇ ئاممىنىڭ كەيپىياتىغا سەل قارىمىدى. ئۇ مۇقەددەس شەھەر مەشھەدكە كېلىپ، مۇۋاپىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

**ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى نادىر** بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھوقۇقى يۇقىرى پەللىگە يەتتى، چۈنكى ئۇ سەفەۋىيلەر خانلىقىدىنمۇ چوڭ بولغان ئىمپېرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇ بۈيۈك پادىشاھ ئابباسقا ئوخشاش بەرپا قىلغۇچى ياكى قۇرغۇچى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بىر جەڭچى بولۇشى، ئەمما قابىلىيەتلىك ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچى بولالماسلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ ئەجەللىك خاتالىقى شۇ بولدىكى، ئۇ پېرسىيەدىكى شىئە ئېتىقادىنى يوقىتىۋېتىشكە داۋاملىق ئۇرۇندى. ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئاللىقاچان چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى پەقەت ئۆزىگە نارازىلىق ئېلىپ كېلەتتى. نارازىلىق خاتىرجەمسىزلىكنى، خاتىرجەمسىزلىك توپىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇرۇنقى توپىلاڭچىلار بۈيۈك پادىشاھ ئاببباس تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلۇپ، ئاندىن تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ بۇ خىل تەدبىرى خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغاچقا، ئۇلارنى ئىدارە قىلىش تەس بولۇپ قالدى. نادىرنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ قائىدىسىزلىككە ياتىدىغان مەسىلىلەرگە ھەر ۋاقىت تولىمۇ كەسكىن ھۆكۈم چىقىراتتى. ئۇ ھىندىستاندىن غايەت زور بايلىققا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن پىخسىقلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆز بايلىقىنى قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىشلەتمەستىن، ئەكسىچە بېسىپ قويدى. دېھلى ئۇرۇشى تۈگەپ، قەندەھاردىن قايتىپ كەلگەن چاغدا باج - سېلىقنى ئۈچ يىل ئازايتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقى ئېلان قىلغانىدى. ئەمما، كېيىن يەنە ئېغىر باج - سېلىق ئېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى زورلۇق بىلەن يىغدى. نەتىجىدە خەلق ئۇنىڭدىن بارغانسېرى بىزار بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلى خۇشاللىق بىلەن ئۆتمىدى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

قاناائەتلىنەرلىك، گۈللەنگەن دۆلەت قالدۇرمىدى، بەلكى پېرسىيەنى ھەر جەھەتتىن ناھايىتى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

**ئاخىرقى ئۇرۇش** ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى يىللاردا، ئۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم دۈشمەنلىشىش ھالىتى ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭغا 1743 ـ يىلى تۈرك سۇلتانىنىڭ پېرسىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى سەۋەب بولدى. ئىككى يىلدىن كېيىن نادىر ئۆزى قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، كارس يېنىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە تۈرك قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. 1747 ـ يىلى ئىككى تەرەپ ئاخىر تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان بولسىمۇ، ئەمما، چېگرا سىزىقى يەنىلا مۇراد ۋاقتىدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. شۇ يىلى نادىر شاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قەبىلىدىكىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى، پېرسىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ پادىشاھى مانا شۇنداق ئالەمدىن ئۆتتى.

**نادىر شاھنىڭ خاراكتېرى** نادىر شاھ خاراكتېر جەھەتتە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچ نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقمايدىغان، پەقەت ھەرىكەت قىلىش بىلەنلا قاناائەتلىنىدىغان ئادەتتىكى شەخس بولۇپ، پەقەت سەركەردە بولۇشقىلا لايىق، مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە لايىق كەلمەيدىغان كىشى ئىدى. پېرسى سىكىس ئەپەندى ئۇنىڭغا مۇنداق باھا بەرگەنىدى: «ئۇنىڭ تېنى مەزمۇت، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئاۋازى گۈلدۈرمامىغا ئوخشاش چىقىدىغان بولۇپ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس باتۇرلۇققا ۋە ئىرادىگە ئىگە ئىدى، ئۇ تۇغما ھەربىي باشلىق ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ پالتىسى بىلەن شۆھرەت يولىنى ئاچتى، كىشىلەرگە ياخشى تەسىرات ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەچى ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىدى.» شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا ئۇلۇغ بىر ھۆكۈمرانىنىڭ سالاپىتى بار ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە ئۆز ئوغلىنى سەۋەبسىزلا ئىككى كۆزىدىن ئايرىغانلىقى، شۇنداقلا شىئە مەزھىپىدىكى بىر دۆلەتتە سۈننىي مەزھىپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قىلغان رەھىمسىزلىكى — مانا بۇلار ئۇنىڭ سالاپىتىنى يوقاتتى. بەزىلەر، ئۇ 1740 ـ يىلى، يەنى خىۋانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئىران بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمان ھېسابلىناتتى، دەپ قارىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇ دۆلەتنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى، ئاسىيا قىتئەسى بويىچە گىگانت شەخس ئىدى.

**ئادىل شاھ (1743 — 1748) ۋە رۇخ شاھ (1748 — 1751)** نادىر ئۆلگەندىن كېيىن، ھوقۇقنا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئادىل شاھ تەختكە چىقتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئادىل يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى، ئاقسۆڭەكلەر نادىرنىڭ نەۋرىسى، ۋەلىئەھد رۇخنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى. ۋاھالەنكى، ئۇ شىئە مەزھىپىدىكى بىر رەقىبى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، پادىشاھ رۇخنىڭ تەبىئىتى ئىنتايىن قەتئىي ئىدى، ئۇ خۇراسان ئۆلكىسىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ جايدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. ئۇ گەرچە ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، تاكى 1796 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇ ھەقىقەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر نەتىجە ئىدى.

**ئابدالى** نادىر ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر باسقۇچلۇق ھۆكۈمەتسىزلىك مەزگىلىدە، نادىرنىڭ ئەھمەدخان ئابدالى ئىسىملىك بىر سەركەردىسى قەندەھاردا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى مەشھەد، ھىرات، كەشمىر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سىندى ۋە پەنجاپنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە كېڭەيدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئافغانىستاندا قۇدرەتلىك ئافغان دۆلىتى قۇردى. ئۇ بىر ئۇلۇغ سەركەردە ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى ھىندىستان تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇلارنى بىز كېيىن مۇھاكىمە قىلىمىز (13 ـ بابقا قارالسۇن.)

**زەندىيلەر خانلىقى (1750 — 1779)** پادىشاھ رۇخ ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىككى چوڭ گۇرۇھ پېرسىيەدە خانلىق ھوقۇقى تالاشتى: ئۇنىڭ بىرسى كەرىمخان باشچىلىقىدىكى زەندىيلەر گۇرۇھى؛ يەنە بىرسى قەجەرىيلەر گۇرۇھى ئىدى. ئاخىر كەرىمخان غەلىبە قىلىپ، پېرسىيەنىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇنىڭ كۆچى جەنۇبىي قىسىمغا مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ پايتەختنى شىرازغا يۆتكىدى. ئۇ ھەققانىيەتچى پادىشاھ بولۇپ، سۇباتلىق ۋە ۋاپادار ئىدى. ئۇنىڭ دانالىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئارقىسىدا دۆلەت زور دەرىجىدە قايتىدىن گۈللەندى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن 1763 ـ يىلى بۇشىردا بىر زاۋۇت قۇردى؛ 1770 ـ يىلى بەسرەدىمۇ بىر زاۋۇت قۇردى. 1775 ـ يىلى كەرىمخاننىڭ بەزى بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنمىغانلىقتىن، بەسرەدىكى زاۋۇت مەسىلىسىدە چاتاق تۇغۇلدى. ئەمما، كەرىمخان بوزەك قىلغىلى بولمايدىغان كىشى ئىدى، ئۇ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى بىر قوشۇننى بەسرىگە ئەۋەتىپ، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇ ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ شەھەردىن ۋاز كېچىلدى. بۇ زاۋۇت يەنە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ 1779 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە بىر باسقۇچلۇق قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. بۇ قەجەرىيلەر گۇرۇھىنىڭ باشلىقى ئاغا مۇھەممەدنىڭ زەندىيلەرگە قارشى تۇرۇشىغا تۇرتكە

بولدى، ئەمما قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، زەندىيلەر يەنە بىرنەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كەرىمخانغا ئەلى مۇرادشاھ ۋارىسلىق قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا جەفەر شاھ ۋارىسلىق قىلدى، تۆت يىلدىن كېيىن لۇتفى ئەلىخان ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ زەندىيلەر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ قالدى.

**لۇتفى ئەلىخان (1789 ــ 1794)** لۇتفى ئەلىخان جەفەر شاھقا قارىغاندا كۆپ ياخشى ھۆكۈمران ئىدى، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى. كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىدە مەرد ئەزىمەتلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى بەك ھاكاۋۇر دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەجەرىيلەرنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، لۇتفى ئەلىخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ بەش يىلدىن كېيىن، قەجەرىيلەر باشلىقى ئاغا مۇھەممەد خان بىلەن پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا لوتفى ئەلىخان مەغلۇپ بولۇپ جەڭدە ئۆلدى، قەجەرىيلەرنىڭ باشلىقى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. ئۇ قۇرغان ھاكىمىيەت پېرسىيەگە تاكى 1925 ـ يىلىغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 130 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇلارنى بىز كېيىنكى بابتا مۇھاكىمە قىلىمىز.

**پېرسىيە مەدەنىيىتى ــ پېرسىيە ئۆتمۈشىنىڭ ئىپتىخارى** پېرسىيەنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنىغا توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن، پېرسىيەنىڭ ئىپتىخارلىنارلىق ئۆتمۈشى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پېرسىيە ئىنتايىن قەدىمىي دۆلەت، مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 1000 ـ يىلىلا ئۇنىڭ مەدەنىيىتى تەڭداشسىز يۈكسەكلىككە يەتكەنىدى. ھەتتا بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلىرىنى ئېفرات دەرياسى ۋە دەجلە دەرياسى ۋادىلىرىغا ھەمدە سۈرىيەگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئەۋەتكەنىدى. چالدېلار، ئاككادلار، سۈمېرفىلار، فىنىكلار، ھېبرايلار ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە قۇملۇقلار ئىرقىدىن كېلىپ چىققانىدى، ئەمما ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بولمىدى، بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئانچە ـ مۇنچە خاتىرىسىدە قالغان يەمەن بۇنىڭ سىرتىدا بولۇشى مۇمكىن. كېيىن دەرۋەقە ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتى بولدى، ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇسلۇبىنى پىروفېسسور تائۇنبىي يەنىلا ئەرەب مەدەنىيىتى ئەمەس، بەلكى سۈرىيە مەدەنىيىتى دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇردى. ئەمما، پارسلار ئىزچىل تۇردە ئەرەبلەرنى يېڭى ئىرق، يېڭىدىن بىراقلا روناق تاپقان ئاھالە دەپ قاراپ كەلدى. ئەرەبلەر كۆچەيگەن كۈنلەردە ئۇلۇغ ئۆتمۈشىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان بۇ خىل ھېسسىيات پارسلارنىڭ يۈرەك قېتىدا چوڭقۇر ساقلىنىپ، زادىلا يوقىلىپ كەتمىدى. كېيىنكى ئابباسىيلار خانلىقى مەزگىلىدە ئۇ ھەتتا ئاشكارا ئىپادىلەندى.

**پېرسىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى** پېرسىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئۇ سانسىزلىغان كۆچمەن خەلقلەرنى يول بىلەن تەمىنلىدى. ئارىيانلار، ئۆزبېكلەر ۋە ئافغانلارنىڭ كۆچمەنلىرى پېرسىيەدىن چوقۇم ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەدرىجىي سىڭدۈرۈۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ئۇ ئۆزىگە يېڭى قان قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن ـــ تىز پۈكۈپ ئەمەس، ئەلۋەتتە ـــ چەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن نەچچە ئەسىر داۋامىدا، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچمەن خەلقلەر پېرسىيەگە كىرىپ، پېرسىيە ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى پېرسىيەدە ئوخشاشلا قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشتى ۋە

ئۇنىڭ قەدىمىي ئۆتمۈشى ۋە شان - شەرىپىدىن ئوخشاشلا ئىپتىخارلاندى. پارس مىللىتىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىدىكى يەنە بىر ئامىل شۇكى، ئۇلار چەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا قادىر بولدى. ئۇلار چەتنىڭ ئىدىيەسى ياكى تەسىرىنى، مەيلى ئۇ دىنىي جەھەتتىن، ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتىن ياكى ئىلىم جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا يېڭى ئىپادىلىنىش شەكلىنى بەخش ئەتتى. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھەتتا ئىسلام دىنى تارىخىدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىلا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارقاتقانىدى. ئۇ تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

**سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ ئۇستۇنلۇك قازىنىشى** شۇكى، ئۇنىڭدىكى بىر سۇلالە ئاخىر ئۇستۇنلۇك قازىنىش بىلەنلا، پېرسىيە دۆلىتىدىكى ئەقىل - پاراسەت دەرھال پارس مىللىتىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا سىڭىپ كەتتى ھەمدە يېڭى شەكىللەر بىلەن پورەكلەپ ئېچىلدى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئەقىل - پاراسەت ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب يېزىقى بىلەن، كېيىن پارس يېزىقى بىلەن دىن، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە ئىپادىلەندى. بۇ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە پەقەتلا ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىدىن ئىبارەت بىر خىللا دىنىي ئېتىقاد، چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرىدىغان بىرلا ھەربىي تەشكىلات، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانىغا بولغان بىر خىل يېڭى سادىقلىق ۋە ئىلىم - پەن جانلانغان بىر يېڭى دەۋر مەۋجۇت بولدى. ئۇنىڭ مۇقىملىقىغا ياردەم بەرگەن يەنە بىر ئىش پېرسىيەنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بولدى، بۇ خىل جەمئىيەت تۈزۈلمىسى باشتىن - ئاخىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، پادىشاھ ھەر خىل - ھەر ياڭزا فېئودالالارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. فېئودالالارنىڭ ساداقەتلىكى ئەزەلدىن تۇراقسىز بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەتتىكى خەلقلەر يەرگە بېقىندى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىنىچ تۇرمۇش كەچۈردى. يېزا - كەنت ۋە كىچىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بازارلار تاجاۋۇزچىلار ئۆتىدىغان چوڭ يوللاردىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىراننىڭ تۇرمۇش شەكلى بۇ تارقاق يېگانە كىچىك بازار ۋە ئاھالىلەر نۇقتىلىرىدا ساقلىنىپ قالدى. بەزى قابىلىيەتلىكلەر مۇشۇ كىچىك بازارلاردا تۇغۇلغانىدى. كېيىنچە ئۇلار سەرسان بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە كېلىپ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. پەھلىۋىيلەر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى مانا مۇشۇنداق كىچىك كەنت بازىرىدا تۇغۇلغانىدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، بۇ كەنت بازارلىرى بىر خىل يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ۋە ئىدېئولوگىيەگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە بارلىق كۈچىنى قاراتتى.

**ئەدەبىيات ساھەسى** دەرۋەقە، ھېلىمۇ بىر چەكلىگۈچى ئامىل بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ يېڭى دۆلەت دىنى ھېسابلانغان شىئە مەزھىپىنىڭ قاتتىق دىنىي چەكلىمىسى ئىدى. ئۇ پېرسىيەدىكى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىنى خۇددى فاتىمىيلەر خانلىقى مىسىردا ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويغىنىدەك چۈشەپ قويدى. ئىدىيەۋى ھۆكۈمرانلىق ئەزەلدىن ياخشى بولمىدى، ھەربىر دەۋردە پاك قىزغىنلىق ياكى دىنىي ئەسەبىيلىك تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ھامان ئىنكار قىلىنىپ كەلدى، ئەركىن ئىدىيەلەر قامال قىلىندى. سەفەۋىيلەر خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيەدىمۇ ئوخشاشلا ئىدىيە كونترول قىلىندى. شۇڭا، مەيلى پەلسەپە جەھەتتىن ياكى پەن جەھەتتىن بولسۇن، تەپەككۇر قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىزدىنىش ناھايىتى ئاز بولدى. ئىدىيەنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پېرسىيەدىكى ئەقىل - پاراسەت پەقەت نەپىس بىناكارلىق سەنئىتى ياكى ئەمەلىي ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىلا ئىپادىلەندى. ئەدەبىيات ساھەسىدە تارقالغان ئۇسۇل مەزمۇن شەكلىگە ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولدى. كىشىلەر شېئىرنىڭ بوغۇمى ۋە مىسراسىنىڭ شەكلى جەھەتتە يېڭى سىناقلارنى

ئېلىپ بېرىپ، تەدرىجىي ھالدا بىر شېئىرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا مىسرالارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ باھا بېرىدىغان بولدى. شېئىرىيەت سەنئىتىدە دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بارغانسېرى زور رول ئويناپ كەتكەچكە، ئاددىي ـ ساددا ۋە سەمىمىي شېئىرلارنى، بابا تاھىرنىڭ مەردانە تەسەۋۋۇپچىلىقىنى، سادىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە ھافىزنىڭ لىرىكىلىق شېئىرلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. پېرسىيە ھۆكۈمرانلىرى گەرچە ئەدەبىياتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرسىمۇ، ئەمما فاتىمىيلەر خانلىقىدىكىگە ئوخشاشلا، شىئە مەزھىپى ئەدەبىياتى ۋە ئەنئەنىسىگىلا ئېتىبار بەردى. يەنى، پېرسىيەدە تۇغۇلغان ۋە ئەسلى پېرسىيەلىكلەر ئارىسىدا بىر مەزگىل تازا ئەۋج ئالغان تەسەۋۋۇپچىلىقمۇ مانا ئەمدى قورۇق قاقشال بولۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە شېئىر ـ قوشاق ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە تەربىيەۋى خاراكتېرلىك ئوچېرىكلارنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن رۇمى ياكى جامىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپچى چوڭ شائىرلار، سەئدى، ياكى جالالىددىن دەۋۋانىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئېتىكا ئالىملىرى زادى قايتا چىقمىدى.

**پېرسىيە جەمئىيىتى ۋە مائارىپى** بۇ پۈتكۈل مەزگىلدە، پېرسىيەدىكى ئىدىيە ئىزچىل تۈردە شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلاھىيەت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى شەكىلگە ۋارىسلىق قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى تارقىتىشتىكى ۋاستىچى مەسچىت ئىپتىدائىي مەكتەپلىرى ۋە مەسچىت دىنىي مەكتەپلىرى ئىدى. ئالدىنقىسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاساسلىق تەلىماتلىرى ۋە دىنىي ئەدەبىيات ئوقۇتۇلۇپ، ئەخلاقىي قائىدە ئاساس قىلىناتتى؛ كېيىنكىسىدە ئالىي تەلىم بېرىلەتتى، ئۇنىڭدىمۇ دىن ئاساس قىلىناتتى. بۇ خىل تەلىم ئالغۇچىلار باي ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى ئالاھىدە قابىلىيەتلىك باللار بىلەنلا

www.uyghurkitap.com

چەكلىنەتتى. دەرۋەقە، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن مۇنتىزىم تەتقىقات ئورگانلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا چېركاۋ مەكتەپلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئورگانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن مەدداھلار، قوزغىلاڭچىلار ئەدىبلىرى ۋە ئىسلام دەرۋىشلىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قەدىمكى دەۋر ھېكايىلىرى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئارقىلىق پېرسىيەنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەيتتى. خۇددى T . A. ۋېرسون ئۆزىنىڭ «پېرسىيە» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك: «يۇقىرىلار خەت تونۇمىسىمۇ، ھەرگىز بىلىمسىز ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ پېرسىيە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى چۈشىنىشى ئادەتتىكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلۇق چوڭ ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشەتتى.»① بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ چۈشكۈنلىشىش توغرىسىدا كۈيلېر. يۈن مۇنداق بىر خىل چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يەنى «ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ، پارس مىللىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش مەزگىلى بولدى، ئۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇلار ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقتى، ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپى دۆلەت دىنى بولدى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ سەفەۋىيلەر بىلەن ئوسمانىي تۈركلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى»②. ۋاھالەنكى، پېرسىيە پۈتكۈل ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بولغان ئەركىن ئالاقىدىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يېتىم قېلىشتىن ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭغا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ پېرسىيەنىڭ مىراسلىرىغا ۋە سودا مۇناسىۋىتىگە قىزىققانلىقى سەۋەب بولدى. بۇ خىل سودا مۇناسىۋىتىنى سەفەۋىيلەر خانلىقى ياۋروپالىقلار بىلەن بىللە بارلىققا كەلتۈرگەندى.

① T . A. ۋېرسون: «پېرسىيە»، 36 ـ بەت ــ ئاپتور.
② كۈيلېر. يۈن: «يېقىن شەرق مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى» 131 ـ بەت ــ ئاپتوردىن.

**پىرسىيە ۋە شىئە مەزھىپى** شىئە مەزھىپى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېتىقادى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ناھايىتى ئىلگىرىلا مۇنداق بىر قىسىم دۆلەتلەردە، يەنى دېموكراتىيە ياكى قەبىلە ئەنئەنىسى بولمىغان، خەلقى قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە خان جەمەتى تۈزۈلمىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دۆلەتلەردە ماكانلاشتى. دەرۋەقە، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىئە مەزھىپى پىرسىيەدە يىلتىز تارتقاندى، بۇ خۇددى ئۇنىڭ مەغرىبدىكى بەربەرلەر ئارىسىدا ھىمايە قىلىنغىنىغا ئوخشايتتى. پىرسىيەدە شىئە مەزھىپىنىڭ زەئىدىيلەر پىرقىسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، بۇۋەيھىدىيلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئىراقنى ماكان قىلغان شىئە مەزھىپىدىكى بۇۋەيھىدىيلەر پىرقىسىنىڭ ئەرەبلەردىكى قەرمەتىيلەر پىرقىسى ۋە مىسىردىكى فاتىمىيلەر بىلەن ھەمكارلىشالماسلىقى دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى توقۇنۇش تۈپەيلىدىن بولغان. چۈنكى، بۇۋەيھىدىيلەر پىرقىسىدىكىلەر ھۆسەيىنىنىڭ نەۋرىسى زەئىدىيىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئالتە ئىمامچىلارغا مەنسۇپ ئىدى. قەرمەتىيلەر پىرقىسىدىكىلەر بىلەن فاتىمىيلەر بولسا ئىسمائىلىيلار ياكى يەتتە ئىمامچىلارغا مەنسۇپ ئىدى. فاتىمىيلەر بىلەن قەرمەتىيلەر پىرقىسى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيلار پىرقىسىگە ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار دىنىي جەھەتتە ھەمكارلىشاتتى، ئىسمائىلىيلار مەزھىپى ئابدۇللا ئىبنى مەئمۇن تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغاندى. قەرمەتىيلەر پىرقىسىنىڭ ئاساسچىسى ھەمەدەن قەرمەت بولسا ئابدۇللانىڭ ياردەمچىسى ئىدى، فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى بولسا ئابدۇللانىڭ نەۋرىسى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇۋەيھىدىيلەر باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى، شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن مىسىردىكى فاتىمىيلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسىنى قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلمايتتى. لېكىن، كىشىنى بەكمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، پۈتكۈل 11 ـ ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىزچىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن قەرمەتىيلەرمۇ فاتىمىيلەر سۇلالىسىنى ئوخشاشلا ئېتىراپ قىلمىدى، ئۇلار فاتىمىيلەر سۇلالىسى بىلەن سۈرىيەدىكى زېمىنلارنى تالىشىپ يۈردى، بەزى چاغلاردا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمۇ قىلدى. نەتىجىدە 11 ـ ئەسىردىكى ئافرىقا ۋە مىسىر، ئەرەب يېرىم ئارىلى ھەم پېرسىيەدە بىرلا ۋاقىتتا دىگۈدەك شىئە مەزھىپى گۈللەنگەن ئۈچ دۆلەت بولسىمۇ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنى شەكىللىنەلمىدى. ھالبۇكى، 969 ـ يىلىدىن 1055 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا فاتىمىيلەر قاھىرەگە بېسىپ كىرگەن ۋە سەلجۇقىيلارنىڭ باشلىقى تۇغرۇلبەگ باغدادقا بېسىپ كىرگەن چاغدا، ئۇلار ئەسلىدە بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالايتتى.

بۇ ئۈچ دۆلەت مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىئە مەزھىپى بۇ رايونلاردىمۇ تېزلىكتە زەئىپلەشتى. شۇڭا، سەفەۋىيلەر پادىشاھى ئىسمائىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، سۈننىي مەزھىپىدىكى پېرسىيەگە يولۇققانىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى شۇكى، ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ئالىي ئورنى گەرچە كۆپ قېتىم ئاغدۇرۇۋېتىلگەن — ئۇنى ئالدى بىلەن تاھىرىيلار خانلىقى، ئارقىدىن سەفەرىيلەر خانلىقى ۋە سامانىيلار خانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا سەفەۋىيلەر خانلىقى ئاغدۇرۇۋەتكەن — بولسىمۇ، ئەمما، بۇ خانلىقلارنىڭ ئىشى بەرىبىر خېلىلا ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى. غەربىي قىسىم (مەغرىب)دا شىئە مەزھىپىدىكى ئىدرىسىيلەر خانلىقىمۇ ئاللىقاچان يوقالغانىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەيرىي ئەرەبلەردىن بولغان رۇستەمىيلەر (ئۇلارمۇ شىئە مەزھىپىدىكىلەر) تىرىپولىنىڭ ئىچكى جايلىرىدا بىر كىچىك دۆلەت قۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەرەبلەرنىڭ تۇنىستىكى ئەغلەبىيلەر خانلىقى بىلەن ئاbbاسىيلار خانلىقىنىڭ ئارىسىغا بىر شىنا قېقىلدى، ئەمما بۇ خانلىقمۇ دۇنيادىن غايىب

بولدى. سۈننىي مەزھىپىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيەسى بىلەن قارشىلاشقان ئەڭ ئاخىرقى دۆلەت شىئە مەزھىپىدىكى ئەشەددىي فاتىمىيلەر سۇلالىسى بولدى. ئۇ خانلىق 1300 ـ يىلى ئاغدۇرۇلدى، پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى ماراكەشتىن سەمەرقەنتكىچە بەدەۋى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى، شەرقىي يېرىم قىسىمدىكى موڭغۇللار بىلەن تۈركلەر، غەربىي يېرىم قىسىمدىكى بەربەرلەرنىڭ ھەممىسى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. دەرۋەقە، قاززان ۋە ئۇلجايتۇ خۇداۋەندە شىئە مەزھىپىنىڭ مەلۇم بىر خىل مۆتىدىللەشكەن شەكلىگە مايىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپرەك ئۇلارنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى مەملۇكىيلەرگە بولغان، دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا، فاتىمىيلەر مىسىرغا 200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەمدە بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما شىئە مەزھىپى مىسىردا ئەزەلدىن مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. ئەمەلىيەتتە، سالاھىددىن ئەييۇب فاتىمىيلەر سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان ھەمدە ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىگەن چاغدا، نارازىلىقسىز ھالدا خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئەينى چاغدىكى مىسىردا، سۈننىي مەزھىپى ھېسسىيات جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى، پادىشاھ ئىسمائىلمۇ مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ تەبرىزنى بويسۇندۇرغان چاغدا، شۇ جايدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، پادىشاھتىن ئاھالىلەرنى شىئە مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىماسلىقنى تەلەپ قىلغاندا، ئەدەپ بىلەن قىلىنغان بۇ نەسىھەتنى ئىسمائىل ئۆز ۋاقتىدىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى

ياكى كېيىنمۇ قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان. بىروننىڭ ئۆزىنىڭ «پېرسىيەنىڭ ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىدا، پادىشاھ ئىسمائىل پارس ئۆلكىسى (1503 ـ يىلى) ۋە ھىرات ئۆلكىسىنى (1510 ـ يىلى) بويسۇندۇرغان چاغدا، سۈننىي مەزھىپىدىكى كۆپلىگەن ئىلاھىيەتشۇناسلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى، ئەمما تەبرىز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر ـ بازارلاردىكى دىنىي ئېتىقادىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتكەنلەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۇز دۆلىتىدە شىئە مەزھىپىنىڭ دىنىي كىتابلىرى يېتىشمىگەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى، ئاخىر ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ جەبىل ـ ئەمىل ۋە بەھرەيندىن ئىبارەت ئىككى تايانچ بازىسىدىن شىئە مەزھىپىدىكى بىر قىسىم ئالىملارنى يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندى. ھالبۇكى، پادىشاھ ئىسمائىلنىڭ قاتتىق دىنىي سىياسىتىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، ئوسمانىيلار سۇلتانى سەلىم كەڭ كۆلەمدە ئىنتىقام ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى قىرغىن قىلدى، ئۇ يەنە ئىراق، سۈرىيە ۋە مىسىرنى ئىستېلا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بىر چېگرا شەكىللەندى. بۇ چېگرا ئەڭ دەسلەپتە رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئەرمېنىيە ئىمپېرىيەسىنى ئايرىپ تۇرغان بولسا، كېيىن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ساسانىيلار ئىمپېرىيەسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇردى. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، پارسلار باشتىن تارتىپلا شىئە مەزھىپىگە مايىل بولغان بولىسىمۇ، ئەمما 1500 ـ يىلى پادىشاھ ئىسمائىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋالقى 400 يىلدا، پېرسىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى ھەرگىزمۇ دىنىي جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي جەھەتتە ئىپادىلەندى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، فىردەۋس (930 ــ 1020) تىن جامى (1414 ــ 1492) غىچە بولغان

پېرسىيەلىك چوڭ شائىرلارنىڭ ھەممىسى سۈننىي مەزھەپىدىكى كىشىلەر ئىدى.

**ھىندىستان ۋە تۈركىيە بىلەن بولغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەت** شىئە مەزھەپى سەفەۋىيلەر ئىمپېرىيەسىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما پېرسىيە مەدەنىيىتى ھەرگىزمۇ ئىمپېرىيە دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇنىڭ تەسىرى غەربىي قىسمىدىكى ئوسمانىيلار، شەرقىي قىسمىدىكى موغۇللارغىچە يېتىپ باردى. دەرۋەقە، ئىسمائىلنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان سۈننىي مەزھەپىدىكى ئالىملار ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلار ھىندىستان موغۇللىرى بىلەن ئوسمانىيلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. خۇددى تائۇنبىي ئېيتقاندەك: «يىراق ياۋروپادىكى كاتولىك پادىشاھلىقلىرىدىن ئايرىۋېلىنغان مەمۇرىي ئۆلكىلەر — رۇمدىكى ئوسمانىي غازىلار، بىلىم جەھەتتە مەرىپەت ۋە يېتەكچى ئىزدەپ، ھېلىمۇ ئىران دۇنياسىنىڭ مەركىزىگە كۆز تىكتى»①. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سەلىمنىڭ ئاتىسى سۇلتان بايازىد خۇراساندىكى مۇسۇلمان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ۋە يازغۇچىلار بىلەن، مەسىلەن، ھىراتنىڭ شەيخۇلئىسلامى (كېيىن ئۆز ئېتىقادىنى شىئە تەلىماتىغا ئۆزگەرتىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) ياكى چوڭ شائىر جامى بىلەن خەت ئالاقىلىشىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىكەن. ھىندىستان تارىخىدا مۇنداق بىر كونا گەپ بار، يەنى موغۇللار ھىندىستانى پېرسىيەلىك تەۋەككۈلچىلەر، شائىرلار ياكى سۈرگۈن قىلىنغان ئاقسۆڭەكلەرنى بىرسىنى قويماي قارشى ئالغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوردا ئېسىلزادىلىرى بولۇپ ياكى تۈركىيە تەۋەلىكىدىن، ياكى پېرسىيە تەۋەلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭ

① ئاناردتائۇنبىي: «تارىخ تەتقىقاتى»، 2 ـ توم — ئاپتوردىن.

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە موغۇل ھۆكۈمرانلىرى پارس تىلىنى دۆلەت تىلى قىلغان، ئۇردا مۇراسىملىرىمۇ پېرسىيەچە بولغان، كىيىم - كېچەك شەكلى، سەنئەت، بىناكارلىق، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پېرسىيەلەشكەن، ھەتتا ھىندىستاندا كېيىنچە تەرەققىي تاپقان يېڭى تىل — ئۇردۇ تىلىمۇ پۈتۈنلەي پارس تىلىدىن كېلىپ چىققان. بۇ خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى ھەرگىزمۇ يالغۇز بىر تەرەپكىلا پايدىلىق بولمىدى. رۇم (ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى)نىڭ تېخنىكىسى ۋە ئىدىيەسى پېرسىيە، خۇراسان ۋە ھىندىستانغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىلدى.

**بىناكارلىق** ئۇزاققىچە چۈشكۈنلەشمەي كەلگەن بىناكارلىق پائالىيەتلىرى جەھەتتە سەفەۋىيلەر خانلىقى دەسلەپكى مەزگىللەردە تەڭداشسىز بولدى. ھەتتا كىچىك بازار ۋە كەنتلەردىمۇ نەپىسلىكى ۋە چىرايلىقلىقى جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مەسچىت ۋە باشقا ئىمارەتلەر سېلىندى. ئىسفاھاندىكى مەسچىت ۋە باشقا ئىمارەتلەردە قوللىنىلغان رەڭگارەڭ سىپتا نەقىشلەر زىننەت جەھەتتە پۈتۈنلەي يېڭى ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ پېرسىيەدىن ھىندىستانغا تارقىلىپ، موغۇللارنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. يەتتە خىل رەڭلىك خىشنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر خىل يېڭى ئالاھىدىلىك بولدى، ئىمارەتلەرگە ئويما نەقىشلەر ياكى نەقىش بولمىغان ھەر خىل رەڭدىكى خىش - كاھىشلار كەڭ تۈردە ئىشلىتىلدى. ھىندىستاندىكى سىندى، مۇلتان ۋە لاھۇردىكى نۇرغۇنلىغان ئىمارەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىقى ھەر خىل رەڭدىكى خىش - كاھىشلاردا قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كۆپ ساندىكى

موغۇل ئىمارەتلىرىنىڭ ئالدى تەرىپى ھەر خىل رەڭدىكى خىشلار بىلەن سىپتا نەقىش چىقىرىپ قوپۇلغانىدى. نۇرغۇن ئىمارەتلەر، بولۇپمۇ لاھور شەھىرىدىكى شاھجاھان دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىمارەتلەر، كىشىلەرنىڭ پىلىغا مىنىپ جەڭ قىلىۋاتقان ياكى ئوۋچىلىق قىلىۋاتقان ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. نەقىشلەرنىڭ چىرايلىق ۋە نەپىسلىكىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلارنىڭ مەتبەسى پېرسىيەدىن كەلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ھۈنەر - سەنئەت موغۇللار دەۋرىدە ئالىلىقاچان غەربىي شىمالى قىسىمغا تارقالغان. ئۇ پەنجاپ ۋە سىندىدا رونەق تاپقانىدى. چۈنكى، بۇ رايونلاردا تاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىمارەتلەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېھتىياجلىق بولغان تاش ئورنىغا خىش ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەنىدى. لاھوردىكى كىچىك مۇزېيدا بۇ خىل گۈزەل ئىمارەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋرىشكىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. ھازىرغا قەدەر پاكىستاندىكى مۇلتاندا يەنىلا بۇ خىل رەڭلىك خىشلار پىشۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قارا رەڭلىك بولۇپ، نۇسخىسى ھەر خىل، پېرسىيەدىكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى گۈللۈك باغلار ئىچىگە سېلىنغان، سەفەۋىيلەر خانلىقىدىكى مەشھۇر ئوردىلار، مەسىلەن، چىھىل سۇتۇن ئوردىسى، تالار ئەشرەف ئوردىسى ۋە ھاشت بېھىشت ئوردىسى ھازىرغا قەدەر خۇددى رەسىملەردە سىزىلغاندەك مەنزىرىلىك مۇھىتتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇ سەفەۋىيلەر خانلىقىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە شان - شۆھرىتىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى.

**تام گىلىمى ۋە باشقا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى** سەنئەت جەھەتتىن لايىھەلەش ۋە ھۈنەر سۈپىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تام گىلىمى ۋە باشقا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى سەنئىتىمۇ ناھايىتى

كامالەتكە يەتتى. پادىشاھلىق كارخانىلىرىدا مۇقەددەسخانا ۋە ئوردا ئۈچۈن تام گىلەملىرى توقۇلدى. بۇ تام گىلەملەر ھازىر مۇزېيلارنىڭ تاملىرىدا ئېسىقلىق تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ رەڭگى ۋە نۇسخىلىرى ئىنتايىن چىرايلىق. تام گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى كۆزىتىش ئاساسىدا لايىھەلەنگەن، بەزىدە تۇرمۇشتىن تولۇق دېرەك بېرىدىغان قەدىمكى تام گىلەملىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. نۇسخىلاردىكى گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر ئەينەن ۋە جانلىق سىزىلغان. نۇرغۇنلىغان گىلەملەرگە كىشىلەرنىڭ ئوۋ قىلىۋاتقان ھالىتى كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن گەۋدىلىك، رەڭگى بىلەن مەنزىرىسى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ماسلاشقان. تام گىلىمىنى توقۇش تېخنىكىسى جەھەتتە 16 ـ ئەسىردە پارلاق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پادىشاھ تەھمەسىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بوۋىسى شەيخ شافىنىڭ ئاردابىلدىكى مەقبەرەسى ئۈچۈن بىر دانە داڭلىق گىلەم توقۇتقان، بۇ گىلەمنىڭ ئوچۇق رەڭگى، چىرايلىق نۇسخىسى ھازىرغىچە ئۆڭگەمەي ساقلىنىۋاتىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن كاشاندا يىپەك تام گىلىمى توقۇش باشلاندى. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ھەر خىل ئالتۇن ـ كۈمۈش يىپلاردا توقۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى كېيىنكىلەر ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ ساقلىدى. ئاباس I ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئىسفاھان، يەزدىيە ۋە باشقا مەركەزلەردە، يەنە ھەر خىل يىپەك توقۇلمىلار، پاختا توقۇلمىلار، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە زەر توقۇلمىلار ئىنتايىن سۈپەتلىك توقۇلغان بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلانماقتا. يەزدىيەلىك ئۇستا توقۇمىچى غىياسىدىن ئەلى ھەتتا ئۆز ئىسمىنى مەھسۇلاتى ئۈستىگە توقۇپ چىققان. نۇسخىلارنىڭ كۆپىنچىسى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار بولۇپ، مەنزىرىسىنىڭ رەڭگى ئىنتايىن يېقىملىق ئىدى. بەزى چاغلاردا

يەنە ئادەم، قەدەھ، ئۆچار قانات ۋە ھايۋانلار ماسلاشتۇرۇلۇپ چۈشۈرۈلگەن گۈلزارلىقلار مەنزىرىسى مەھسۇلاتقا توقۇلاتتى. باھاسى ئىنتايىن قىممەت بولغان بۇ توقۇلمىلار پادىشاھ ئائىلىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈنلا توقۇلاتتى. بۇ مەھسۇلاتلار ئېكسپورتمۇ قىلىناتتى، ھازىرغا قەدەر تام گىلىمى ۋە باشقا توقۇلمىلار يەنىلا پېرسىيەنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت بۇيۇمى بولۇپ كەلمەكتە.

**ساپالچىلىق** سەفەۋىيلەر خانلىقى مەزگىلىدە تەرەققىي قىلغان يەنە بىر سەنئەت ــ ساپالچىلىق بولۇپ، ئۇ پادىشاھ ئابباسنىڭ ئالاھىدە ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇ جۇڭگودىن بىر قېتىمدىلا 300 ساپالچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىرانغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچىدىكى ساپالچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. تەبىئىيكى، جۇڭگو فارفۇر قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ چىرايلىق رەڭگى ۋە نەپىس لايىھەلىنىشى ئىنتايىن ئالقىشلاندى. پادىشاھ ئابباسنىڭ ئۆزىمۇ ئەتىۋارلىق فارفۇر قاچا ـ قۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە توپلاپ ساقلىغۇچى ئىدى، ئۇ ساقلىغان بۇيۇملار ئاردابىلدىكى قەدىمكى ئوردىنىڭ مەخسۇس ئۆيىدە ساقلىناتتى.

**رەسساملىق** سەفەۋىيلەر مەزگىلىدە رەسساملىق يېڭى يۇقىرى پەللىگە يەتتى، دەرۋەقە، 15 ـ ئەسىردە ئۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغانىدى، ئىزامىنىڭ پېرسىيە كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىسىدىكى قىستۇرما رەسىملەر دەسلەپكى ئۇسلۇبقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1480 ـ يىلىدىن 1507 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەشھۇر رەسسام بەھزا ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ھىرات ئېقىمى بارلىققا كەلدى. ئۇ موغۇللار دەۋرىدىن قېلىپ قالغان،

www.uyghurkitap.com

تاشقى شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان قاتمال ئۇسۇللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، پېرسىيە رەسىملىرىنى چىرايلىق تۇس ۋە نەپىس ئىپادىلەش كۆچىگە ئىگە قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇردى. ئۇ سىزغان كىچىك تىپتىكى رەڭلىك رەسىم ھازىرغىچە تەڭداشسىز بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ ئۇسلۇبى شىمالىي قىسىمنىڭ رەسسامچىلىقىدا ئۆز تەسىرىنى ئىپادىلىدى. سەفەۋىيلەر پادىشاھلىرى ئىچىدە تەھمەسىپ رەسسامچىلىققا قىزىققان تۇنجى پادىشاھ بولۇپ، بەزىدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلاتتى. سەفەۋىيلەر خانلىقى تازا گۈللەنگەن مەزگىلدە بەھزادنىڭ ئۇسلۇبى يەنىمۇ يۇكسەلدى. رەسىمدە مەنزىرە دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، مەزمۇنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىنىدىغان بولدى. بۇ ئېقىمنىڭ باشلىقى سۇلتان مۇھەممەد بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر تۈركۈم رەسساملار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئابباسنىڭ خاس رەسسامى رىزا ئابباسنىڭ ئەسەرلىرىدە، گەرچە سۇسلۇق ۋە كۆچسىزلىك ئېلېمېنتلىرى، 17 ـ ئەسىردىكى پېرسىيە سەنئىتىنى زاۋال تېپىشقا ئېلىپ كەلگەن بىر خىل خاھىش كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەسىملىرىدە يەنىلا سەفەۋىيلەر خانلىقى مەزگىلىدىكى ئېقىمنىڭ ئۇسلۇبى ئالاھىدىلىك قىلىنغانىدى. رىزا ئاباس كۆپ تەرەپلىمە سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ يەنە پادىشاھ ئائىلىسىگە توقۇلىدىغان بۇيۇملار ئۈچۈن نۇسخا لايىھەلەپ بېرەتتى. لوندوندىكى ۋىكتورىيە ۋە ئالبېرت مۇزېيلىرىدا ھەم ئامېرىكىدىكى چىكاگو ۋە كلېۋېلاند مۇزېيلىرىدا مەخمەل توقۇلمىلار بار. بۇ توقۇلمىلارنى رىزا ئابباس ئۆز قولى بىلەن لايىھەلىگەن دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ رەسسامچىلىق قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. تەخمىنەن 20 يىل ئاۋۋال لوندوندا مور خانىم ساقلىغان

بىر قىممەتلىك بۇيۇم كۆرگەزمە قىلىنىدى. چىرايلىق ۋە نەپىسلىككە قىل سىغمايدىغان بۇ ئەسەرگە، يەنى بۇ توقۇلما بۇيۇمغا قىزغۇچ رەڭلىك گۈللۈك ئارىسىدا ئايالىلارنىڭ نىل رەڭ جاملارغا شاراب قۇيۇۋاتقانلىقى سىزىلغانىدى.

**ئەينەك قاچا ـ قۇچىلار** پىرسىيەدە دەسلەپكى مەزگىللەردە تەرەققىي تاپقان يەنە بىر ھۈنەر ـــ ئەينەك قاچا ـ قۇچا ياساش ئىدى. ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى ياسىغان بۇيۇملىرى بىلەن ئېسىل ھۈنەر ـ تېخنىكىسىنى نامايان قىلدى. ھەتتا تېمۇرىيلەر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تېمۇرنىڭ ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارغان ۋېنىېتسىيەلىك سودىگەر كىلاۋىجو سەمەرقەنتتىكى تېمۇر ئوردىسىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىنى ۋە تېمۇردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىستېلاچىنىڭ تەبىئىتىنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سەمەرقەندتە ئۆزى زادى كۆرۈپ باقمىغان نەپىس فارفۇر قاچا ـ قۇچىلارنى، مەسىلەن، چاقچۇق جام، جانان چىنە ۋە جانان لوڭقىلارنى كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى داڭلىق ۋۇرزبۇرگىر لوڭقىسى ھازىر ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. لوڭقىنىڭ ئۈستى بىر يۇرۇش تىزما رەسىم بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قالۇنچىنىڭ قالۇن چېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ يېنىدا بېشىغا ئاق لۆڭگە ئارتىۋالغان، ئۇچىسىغا ئاق پەرىجە يېپىنغان بىر شاھزادىنىڭ تۇرغانلىقى، يىراقتا بىر چەۋەندازنىڭ بۇغىمىغا نەيزە ئېتىۋاتقانلىقى، يەنە بىر چەۋەندازنىڭ بىر شىرنى نەيزە بىلەن قوغلاۋاتقانلىقى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇ فارفۇر قاچا ـ قۇچىدىكى تەسۋىر بىر خىل «تەڭداشسىز گۈزەللىك» كە ئىگە ئىدى. لېكىن، ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۇزاق داۋام قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى دەۋرلەردە ياسالغان بۇيۇملارنى تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولدى. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كېيىنكى چاغلاردا دۆلەتتە دائىم داۋالغۇش بولدى.